موللا مۇسا سايرامى

# تارىخى ئەمىنىيە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تارىخى ئەمىنىيە
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

موللا مۇسا سايرامى

# تارىخى ئەمنىيە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەت زۇنۇن

*ABDULCELİL TURAN*
Yenidoğan Mh. 41 Sk. No.7/4
Zeytinburnu - İSTANBUL
Tel. / Fax: 0212.679 03 70

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



جالالدين بەهرام
نسزغان
89.3

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## موللا مۇسا سايرامى ۋە ئۇنىڭ «تارىخىي ئەمىنىيە» سى

موللا مۇسا سايرامى (موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا خوجا سايرامى) 1836 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى باي ناھىيىسىگە تەۋە سايرام رايونىنىڭ ئانقىز يېزىسى توغايلا مەھەللىسىدە بىر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

موللا مۇسا سايرامى 1847 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، دادىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن كۇچادىكى ساقساق مەدرىسىدە ئوقۇيدۇ. ئۇ يەردە ئۇيغۇر ئالىمى موللا ئوسمان ئاخۇننىڭ تەربىيىسىدە ئەدەبىيات، تارىخ، كالېندارچىلىق، ئاسترونومىيە، گرامماتىكا، ماتېماتىكا ۋە ئىسلامىيەت پەنلىرىنى ئوقۇيدۇ. ئەرەب، پارس، ئوردو تىللىرىنى ئۆگىنىپ، ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا زور ئۇتۇق قازىنىدۇ. 1854 ـ يىلى، موللا مۇسا سايرامى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، بايغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە سايرام مەدرىسىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىدۇ.

موللا مۇسا سايرامى XIX ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ بىر قاتار ئىلمىي ئىجادىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىدۇ. ئۇ يازغان ئەسەرلەر ئىچىدە «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» (ئەۋلىيالار تەزكىرىسى)، «دەر بەيان ئەسھەبۇلكەف» (ئەسھەبۇلكەف ھەققىدە بايان)، «تارىخىي ئەمىنىيە»، «تارىخىي ھەمىدىيە»، «قەسىدەئىي سىدىق»، «غەزەلىيات»، «سالامنامە» قاتارلىق تارىخ، ئەدەبىياتقا ئائىت ئەسەرلەر بار.

«تارىخىي ئەمىنىيە» 1903 ـ يىلى يېزىلغان، 1904 ـ

يىلى، روسىيىنىڭ قازان شەھىرىدىكى «مەدرىسەئى ئۇلۇم» مەتبەئەسىدە بېسىلغان. قولىمىزدىكى بۇ كىتاب ئاشۇ نۇسخىغا ئاساسەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئۆزگەرتىلىپ نەشر قىلىندى. بۇ كىتاب «سۆز بېشى»، «مۇقەددىمە»، «داستان» ۋە «خاتىمە» دېگەن قىسىملارغا بۆلۈنگەن. ئەسەرنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەبىنى ئاپتور: «بۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقتىمدا بۇ يۇرتلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت، پاراكەندىچىلىك تۈگەپ، تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك قارار تاپقانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كىتابنى ‹تارىخىي ئەمنىيە› دەپ ئاتىدىم» دەپ ئىزاھلايدۇ.

«مۇقەددىمە» ئۈچ بابتىن تۈزۈلگەن. ئاپتور بۇ بابلاردا كىتابخانلارنى يەتتە شەھەر (جەنۇبىي شىنجاڭ) ھەققىدىكى مول تارىخىي ۋەقەلەردىن خەۋەردار قىلىدۇ. ئاپتور ئۆزى ئىگىلىگەن مول جۇغراپىيىۋى، تارىخىي بىلىملەر بىلەن چىڭگىز ئىستىلاسىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭنىڭ تارىخى ھەققىدە، تۇغلۇق تېمۇرخان ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلاشقان ئەۋلادلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تارىخى ھەققىدە؛ كېيىنكى چاغلاردا سىياسىي مەقسەتنى كۆلاھ، چەندە بىلەن يوشۇرۇپ، بۇ تەرەپلەرگە ئۆتكەن نەمەنگانلىق خوجىلارنىڭ سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇش يولىدىكى سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانلىقى توغرىسىدا، ھىدايىتۇللا ئىشان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن يېغىلىقلار، ئىشان-سوپىلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى جاھالەتتە قالدۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشلىرى، مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى قوزغالغان، رەھمىتۇللا بەگ، ئەسمىتۇللا بەگ باشچىلىقىدىكى ئۇچتۇرپان

www.uyghurkitap.com

«جەڭدە يېڭىلىقى» قاتارلىقلار توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ.

«داستان» قىسمى بىرىنچى داستان، ئىككىنچى داستان دەپ ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن. بىرىنچى داستاندا ئۇلۇغ تەيپىڭ-تيەنگو دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە، 1884-يىلى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مانجۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى پارتلىغان خەلق قوزغىلاڭلىرى بىر-بىرلەپ بايان قىلىنغان؛ ئىككىنچى داستاندا، ئاپتور مەخسۇس ياقۇپبەگ ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ يەتتە شەھەردە قىلغان ئەتكەنلىرى، ۋە ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

«خاتىمە» قىسمىدا ئاپتور يەتتە شەھەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىدىن ئومۇمىيۈزلۈك مەلۇمات بېرىدۇ.

«تارىخىي ئەمنىيە» دە، ئاپتور شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى زور ۋەقەلەرنى ئۆز رېتى بويىچە يېزىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ۋەقەلەر ئۈستىدىكى مۇھاكىمىسى، مۇلاھىزىسى ۋە كۆز قاراشلىرىنى يىغىنچاقلاپ كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. «تارىخىي ئەمنىيە»دە بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى، بولۇپمۇ 1864-يىلىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى ئاپتورنىڭ بىۋاسىتە كۆزەتكەن ياكى ئاڭلاپ تەھقىقلىگەن ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن يېزىلغان بولغاچقا، بۇ ئەسەر شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، بولۇپمۇ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى-تاشقى سىياسىتىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ئاپتور «تارىخىي ئەمنىيە» دېگەن كىتابىدا بىزنى مول، بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئاپتورنىڭ تارىخ قارىشىنىڭ چەكلىمىلىكى، مەسىلىلەرنى كۆ-

زىتىشىدىكى ئۇسۇلىنىڭ توغرا بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن بۇ
ئەسەردە يەنە بىر مۇنچىلىغان نۇقسانلارمۇ ساقلانغان. مە-
سىلەن، ئاپتور چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇم
سىياسىتىنى پاش قىلىش بىلەن بىللە، ھۆكۈمرانلار سىنىپى بىلەن
ئادەتتىكى خەنزۇ خەلقىنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتكەن. ئاپتور شىنجاڭ-
نىڭ قەدىمكى تارىخى ۋە دۆلىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەر ھەق-
قىدە مەلۇمات بەرگەندە، بىر قىسىم رىۋايەتلەرنى ئاساس قىلغان.
ئاپتور جايلاردا قوزغالغان خەلق قوزغىلاڭلىرىنى تەكشۈرگەندە
بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ تۈپكى سىنىپىي ماھىيىتىنى تولۇق ئېچىپ
بېرەلمەي، ئۇنىڭغا قويۇق دىنىي تۈس بەرگەن. بۇ قوزغىلاڭلارنى
قانداقتۇر، «مۇسۇلمانلار» نىڭ «كاپىرلار» ئۈستىدىن ئېلىپ بار-
غان «غازاتلىرى» دەۋالغان ۋە باشقىلار. ماۋ زېدۇڭ: «قەدىمكى
مەدەنىيەت مىراسلىرىنى رەتلەش جەريانىدا، ئۇنىڭ فېئوداللىق
شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، دېموكراتىك جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىش
لازىم. بۇ مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىي ئىشەنچنى
يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتى. لېكىن زادىلا تەنقىدسىز
يېغىۋېلىپ ساقلىماسلىق كېرەك» دەپ كۆرسەتكەنىدى. كىتاب-
خانلار بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا چوقۇم بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىشى
كېرەك.

ۋەلى

# مۇندەرىجە


سۆز بېشى ..... 1

مۇقەددىمە ..... 1

1. موغۇلىستان (يەتتە شەھەر) نىڭ ئەھۋالى ۋە بۇ جايدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر؛ بۇ يۇرتقا كىملەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى ۋە «موغۇلىيە» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى؛ بۇ يەردە ئۆتكەن مۇسۇلمان خانلىرىنىڭ نەسەبلىرى؛ خاقانىي چىنىنىڭ موغۇلىستان خەلقىنى بويسۇندۇرغانلىقى ..... 2

2. جاھانگىر خوجىنىڭ يەتتە شەھەرنى قولغا كىرگۈزگەنلىكى؛ مۇھەممەد ئېلىخان كېلىپ قەشقەرنى ئالغانلىقى؛ نۇرغۇن خىتاي چېرىكلىرى كېلىپ يەتتە شەھەرنى يەنە تارتىۋېلىپ، جاھانگىر خوجا باشلىق بىر مۇنچە مۇسۇلمانلارنى ئەسىر قىلىپ بېيجىڭغا ئېلىپ كەتكەنلىكى؛ مۇھەممەد ئېلىخان ئەلچى ئەۋەتىپ ئەسىرلەرنى خاقانىي چىندىن تىلەپ قايتۇرۇپ كەلگەنلىكى ..... 30

3. خاقانىي چىنىنىڭ قەدىم زاماندا مۇسۇلمان بولغانلىقى؛ تۇڭگانلارنىڭ خاقانىي چىن مەملىكىتىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقى؛ خىتايلار بىلەن تۇڭگانلار ئوتتۇرىسىدا جېدەل-ماجىرا يۈز بېرىپ، خاقانىي چىن دۆلىتىگە زىيان-زەخمەت يەتكەنلىكى ..... 38




www.uyghurkitap.com

بىرىنچى داستان ........ 53

1. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ رەھىم-شەپقىتى بىلەن ئىسلام قۇياشى كۇچا شەھرىنىڭ ئۈستىدە نۇر چاچقانلىقى؛ راشىددىن خوجىنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ ۋە شەرق غەرب تەرەپلەرگە لەشكەر ماڭدۇرغانلىقى ۋە شۇ ئارىدا بولغان ۋەقەلەر ........ 54

2. سەييد خىتىپ خوجام (بۇرھانىددىن خوجا) كۆز نۇرى مەھمۇددىن خوجا بىلەن ئاقسۇ شەھرىنى ئېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىپ، مەقسىتىگە يېتەلمەي ئارقىسىغا يانغانلىقى ۋە نۇرغۇن مۇسۇلمانلار قۇربان بولۇپ شېھىتلىك شارابىنى ئىچكەنلىكى ........ 61

3. ئىككىنچى قېتىمدا جامالىددىن خوجىنىڭ ئاقسۇغا ئاتلانغانلىقى ۋە ئاقسۇنى پەتھ قىلىپ مەقسىتى ھاسىل بولغانلىقى ........ 66

4. بۇرھانىددىن خوجا ۋە ئوغلى ھامىددىن خوجىلارنىڭ ئۈچتۇرپان شەھرىگە قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقى ۋە غالىبىيەت شامىلى يار بولۇپ مەقسەت گۈلى ئېچىلغانلىقى ........ 70

5. بۇرھانىددىن خوجامنىڭ ئوغلى ھامىددىن خوجا بىلەن قەشقەرنى پەتھ قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغانلىقى؛ ساددىلىقتىن سىدىقبەگ قىپچاقنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى ۋە كېيىن قۇتۇلۇپ ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەلگەنلىكى ........ 77

6. بۇرھانىددىن خوجا، ئوغلى ھامىددىن خوجا ۋە سەييد شەيخ نەزرىددىن خوجىلارنىڭ يەكەننى پەتھ قىلىش غازىتىغا ئاتلانغانلىقى؛ غەلىبە گۈلى جامالىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، زامان ھادىسىلىرىنىڭ توسقۇنـ

لۇقىدىن بىر گۇل ئۈزەلمەي ئۆز جايىغا قايتقانلىقى... 80

7. سەيىد جامالىددىن خوجامنىڭ يەكەن بىلەن قەشقەرنى قولغا كىرگۈزۈش ھەۋىسى، يەنى بىر ئوق بىلەن ئىككى كېيىكنى ئوۋلاش نىيىتى بىلەن يۈرۈش قىلغانلىقى؛ بىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ يەنە بىرىگە قەدەم قويۇشى بىلەن ھەر ئىككىسىلا قولدىن چىقىپ كېتىپ، باشقا بىر چەۋەنداز ئوۋچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى؛ نەتىجىدە مەيۈس بولۇپ ئۆز جايلىرىغا قايتىپ كەتكەنلىكى........................... 85

8. بۇرھانىددىن خوجامنىڭ ۋۇجۇد بېغىنىڭ غۇنچە نەۋباھارى، كۆكۆل سەدىپىنىڭ دۇررى مارجانى يەنى مەھمۇددىن خوجام پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەھۋالى؛ مەن كەمىنەنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى؛ غەيرىي سۇلۇكتىكى گۇرۇھلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى......... 93

9. خوتەن بىلەن ئىلىغا ئەۋەتىلگەن ئەلچى، مەكتۇپلار ۋە ئۇ تەرەپتىن كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ ۋەقەلىرى......... 107

10. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئىسھاق خوجامنىڭ شەرق تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپ، ئۇششاقتالدا نۇرغۇن ئىختىاي چېرىكلىرىنى يوقاتقانلىقى ۋە قاراشەھەرنىڭ پەتھ قىلىنغانلىقى ........................... 113

11. تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن سىيىت ئىسھاق خوجام تۇرپان غازىتىغا يۈرۈش قىلىپ، تۇرپانىنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن يەنە بىر نەچچە شەھەرلەرنى پەتھ قىلغانلىقى ۋە نۇرغۇن قاراختاي ئەھلىنىڭ تابۇت بولغانلىقى......................................... 123

12. خوجا ئىسھاق خوجامنىڭ ئىككىنچى قېتىم مورىغا لەشكەر ماڭدۇرغانلىقى ۋە مەقسىتىگە يېتەلمەي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قايتىپ كەلگەنلىكى؛ قومۇلدىن ئىبىل ھەدىيىلەرنىڭ كەلگەنلىكى ھەم لۈكچۈننىڭ يەنە بىرقېتىم پەتھ بولغانلىقى.......... 133

13. سىيىت ئىسھاق خوجىنىڭ قومۇلغا يۈرۈش قىلىش قارارىغا كېلىپ، ھېيجىڭغا قاراپ يولغا چىققانلىقى؛ چىڭۋاڭ خاننىڭ ئىسھاق خوجامنىڭ ئىستىقبالىغا چىققانلىقى؛ قومۇلنىڭ پەتھ قىلىنغانلىقى ۋە ناتوغرا يارلىق كېلىپ قالغانلىقى.......... 138

14. گۈزەل ئەخلاق، ياخشى پەزىلەتلىك ئىسھاق خوجامنىڭ يەكەن، قەشقەر غازىتىغا بېرىشنى قارار قىلغانلىقى ۋە ياقۇپبەگ قوشبېگى بىلەن ئەپلىشىپ قالغانلىقى.......... 145

15. كۈچالىق خوجىلارنىڭ ئارىسىدا قارىمۇ قارشىلىق يۈز بەرگەنلىكى؛ مۇشۇنداق ئامەتكە شۈكرى قىلمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ يامان ئاقىۋەتلەرگە قالغانلىقى ۋە ئاتىلىق غازىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى.......... 152

ئىككىنچى داستان.......... 167

1. ياقۇپبەگ ئاتىلىق غازىنىڭ موغۇلىستان مەملىكىتى ۋە يەتتە شەھەر ئەھلىنى ئىستىلا قىلغانلىقى ۋە بۇزرۇكخان تۆرەمنىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىقى.......... 168

2. جانابىي بۇزرۇكخان تۆرەمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچالىق خوجاملارنى بويسۇندۇرغانلىقى؛ پەرغانە ۋىلايىتىدىن چوكلارنىڭ قېچىپ كەلگەنلىكى؛ ياقۇپبەگ قوشبېگىنىڭ ئەھۋالى ۋە قىپچاقلارنىڭ ۋەقەلىرى.......... 182

3. جانابىي ياقۇپبەگ ئاتىلىق غازىنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە چىققانلىقى؛ قارشىلاشقۇچىلارنى يوقاتقانلىقى؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

لەشكەر باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى ۋە يەكەن، ماراللىبېشى لارنى قولغا كىرگۈزگەنلىكى ............................ 194
4. جانابىي ياقۇپبەگ ئاتلىق غازىنىڭ خوتەننى بېسىۋېلىش ئۈچۈن تەدبىر قوللانغانلىقى؛ ھەبىبۇللا ھاجى پادىشاھنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى ۋە غەلىبە قۇشى خوتەن زېمىنىدا يۈز كۆرسەتكەنلىكى .......... 201
5. ھاجى پادىشاھنىڭ ئەھۋالى ۋە بىرنەچچە ۋەقەلەر .................................................. 218
6. جانابىي بەدۆلەت ئاتلىق غازى ئاقسۇ ۋە كۇچانى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئات چاپتۇرغانلىقى؛ بىر زەربە بىلەن ئەچچە شەھەرنى پەتھ قىلغانلىقى؛ مۇراد باغچىلىرىدىن غۇنچىلارنى ئۈزۈپ، ئۆز قارارگاھلىرىغا قايتقانلىقى ۋە باشقا بىرمۇنچە ۋەقەلەر يۈز بەرگەنلىكى ................................................ 228
7. ياقۇپبەگ ئاتلىق غازىنىڭ يەتتە شەھەر ۋە موغۇلىستاننى ئۆزىگە بويسۇندۇرغانلىقى؛ رۇم خەلىپىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ يارلىقىا ئېرىشكەنلىكى ۋە باشقا ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ............ 239
8. ئۇرۇمچى تۇڭگانلىرىنىڭ كورلا ۋە كۇچا خەلقىنى بېسەرەمجان قىلغانلىقى؛ ئاتلىق غازى غالىب قوشۇنلىرى بىلەن تۇڭگانلارنى يوقىتىش غەرىزىدە شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقى ۋە مۇراد بېغىدىن مەقسەت گۈل-غۇنچىلىرىنى ئۈزۈپ، تەختى ئالىيلىرىغا قايتقانلىقى ............................................. 252
9. بەدۆلەت ئاتلىق غازى ئۇرۇمچى تەرەپكە ئاتلىنىپ، ئۇرۇمچىنى پەتھ قىلغانلىقى ۋە نەنسەندىكى خىتاي شىششەكلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىقى؛

ئۇرۇش - جېدەللەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ۋە ئاخىرى غەلىبە
بىلەن ئۆز پايتەختىگە قايتىپ كەلگەنلىكى .......... 265
10. جانابىي ياقۇپبەگ ئاتالىق غازىنىڭ پەرمانى بىلەن
ھېكىمخان تۆرەم ئۈرۈمچى تۇڭگانلىرىنىڭ ئۈستىگە
لەشكەر تارتقانلىقى ۋە ياقۇپبەگ ئۆز پەرزەنتى بېگ-
قۇلىبەگنى ياردەم ئۈچۈن ئارقىسىدىن ئەۋەتكەنلىكى؛
ھېكىمخان تۆرەم مەقسەت گۈلىنى قولغا كەلتۈرۈپ
قايتىپ كېلىپ، بارگاھىنى تاۋاب قىلغانلىقى .......... 276
11. بەدۆلەت ياقۇپبەگ ئاتالىق غازىنىڭ ئىككىنچى
قېتىم تۇرپانغا يۈرۈش قىلغانلىقى ۋە دۆلىتى ئالىيلىرى-
نىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقى؛ بەلكى دۆلەت
قۇياشىنىڭ غەربكە قاراپ پەسلىگەنلىكى .......... 287
12. يەتتە شەھەرنىڭ پادىشاھى، دىنىنىڭ ھىمايىچىسى
ياقۇپبەگ ئاتالىق غازىنىڭ ياخشى ئەخلاقلىرى
دۆلىتىنىڭ گۈللىنىشىگە، يامان سۈپەتلىرى دۆلىتىنىڭ
بەختسىزلىكىگە سەۋەب بولغانلىقى .......... 304
13. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلەر ۋە ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ھەل
قىلالايدىغان لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى
بىلەن سەييىت ھېكىمخان تۆرەمنى پادىشاھلىق تەختىدە
ئولتۇرغۇزغانلىقى؛ لېكىن پەلەك يار بەرمىگەنلىكتىن
ئۇلار «ۋەتەن سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن»
دېگەن ھەدىسنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئۆز ۋەتىنىگە
قايتىپ كەتكەنلىكى .......... 326
14. جانابىي بېگقۇلىبەگ ئىبنى مۇھەممەد ياقۇپبەگ
ئاتالىق غازىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى؛ ئاقسۇ بىلەن خوتەننى
بېسىۋالغانلىقى ۋە دۆلىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى .......... 333
15. قارايۈز نىيازھېكىمبەگنىڭ ۋەقەلىرى، قىلمىش-

www.uyghurkitap.com


ئەتىمشلىرى ۋە ئاقۋەت پۈتۈنلەي تۈگەشكەنلىكى...... 344

16. ئالىي مەرتىۋىلىك جانابىي ئاتىلىق غازىنىڭ دەۋرىدىكى مۇشتىرى تەلئەت دىيانەتلىك ئۆلىمالار، مۇكەممەل تەربىيە كۆرگەن كاتىپ-مىرزىلار ۋە سۆلەتلىك لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ ئەھۋالاتى.............. 359

17. ئۇشبۇ كىتابنى يازغۇچىنىڭ ئىسىم-نەسەبلىرى ۋە سەرگۈزەشتىلىرى.............. 379

18. خاقانى چىن مەنسەپدارلىرىنىڭ بۇ يەتتە شەھەر زېمىنىنى ئىككىنچى قېتىم بويسۇندۇرغانلىقى؛ ئۆز مۈلكى-مىراسلىرىغا يەنە بىر قېتىم ئىگە بولغانلىقى.......... 389

خاتىمە.............. 404

1. بۇ يەتتە شەھەرنىڭ ئەھۋالى؛ ئادەملىرىنىڭ خۇي-پەيلى؛ مازار-ماشايىخلىرى ۋە موغۇلىستانىنىڭ چېگرىلىرى.............. 408

2. قەشقەر.............. 410

3. يەكەن.............. 412

4. خوتەن.............. 413

5. ئاقسۇ.............. 418

6. ئۇچتۇرپان.............. 424

7. كۇچا.............. 427

8. كونا تۇرپان.............. 428

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېتى

## سۆز بېشى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم①

سان ـ ساناقسىز ماختاشلار ئۆز ـ ئۆزىدىن بار بولغان ئۇلۇغ تەڭرىمگە خاس، ئۇ كىشىلەر چۈشىنەلمەيدىغان بارلىق شەيئىلەرنى ئۆز ھېكمىتى بىلەن يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈردى. پۈتۈن ئالەمنىڭ پادىشاھى بولغان تەڭرىمگە چەكسىز ئالقىشلار ياغدۇرىمەن. ئۇ ئۆز قۇدرىتى بىلەن پادىشاھلىقنىڭ تاجىنى خالىسا بىراۋغا بەردى، خالىسا بىراۋدىن ئالدى، پۈتۈن ئىنسانلارنى ئىدارە قىلىشنى ئىقتىدارلىق پادىشاھلارنىڭ تەدبىرى ۋە سىياسىتىگە باغلىدى.

### رۇبائىي

زاتىڭكى سۈپاتى ئانىڭ قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد،
ھەيبىڭكى بىلا تەئامدۇر ئاللا ھۇسسەمەد.
فەردىڭكى ئاڭا يوق ۋالىد نە ۋەلەد،
ۋە تىڭرىڭتۇر لەمىيەكۇن لەھۇ كۇفۇۋەن ئەھەد②.

تەڭرىنىڭ ئەلچىسى بولۇش شەرىپىگە ئىگە بولغان پەيغەمبىرىمىزگە پاك ۋە غەرەزسىز سالام ھەم ياخشى تىلەكلىرىمىز چېچىلسۇن. ئۇنىڭ روھى ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلىشتىن بۇرۇنمۇ مەۋجۇت ئىدى.

---

① ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.

② تەڭرىنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ بىر، تىرىك، ئەمما تاماق يېمەيدۇ، مۇھتاج بولمايدۇ، تۇغۇلمىغان ۋە تۇغمايدۇ، يەككە ـ يېگانە ھايات بولۇپ، مەڭگۈ يوقالمايدۇ.

ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيـ ھىسسالامغا تۆگىمەس رەھمەتلەر بولسۇن. تەڭرىم قۇرئاندا «ۋەما ئەرسەلناكە ئىللا رەھمەتەل لىلئالەمىن» (سىنى پۈتۈن ئالەمگە شەپقەتچى قىلىپ ئەۋەتتىم) دېگەنىدى.

نەزم

شاھى ئەرەبى قىبلەئى ھاجات،
ئاينە زات ئولدى مىرئاتى سۇفات.
كىم پەيرەۋ ئەتسە ئاڭا ئەللۇدەرەجات،
لا زال ئەلەيھى زەكىيات سالاۋات①.

پەيغەمبىرىمىزگە ھەممىدىن بۇرۇن دوست بولغان ھەزرىتى ئابابەكرىگە، ئادالەتنىڭ ئاپتىپى ھەزرىتى ئۆمەرگە؛ سېخىيلىق، مۇلايىملىق ھايا ۋە ئومۇسنىڭ كانى، «قۇرئان» نى توپلاپ كىتاب قىلىپ چىققۇچى ھەزرىتى ئوسمانغا، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تەڭرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بېغىشلىغان، ھەمىشە غەلىبە قىلىدىغان ھەزرىتى ئەلىگە، بارلىق مۆمىن مۇسۇلمانلارغا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىلىرى ھەمزە ھەم ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا②، ساھابىلەرگە③، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرىغا ۋە ئەۋلادلىرىغا مەڭگۈ، كۆپتىن-كۆپ سالام ۋە رەھمەتلەر ئېيتىمەن.

---

① ئەرەبلەرنىڭ پادىشاھى ۋە ھاجەتمەنلەر تەلمۈرۈپ قارايدىغان كىشىسەن، سېنىڭ سۈپەتلىرىڭ ئىنسانىيەتكە ئەينەك بولدى. كىم سېنىڭ يولۇڭدا ماڭسا ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ. ساڭا ئېيتقان سالام ۋە رەھمەتلەر ھەرگىز زايە كەتمەيدۇ.

② رەزىيەللاھۇئەنھۇ — تەڭرى ئۇلاردىن رازى بولسۇن، دېگەن مەنىدە.

③ ساھابە — پەيغەمبىرىمىز ھايات ۋاقتىدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، خىزمىتىدە بولغان كىشىلەر «ساھابە» دەپ ئاتىلىدۇ.

جاھاندىكى ئەقىل ـ ئىدراك ئىگىسى بولغان پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ ساغلام نەزەرلىرىگە، دەۋرىمىزدىكى كامالەتكە يەتكەن ئالىملارنىڭ قۇياشتەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ئادالەتلىك پاراسەتلىرىگە گۇناھ ۋە خاتالىقلىرى نۇرغۇن، ئاجىزلارنىڭ ئاجىزى، ئادەم ئەۋلادىنىڭ كەمتىرى، بەندىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنى، كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىدىن تاشقىرى، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا نام ۋە نىشانسىز ياشاپ كېلىۋاتقان موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا سايرامى شۇنى بايان قىلىمەنكى، ئالىم ۋە پازىللارنى دوست تۇتقۇچى، كەمبەغەل ئاجىزلارغا باشپاناھ بولغۇچى، ئادالەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، پۇقرالارنىڭ غېمىنى يېگۈچى مۇھەممەد ئىمىن باي ئاقساقال دادخاھ بىننى مۇھەممەد ئالىمباي مەرغۇلانى (دۆلەت ۋە ئىسىم-نەسەبلىرى مەڭگۇ ئۆچمىسۇن) مەندەك كەمىنە ئاجىزغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: «سەن گەپ ـ سۆز ۋە تىل جەھەتتىن ئادان، پەم ـ پاراسەتتە چەكلىك، خاتا ۋە نۇقسانلىرىڭ كۆپ. لېكىن بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن پادىشاھ ۋە سۇلتانلارنىڭ ياخشى ئەخلاق، يامان سۈپەتلىرىدىن ئاز ـ تولا خەۋىرىڭ بار. موغۇلىستان ۋە يەتتە شەھەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بولۇپمۇ سەن بىلەن بىز ئەقلىمىزگە كەلگەندىن بېرى كۆچالىق خوجىلارنىڭ بۇ يۇرتلاردا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان غەيرىي دىنىدىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ غازات قىلغانلىقى، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ قانچىلىك ۋاقىت ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى ۋە قاچان دۆلەت ئاپتىپى ئۆچۈپ مەغلۇپ بولغانلىقى، موغۇلىستانغا ـ يەتتە شەھەرگە مۇھەممەد ياقۇپبەگ ئاتالىق غازىنىڭ* قاچان ھۆكۈمران

* بۇ كىتابتا ياقۇپبەگ بەزىدە «بەدۆلەت»، بەزىدە «ئاتالىق غازى»، بەزى جايلاردا «قوشبېگى» دەپ ئېلىنغان.

بولغانلىقى، ئۇ چاغدا قانداق ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكى، قاچان بېيجىڭ چېرىكلىرى كېلىپ يەتتەشەھەر خەلقىنىڭ بېشىدىكى ئىسلام قوياشى ئۆچۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا زۇلمەت بۇلۇتلىرىنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكى ۋە باشقا ھادىسە - ۋەقەلەر ئۈستىدە بىرەر كىشىنىڭ تارىخ يېزىپ قالدۇرغانلىقى مەلۇم ئەمەس. شۇڭا، سەن كۇچالىق، خوجىلارنىڭ غازاتى ۋە ئاتىلىق غازى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ ئاخىرى- غىچە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تارىخ كىتاب يېزىپ چىققىن. خوجىلارنىڭ قىلغان جەڭلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئەھۋالى، ياقۇپبەگنىڭ قىلغان غازاتلىرى ۋە ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىش ئۇسۇللىرى، ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەغلۇبىيىتى ھەققىدىكى ۋەقەلەر خالايىقلارنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىسۇن، بىزنىڭ نام - نەسەبلىرىمىزمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتمەي مەڭگۇ يادىكار قالسۇن. بۇنى ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغانلار غازىلارنىڭ، شېھىتلەرنىڭ شۇنداقلا سېنىڭ ۋە بىزنىڭ ھەققىمىزگە دۇئا قىلسا، كۆپچىلىكنىڭ دۇئا- لىرى ئىجابەت بولۇپ رەھىم- شەپقەتلىك تەڭرىم گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىۋەتسە ئەجەب ئەمەس. ‹باشقىلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا دالالەت قىلغۇچى، شۇ ئىشنى قىلغۇچىغا ئوخشاش ئەجىرگە ئىگە بولىدۇ› دېگەن ھەدىسنىڭ* روھى بويىچە، مەنمۇ بۇ خاسىيەتلىك ئىشنىڭ شاراپىتىدىن بەھرىمەن بولسام.»

ئەمما مەن: «مەن كۆندىلىك تۇرمۇش غېمىدە گىرىپتار بولغان، خار - زارلىقتا ئېتىبارسىز ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئاجىز بىر كىشى. ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ قىلغان جەڭلىرى، يۇرت سوراپ

---

* ھەدىس — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ھەدىس دېيىلىدۇ — مۇھەررىردىن.

پۇقرالارنى ئىدارە قىلغان ئەھۋالى، بولۇپمۇ ئاتىلىق غازىدەك ئالەمگە داڭقى كەتكەن، پادىشاھلىق شانۇ-شەۋكىتى بىلەن پەخىرلەنگەن بىر كىشىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى توغرىسىدا كىتاب يېزىشقا، ئېغىز ئېچىشقا، قەلەم يۈرگۈزمەككە ھەددىم يوق ھەم مەندە ئۇنداق جۈرئەت ۋە يۈرەك، قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارمۇ يوق. كۇچالىق خوجىلارنىڭ ئىسلام ئاچقان ۋاقتىدىن ھازىرغىچە 40 يىل ئۆتۈپتۇ. بولغان ۋەقەلەر، يۈز بەرگەن ھادىسىلەر كىشىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇ ۋەقەلەرگە قاتناشقان ياكى ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆلۈپ تۈگىدى. خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن پارچە-پۇرات ھېكايە، قىسسىلەرنى توپلاپ، بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، توغرىراقىنى تېپىپ چىقماق مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئاسان ئىش ئەمەس» دېدىم ۋە «سېخىي كىشىلەر ئۆزرىنى قوبۇل قىلىدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئۆزرە ئېيتتىم. بىرنەچچە جان دوستلىرىم، پېشقەدەم يار-بۇرادەرلىرىم يىغىلىپ: «ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، مۇھەممەد ئىمىن دادخاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ، تەڭرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ جېنىنى پىدا قىلغان شېھىتلەرنىڭ ۋەقەلىرىنى توپلاپ كىتاب قىلساڭ، بۇ كىتابنى ئوقۇغان كىشىلەر شېھىتلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ياد ئەيلەپ، ئۇلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلسا، 〈ياخشى ئىش قىلغۇچىغا تەڭرىم زور ئەجىر بېرىدۇ. كىشىلەرمۇ ياخشى سۈپەت بىلەن ئۇلارنى ماختايدۇ〉 دېگەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن، سەنمۇ قۇرۇق قالماس ئىدىڭ» دېدى. مەن يار-بۇرادەرلىرىمنىڭ بۇ تەلەپلىرىنى ھەقىقەت دەپ بىلىپ، ئۇلارنىڭ سۆز گۆھەرلىرىنى تاشقا ئۇرۇپ ئېتىبارسىز قالدۇرۇشنى مۇناسىپ كۆرمىدىم ۋە مۇشۇنداق زور كىتابنى يېزىپ چىقىشنى ئۈستۈمگە ئېلىپ، ئۆزۈمنى باشقىلارنىڭ مالامەت ئوقىغا نىشانە قىلدىم.

«قىلىنغان ئىلتىماس سېخىي كىشىلەرنىڭ ھوزۇرىدا قوبۇل بولىدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بويىچە، بىلىپ ياكى بىلمەي ئۆتكۈزگەن كەمچىلىك، خاتالىقلىرىمنى ئوقۇغان ۋە ئىشىتكەنلەرنىڭ ئەپۇ ئېتىشكى بىلەن يېپىپ، سېخىي قەلەملىرى بىلەن تۈزىتىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

چۈنكى «ياخشى ئىشقا تەڭرىم كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىدۇ، خالايىقمۇ رەھمەت ئېيتىدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بويىچە، كەمىنە ئاز - تولا بەھرى يېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دېگەن ئارزۇ بىلەن ئىشەنچلىك تارىخ كىتابلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن - بىلگەن، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ سوراپ، مۇجمەل، پارچە - پۇرات ھېكايە، قىسسە، رىۋايەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ، راست ۋە ئېنىقلىرىنى تاللاپ، بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم.

بۇ كىتابنىڭ يېزىلىشىغا بىرى، مۇھەممەد ئىمىن دادخاھ دېگەن كىشى سەۋەب بولغان. يەنە بىرى، بۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقتىمدا بۇ يۇرتلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت، پاراكەندىچىلىك تۈگەپ تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك قارار تاپقانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كىتابنى «تارىخىي ئەمىنىيە» دەپ ئاتىدىم ۋە مۇقەددىمە، ئىككى باب ھەم خاتىمە بىلەن تاماملاشنى نىيەت قىلدىم.

دىيانەتلىك ئاپتورلار ۋە يازغۇچىلار بۇ كىتابنى كۆرگەندە ياكى ئوقۇغاندا، كەمىنە خار - زار، ئېتىبارسىز كىشىنى ئىنجابەتلىك دۇئا بىلەن ئەسلىرىگە ئېلىشلىرىنى، ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى ئىلتىماس قىلىپ، قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، يېزىشنى باشلىدىم.

ئۇلۇغ تەڭرىم! سېخىيلىق سۈپىتىڭنىڭ ھۆرمىتى بىلەن مېنىڭ مۇشۇ ئىشىمنى ئاسان قىلىشىڭنى تىلەيمەن. چۈنكى سەن ئەڭ سېخىي ۋە ئەڭ رەھىملىكسەن. تەڭرى ئىلتىجا قىلغۇچىلارنىڭ ئىلتىجاسىنى جەزمەن ئىجابەت قىلغۇچىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى ئادەم① — نۇھ پەيغەمبەردىن مۇشۇ كۈنگىچە موغۇلىستان② ۋە يەتتە شەھەردە③ يۈز بەرگەن ئەھۋاللار، بۇ يەرلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان گۇرۇھلار توغرىسىدىكى ئەھۋاللار، بۇ يەرنىڭ «موغۇلىيە» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، مۇسۇلمان خانلارنىڭ نەسەبى، يەتتە شەھەرنىڭ خاقانى چىڭغا تەۋە بولۇشى قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي بايانى — مۇقەددىمە، ئىككى باب ۋە خاتىمىدىن تەركىب تاپقان بىر كىتاب قىلىندى.

بۇ كىتاب نىكولاي پانتىسوۋنىڭ ياردىمى بىلەن بېسىلىپ چىقتى.

قازان مىلادى 1904 - يىلى (ھىجرىيە 1322 - يىلى) «مەدرىسەئىي ئۇلۇم» باسمىخانىسىدا بېسىلدى.

---

① بۇ يەردىكى «ئادەم»، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ.

② ئاپتور مۇشۇ ئەسەردە شىنجاڭنى «موغۇلىستان» دەپ ئاتايدۇ.

③ خوتەن، يەكەن، قەشقەر، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپاندىن ئىبارەت يەتتە شەھەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكە تادرىسى
www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

# 1

## موغۇلىستان (يەتتە شەھەر) نىڭ ئەھۋالى ۋە بۇ جايدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر؛ بۇ يۇرتقا كىشلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى ۋە «موغۇلىيە» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى؛ بۇ يەردە ئۆتكەن مۇسۇلمان خانلىرىنىڭ نەسەبلىرى؛ خاقانى چىنىنىڭ موغۇلىستان خەلقىنى بويسۇندۇرغانلىقى

ھۆرمەتلىك دوست ۋە بۇرادەرلەرگە روشەن بولغايكى، بۇ يەتتە شەھەرنى قەدىمكى تارىخ كىتابلىرىدا كىشىلەر «موغۇلىستان» دەپ ئاتاپتۇ. بۇ شەھەرلەردە شۇ چاغلاردا يېزىلغان كونا ۋەسىقە-ھۆججەتلەر موغۇلىستان ھېسابىدا دەپ پۈتۈلۈپتۇ. نىمە ئۈچۈن «موغۇلىستان» دەپ ئاتالدى؟ قايسى زاماندىن باشلاپ ئىسلام دۆلىتىگە مۇشەررەپ بولدى؟ پادىشاھلىرى قايسى مىللەت، قايسى مەزھەپتە؟ خاقانىي چىنىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكىلى نەچچە يىل بولدى؟ بۇ مەسىلىلەر قەدىمكى تارىخ كىتابلىرىدىن پايدىلىنىپ بولسىمۇ قىسقىچە بايان قىلىنمىسا، بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مەقسەت روشەن ۋە ئېنىق بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى ھەر قانداق سۆز قىلغۇچى سۆزنىڭ بېشىنى ئوچۇق سۆزلىمەي، ئاخىرىغا قانچە كۆچىگەن بىلەن، ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغانلار «ئايىغى بار، بېشى يوق» دەپ قاراپ، ئۇنداق سۆزگە ئېتىبار قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك جايلارنى

«رەۋزە ـ تۇسسەفا»، «تارىخ رەشىدى»، «شەھەرى خىيە»* گە ئوخشاش تارىخ كىتابلىرىدىن تاللاپ ئېلىپ كىرگۈزدۈم.

ۋەقەنى ھەزرىتى نۇھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك نامى بىلەن باشلايمەن.

ئىككىنچى ئادەم دەپ ئاتالغان نۇھ ئەلەيھىسسالام توپان بالاسى ئىچىدە قالغان چاغلىرىدا، تەگرىنىڭ ئەمرى بىلەن كېمە ياساپ، بۇ كېمىگە ئادەملەردىن باشقا، يەنە ھەر تۈرلۈك مەخلۇقاتلاردىنمۇ بىر جۈپتىن سالدى. ئاقىۋەت كېمىنى جۇد تېغىنىڭ ئۈستىدە توختاتتى. بۇ چاغدا كېمىدە ئادەم زاتىدىن سەكسەن كىشى ئامان قالغانىدى. ئامان قالغانلارنىڭ ئىچىدىنمۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ ئوغلى ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىدىن باشقىلار سۇنىڭ سېسىقچىلىقىدا ھالاك بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەر يۈزىگە پەيدا بولغان ھەممە ئادەم نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ ئوغۇللىرىنىڭ ئۇرۇقىدىن تۆرەلگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن نۇھ ئەلەيھىسسالام «ئادەمى سانى» يەنى ئىككىنچى ئادەم دەپ ئاتالغان.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمى سام، ھام ۋە يافەس ئىدى. بەزى رىۋايەتلەردە بۇلارنى «پەيغەمبەر» دەپمۇ ئېيتىدۇ.

پۈتۈن ئەرەبىستان خەلقى ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەر سام ئەۋلادىدىن؛ پۈتۈن زەڭگىبار، ھەبەش، سۇدان زېمىنلىرىدىكى خەلقلەر ھام ئەۋلادىدىن؛ پۈتۈن شانۇ شەۋكەتلىك ئۇلۇغ پادىشاھلار ۋە تۈركلەر يافەس ئەۋلادىدىن دېيىلىدۇ. يافەستىن 11 ئوغۇل دۇنياغا كەلدى. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى تۈرك ئىدى.

* مەشھۇر تارىخىي كىتابلارنىڭ نامى.

پۈتۈن تۈرك، موڭغۇل، قىپچاق ۋە خىتايلار① تۈركنىڭ نەسلىدىن پەيدا بولغان.

ئەمما تۈركنى شۇ زاماندا يافەس ئوغلان دەپ ئاتايتتى. بەزى تارىخ كىتابلىرىدا يافەس ئوغلاننى كىيومۇرس بىلەن بىر ئەسىردە ئۆتكەن دەيدۇ.

يافەسنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چىن، ئۇنىڭ ئوغلى ماچىن بولۇپ، پۈتۈن چىن ماچىن خەلقى شۇنىڭ نەسلىگە مەنسۇپ.

ئۈچىنچى ئوغلى رۇس بولۇپ، پۈتۈن رۇس، ناسارالار رۇسنىڭ ئۇرۇقىدىن تارالغان. قالغان ئوغۇللىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلساق گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، سام ئەلەيھىسسالام غەرب تەرەپكە، هام جەنۇپ تەرەپكە، ھەزرىتى يافەس شەرق تەرەپكە يۈرۈش قىلدى.

يافەسنىڭ ئەۋلادى ناهايىتى تېز كۆپەيدى. ئەمما سۇ بار يەردە ئوت يوق، ئوت بار يەردە سۇ يوق بولۇپ، ئۇلار قىيىنچىلىقتا قالدى. يافەس بۇ ئەھۋالنى ئاتىسى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئەرز قىلدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا ئىلتىجا قىلدى. دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ جەبرائىل ئەلەيھىسسالامدىن② ئىسمى ئەزەم (ئۇلۇغ ئىسىملار) نى ئەۋەتتى. نۇھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئىسمى ئەزەمنى تاشقا ئويۇپ يافەسكە بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ يافەسنىڭ ئەۋلادلىرى قاچان خالىسا شۇ چاغدا يامغۇر ياغدۇرىدىغان بولدى. بۇ تاشنى ئەرەب تىلىدا «ھەج-

---

① ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا «قىتان» دېگەن سۆز بار. بۇ سۆز كېيىن ئۆزگىرىپ «قىتاي»، «خىتاي» بولۇپ ئۆزلەشكەن. — مۇھەررىردىن.

② تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىنى پەيغەمبەرلەرگە يەتكۈزىدىغان پەرىشتە.

ۋۇلمەتەر» دەيدۇ. تۈرك تىلىدا بۇ تاش «يادا تېشى» نامى بىلەن مەشھۇر. بۇ تاش پەقەت يافەسكە تەۋە زېمىندىلا كارغا كېلەتتى، سامغا تەۋە بولغان ئەرەبىستان زېمىنىدا كارغا كەلمەيتتى.

يۇرتنى ئاۋات پاراۋان قىلماق ئۈچۈن، خۇداۋەندە كېرەم ئۆزىگە خاس قۇدرىتى بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆلۈم ئاپىتىنى كۆتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋلادى كۆپىيىپ، تۈركۈم- تۈركۈم، گۇرۇھ- گۇرۇھ بولۇپ كەتتى. ھەربىر گۇرۇھ بىر خىل تىلدا سۆزلىشەتتى. بىر گۇرۇھ يەنە بىر گۇرۇھ بىلەن تەرجىمان ئارقىلىق سۆزلىشەتتى. يافەس ھايات چېغىدىلا ئۇنىڭ ئەۋلادى ئوتتۇز يەتتە خىل تىلدا سۆزلىشەتتى. ئۆزئارا تەرجىمان ئىشلىتەتتى، دېيىلىدۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يافەس، ئۇنىڭ ئوغلى تۈرك، ئۇنىڭ ئوغلى ئىلغەخان، ئۇنىڭ ئوغلى زىب باتۇيخان، ئۇنىڭ ئوغلى كۆيۈكخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئېلىنجەخان ئىدى.

ئېلىنجەخان ناھايىتى دۆلەتمەن، تۇرمۇشى پاراۋان كىشى ئىدى. ئۇ بايلىقىنىڭ كۆپلۈكىدىن كۆرەڭلەپ، ئاتا ۋە ئەجدادلىرىنىڭ دىنىنى تاشلاپ قاراڭغۇ يولغا مېڭىپ تەڭرىگە شېرىك كەلتۈردى. دېمەك، بۇ يولغا ماڭغان خان- پادىشاھلارنىڭ تۇنجىسى ئېلىنجەخاندۇر.

ئېلىنجەخاندىن قوشكېزەك بىر جۈپ ئوغۇل ۋۇجۇدقا كەلدى. ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ بىرىنىڭ ئېتىنى «موغۇل»، بىرىنىڭ ئېتىنى «تاتار» قويدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يۇرتنى ئىككى ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ، چېگرىلىرىنى توختام قىلىپ ئايرىپ بەردى. موغۇل خانغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلەر «موغۇلىستان»، تاتار خانغا بۆلۈپ بېرىلگەن زېمىنلار «تاتارىستان» دەپ ئاتالدى. ھەرقايسىسى ئۆز يۇرتلىرىغا خان بولدى.

ئېلىنجەخاننىڭ ئوغلى موغۇلخان، ئۇنىڭ ئوغلى قاراخان،

ئۇنىڭ ئوغلى ئوغۇزخان، ئۇنىڭ ئوغلى كۈنخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئايخان، ئۇنىڭ ئوغلى يۇلتۇزخان، ئۇنىڭ ئوغلى دېڭىزخان، ئۇنىڭ ئوغلى مەڭلىخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئېلخان ئىدى. پادىشاھ پەرىدۇننىڭ ئوغلى تۇرخان بىلەن ئېلخان ئۆزئارا ئەلچىلەر ۋە خەت-ئالاقىلەر ئەۋەتىشىپ مۇناسىۋەت قىلىشقانىكەن. بۇنىڭدىن ئېلخان بىلەن تۇرخاننىڭ زامانداش ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

موغۇلخان ئەۋلادىدىن سەككىز خان ناھايىتى زور پادىشاھ بولۇپ جاھاندىن ئۆتتى. ئەمما توققۇزىنچىسىغا يەنى ئېلخانغا نۆۋەت كەلگەندە، موغۇلخان بىلەن تاتارخاننىڭ ئارىسىغا ئاداۋەت چۈشۈپ، ئاخىر ئاداۋەت، جېدەل ۋە دۈشمەنلىككە ئايلاندى. ئىككى ئوتتۇرىدا چەك-ماجىرالار يۈز بەردى. نەتىجىدە تاتارلار غالىب كېلىپ، موغۇللارنى ئۆلتۈرۈپ، يەر يۈزىدە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىنى قويمىدى.

بىر رىۋايەتتە ئېلخان ئۆزى، يەنە بىر رىۋايەتتە ئوغلى قىياخان، ئىككى ئەر، ئىككى ئايال قۇتۇلۇپ قېلىپ، بىر ئات، بىر مۇزايلىق سىيىر، ئۆچ قوي، بىر ئۆچكىنى ئېلىپ كۆزدىن يىراق بىر تاغنىڭ جىلغىسىغا قېچىپ بېرىپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى، دېيىلىدۇ. ئۇلار تاغ جىلغىسىنىڭ ئاغزىنى چىڭ ئېتىۋېلىپ نەچچە ئەۋلاد، بەلكى نەچچە ئون، نەچچە مىڭ يىللار ئۆتكىچە جىلغا ئىچىدە ياشىدى. بارا-بارا ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە چارۋىلىرى كۆپىيىپ جىلغا ئىچىگە پاتماي قالدى. ئۇلار ئاسمان ئاستىدىكى زېمىننىڭ ھەممىسى مۇشۇ دەپ خىيال قىلىشاتتى. بۇ جاينىڭ ئىسمى «ئەرگىنە قۇن» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار ئىلاجسىزلىقتىن تاغ جىلغىسىنىڭ ئېتىۋېتىلگەن ئاغزىنى ئېچىپ چىقتى. ئاشۇ خانلارنىڭ ياخشى ئۆتكەن زامانلىرىنى تەبرىكلەيدىغان خۇشاللىق كۈنلىرىدە پادىشاھ ۋە ئۇلۇغلار ئارىسىدا تارتۇق-سوۋغات قىلىش لازىم كەلسە، ھەرقانداق

ئەرسىنى توققۇز-توققۇزدىن قىلىپ سوۋغات قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە سەككىزنى بىر توققۇز دەپ ئاتايتتى. شانۇ شەۋكەتلىك پادىشاھلارنىڭ ھۇزۇرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى ئاما، ئەر-ئايال پۇقرالار ئۆزئارا بېرىش-كېلىش قىلىشسا، ئاز دېگەندە سەككىز نان ئېلىپ بېرىپ ئۇنى توققۇز نان، دەپ ئاتايتتى. ھەم سەككىز ناننى توققۇز نانغا تەڭ، دەپ ھېسابلايتتى، تا ھازىرغىچە بۇ رەسىم-قائىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

شۇ زاماندا ئېلخاننىڭ ئەۋلادىدىن «ئەلئەنقىۋا» ئاتلىق، ئەرگە تەگمىگەن بىر ئايال خان ئىدى. بىر كېچىسى بۇ ئايال ياتقان ئاق ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن قۇياش نۇرىغا ئوخشاش بىر يورۇقلۇق چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن ئەلئەنقىۋاغا خۇشلۇق لەززىتى ھاسىل بولدى ھەم تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ھامىلدار بولۇپ قالدى. ھەزرىتى بۈۋى مەريەممۇ* خۇددى شۇنداق بولۇپ ھەزرىتى ئەيسا پەيغەمبەر ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. بۇنداق ئىشلار تەڭرىنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ناھايىتى ئاسان.

چۈنكى «تەڭرى نېمىنى خالىسا ۋە نېمىنى بۇيرۇسا بولماي قالمايدۇ»، دېگەن ئايەت تەڭرىنىڭ ئۆزىگە خاس سۈپىتىدىن ئىبارەت.

خان ئوردىسى ئىچىدىكى ئەمەلدارلار ئارىسىدا گەپ-سۆز، پىتنە-پاسات پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلار ۋەقەنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەنلىكتىن، خانغا بولغان ئىشەنچ يېڭىباشتىن كۈچەيدى.

ئەلئەنقىۋا ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنىڭغا «بوزەنجىرخان» دەپ ئات قويدى. بوزەنجىرخان چوڭ پادىشاھ بولۇپ، ئىمىر ئابا مۇس-

---

* بۈۋى مەريەم ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئانىسى، رىۋايەتلەردە تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەيسا پەيغەمبەرنى ئاتىسىز تۇغقان، دېيىلىدۇ.

لىم بىلەن دوست ئىدى. دېمەك، بۇنىڭدىن بوزەنجىرخاننىڭ ئاباموسلىم بىلەن زاماندىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

بوزەنجىرخاننىڭ ئوغلى بوقاخان، ئۇنىڭ ئوغلى دۆتمىنە-خان، ئۇنىڭ ئوغلى قايدۇخان، ئۇنىڭ ئوغلى بايسۇنقۇرخان، ئۇنىڭ ئوغلى دۆتمىنەخان، دۆتمىنەخاندىن قىبىلخان، قاجۇلى-خان دەپ قوشكېزەك بىر جۈپ ئوغۇل ۋۇجۇدقا كەلدى. كۈن-لەرنىڭ بىرىدە كىچىك ئوغلى قاجۇلىخان چۈش كۆردى، كۆرگەن چۈشىنى دادىسىغا بايان قىلىپ ئېيتتىكى: «بۈگۈن كېچە ئاكام قىبىلخاننىڭ ئېتىكىدىن بىر قۇياش چىقىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ھەممە ئالەمنى يورۇتتى، كېيىن ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرنەچچە قۇياش پەيدا بولۇپ بىر-بىرلەپ كىرىپ كەتتى. بۇ ئىش بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاندى. ئاخىر يۇلتۇزلۇق كېچىدەك يورۇق بولۇپ تۇرغان چاغدا، مېنىڭ ئېتىكىمدىن بىر قۇياش چىقىپ ھەممە جاھاننى يورۇتتى، ئاخىر ئۇمۇ ئولتۇرۇپ كەتتى. يەنە بىرنەچچە قۇياش پەيدا بولۇپ ھەممە يەرنى يورۇتتى. بۇ ئەھۋال ئۇزاق داۋام قىلدى. كېيىن ئويغانسام چۈشۈم ئىكەن» دېدى. دادىسىنىڭمۇ چۈشىدە مۇشۇنداق ۋەقەلەر يۈز بەرگەنىدى. ئۇ پۈتۈن ئوردا ئەمەل-دارلىرىنى يىغىپ ئۇلارغا ئوغلىنىڭ كۆرگەن چۈشىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. ئوردا ئەمەلدارلىرى مۇلاھىزە قىلىشقاندىن كېيىن: «قىبىلخاننىڭ ئەۋلادىدىن بىر شەۋكەتلىك پادىشاھ ۋۇجۇدقا كېلىدىكەن، پۈتۈن ئالەم ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ خاتىرجەم ياشايدىكەن. كېيىن چىققان قۇياشلار پەرزەنتلىرى بولۇپ كەينى-كەينىدىن دۇنياغا كېلىپ، ھەر بىرى بىر تەرەپكە پادىشاھ بولۇپ دەۋران سۈرۈپ ئۆتىدىكەن. چۈش كۆرگەن قاجۇلىخاننىڭ نەسلىدىن ناھايىتى شەۋكەتلىك ئۇلۇغ بىر پادىشاھ ۋۇجۇدقا كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ياخشى

خىسلىتىدىن يەر يۈزى ئاۋات ۋە باياشاد بولىدىكەن»، دەپ تەبىر بېرىشتى. بۇنى ئاڭلاپ ھەممە كىشى دۆمنەخاننى مۇبارەكلەشتى ۋە ئاپىرىن ئوقۇشتى. دۆمنەخان:

— مەندىن كېيىن ئوغلۇم قىبىلخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى پادىشاھ بولسۇن. قاجۇلىخاننىڭ ئەۋلادى ۋەزىرلىك ئورنىدا تۇرۇپ مەملىكەت ئىشلىرىدىن خەۋەر ئالسۇن. مۇشۇ مەزمۇندا خەت پۈتۈلسۇن، — دەپ ئەمىر قىلدى.

خەت يېزىلىپ تەييار بولغاندىن كېيىن، خان باشلىق پۈتۈن ۋەزىر-ۋۇزۇرا، ئەمىر-ئۇمرالار خەتكە مۆھۈرلىرىنى بېسىپ خەزىنىگە تاپشۇردى.

مۇشۇ ۋەسىقە (توختام خەت) خانلارنىڭ خەزىنىلىرىدە تا سۇلتان سەئىدخاننىڭ زامانلىرىغىچە ساقلىنىپ، ئۇنىڭدىكى بەلگىلىمىلەر ئىجرا بولۇپ كەلگەنىكەن. بۇ خەت قالماق (موڭغۇل) تىلىدا «پارامىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

قىبىلخاننىڭ ئوغلى بوزناخان، ئۇنىڭ ئوغلى يىسۇباھادىرخان، ئۇنىڭ ئوغلى پادىشاھ چىڭگىزخان ئىدى. چىڭگىزخان تارىخ (ھىجرىيە) نىڭ 598-يىلى① پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى. پايتەختى قارا قۇرۇمدىكى «كۇرۇلۇن» دېگەن يەردە ئىدى، شۇ چاغدا خىتاي (جۇڭگو) نىڭ خېنى — ئالتانخان② بولۇپ، پايتەختى «خان بالىغ» ئىدى. خىتاي تىلىدا خان بالىغنى «جۇڭدۇ (يەنى دادۇ)» دەيدۇ.

ئالتانخانلىقنىڭ ئۈستىگە چىڭگىزخان چېرىك تارتىپ

---

① ھىجرىيىنىڭ 598-يىلى مىلادىنىڭ 1201-، 1202-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② بۇ چاغدا جىن سۇلالىسىنىڭ جاڭزۇڭ خانى تەختتە ئىدى — مۇھەررىردىن.

بېرىپ، ئۇرغۇن شەھەرلەرنى ئالدى. ئاخىر ئالتانخان تەسلىم بولۇپ، دوستلۇق ئىپادىسىنى بىلدۈرۈپ قىزىنى بەردى. چىڭگىزخان شۇنىڭغا رازى بولۇپ، ئالتانخاننىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ ياندى.

شەرقتە خانبالىقتىن تارتىپ شىمالدا قازان شەھىرىگىچە بولغان زېمىننىڭ «تاتارىستان» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەبكە كەلسەك، چىڭگىزخان قازان شەھىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان چاغلىرىدا ئېلىپ بارغان تاتار ئەسكەرلىرى غەلىبە قازىنىپ، شۇ جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، غەلىبە قىلغۇچىلارنىڭ نامى بىلەن «تاتارىستان» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن، كېيىن بۈيۈك ئەمىر تېمۇر كوراگان ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا تاتارلارنى كۆچۈرۈپ ئۆز يۇرتلىرىغا ئېلىپ كەلدى، دېيىلىدۇ.

چىڭگىزخان غەرب تەرەپتە رۇم، مەۋسىل، باغداد، جەنۇب تەرەپتە ئوزپايىچان① دەرياسى، سىندى، كابىل②، بەدەخشانلارنى ھەم تاتارىستاننى قولغا كىرگۈزۈپ 25 يىل پادىشاھ بولدى، ئۇ 73 يىل ئۆمۈر كۆردى.

پارامىندىكى بەلگىلىمە بويىچە، قاراچانويان ۋەزىر بولدى. قاراچانويان بۈيۈك ئەمىر تېمۇر كوراگاننىڭ بەشىنچى ئەۋلاد بوۋىسى ئىدى. چۈنكى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئاتىسى ئەمىر تورغاي، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەمىر توكۇل، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەمىر ئېلىنگىر، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەمىر ئەنجىل باھادىر، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەمىر قاراچا نويان باھادىر، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەمىر سۇغۇنچىن، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەمىر بەردۇق باھادىر، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەمىر

---

① ئوزپايىچان — ئەزەربەيجان.

② كابىل — كابول.

ئىرمىچىن بارلاس، ئۇنىڭ ئاتىسى قاچۇلى باھادىر، ئۇنىڭ ئاتىسى دۆمنەخاندىن ئىبارەت بۈيۈك ئەمىر تىمۇرنىڭ سەككىزىنچى بوۋىسى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ تۆتىنچى بوۋىسى بىر ئىدى.

خانلىق قىبلىخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا، ۋەزىرلىك قاچۇلىخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا بەلگىلىنىپ پارامىن يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، بۈيۈك ئەمىر تىمۇر كوراگان ھەرقانچە چوڭ پادىشاھ بولغان بىلەن يەنىلا خىزمەتچى، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغۇچى دەرىجىسىدە ئىدى. پارامىننىڭ بەلگىلىمىسىنى ئۆزگەرتەلمەي بىرنەچچە ئەۋلادقىچە شۇنداق ئۆتتى.

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ① زامانلىرىدا ئۇۋەيس-خاننىڭ ئوغلى يۇنۇسخان ئولجا تەرىقىسىدە قولغا چۈشۈۋىدى، ئۇنى شىرازغا② پالىدى. يۇنۇسخان ھۈنەر-كەسىپ قىلىپ «يۇنۇس ئۇستا» دەپ نام چىقىرىپ مەشھۇر بولدى. 30 نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، سۇلتان سەئىد مىرزا ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىققاندا، شىرازغا ئادەم ئەۋەتىپ يۇنۇسخاننى ئالدۇرۇپ كېلىپ: «بۈگۈندىن كېيىن مېنى دوست بىلگەيلا، خىزمەتچى قاتارىدا كۆرمىگەيلا، مەنمۇ ئۆز ئالدىمغا پادىشاھ» دېگەندەك نۇرغۇن گەپ-سۆزلەرنى قىلدى، يۇنۇسخان ماقۇل بولۇپ سۇلتان سەئىد مىرزىنى «خان» دەپ ئاتىدى. سۇلتان سەئىد مىرزا يۇنۇسخاننى بىر مۇنچە موڭغۇللارنى قوشۇپ موغۇلىستانغا «خان» قىلىپ ئەۋەتتى، ئاخىر خۇدايارخانغىچە ئەمىر تىمۇر ئەۋلادلىرىمۇ «خان» دەپ ئاتىلىپ كەلدى.

چىڭگىزخاننىڭ جۇجىخان، چاغاتايخان، ئوگتايخان،

---

① سەمەرقەندنىڭ پادىشاھى ھەم مەشھۇر ئاسترونوم. مىلادىنىڭ 1449-يىلى ۋاپات بولغان.

② شىراز — ئىراندىكى بىر شەھەر.



www.uyghurkitap.com

تولۇيخان دەپ تۆت ئوغلى بار ئىدى. چىڭگىزخان پۈتۈن مەملىكىتىنى ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. چاغاتايخانغا ئامۇ دەرياسىدىن تارتىپ پەرغانە ۋىلايىتى ۋە موغۇلىستان يۇرتلىرى تەقسىم بولدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ تەرەپتىكى خەلقلەرنى «چاغاتاي» دەپ ئاتايدىغان بولدى.

چىڭگىزخان ئوگتايخاننى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، قالغان بالىلىرىنى ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشقا يارلىق قىلدى. ھىلاكۇخان مەشھۇر تولۇيخاننىڭ ئوغلى (يەنى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى) بولۇپ، ۋەقەلىرىمۇ نۇرغۇن. ئەمما بۇ يەردە موغۇلىستان خانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى يېزىش مەقسەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ھىلاكۇخاننىڭ ۋەقەلىرى سۆزلەنمىدى.

چاغاتاي خاننىڭ ئوغلى ماموكاي، ئۇنىڭ ئوغلى سوقرا باھادىر، ئۇنىڭ ئوغلى بۇراقخان ئىدى. بۇراقخان ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ بولۇپ، سۇلتان غىياسىددىن دېگەن لەقەم بىلەن ئاتالدى. ئۇ تاشكەنتنى پايتەخت قىلغانىدى، ياش ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئۇ ئىسلام پادىشاھلىرى ئىچىدە راۋاج تاپالمىغانلارنىڭ بىرى بولدى. بۇراقخاننىڭ ئوغلى دۇۋاخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئىسەن بۇغاخان، ئۇنىڭ ئوغلى تۇغلۇق تېمۇرخان ئىدى.

تۇغلۇق تېمۇرخان 24 يېشىدا مەۋلانا ئەرشىددىننىڭ① دەۋەت قىلىشى بىلەن مۇسۇلمان بولدى. ئۇ تارىخ (ھىجرىيە) نىڭ 766-يىلى② 34 يېشىدا ۋاپات بولۇپ، ئۆز پايتەختى

---

①خوجا ھافىزىددىننىڭ ئوغلى مەۋلانا جالالىددىن، ئۇنىڭ ئوغلى مەۋلانا ئەرشىددىن. چىڭگىزخان خوجا ھافىزىددىننى بۇخارانى بېسىۋالغاندا ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

② ھىجرىيىنىڭ 766-يىلى مىلادىنىڭ 1364-، 1365-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئىلىدا دەپنە قىلىندى.

مەغپۇرخان خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان چاغدا ھەرقايسى يۇرت ئۆز ئالدىغا باشقا ـ باشقا بولۇپ كەتكەنىدى. تۇغلۇق تېمۇرخان ماۋەرائۇننەھر شەھەرلىرىنى ئاتا مىراسىم دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ سەمەرقەنتكە باردى. بۇ چاغدا ئەمىر تېمۇر كوراگان شەھرى سەبزدە ھاكىم ئىدى. ئۇ تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى، پارامىندىكى بەلگىلىمە بويىچە، تۇغلۇق تېمۇرخان ئوغلى ئىلياس خوجىنى سەمەرقەنتتە خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئەمىر تېمۇر كوراگاننى ئۇنىڭغا ۋەزىر قىلىپ بەلگىلىدى ۋە قوندۇزغىچە بولغان زېمىنىنى قولغا كىرگۈزۈپ ئۆز پايتەختىگە قايتىپ كەلدى. شۇ كۈنىدىن تارتىپ خالايىق ئارىسىدا بولۇپمۇ ئىلى شەھرىدە ئىسلام دىنى قانات يايدى.

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىشارىتى بىلەن ئەبۇ نەسىر سامانى تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 332 ـ يىلى* قەشقەر ۋىلايىتىگە كەلدى، بۇ چاغدا قەشقەردە بۇغراخانلاردىن سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ دادىسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بولۇپ، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان 13 ياشلاردا ئىدى. ئۇ تەڭرىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىشى، ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن مۇسۇلمان بولدى، ھاكىمىيەتنىمۇ قولغا كىرگۈزدى. ھەممە خالايىق سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ دەۋەت قىلىشى ۋە تىرىشىشى بىلەن مۇسۇلمان بولۇپ، يەتتە شەھەردە ئىسلام جارى

* ھىجرىيىنىڭ 332 ـ يىلى مىلادىنىڭ 943 ـ، 944 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

بولىدى. ئەمما خوتەننىڭ خېنى (ئۇلۇغى) بويسۇنماي 40 يىلدىن كېيىن مۇسۇلمان بولغانىكەن. «تۈركلەردىن ھەممىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغۇچى ساتۇق بولىدۇ» دېگەن ھەدىس سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئۈچۈن ئېيتىلغان. سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننى ئاپراسىيابنىڭ ئەۋلادى دېيىشىدۇ، بۇغراخاننىڭ قەبرىسى ئاتۇشتا بولۇپ، كىشىلەر ئۇلۇغ بىلىپ زىيارەت قى-لىشىدۇ.

تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئوغلى خىزىر خوجاخان ئاتىسىنىڭ ئورنىدا پايتەختتە ئولتۇردى. بۇ چاغدا قۇمۇل، تۇرپان خەلق-لىرى باشقا دىندا بولۇپ، خىزىر خوجاخاننىڭ قولىدا ئىسلام دىنىغا كىردى. خىزىر خوجاخان بېيجىڭ تەرەپكە غازات قىلىپ بېرىپ، نۇرغۇن شەھەرلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئاخىر شېھىت بول-دى، جەسىتى تۇرپاندا دەپنە قىلىندى. موغۇلىستاننىڭ پايتەخ-تى يەكەن بىلەن تۇرپاندۇر.

خىزىر خوجاخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەدخان، ئۇنىڭ ئوغلى شىر ئەلىخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئۇۋەيسخان، ئۇنىڭ ئوغلى يۇنۇسخاندۇر.

يۇنۇسخان دىيانەتلىك، ئالىم، مۇسۇلمان كىشى بولۇپ، پايتەختى تاشكەنتتە ئىدى، ئۇ خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرارنىڭ ئىخلاس-مەن مۇرىتى ئىدى.

سۇلتان سەئىد مىرزىنىڭ ئوغۇللىرى مىرزا مەھمۇت ۋە مىرزا ئەھمەدلەر مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى خوجا ئەھرار بىلەن تاشكەنتكە بېرىپ قالدى. يۇنۇسخان ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئۇلار يولدا ئۇچرىشىپ ئاتتىن چۈشۈپ شۇ يەر-دە ئولتۇرۇشتى. شۇ چاغدا خوجا ئەھرار ھەم نەم، ھەم بىپاك يەردە ئولتۇرۇپ قالغان ئوخشايمەن، دەپ گۇمان قىل-

دى. يۇنۇسخان بۇ ئەھۋالنى سېزىپ دەرھال ئېتىكىدە قۇرۇق تۇپا ئەكىلىپ تۆكۈپ بەردى. خوجا ئەھرار بۇئادەمنىڭ مۇنداق ئىخلاسمەنلىكىگە خۇشال بولۇپ دۇئا قىلدى.

شۇ چاغلاردا بەزى بۇلاڭچى، قاراقچىلار موغۇلىستان ئادەملىرىنى ئېلىپ قېچىپ، باشقا يۇرتلاردا ساتىدىكەن. خوجا ئەھرار بۇ ئىشتىن ۋاقىپ بولۇپ، «دىيانەتلىك مۇسۇلمان پادىشاھلىرىنىڭ پۇقرالىرىنى ساتماق دۇرۇس بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئادەم ئېلىپ-ساتىدىغان ئىشلار بولمىسۇن، يۇرت ھاكىملىرى بۇ ئىشنى قاتتىق مەنئى قىلسۇن» دەپ شەرئەتنىڭ ئەمرىنى جارى قىلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ موغۇلىستان ئادەملىرىنى ئېلىپ-ساتىدىغان ئىش تۈگىدى. يۇنۇسخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن تاشكەنتتە دەپنە قىلىندى.

يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى ئەھمەدخان بولۇپ، ئۇ ئاقسۇدا دەپنە قىلىندى، بۇ يەر «ئالتۇنلۇق» دەپ ئاتالدى. چۈنكى موغۇللار خاننىڭ جەسىتى بار يەرنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن «ئالتۇن» دەپ ئاتايتتى. خان-بەگلەرنىڭ بۇيرۇق خەتلىرىنىمۇ ئىززەت قىلىپ، ئالتۇن دەستەك*، ئالتۇن نىشان دەيتتى، ئەھمەدخاننىڭ تاغىسى ئىسەن بۇغا خانمۇ ئاقسۇ ئالتۇنلۇقتا دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ئىككى خاننىڭ جەسىتى بىر جايدا بولدى.

سۇلتان سەئىدخان ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، كابول شەھىرىدە ئەمىر تىمۇر كوراگاننىڭ ئەۋلادى بولغان بابۇر شاھنىڭ قېشىدا تۇراتتى. ئۇ بىرنەچچە كىشى بىلەن ئەنجان

---

* دەستەك — ھەممە كىشى بىردەك ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بۇيرۇق.

ۋىلايىتىگە كېلىپ ئۈچ يىل ھاكىمىيەت سۈردى، ئاندىن كېيىن يەتتە شەھەرگە بېرىشنى مەسلىھەت قىلىشىپ، دوغلات، دوختۇي، بارلاس، جاراس قاتارلىق توققۇز قەبىلىدىن داڭلىق باتۇرلاردىن 4700 كىشىنى تاللاپ، بىللە ئېلىپ قەشقەرگە كەلدى. بۇ چاغدا يەتتە شەھەرگە ئەمىر خۇدايداد ئەۋلادىدىن مىرزا ئابابەكرى پادىشاھ بولۇپ 48 يىل ھۆكۈم سۈرگەنىدى. سۇلتان سەئىدخان قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن مىرزا ئابابەكرى بىلەن ئۇرۇشتى، ئاخىر مىرزا ئابابەكرى يېڭىلىپ قېچىپ كەتتى. سۇلتان سەئىدخان يەتتە شەھەرنىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ دۇنيا-دەپىنىسى، مال-مۈلۈك، چارۋا، باغ-ۋارانلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇ خەلققە ناھايىتى زۇلۇم سالغانىدى. بىر كىشىدىن ئازراق گۇناھ ئۆتكەن بولسا، ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ پۈتۈن مال-مۈلكىنى قويماي سۈپۈرۈۋالاتتى.

ئۇ ئاقسۇ خەلقىنى «ئەھمەدخانغا ياردەملەشتى» دەپ قىرغىن قىلدى، تىرىك قالغانلىرىنى قەشقەر، يەكەن، خوتەن تەرەپلىرىگە كۆچۈرۈۋەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ دىيارى 16 يىل ۋەيرانە، ئادەمسىز، بوش بىكار بولۇپ قالغانىدى.

تارىختا ھېچقاچان مىرزا ئابابەكرىدەك زالىم پادىشاھ ئۆتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ھەر كىشى مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشنى ئارزۇ-ھەۋەس قىلسا، «تارىخى رەشىدى»نى ئوقۇپ كۆرسە كۇپايە قىلىدۇ.

سۇلتان سەئىدخان پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن ھەرقايسى شەھەرلەرگە كۆچۈپ كەتكەن ئاقسۇلۇقلارنى ۋە ئاقسۇدا ئولتۇراقلىشىشنى خالىغان كىشىلەرنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، بۇ دىيارنى يەنە ئاۋات قىلدى. ئاقسۇ خەلقى جاي-

جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەن كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلار ئۆزئارا ئىتتىپاق ئەمەس ئىدى، دېيىلىدۇ.

سۇلتان سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنىڭ خەزىنە، مال - مۈلۈك-لىرىنى ئەسكەرلىرىگە تەقسىم قىلىپ بەردى. ھەممىسى دۇنيادىن ھاجەتسىز بولدى. «تارىخ رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر كوراگان شۇ كىتابىدا: «شۇ چاغدا مەن 16 - 17 ياشتا ئىدىم. مال - دۇنياغا ئانچە قىزىقمايتتىم. شۇنداق تۇرۇقلۇق ماڭا 17 مىڭ قوي تەقسىم قىلىپ بەردى. پۇل - مالغا مەيلى بار كىشىلەر قانچىلىك ئالغاندۇر؟ غەنىيمەت ئېلىنغان مال - ئولجىنىڭ كۆپلۈكىنى شۇنىڭدىن قىياس قىلسا بولىدۇ» دەپ يازغان.

سېخىي سۇلتان سەئىدخان مۇسۇلمانلار ئاجىزلىشىپ، خاراب بولۇپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ مال - دۇنيادىن ھاجەت-سىز بولغانلىقىنى پەملەپ، بۇ يەتتە شەھەر خەلقى تۆلەيدىغان ئون يىللىق باجنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ «ئون يىلغىچە پۇقرا-لاردىن بىر نەرسە ئېلىنمىسۇن، ئالۋان - ياساق سېلىنمىسۇن، پۇقرالارمۇ بىر نەرسە بەرمىسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى. بەش يىلغىچە ئەسكەرلەرنىڭ ئەھۋالى ئوبدان ئۆتتى. بەش يىلدىن كېيىن ئەھۋال خارابلىشىشقا باشلىدى. ئوردا ئەمەلدارلىرى مەسلىھەتلىشىپ قەرز ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئالتىنچى يىلنى ئۆتكۈزدى. پۈتۈن دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى يىغىلىپ: «بۇنىڭلىق بىلەن ئەھۋال يەنە ئوڭشالمىدى، خان ئۆز ئەمرىدىن يانمىسا، يۇرت خەلقىگە بىر نېمە دېگىلى بولمىسا، قانداق قىلىمىز» دەپ مەسلىھەتلەشتى ۋە تۆت يىلنى ئارتۇق ھېسابلاپ، «بۇ شەھەرگە كەلگىلى ئون يىل بولدى. مەسىلەن، بۇ يىل كالا يىلى كىردى. يۇرت خەلقىدىن باج ئالساق» دەپ خانغا ئىلتىماس قىلىشتى. خان بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ پۇقرالاردىن شەرئىيەت ھۆكمىگە مۇۋاپىق باج - خىراج ئېلىشقا

يارلىق چۈشۈردى. خاننىڭ يارلىق، ئەمر - پەرمانلىرىنىمۇ تۆت يىلنى قوشۇپ ھېسابلىغان يىل يېزىلدى. پۇقرالارمۇ شۇ ھېسابنى قوبۇل قىلدى. بۇ شەھەرنىڭ يىل ھېسابى باشقا شەھەرلەردىن تۆت يىل ئىلگىرى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىن ئىبارەت.

سۇلتان سەئىدخان 27 يىل پادىشاھلىق قىلىپ، ھىجرىيىنىڭ 939 - يىلى① 47 يېشىدا ۋاپات بولۇپ، يەكەنگە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى ئابدۇرىشىتخان خان بولدى.

ئابدۇرىشىتخان ناھايىتى غەيرەتلىك، سېخىيلىقتا تەڭدىشى يوق، ئۆلىما، پەزىلەتلىك، شائىر كىشى ئىدى. پارس، تۈرك تىللىرىدا ياخشى شېئىرلارنى يازاتتى. مۇزىكا ئىلمىدا ئىككىنچى فىساغورس② ئىدى. ئۇ «ئىشرەت ئەنگىزى③» ناملىق بىر مۇقام ئىجاد قىلدى. شۇ چاغلاردا خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىر دېگەن (ئىشان) كىشى كەلگەنىدى، ئابدۇرىشىتخان ئۇنىڭغا مۇرىت بولدى. مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگاننىڭ ئوغلى مىرزا ھەيدەر ئابدۇرىشىتخاننىڭ نامىغا بىر تارىخ كىتابى يېزىپ، ئىسمىنى «تارىخىي رەشىدى» قويدى. ئابدۇرىشىتخان 27 يىل پادىشاھلىق قىلىپ، تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 967 - يىلى④ 49 يېشىدا

---

① ھىجرىيىنىڭ 939 - يىلى مىلادىنىڭ 1532 -، 1533 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② فىساغورس (پىپاكور)— (مىلادىدىن بۇرۇن 580—500) ئۆتكەن يۇنانلىق مەشھۇر پەيلاسوپ، مۇزىكىشۇناس.

③ ئىشرەت ئەنگىزى — ئاتاقلىق مۇزىكىشۇناس ئامانىسساخېنىم ئىجاد قىلغان بىر مۇقامنىڭ نامى.

④ ھىجرىيىنىڭ 967 - يىلى مىلادىنىڭ 1559 -، 1560 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ۋاپات بولۇپ، يەكەندە دەپنە قىلىنىدى. ئۇرنىغا ئوغلى ئابدۇكېرىمخان خان بولدى، ئۇمۇ يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوردەي، زورلۇق - زومبۇلۇقنى يوقاتتى. بۇ چاغدا ئىنىسى مۇھەممەدخان ئاقسۇغا، يەنە بىر ئىنىسى سوپى سۇلتان قەشقەرگە هاكىم ئىدى. ئۇ 33 يىل پادىشاھ بولۇپ تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1000 - يىلى① ۋاپات بولۇپ يەكەندە دەپنە قىلىندى.

ئابدۇكېرىمخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەدخاننى يەكەندىن ئېلىپ كېلىپ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزدى. مۇھەممەدخان ھەم پادىشاھ، ھەم دەرۋىش كىشى ئىدى. ئۇ پادىشاھ بولۇپ سەككىز يىل ئۆتكەندە ۋىلايەت تەرەپتىن مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەد ئىسھاق يەكەنگە كەلدى؛ مۇھەممەدخان ئىشەنچ بىلدۈرۈپ مۇرىت بولدى، كۆپ ياخشى ئىشلار ۋۇجۇتقا كەلدى. ئۇنى بايان قىلساق سۆز ئۇزىراپ كېتىدۇ.

مۇھەممەدخان 70 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 18 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى شۇ جائىددىن ئەھمەد خان بولدى. بۇ كىشىنى ئۆز ئادەملىرى شېھىت قىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئابدۇلتىپ سۇلتان خان بولدى.

ئۇ 12 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1037 - يىلى② 26 يېشىدا ۋاپات بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن خانزادىلەر ئۆز ئالدىغا پادىشاھ بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتتى. شۇ

---

① ھىجرىيىنىڭ 1000 - يىلى مىلادىنىڭ 1591 -، 1592 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② ھىجرىيىنىڭ 1037 - يىلى مىلادىنىڭ 1627 -، 1628 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

چاغلاردا قومۇلدىن تارتىپ بۆگۈرگىچە ئابدۇرىشىتخاننىڭ 12-ئوغلى ئابدۇرېھىمخان پادىشاھ ئىدى.

سۇلتان سەئىدخاندىن تارتىپ ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شەرقتە قومۇل، غەربتە بەدەخشان، شىمالدا ئىسسىق كۆل، جەنۇبتا چەرچەن - لوپقىچە بولغان زېمىنلارغا پادىشاھ بولۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1048-يىلى* سۇلتان ئابدۇرەشىتخاننىڭ توققۇزىنچى ئوغلى ئابدۇللاخان بۆلۈنۈپ كەتكەن خانلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاتا-بوۋىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، 32 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئەمما ئۇ رەھىمسىز، زالىم، قانخور، گۇمانخور بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئىلگىرىكى خان-بەگلەرنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئىشەنچلىك، ۋەتەنپەرۋەر ياخشى كىشىلەردىن گۇمان قىلىپ كۆپلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قالغانلىرىنى يۇرتتىن قوغلىۋەتتى. ئۆزىنىڭ ئىنىلىرىدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قالغان ئىككى ئىنىسى — ئىبراھىم سۇلتان ۋە ئىسمائىل سۇلتاننىمۇ قوغلىۋەتتى، ئۇ ھېچ كىشىگە ئىشەنمەيدى. ھەتتا ئۆز پەرزەنتلىرىگىمۇ ئىشەنمەيدى. بالىلىرىمۇ دادىسىدىن خاتىرجەم بولالمىدى. ئاقىۋەت ئۆز تەۋەلىكىدىكى يۇرتلارغا قىرغىزلارنى ھاكىم قىلدى. قەشقەرگە قويسارى بەگنى، ئاقسۇغا ئولجاتاي بەگنى، ئۇچتۇرپانغا ئالتىقۇرتقابەگنى ھاكىم قىلىپ، ھاكىمىيەتنىڭ تولىسىنى قىرغىزلارغا تۇتقۇزدى. شۇنداقتىمۇ يەنە قىرغىزلاردىن، يۇرت خەلقىدىن خاتىرجەم بولالماي گۇمانخورلۇق بىلەن تولا ئادەم ئۆلتۈرۈپ ناھەق قان تۆكتى. ئاخىر ئارام

* ھىجرىيىنىڭ 1048-يىلى مىلادىينىڭ 1638-، 1639-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئالالماي ھىجرىيىنىڭ 1080 ـ يىلى ① ئورنىغا ئوغلى يولۋاسخاننى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى «مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كېلىمەن» دەپ خوشلىشىپ يولغا چىقتى.

يولۋاسخان بىرنەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن تاغىسى ئابدۇرېھىمخاننىڭ ئوغلى ئىسمائىلخان خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ يۇرت ۋە پۇقرانى ئادالەتلىك بىلەن سوردىغانلىقى ئۈچۈن ھەممە كىشى خۇشال ـ خۇرام، ئەركىن تۇرمۇش كەچۈردى.

مۇشۇ دەۋردە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى خوجا يۈسۈپ خوجام بىلەن ئوغلى خوجا ھىدايىتۇللا خوجام (مەشھۇر بولغان ئىسمى «ھەزرىتى ئاپاق») ئاتا ـ بالا ئىككىسى پەيدا بولدى. بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، خوجا يۈسۈپ خوجام ۋاپات بولۇپ قەشقەردە دەپنە قىلىندى.

ئىسمائىلخان 12 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئىلىغا سەپەر قىلدى. ھاكىمىيەت مۇھەممەد ئىمىن خاننىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ چاغدا خوجا ئىسھاق خوجامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن خوجا دانىيال خوجام سەججادە نەشىن② ئورنىنى ئىگىلەپ تۇرغان چاغ ئىدى. ئۇ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتى. خانلار قالماق (موڭغۇل) ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ دۆلەت چىرىغى ئۆچۈشكە باشلىدى. موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق نەپسى يوغىناپ نۇرغۇن چېرىك ـ ئەسكەر ئەۋەتىپمۇ يەتتە شەھەر خەلقىنى بويسۇندۇرالمىدى. يەتتە شەھەر خەلقى موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشنى

① ھىجرىيىنىڭ 1080 ـ يىلى مىلادىنىڭ 1669 ـ، 1670 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② سوفىزىم كۆز قارىشى بويىچە، ئەڭ يۇقىرى دىنىي مەرتىۋە.

نومۇس دەپ بىلدى. موڭغۇللار يەتتە شەھەر خەلقىنىڭ خوجىلارغا ئىخلاس قىلىدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، خوجىلار بىلەن بىرلىشىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا پۈتۈشتى. ھەربىر شەھەرگە موڭغۇلدىن بىر نازارەتچى ۋە بىرنەچچە ئەمەلدار قويۇلدى. ھەر يىلى يەتتە شەھەر خەلقى ئىلىغا نۇرغۇن مىقداردا خام ـ ماتا ئەۋەتىپ موڭغۇللارغا باج تۆلەشكە باشلىدى.

دانىيال خوجىدىن كېيىن ئۇبەيدۇللا خوجا باشلىق بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد شۇ يوسۇندا داۋاملىشىپ كېتىۋەردى. ئۇبەيدۇللا خوجىدىن كېيىن ئوغلى ياقۇپ خوجا، يۈسۈپ خوجا، خامۇش خوجىلار بىرلىكتە يۇرت سوراپ، خەلقتىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. ياقۇپ خوجا يەكەندە، يۈسۈپ خوجا قەشقەردە، خامۇش خوجا ئاقسۇدا تۇراتتى.

مۇشۇ ۋاقىتلاردا ئىلىدا «قونتەيجى»① دېگەن موڭغۇل پادىشاھ بولۇپ، قۇمۇل دىيارى، قازاق دىيارى، موڭغۇل دىيارى، قىرغىز دىيارى، تۈركىستان، چىمكەنت، سايرام، موغۇلىستان قاتارلىق يۇرتلارغا ھۆكۈمران ئىدى. خوجىلارمۇ قونتەيجىنىڭ ئەمر ـ پەرمانىغا بويسۇنۇپ، ھەر يىلى بىر ياكى ئىككى قېتىم نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ ئىلىغا بېرىپ قونتەيجىگە كۆرۈنۈش قىلىپ ئۇنىڭ رۇخسىتى بىلەن قايتىپ كېلەتتى. قونتەيجى ھەرقايسى خوجىنىڭ بىردىن ئوغلىنى ئىلىغا ئېلىپ چىقىپ بارىمتاي قىلىپ② ئۆز يېنىدا ساقلايتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىرنەچچە يىل ئۆتتى.

---

① قونتەيجى ـــ جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ باشلىقى غالدان بۆشۈكتۈنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ 1670 - يىلى جۇڭغارلارغا خان بولۇپ، 1695 - يىلى ئىلىدا ئۆلگەن.

② بارىمتاي ـــ گۆرۈگە تۇتۇپ تۇرماق.

يۈسۈپ خوجا ناھايىتى چارە ـ تەدبىرلىك كىشى بولۇپ، نۇرغۇن
سوۋغا ـ سالام، تارتۇقلار بىلەن ئىلىغا بېرىپ قونتەيجىنىڭ نەزە-
رىدىن ئۆتۈپ بىرنەچچە يىل تۇردى. ئاندىن نۇرغۇن تەدبىر
قوللىنىپ، ئىلىدا تۇتۇپ تۇرۇلغان خوجىزادىلەرنى ئېلىپ كېتىشكە
قونتەيجىدىن بۇيرۇق ئېلىپ، ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقىپ مۇز
داۋانغا كەلدى. بۇ چاغدا قونتەيجى ھېلىقى بۇيرۇقىدىن يېنىۋېلىپ
خوجىلارنى ياندۇرۇپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. خوجىلار مۇز
داۋاندىن ئۆزلىرى ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن، تۇسۇپ تۇرۇپ باشقىـ
لارنى ئۆتكۈزمەي ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى ۋە دەرھال شەھەرـ
شەھەرگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، «شەھەردە تۇرۇۋاتقان موڭـ
غۇللارنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرنى غەيرىي دىنىدىكىلەردىن تازىلاڭلار»
دېگەن مەزمۇندا خەت ئەۋەتتى. بۇ چاغدا كىشىلەر، خوجىلارنى
ئاق خان، موڭغۇللارنى قارا خان دەپ ئاتايتتى. نەتىجىدە
خوجىلار موڭغۇللارنى ئۆلتۈرۈپ يەر بىلەن يەكسان قىلدى.
بەزىبىر شەھەر موڭغۇللارغا ئىتائەت قىلىشتىن قۇتۇلدى.

موڭغۇللار ئۆزلىرىنى رۇسلاپ بۇ تەرەپكە ئەسكەر ئەۋەتىپ
ئىنتىقام ئېلىش پۇرسىتى تاپقۇچە قونتەيجى ئۆلدى. ئورنىغا
ئوغلى داباچى ئولتۇردى.

قونتەيجىنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن بىر ئوغلى بولۇپ،
ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوۋۇم ـ قېرىنداشلىرى كۆپ ئىدى.
بۇلار كىچىك ئوغلىنى خان قىلماقچى بولۇپ داباچىغا قارشى
چىقتى. ئوتتۇردا ئۇرۇش ـ جېدەل بولدى. دۆلەت ئەرباپلىرىـ
مۇ ئىككىگە بۆلۈندى. ئەمما كىچىك ئوغلى تەرەپ تەڭ كېلەلـ
مەي يېڭىلىپ قالدى. بۇلار ئامۇرسىنا دېگەن بىر موڭغۇلنى
بېيجىڭغا ئەۋەتىپ، ئۇ ئارقىلىق خانغا: «موغۇلىستاننىڭ خانـ
لىقى ماڭا تېگىشلىك ئىدى. ئەمما باشقا كىشى تارتىپ كەتتى.
ماڭا ياردەم قىلىپ ئەسكەر بەرسىڭىز، موغۇلىستاننى خاقانى چىنـ

گە تەۋە قىلالايتتىم» دەپ ئەرز قىلدى. شۇ چاغدا كاڭشى خان بولۇپ، موغۇلىستاننى قولغا كىرگۈزۈشنى ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇ ئامۇرسانانىڭ ئەرزىگە ناھايىتى خۇش بولۇپ، ئۇرغۇن چېرىك ئەۋەتتى. داباچى كاڭشىنىڭ چېرىكلىرىگە تەڭ كېلەلمەي، خەزىنە - دەپىنە، مال - مۈلۈكلىرىدىن قولىغا چىققانلىرىنى ئېلىپ، 300 دەك تەييارتاپ ئەمەلدارلىرى بىلەن بىللە ئىلىدىن قېچىپ چىقتى ۋە قەيەرگە بېرىشنى بىلمەي بېشى قاتتى. شۇ چاغدا ئۇچتۇرپانغا قونتەيجىنىڭ پەرمانى بىلەن بەلگىلەنگەن خوجاسى بەگ دېگەن كىشى ھاكىم ئىدى. داباچى شۇنىڭدىن ۋاپا تەمە قىلىپ ئۇچتۇرپانغا كەلدى. خوجاسى بەگ ناھايىتى مەككار كىشى ئىدى. داباچىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىززەتلەپ ئالدىغا چىقتى ۋە داباچىنى ئوردىغا، ئۇنىڭ ئادەملىرىنى باشقا جايغا چۈشۈردى. كاتتا زىياپەت قىلىپ، زىياپەت ئۈستىدە داباچىنى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى جاي - جايىدا تۇتۇپ باغلىدى. بۇ چاغدا «ئىلىغا خىتاي لەشكەرلىرى كېلىۋېتىپتۇ» دېگەن سۆز تارقالغانىدى. خوجاسى بەگ: «خىتاي چېرىكلىرىگە بۇنىڭدىن ياخشى سوۋغات بولمايدۇ» دەپ، داباچىنى ئادەملىرى بىلەن ئېلىپ يولغا چىقىپ تېكەسكە بارغاندا، كاڭشىنىڭ چېرىكلىرى بىلەن ئۇچراشتى، خوجاسى بەگ ۋەقەنى بىربىرلەپ بايان قىلدى. چېرىكلەرنىڭ باشلىقى: «ئەي خوجاسى، دەل ۋاقتىدا ناھايىتى ياخشى ئىش قىلىپسىز، داباچى ئۇلۇغ خاننىڭ چوڭ دۈشمىنى ئىدى. ئۆزىڭىز ئېلىپ بېرىپ قىلغان خىزمىتىڭىزنى ئۇلۇغ خانغا مەلۇم قىلىپ يېنىپ كېلىڭ» دەپ مەخسۇس خەت بىلەن ئادەم قوشۇپ بېيجىڭغا يولغا سالدى. خوجاسى بەگ بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن كاڭشى خان ۋاڭلىق مەنسەپ بېرىپ پەرمان چۈشۈردى. شۇنىڭدىن تارتىپ نەۋرىسى قادىر بەگكە كەلگۈچە ئەۋلادى ۋاڭ بولۇپ ئۆتتى.

كاڭشىنىڭ چېرىكلىرى ئىلىنى ئالغاندىن كېيىن يەتتە شەھەرنى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. بۇ چاغدا يەتتە شەھەرگە ئىسھاق خوجا ئەۋلادلىرىدىن يۈسۈپ خوجا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. ئىسھاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى كېلىشەلمەي ئوتتۇردا ئاداۋەت بولۇپ، ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىسمائىلخان بىلەن ئىلىغا چىقىپ كەتكەندى. يەتتە شەھەر خەلقىمۇ ئىككىگە بۆلۈنۈپ بەزىلىرى ئىسھاق خوجىنىڭ ئەۋلارلىرىغا، بەزىلىرى ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرىغا ئەگىشىپ كەتكەندى.

ئىلىنىڭ بەزى ئاتاقلىق كىشىلىرى كاڭشى خاننىڭ چېرىكلىرىگە: «قەشقەردىكى يۈسۈپ خوجا ناھايىتى تەدبىرلىك كىشى. ئىلىدا ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى بار. شۇلاردىن بىرىنى ‹خوجا› ياساپ بىللە ئېلىپ بارمىساڭلار، يەتتە شەھەرنى قولغا كىرگۈزۈشۈڭلار تەس بولىدۇ. خان چېرىكلىرى كۆپ زىيانغا ئۇچرايدۇ» دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى. بۇ مەسلىھەت كاڭشىنىڭ چېرىكلىرىگە ناھايىتى ياقتى. ئۇلار ئىلىدىكى ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرىدىن بۇرھانىددىن خوجىنى خوجا قىلىپ تىكلەپ بىللە ئېلىپ ئاقسۇغا باردى. ئۇيەردىن ئۇچتۇرپانغا ئۆتۈپ، ئۇچتۇرپاننىمۇ قولغا كىرگۈزدى. بۇ چاغدا قەشقەردىكى يۈسۈپ خوجا، ئوغلى سىدىق خوجىنى باش قىلىپ نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن كاڭشىنىڭ چېرىكلىرىنى توسۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۇچتۇرپانغا ئەۋەتتى. ئۇچتۇرپاندا نۇرغۇن ئۇرۇش - جەڭلەر بولدى. ئاخىر يۈسۈپ خوجىنىڭ ئەسكەرلىرى يېڭىلىپ قەشقەرگە ياندى. شۇ چاغدا يۈسۈپ خوجا كېسەل ئىدى، ئەسكەرلىرى قايتىپ بارغۇچە ۋاپات بولدى. كاڭشى خاننىڭ چېرىكلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ قەشقەرنى ئالدى. ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ يەكەن، خوتەننىمۇ قولغا كىر-

گۆزدى، ئىسھاق خوجىنىڭ ياقۇپ خوجا باشلىق ئەۋلادلىرىنى ئۆلتۈرۈپ شېھىت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەتتە شەھەر خاقانى چىنگە تەۋە بولدى.

ھىجرىيىنىڭ 1281 - يىلى* كۇچادا راشىددىن خوجا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ كاپىرلارنى مەغلۇب قىلىپ قۇمۇلغىچە ئىسلام ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى.

گەپنىڭ قىسقىسى، يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ھىجرىيىنىڭ 1080 - يىلى ئابدۇللاخان پادىشاھلىقنى ئوغلى يولۋاسخانغا تاپشۇرۇپ ھەرەمگە كەتكەنىدى. ئابدۇللاخاننىڭ قانچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسمائىلخان تەختكە چىقىپ 12 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد ئىمىن خان ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھاكىمىيەت خوجىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى، بۇلارنىڭمۇ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. كاگشى خاننىڭ چېرىكلىرى يەتتە شەھەرگە قاچان كەلدى؟ قانچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى؟ بۇلارنىڭ ۋاقتىمۇ ئېنىق ئەمەس. ئەمما ئابدۇللاخاندىن كېيىن راشىددىن خوجا باش كۆتۈرۈپ چىققانغا قەدەر 200 يىل ئۆتۈپتۇ. مۇشۇ 200 يىل ئىچىدە ئۆتكەن خان - پادىشاھلارنىڭ تارىخى تېپىلمىدى.

ئابدۇللا خاندىن كېيىن خان ئەۋلادلىرى ۋە خوجىلارنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى تەخمىنەن 40 يىل، كۆپ بولسا 50 يىل بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنداق ھېسابلىغاندا، يەتتە شەھەرنى خاقانى چىن 150 ياكى 160 يىل سورىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھادىسىلەرنىڭ جەريانىنى، بولۇپ ئۆتكەن چوڭ بالا - قازا

---

* ھىجرىيىنىڭ 1281 - يىلى مىلادىنىڭ 1864 -، 1865 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ۋەقەلەرنى بىلىدىغان، جاھاندىن خەۋىرى بار، تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇپ مۇلاھىزە قىلغان زامانىنىڭ بىرەر داناسى، دەۋرنىڭ بىرەر پازىل ئۆلىماسى تارىخ يازغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ تارىخ ۋىلايەت ھاكىملىرىنىڭ خەزىنە ياكى كۇتۇبخانىلىرىدا ساقلىنىپ، بىرەر ئۇرۇش، جېدەل يۈز بەرگەن پاراكەندىچىلىك ۋاقىتلىرىدا زايە بولۇپ كەتكەن بولۇشى ياكى خەلققە ئاشكارا بولماي، يېزىلغان جايدا يوشۇرۇن ساقلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتىنى خوجىلار تارتىۋالغاندىن كېيىن، خوجاملارنىڭ پىكرى - خىيالى دەرۋىشلىك بىلەن بولۇپ، دۆلەت ۋە خەلقىنىڭ ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىدى. بىر قىسىم ھىيلىگەر، كۆز بويامچى، غەيۋەتچى ئادەملەر ئۆزلىرىنى ئىخلاسمەن، ئىشەنچلىك كۆرسىتىپ خوجىلارغا يېقىن بولۇۋالدى. ئەمما تاشقىرىدا ھەر بىرى بىر «بۆرە» بولۇپ، خۇددى بۆرە قويغا ئېتىلغاندەك، پۇقرالارنىڭ مال - مۈلكى ھەتتا ھاياتىغا ھۇجۇم قىلىپ، خەلققە ھەددىدىن ئارتۇق زۇلۇم - جاپا قىلدى. خالايىق بۇلارغا «ئۇششاق»* دەپ ئات قويدى. ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ خانىقادا ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىشانلىق قىلىپ ھاياتىنى ئۆتكۈزگەن خوجىلار يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئىشىنى، دۆلەت ۋە سىياسەت قائىدىلىرىنى بىلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىنىڭ ھالى خاراب بولۇپ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى.

بۇرۇندىن يۇرت سوراپ كەلگەن، خوجىلار دەۋرىدە خار بولۇپ، پۇقرا بولۇپ قالغان بىرنەچچە كىشى يىغىلىپ: «ئەزەلدىن يۇرتنى ئىدارە قىلغان، ھۆكۈمەت ئىشىنى بىلىدىغانلار چەتكە قېقىلىپ بولۇك - پۇچقاقتا قالدى. ھۆكۈمەت ئىشىنى

---

* ئۇششاق — ئاشىقلار.

بىلمەيدىغان، بۆلۈك - پۇچقاقتىكىلەر خان بولۇپ ھۆكۈمەت بىنا
سىغا چىقتى. شۇڭا، يۇرت - خەلق خانىۋەيران بولدى. بىز
بىر نەچچە ئادەم خاقانى چىننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئەرز - ھال
ئېيتىپ چېرىك تەلەپ قىلساق، ئەگەر چېرىك بەرسە، كېلىپ
خوجىلاردىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ چىن خانلىقىغا تەۋە
بولساق، شۇ چاغدا يۇرتىمىز ئاۋات، ئەۋلادلىرىمىز خاتىرجەم
بولىدۇ» دەپ مەسلىھەتلەشتى. ئاندىن يەتتە كىشى كېپىشلىرى-
نى (كەشلىرىنى) تەتۈر كىيىشىپ يولغا چىقتى. خاقانى چىننىڭ
چېگرا قاراۋۇللىرىدىن ئۆتۈپ، خان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەرز -
ھال ئېيتتى. خاقانى چىن بۇلارنىڭ ئەرزىنى قوبۇل كۆرۈپ ئۇلارغا
تۈرگۈن چېرىك قوشۇپ بەردى. ئۇلار كېلىپ يەتتە شەھەرنى
جەڭ قىلمايلا ئالدى. بۇ يەتتە كىشىنىڭ قىلغان خىزمىتىنىڭ
بەدىلى ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاڭ، گۇڭ، بېلى، بەيسى قاتارلىق چوڭ
مەنسەپلەرنى بېرىپ، بىردىن شەھەرگە ھاكىم قىلدى. يەنە ھەر
بىرىگە يەر، سۇ تەقسىم قىلىپ بېرىپ، بىر نەچچە ئۆيلۈكتىن
دېھقاننى يانچى قىلىپ تەيىنلەپ بەرگەنىنىڭ ئۈستىگە، ھەر يىلى
ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن يەنە تۈرگۈن كۈمۈش مائاش بېرىشنى
بەلگىلىدى. خاقانى چىن ئۇششاقتالدا كاتتا بۇتخانا ياسىتىپ بۇ
بەگلەرنىڭ بۇتلىرىنى ئورنىتىپ «بۇلار بولسا يەتتە شەھەرنىڭ ئىگىسى
ۋە ئاسرىغۇچىسى، يەتتە شەھەر تەرەپكە ئۆتكەن ھەرقانداق
مەنسەپدار، بەگلەر بۇ بۇتخانىنى يوقلاپ ئۆتسۇن» دەپ
پەرمان چۈشۈردى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھاكىمىيەت مۇسۇلمانلار
قولىغا ئۆتكۈچە بۇ بۇتخانا بار بولۇپ، بۇ يەردىن ئۆتكەن ھەر-
قانداق مەنسەپدار ياكى پۇقرا، ئېلىپساتارلارمۇ بۇتخانىغا
بېرىپ ھەتتا قونۇپ رەسمىيەت بويىچە قەغەز كۆيدۈرۈپ،
باش ئۇرۇپ، مەدەت تىلەپ ئاندىن قايتىدىكەن، ئۇنداق قىل-
مىغانلار جازاغا تارتىلىدىكەن. بۇت قويۇلغان ئۆينى «ئۇلۇغ

ئۆي» دەپ ئاتايتتى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنى بىز «ئۇلۇغ ئۆي» كىشىلىرىنىڭ ئەۋلادى دەپ ناھايىتى پەخىرلىنەتتى. قاچانكى ھاكىمىيەت مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى، شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ بەگلەرنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ يەنە پۇقرالىق كوچىسىغا كىرىپ قالدى. ئارىدىن 14 يىل ئۆتكەندىن كېيىن شىنتايلار كېلىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. بۇ چاغدا يۇقىرىدا ئېيتىلغان يەتتە كىشىگە مەنسەپ، ھوقۇق ئىنئام قىلغان خاننىڭ ئوغلى خان ئىكەن. ئۇ: «يەتتە شەھەردە مېنىڭ ئاتامغا خىزمەت قىلغان بىر قىسىم كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزى بارمۇ ياكى ئەۋلادلىرى بارمۇ؟ سۈرۈشتۈرۈپ ماڭا مەلۇم قىلىنسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈردى. بۇلارمۇ ئاۋۋالقى خان بەرگەن يارلىقلىرىنى ساقلىغانىكەن. ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىپ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ مەنسەپلىرىنى يەنە تاپتى. بۇرۇن خان تەرىپىدىن توختىتىلغان مائاشلىرىنى ئېلىپ تۇردى. ئۇلار ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ، خانغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ئاندىن ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن خۇشال ـ خۇرام قايتىپ كەلدى. لېكىن نەچچە يىل، نەچچە ئەۋلاد شۇ تەرىقىدە ئۆتكەنلىكى مەلۇم ئەمەس.

خاقانى چىننىڭ چوڭلۇقى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى شۇنىڭدىن بىلىش لازىمكى، بىر قېتىم خىزمەت قىلىپ قويغان كىشى نەچچە ئەۋلاد مائاش ئېلىپ يەپ يېتىپتۇ.

ئەگەردە! سەن پادىشاھلارنىڭ ھەقىقىي پادىشاھىسەن، بەندىلىرىڭنىڭ 50 — 60 يىل ئىچىدە بىرەر قېتىم قىلغان بەندىچىلىك ئىبادەتلىرىنى دەرگاھىڭدا قوبۇل قىلىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر قىلغان گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىپ بېھىشكە كىرىشنى نېسىپ قىلساڭ، سەن ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس. چۈنكى سەن بەندىلىرىڭنى ھەممىدىن بەك ئايىغۇچى ۋە ئاسرىغۇچى، كە-



www.uyghurkitap.com

رەملىك سىخىيسەن، كىشىلەرنىڭ تىلەك - ئارزۇلىرىنى ئىجابەت قىلغۇچىسەن، ئامىن!

## 2

**جاھانگىر خوجىنىڭ يەتتە شەھەرنى قولغا كىرگۈزگەنلىكى؛ مۇھەممەد ئېلىخان كېلىپ قەشقەرنى ئالغانلىقى؛ تۇرغۇن خىتاي چېرىكلىرى كېلىپ يەتتە شەھەرنى يەنە تارتىۋېلىپ، جاھانگىر خوجا باشلىق بىر مۇنچە مۇسۇلمانلارنى ئەسىر قىلىپ بېيجىڭغا ئېلىپ كەتكەنلىكى؛ مۇھەممەد ئېلىخان ئەلچى ئەۋەتىپ ئەسىرلەرنى خاقانى چىندىن تىلەپ قايتۇرۇپ كەلگەنلىكى**

رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە خەۋەر بەرگۈچىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ھىجرىيىنىڭ 1239 - يىلى① شىرئەلىخاننىڭ ئوغلى ئۆمەرخان، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئېلىخان (خۇدا رەھمەت قىلسۇن) قوقەن ۋە پەرغانە ۋىلايەتلىرىدە خانلىق تەختىگە چىقىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. ھىجرىيىنىڭ 1248 - يىلىغا② كەلگەندە، جاھانگىر خوجا قوقەنلىك ۋە قەشقەرلىك ئىخلاسمەنلىرىدىن بىرنەچچە مىڭ كىشىنى يىغىپ ئەگەشتۈرۈپ پەرغانىدىن قېچىپ چىقىپ، موغۇلىستان شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەرگە كەلدى. ئۇ قەشقەر ۋىلايىتىنى قولغا كىرگۈزۈپ خان بولۇش نىيىتىدە، شۇ چاغدا قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان خىتاي چېرىكلىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ قورشىۋالدى. مۇھەممەد ئېلىخان

---

① ھىجرىيىنىڭ 1239 - يىلى مىلادىنىڭ 1823 -، 1824 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② ھىجرىيىنىڭ 1248 - يىلى مىلادىنىڭ 1832 -، 1833 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ غەزىپى كېلىپ دۆلەت ئەربابلىرىنى يىغىپ مەسلىھەت قىلىشتى.

ئۇلار: «پۈتۈن ئالەمنىڭ ئىگىسى خۇدا بىزگە ئاتا قىلىپ بەرگەن پادىشاھلىقنى ياخشى يۈرگۈزمەي سۇسلۇق ۋە بىخۇدلۇق قىلىش پادىشاھلىققا لايىق ئىش ئەمەس. بىر بۆلگۈنچى بىرنەچچە باشباشتاق ئادەملەرنى توپلاپ قەشقەرگە بېرىپ كاپىرلارنى قورشاپ ۋىلايەت ئېلىشنى دەۋا قىلىپ، خانلىق ناغرىسىنى چېلىپ، ئەسكەركەشلىك قىلماقچى بولۇپتۇ. بۇنىڭغا يول قويۇشقا بولمايدۇ. يەنە بىرى، جاھانگىر خوجا قەشقەرنى قولغا كىرگۈزسە، كاپىرلار نەچچە يىللاردىن بېرى يىغىپ توپلىغان خەزىنە، مال-مۈلۈكلەر باشباشتاق ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ زايە بولۇپ كېتىدۇ. خاقانى چىن بولسا چوڭ پادىشاھ. ئەگەر بېيجىڭدىن كاپىرلار يەنە كېلىپ قەشقەرنى بېسىۋالسا، ئۇلارغا خەزىنە، مال-مۈلۈك لازىم بولىدۇ ۋە ئىسلام ۋىلايىتىنىڭ خەزىنىلىرى تۈگەش ئېھتىمالى بار. ئەگەر خىتايلار كۈچلۈك كېلىپ، جاھانگىر خوجا يېڭىلىپ قالسا بىر تەرەپكە قېچىپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا خاقانى چىن بىزگە گەپ-سۆز قىلماي قالمايدۇ. شۇڭا مەسلىھەتنىڭ ياخشىسى شۇكى، بىزمۇ قەشقەرگە ئەسكەر ئېلىپ بارايلى، غەلىبە قىلىپ شەھەرنى ئالالىساق، ناھايىتى ياخشى، ئەگەر ئالالمىساق، غازات-جەڭ قىلغانىنىڭ ساۋابىغا ئىگە بولىمىز» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئېلىخان 3000 ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە كەلدى. جاھانگىر خوجا نەچچە مىڭ ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشۈپ، پادىشاھلىق قائىدە-يوسۇنلىرى بويىچە تەزىم قىلىپ ئىززەت-ھۆرمىتى بىلەن بىر چوڭ باغقا چۈشۈردى. بۇ چاغدا قەشقەردىكى خىتاي چېرىكلىرى، تۇرغان خىتاي شەھىرىمۇ يەرلىك ئاھالە تۇرىدىغان شەھەرنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئەتىسى جاھانگىر خوجا شەھەرنى قورشاش ئىشىنى مۇھەممەد ئېلىخانغا ئۆتكۈزۈپ

www.uyghurkitap.com

بېرىپ، مۇھاسىرىگە قاتناشقان قەشقەرلىكلەرنى ياندۇرۇپ كەتتى. مۇھەممەد ئىبىلخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن قوقەن ۋە ئەنجاندىن كەلگەن ئەسكەرلەر مۇھاسىرىنى كۈچەيتىپ خىتاي شەھىرىنىڭ سېپىلىنىڭ تۈۋىگە دورا كۆمۈپ ئوت ياقتى. بۇنىڭ بىلەن سېپىلنىڭ بىر تەرىپى ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كۈننىڭ نۇرىنى توسۇپ، ئالەمنى ئىس-تۈتەك بېسىپ، قاراڭغۇچىلىق بولدى. بۇ چاغدا باتۇر ئەسكەرلەر، خۇددى پەرۋانە ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغانداك، شەھەر سېپىلىغا ئۆزىنى ئاتتى. كاپىرلار «مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى سېپىلنىڭ بۇزۇلغان يېرىدىن ھۇجۇم قىلىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، يولنى توسۇپ قارشىلىقنى كۈچەيتىپ، توپ-زەمبىرەكلەرنى ئاتتى. تاشقىرىدىن مۇھەممەد ئىبىلخاننىڭ ئەسكەرلىرىمۇ توپ-زەمبىرەك ئاتتى. كاپىر ۋە مۇسۇلمانلار ئارىلىشىپ، بىر-بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ ناھايىتى قاتتىق جەڭ قىلىشتى. مۇسۇلمان ئەسكەرلەر سېپىلنىڭ ھەر تەرىپىگە شوتا قويۇپ، خۇددى دارۋازدەك سېپىلغا چىقتى. كاپىرلار مىلتىق، تاش، كېسەك ئېتىپ، ئوت تاشلاپ ئۇلارنى ئۈچ قېتىم سېپىلدىن قوغلاپ چۈشۈردى. جەڭ تۆتىنچى كۈنىگە قەدەم قويغاندا، مۇھەممەد ئىبىلخان قارىسا، ئۆلۈك ۋە شېھىتلەرنىڭ جىقلىقى، يارىدار-زەخىمدارلارنىڭ كۆپلۈكىدىن سېپىلغا بارىدىغان يول قالماپتۇ. بۇنى كۆرۈپ مۇھەممەد ئىبىلخاننىڭ دىلى ئېرىپ يىغلاپ كەتتى. يارىدارلارنى قوشۇن ئىچىگە ئېلىپ كەلدى. ئۆلۈكلەرنى ئاپاق خوجا مازىرىغا ئېلىپ چىقىپ دەپنە قىلدى. نائىلاجلىقتىن مۇھاسىرىدىن قولىنى تارتىپ، ئەسكەرلىرىگە ئارقىسىغا يېنىشقا بۇيرۇق بېرىپ، بىر ھەپتە ئارام ئالغاندىن كېيىن، مۇھاسىرە ئىشىنى جاھانگىر خوجىغا تاپشۇرۇپ ئۆزىنىڭ پايتەختى قوقەنگە قايتىپ كەتتى.

بىر ئايدىن كېيىن، ھەممە قىيىن ئىشلارنى ئاسان قىلغۇچى

www.uyghurkitap.com

خۇدانىڭ رەھمىتى بىلەن جاھانگىر خوجا خىتاي چېرىكلىرى تۇرغان شەھەرنى تارتىۋالدى. بۇ غالىبىيەت خەۋىرىنى مۇھەممەد ئىبلىخانغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالاھىدە خەت يېزىپ، نۇرغۇن سوۋغا-سالاملارنى قوشۇپ ئىشەنچىلىك خىزمەتچىلەرنى قوقەنگە ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ جاھانگىر خوجا قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، مارالبېشىلارنى قولغا ئېلىپ، خوتەننى مۇھاسىرە قىلدى. ئاقسۇغا ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ بېرىپ بەزىلىرى دەريادىن ئۆتتى ۋە «ئەتە تاڭ ئاتقاندا ئاقسۇنى ئالىمىز» دەپ غەم تارتماي ئۇخلاشتى.

ئەمما، بۇ چاغدا ئىچكىرىدىن نۇرغۇن خىتاي چېرىكلىرى ياردەمگە چىقىپ ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەنىدى. خىتاي چېرىكلىرى ئاقسۇ شەھىرىدىن چىقىپ بىرلا ھۇجۇم قىلىشى بىلەنلا جاھانگىر خوجىنىڭ ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي ئارقىسىغا قاراپ قاچتى. نۇرغۇن خىتاي چېرىكلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ قەشقەر، يېڭىسار، يەكەننى يەنە بىر قېتىم تارتىۋالدى.

خىتاي چېرىكلىرىنىڭ سانىنى بەزىلەر 100 مىڭ، بەزىلەر 200 مىڭ دەپ پەرەز قىلىشىدۇ. بۇ چاغدا خاقانى چىننىڭ پايتەختىدە «داۋگۇاڭ» دېگەن ئادەم خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك خان ئىكەن. چېرىكلەرگە لازىملىق ئوق-دورا، قورال-ياراق، لازىمەتلىكلەرنى يۆتكىگەن ھارۋىدىن باشقا، ھۆل-يېغىن بولۇپ ئوتۇن تېپىلمىغاندا ئەسكەرلەرگە تاماق پىشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن 200 ھارۋىغا ياغدا قورۇلغان قوينىڭ مايىقىنى بېسىپ ماڭغۇزغانىكەن. بۇ ماياقلارنىڭ ئالدى قارا شەھەرگە، ئارقىسى تۇرپانغا كەلگەندە، يەتتە شەھەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قولغا كىرگۈزۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئۇقۇپ، ماياقلارنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتكەنىكەن. چېرىكلەرنىڭ كۆپلۈكىنى ۋە خاقانى چىننىڭ كۈچلۈكلۈكىنى مۇشۇ

ئىشلاردىنمۇ قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

دېمەك، خىتاي چېرىكلىرىنىڭ باشلىقى ئاي جاڭجۈن دېگەن كىشى بولۇپ، كۇچالىق ئوسمان بەيسى بەگنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئازاقبەگ ئۇلارغا يول باشلاپ قەشقەرگە ئېلىپ باردى. جاھانگىر خوجا قېچىپ «ئالاي» دېگەن يەرگە بارغاندا، ئازاقبەگ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىپ كەلدى. جاھانگىر خوجا ئىلاجسىزلىقتىن «قولۇمنى باغلاپ خىتاي چېرىكلىرىنىڭ باشلىقىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بار» دېدى. ئازاقبەگ «ئۆزلىرىنى باغلاش مېنىڭ ھەددىم ئەمەس» دەپ يىغلاپ تۇرۇپ ئۆزرە ئېيتتى. بۇ چاغدا جاھانگىر خوجا قول ياغلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ قولىنى ئۆزى باغلاپ «مۇشۇ ياغلىقنىڭ ئۇچىدىن تۇتۇپ ئېلىپ بارغىن» دېگەندە، ئازاقبەگ ماقۇل بولۇپ جاھانگىر خوجىنى ئاي جاڭجۈننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. جاڭجۈن «ئۇلۇغ خاقانى چىننىڭ دۈشمىنى جاھانگىر خوجىنى ئازاقبەگ تۇتۇپ كەلدى» دېگەن مەزمۇندا ئېلان چىقىرىپ جاكارلىدى. ھەم «جاھانگىر خوجىنى بېيجىڭغا ئۆزۈڭ ئېلىپ بېرىپ، ئۇلۇغ خانغا كۆرسەتكەن خىزمىتىڭنى مەلۇم قىلىپ قايت» دەپ ئادەم قوشۇپ ئازاقبەگنى يولغا سالدى.

بەزى رىۋايەتلەردە، جاھانگىر خوجىنى بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىپ خانغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، خان جاھانگىر خوجىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان، دېيىلىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە، بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن، خاننىڭ ھۇزۇرىغا بارغۇچىلىك ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولدى، دېيىلىدۇ*.

---

* ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، جاھانگىر خوجا بېيجىڭغا يالاپ ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، مانجۇ دائىرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى زوراۋانلىقلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا دورا ئىچۈرۈپ، سۆزلىيەلمەس قىلىۋەتكەن. سوراقتا جاھانگىر خوجا داۋگۇاڭ خاننىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي، خان تەرىپىدىن چېپىشقا بۇيرۇلغان — مۇھەررىردىن.

www.uyghurkitap.com

ئىشەنچلىك رىۋايەت شۇكى، ئازاقبەگ جاھانگىر خوجىنى تۇتۇپ بېرىشكە ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، خاقانى چىن ئازاقبەگنىڭ ئۆزىگە «ۋاڭ» لىق، خوتۇنىغا «پۇجۇڭ» لۇق مەنسەپ بېرىپ، يىلىغا ئۆزىگە 24 يامبۇ، خوتۇنىغا 12 يامبۇ مائاش بەلگىلەپ پەرمان چۈشۈردى. ئازاقبەگدىن كېيىن ئوغلى ئەھمەد ۋاڭ بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەھمەدنىڭ ئوغلى ھامىت ۋاڭ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئازاقبەگنىڭ ئەۋلادى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۈزۈلمەي ۋاڭ بولۇپ، بەلگىلەنگەن مائاشنى ئېلىپ تۇردى. شۇ چاغدا ئازاقبەگ قەشقەرگە، ئوغلى ئەھمەدبەگ ئاقسۇغا ھاكىم بولغانىكەن.

خىتاي چېرىكلىرى جاھانگىر خوجا ۋاقتىدا قەشقەردە مەنسەپ تۇتقان ياكى خىزمەت قىلغان كىشىلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى، يەر-سۇ، مال-مۈلۈك، چارۋىلىرىنى ئولجا قىلىپ ئېلىپ كەتكەندىن تاشقىرى، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئوغۇل-قىز، كىچىك بالىلارنى ئولجا ۋە ئەسىر قىلىپ، بۇ تەرىپى ئىلى، ئۇ تەرىپى لەنجۇغىچە ئېلىپ بېرىپ، خىتايلارنىڭ ئىشلىتىپ خىزمىتىگە سېلىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى. بۇ ئەھۋالنى پادىشاھ مۇھەممەد ئېلىخان (قەبرىسى نۇرغا تولسۇن) ئاڭلاپ «بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولغان بىز» دەپ بىلىپ، خاقانى چىنگە قوقەن خانلىقى نامىدىن ئەرزنامە يېزىپ، ئالىم بايۋەچچە باشلىق بىرنەچچە كىشىنى ئەلچى قىلىپ، نۇرغۇن سوۋغا-سالام، تارتۇق-پىشكەشلەر بىلەن ئەۋەتتى. ئەرزنامىگە: «ئۇلۇغ خاقانى چىنگە تىغ تارتىپ قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى يوقىتىلدى. كىچىك بالىلار ۋە ئاجىز خوتۇن كىشىلەردىن ھېچقانداق

يامانلىق ئۆتمىگەن، شۇڭا بۇلارنىڭ گۇناھىنى تىلەيمىز دېيەنە بىرى، يەتتە شەھەردىكى ئەنجانلىق (ئۆزبېك)لارغا مەن «ئاقساقال» بەلگىلىسەم، بۇ ئاقساقال ھەمىشە تەكشۈرۈپ خەۋەردار بولۇپ تۇرسا، ئەگەر يەنە يامان ئادەملەر پەيدا بولۇپ قالسا، دەرھال تۇتۇپ ماڭا ئەۋەتىپ بەرسە جازاسىنى بەرسەم. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلۇغ خانىنى ئاۋارە قىلىدىغان ئىش بولمىسا» دېگەن مەزمۇنلار يېزىلدى.
ئەلچىلەر بېيجىڭغا يېتىپ بېرىپ، ئەرزنامىنى ئىززەت- ئىكرام بىلەن خانغا سۇندى. خان قوبۇل قىلىپ، ئەسىر قىلىپ خىتايلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن قېرى - ياش قىز - جۇۋان، رەسىدە - نارەسىدە ھەممە كىشىنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇشنى ئەستىقلاپ يارلىق چۈشۈردى. ھەممە جايدىكى ئەسىرلەرنى مەنزىلدىن - مەنزىلگە، ئۆتەڭدىن - ئۆتەڭگە ئات - ئۇلاغ، ئاش - تاماق بېرىپ ئۆز ۋەتىنىگە يولغا سالدى. مۇشۇ ئارىدا تۆت يىلدەك ۋاقىت ئۆتۈپ، بىرمۇنچە ئاياللارنى خىتايلار ئەرگە ئېلىپ بالا تاپقانىكەن. ئانىلىرى مۇشۇ بالىلارنىمۇ ئېلىپ بىللە قايتىپ كېلىشتى.

ئەسىر قىلىنغان كىشىلەر غېرىب - مۇساپىرلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتىپ كەلگەنلىرىگە خۇش بولۇپ، چوڭ - كىچىك ھەممىسى «نازۇگۇم» دېگەن ناخشىنى ئىجاد قىلىپ، يول بويى بۇ ناخشىنى ناھايىتى مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن ئېيتىپ مېڭىپتۇ. يىراقتىكى خالايىقلار ناخشىنى ئاڭلاپ بۇلارنى كۆرگىلى كېلىشىپتۇ، چىداپ تۇرالماي يىغا - زار قىلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ «نازۇگۇم» ناخشىسى ئەل ئارىسىغا تارقىلىپتۇ.

يەتتە شەھەردىكى ئەنجانلىق (ئۆزبېك)لار ئۈستىگە ئاقساقال بەلگىلەش شۇ چاغدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىجرا بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

ئاخىر مۇھەممەد ئېلىخان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى. ئورنىغا خۇدايارخان تەختكە چىقتى.

www.uyghurkitap.com

بىرمۇنچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بىر قىسىم پۇقرالار ۋە توپىلاڭچىلار خۇدايارخاندىن يۈز ئۆرۈپ ئاكىسى مەللەخاننى تەختكە چىقاردى. خۇدايارخان بۇخاراغا قېچىپ كەتتى.

ئۆت يىلدىن كېيىن موللا ئالىمقۇل دېگەن قىرغىزنىڭ پادىشاھ بولغۇسى كېلىپ، ئەتراپىغا بىرمۇنچە قىرغىز، قىپچاقلارنى توپلاپ ئىغۋا تېرىپ ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مەللەخان ئۆلتۈرۈلدى، پەرغانە دۆلىتى كۈندىن-كۈنگە زاۋاللىققا يۈزلەندى.

ھىجرىيىنىڭ 1270-يىلى* تاشكەنت ھاكىمى قانائەت شاھ دېگەن تاجىكنىڭ مەسلىھىتى بىلەن خۇدايارخاننى بۇخارادىن ئېلىپ كېلىپ ئىككىنچى قېتىم تەختكە ئولتۇرغۇزدى.

جاھانگىر خوجا دەۋرىدىن تا ھازىرغىچە قەشقەر، بەلكى پۈتۈن شەھەر خاقانى چىننىڭ قولىدا بولۇپ كەلدى. ئەمما شۇل ئارىدا ۋەلىخان تۆرەم كېلىپ قەشقەر شەھىرىنى قورشاپ مۇھاسىرىگە ئالدى. يېزا-سەھرالارنى ئۆزىگە قارىتىپ، يامان ئىش قىلغان، خەلقنى ئەزگەن زالىملارنى ئۆلتۈرۈپ، كاپىر ۋە زالىم مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىرىنى قوشۇپ ئارىلاش قىلىپ، ئالتە جايغا ئادەم كاللىسىدىن مۇنار قوپۇردى. رىۋايەت قىلغۇچىلار بۇ مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى ئون گەز كېلەتتى، دېيىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە لۇرغۇن خىتاي، قالماق چېرىكلىرى كېلىپ قەشقەرنى تارتىۋېلىپ ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەرنى قىرىپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن كاتتاخان تۆرەم، كىچىكخان تۆرەملەر كېلىپ قەشقەرنى ئۈچ ئاي قورشاپ ئالالماي، ئاخىر

* ھىجرىيىنىڭ 1270-يىلى مىلادىنىڭ 1853-1854-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ئۆز جايلىرىغا قايتىپ كەتتى. بۇلارنىڭ قىسسە-ھېكايىلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلسام سۆزۈم ئۇزىراپ كېتىپ، ئەسلى مەقسەت-تىن يىراقلىشىپ كېتەرمەنمىكىن دەپ، خاھىشىمنىڭ تىزگىنىنى مەقسەت يولىغا تارتتىم ۋە ئۇلارنىڭ قىسسىسىدىن قايتتىم.

## 3

**خاقانى چىننىڭ قەدىم زاماندا مۇسۇلمان بولغانلىقى؛ تۇڭگانلارنىڭ خاقانى چىن مەملىكىتىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقى؛ خىتايلار بىلەن تۇڭگانلار ئوتتۇرىسىدا جېدەل-ماجىرا يۈز بېرىپ خاقانى چىن دۆلىتىگە زىيان-زەخمەت يەتكەنلىكى**

ھىجرىيىنىڭ 1281-يىلى* (يىلان يىلى)، مۇھەررەم ئېيىنىڭ بىرى، شەنبە كۈنى كېچىسى، كۇچادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان يەرلىك تۇڭگانلاردىن ماشۇر ئاخۇن، مالۇك، شەمسىدىن خەلىپىلەر باشلىق بىرمۇنچە تۇڭگانلار كوچا-شاك كۆيدۇرۇپ، ئىسرىق يېقىپ ئىسيان كۆتۈردى. ئۇلار كۇچادا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان خىتاي ئەمەلدارلار ۋە چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ خاقانى چىنگە بويسۇنۇشتىن باش تارتتى. ئالدى بىلەن تۇڭگانلارنىڭ چىنگە بويسۇنۇشتىن باش تارتقانلىقىغا باھانە بولغان بىرەر سەۋەب، بىرەر ئىشنى نەقىل قىلغۇچى ۋە رىۋايەت قىلغۇچى-لارنىڭ سۆزى بويىچە بۇ قەغەزگە يېزىشنى زۆرۈر تاپتىم. چۈنكى ھەر بىر ئادەم ھەر خىل ھېكايە ۋە رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئىچىدە مەزمۇنى بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى

* ھىجرىيىنىڭ 1281-يىلى مىلادىينىڭ 1864-، 1865-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

كېلىدىغانلىرىمۇ بار. شۇنىڭ ئىچىدىن ئىشەنچلىك، ئەقىللىق مۇۋاپىق، توغرىراقلىرىنى تاللاپ ئېلىپ تۆۋەندە بايان قىلدىم.

بۇرۇنقى زاماندا خاقانى چىندە ئادالەتلىك، پۇقراپەرۋەر «تاڭ ۋاڭ خان» دېگەن خان بولۇپ، بىر كېچىسى چۈشىدە، خاننىڭ ئوردىسىدا بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ، ئوردىنىڭ تۈۋ- رۈكىگە يۆگىنىشۋاپتۇ ۋە خاننى دەم تارتقىلى تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ئۈستىگە يېشىل چاپان كىيگەن، بېشىغا ئاق سەللە يۆگىگەن ھەيۋەتلىك بىر كىشى پەيدا بولۇپ، قولىدىكى ھاسا بىلەن ئەجدىھانى بىرنى ئۇرغانىكەن، ئەجدىھا ئىككى پارچە بولۇپ ئۆلۈپتۇ. خان چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ۋەزىر ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنى چاقىرىپ، كېچىسى كۆرگەن چۈشىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ تەبىرىنى سوراپتۇ. ۋەزىرلەردىن داناراق بىرى: «مۇشۇ كۈنلەردە قىبلە تەرەپتە خۇددى سىلى چۈشلىرىدە كۆرگەندەك بىر كىشى پەيدا بولۇپ، پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىۋات- قانىمىش، چۈشلىرىدە كۆرگەنلىرى شۇ كىشى بولغايمىكىن، تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتسەك» دەپتۇ. خان قوشۇلۇپ نۇرغۇن تاۋار-دۇردۇن، چاي، سوۋغا-سالاملارنى تەييارلاپ، ئەمەلدارلار ئىچىدىن قابىلىيەتلىك، ئىشەنچلىك بىر ئادەمنى باشلىق قىلىپ، نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش، يول راسخودى بېرىپ، تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. بۇلار يۇرتمۇ يۇرت، شەھەرمۇ شەھەر ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئاخىر خان چۈشىدە كۆرگەن سۈپەتتىكى كىشىگە يەنى ئاخىر زاماننىڭ پەيغەمبىرىگە (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئۇچرىشىپ ۋەقەنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ، بۇ يەرگە كېلىشتىكى سەۋەب، مەقسەتلىرىنى ئېيتىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بىر پارچە خەت يېزىپ خاقانىي چىندىن كەلگەن كىشىگە بېرىپ: «سىزگە رۇخسەت، ئەمدى قايتىپ كېتىڭ»

دەپتۇ. بۇ كىشى: «مەن ئۆزلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئىلىپ كېتىشكە كەلگەنىدىم» دەپتۇ. ئاخىر زامان پەيغەمبىرى جاۋاب بېرىپ: «سىز مۇشۇ خەتنى ئېلىپ كېتىۋېرىڭ، يولدا ئاچماڭ. پادىشاھىڭىز ئۆز قولى بىلەن ئاچسۇن. شۇ چاغدا مەن ھازىر بولىمەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خاقانى چىندىن كەلگەن كىشىلەر قايتىپ بىر مۇنچە ۋاقىت يول يۈرۈپ بىر يەرگە كەلگەندە، شەيتان ئازدۇرۇپ خەتنى ئېچىپ كۆرۈشكە قىزىقتۇرۇپتۇ. ئاقىۋەت شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ خەتنى شۇنداق ئېچىشىغىلا خەتنىڭ ئىچىدىن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى چىقىپ غايىب بولۇپ كەتكەنلىكى شۇنداق روشەن كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ناھايىتى پۇشايمان قىلىپتۇ، ئەمما ئورنىغا كەلمەپتۇ. خەتنى ئەسلىدىكىدەك يەملەپ، خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ كۆرگەن-بىلگەن ۋەقەلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپتۇ. خان خەتنى ئېچىپ كۆرسە بۇ خەت چىنچە (خەنزۇچە) يېزىلغانىكەن. خان ھەيران قېلىپ: «بۇ خەتنى كىم يازدى؟» دەپ سوراپتۇ.

خەتنى ئېلىپ كەلگەن كىشى: «بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دەرۋەقە بۇلار خەتنى كىمنىڭ يازغانلىقىنى كۆرمىگەنىدى. خان: «خەتنى كىم ئاچتى؟ راستىنى دېسەڭ، گۇناھىڭدىن ئۆتىمەن، يالغان ئېيتساڭ، ھەرگىز تىرىك قويمايمەن» دەپتۇ. خەتنى ئېلىپ كەلگەن كىشى ئىلاجسىزلىقتىن راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. ئادالەتلىك پادىشاھ: «گۇناھىڭدىن ئۆتتۈم، ئەمما قىلغان گۇناھىڭ ئۈچۈن يەنە بېرىپ، يا ئۆزىنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەل، يا باشقىدىن خەت ئېلىپ كەل» دەپ ئەمر قىلىپ قايتا يولغا سېلىپتۇ. بۇلار يەنە بىر مۇنچە ۋاقىت يول مېڭىپ، مىڭبىر مۇشەققەتلەرنى تارتىپ يېتىپ بېرىپتۇ ۋە ئاخىرزامان پەيغەمبىرى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كۆرۈپلا: «شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ خەتنى

ئېچىپ، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، پادىشاھىڭغىمۇ قىلدىڭ» دەپتۇ.
ھەم «قاس»، «ۋەققاس»، «ئاس» نامىلىق ئۈچ نەپەر ئۇلۇغ
كىشىنى بەلگىلەپ، يەنە يەتتە كىشىنى ئۇلارغا ھەمراھ قىلىپ
جەمئىي ئون كىشىنى خاقانى چىننىڭ ئەلچىلىرىگە قوشۇپ يولغا
ساپتۇ. بۇلار يۇرتمۇ يۇرت، شەھەرمۇ شەھەر يول يۈرۈپ،
دەشت-باياۋانلارنى كېزىپ، «جايۇگۇەن» گە يېتىپ كەلگەندە
ئۈچ كىشىدىن بىرى ۋاپات بولۇپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپتۇ،
مازىرى ھېلىمۇ بار. جايۇگۇەندىن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر
كىشى ۋاپات بولۇپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپتۇ. مازىرى ھېلىمۇ
مەشھۇر.

خاقانى چىننىڭ ئەلچىلىرى «ۋەققاس» دېگەن كىشى
بىلەن قوشۇلۇپ قالغان سەككىز كىشىنى ئېلىپ خاننىڭ پايتەخ-
تىگە يېقىن بارغاندا، خان ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ
ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كېلىپ كۆرۈشۈپتۇ،
ئەمما «مەن تەكلىپ قىلغان كىشىنىڭ ئۆزى كەلمەپتۇ» دەپ
خاننىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپتۇ. ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان
بولۇش-بولماسلىق ئۈستىدە ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ.
خاننىڭ ئون ئىككى ۋەزىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇسۇل-
مان بولۇشقا قوشۇلۇپتۇ، بەزىلىرى قوشۇلماپتۇ، ئەمما خاننىڭ
ئۆزى ۋەزىرلىرىدىن يوشۇرۇن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمانلىق
شەرىپىگە ئىگە بولۇپتۇ.

كەلگەن سەككىز كىشىنىڭ تىلىنى چىن خەلقى بىلمەي،
چىن خەلقىنىڭ تىلىنى بۇ سەككىز كىشى بىلمەي ناھايىتى
تەڭلىكتە قاپتۇ، بۇ بىرنەچچە ئادەم بۇ يەردە غېرىبسىنىپ
قاپتۇ. خان: «قەيەردىن بولمىسۇن، بۇلارنىڭ تىلىنى بىلىپ
تۆلپەت بولىدىغان ئادەم تېپىپ كېلىڭلار» دەپ پەرمان
چۈشۈرۈپتۇ، خاننىڭ ئىشەنچلىك بىر ئادىمى خىتاي خەلقىدىن

80 ئۆيلۈك كىشىنى ئېلىپ سەمەرقەنت دۆلىتىگە بېرىپتۇ. ئۇ يەردىن بۇ 80 ئۆيلۈك ئادەمگە 40 نەپەر مۇسۇلماننى تېگىشىپ ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى سەككىز كىشى قوشۇلۇپ 48 نەپەر كىشى بولۇپتۇ.

سەمەرقەنت پادىشاھى ھېلىقى 80 ئۆيلۈك ئادەمگە كەڭرى بىر يايلاقنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. بۇلار شۇ يەرلەردە ئولتۇراقلى-شىپ كۆندىن-كۈنگە ئەۋلادى كۆپىيىپتۇ. خىتاي قىپچاقلىرى (تۇڭگانلار) شۇلارنىڭ ئەۋلادى، دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە، ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاقتىدا سەمەرقەنت دۆلىتى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان، ئەمما شۇ چاغدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئاخىرزامان پەيغەمبىرىنىڭ شەرىئەتلىرىنى ئەلتۈكۈش ئىجرا قىلىۋاتقان بىر ئۇلۇغ كىشى بار ئىكەن. تۇڭگانلار شۇ كىشىنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ بارلىققا كەلگەن، دېيىلىدۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە، پۈتۈن تۇڭگانلار يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن 48 نەپەر كىشىنىڭ ئەۋلادىدىن تارالغان، يۇرت-يۇرت، شەھەر-شەھەرلەردىكى خىتاي خەلقى يوشۇرۇن ھالدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان بولغان. تۇڭگانلار ئىسلام دىنىنى تاشلاپ بالدۇرقى خىتاي دىنىغا قايتمىغان. شۇڭا تۇڭگانلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ، دېيىلىدۇ. ھەقىقىي ئەھۋال-نى بىلگۈچى خۇدانىڭ ئۆزىدۇر.

بەخت-دۆلەتلىك خاقانى چىن مۇسۇلمانلىق شەرىپىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن «ھەر كىشى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولسىمۇ ئىختىيارى، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ دىن-يوسۇنلىرىدىن چىقمايمىز دەپ مۇسۇلمان بولمىسىمۇ

ئىختىيارى» دەپ، يۇرت - يۇرتقا، شەھەر - شەھەرگە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

خاقانىي چىننىڭ بۇرۇندىن تارتىپ ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان قائىدە - قانۇنى شۇنداق ئىدىكى، ئۆزىگە تەۋە پۇقرالىرى قايسى دىندا بولسا، ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق بولۇپ، ئۇلارنى ئۇ ياكى بۇ دىنغا تەكلىپ ۋە دەۋەت قىلمايتتى. ھەر كىم ئۆز دىن ۋە ئۆز مىللىتىدە مەھكەم تۇرۇپ يۇردۋەرسە بولاتتى.

خاقانىي چىن ئۆز دۆلىتىگە كەلگەن مۇسۇلمان مۇساپىر - لارنى رام قىلىش ئۈچۈن، بېيجىڭدا تۇرۇپ قىلىشقا كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپتۇ، تۈرغۈن يەرلىك ئەر - ئايال، ياش - قېرىلارنى يىغىپ ئۆز رەسىم - قائىدىسى بويىچە چوڭ ئويۇن - تاماشا ئۆتكۈزۈشكە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. مۇسۇلمانلارغا بولسا: «مۇشۇ ئويۇن - تاماشىغا كەلگەن چوڭ - كىچىك خوتۇن - قىزلاردىن قايسىنى سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارغا ياقسا، شۇنى سىلەرگە ئۆيلەپ بېرىمىز. سىلەرگە ياقىغاننىڭ ئېرى ياكى ئاتىسى بولسىمۇ مەيلى» دەپتۇ.

مۇسۇلمانلار خاننىڭ ئەمرى بويىچە كۆڭلىگە ياقىغاننى ۋە ئۆزى خالىغاننى تۇتۇپتۇ، ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئەمرىگە ئېلىپ ئۆيى تۇتۇپ ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇلار «تۇڭگان» دەپ ئاتىلىپتۇ. لېكىن ئېرى بار ئايال، يېشى كىچىك قىزلارنى ئۆز ئەمرىگە ئالغانلىقىغا خىتاي پۇقرالار نارازى بولۇپ: «بۇلار «سۇ خۇي خۇي» ئىكەن» دەپتۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «يۈزى يوق» (يۈزسىز) دېگەن بولۇپ، شۇندىن تارتىپ خىتايلار بىلەن تۇڭگانلار جېدەل - ماجىرا قىلىشىپ قالسا «سۇخۇي خۇي» دەپ دەشنام - ھاقارەت قىلىدىغان بولۇپتۇ.

50 خىتاي پۇقرانى بىر تۇڭگان بىلەن تەڭ كۆرۈپتۇ، بىر تۇڭگان 50 دۇرلۇك گۇناھ ئۆتكۈزمىگۈچە جاۋابكارلىققا تارتماپتۇ. تۇڭ -



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گانلارنىڭ چوڭچىلىق قىلىپ، خىتايلارنى كۆزىگە ئىلمىغانلىقىنىڭ
سەۋەبى تۇڭگانلارغا ئاشۇنداق يۈز - خاتىر قىلمىغانلىقتىن
بولغانىكەن.

خان بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىپتۇ.
ئوغلى ئۇنىڭ ئورنىدا خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ. بىرنەچچە
ئەۋلادقىچە ئىسلام دىنىنىڭ راۋاجى بىلەن ئۆتۈپتۇ. ئەمما
ئاخىرىدا كېلىپ خان توغرا يولدىن ئېزىپ ئەسلىدىكى دىنىغا
يېنىپ كېتىپتۇ. ۋەققاسمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ (مازىرى مەشھۇر).
شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە يۈز يىل ئۆتكۈچە تۇڭگانلار ئەركىن
ئۆتۈپتۇ. كېيىنكى چاغلاردا «شىنفۇ» دېگەن ۋىلايەتنىڭ
كىچىككىرەك شەھىرىدىكى تۇڭگانلار مەدرىسكە ئوخشاش خانىقا
بىنا قىلىپتۇ. بىرمۇنچە بىنام زېمىننى خاندىن سوراپ ئېلىپ،
سۇ چىقىرىپ، تېرىلغۇ يەرلەرگە ئايلاندۇرۇپ خانىقاغا ۋەخپە
قىلىپتۇ. ھوسۇلىنى شۇ مەدرىسىدە ئوقۇغان تالىپلارغا بېرىپتۇ.
بۇ ۋەخپە يەرگە تېرىغان زىرائەتلەرگە خىتايلارنىڭ توڭگۇز -
لىرى كىرىپ چەيلەپ بۇزۇپتۇ. بىرنەچچە قېتىم ھەيدەپ
چىقىرىپتۇ. جېدەل - ماجىرالارمۇ بولۇپتۇ. ئاخىر بۇغدايىنى
خامان قىلىپ تېپىپ چەش قىلغاندا، يەنە توڭگۇزلار كىرىپ
چەشنى يەپتۇ. توڭگۇزلارنىڭ ئىگىلىرى بىلەن تۇڭگانلار ماجىرا
قىلىشىپ بىر - بىرىنى ئۇرۇپ يىقىتىپ قويۇپتۇ. توڭگۇز ئىگە -
لىرىگە يەنە بىرمۇنچە خىتايلار يار - يۆلەك بولۇپتۇ. تۇڭگانلارغا
مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان تالىپ تۇڭگانلار يار - يۆلەك بولۇپ
جېدەل چوڭىيىپتۇ. ۋەقەنى شەھەر باشلىقى ئاڭلاپ، جېدەلنى
پەسەيتىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ كاتىپىغا: «بۇ ۋەخپە يەرنى نەچچە
يىلدىن بېرى تېرىپ ھوسۇلىنى ئالدى. ئەمدى يەرنى خېنى -
باجغا ھېسابلاپ ئېلىپ، سېتىپ پۇلىنى خەزىنىگە ئالساق» دەپ
خەت يېزىپتۇ. ئادەم چىقىپ ئۆلچەپ نەرخ توختىتىۋاتقاندا

www.uyghurkitap.com

مەدرىسىدىكى موللىلار ۋە تۇڭگانلار قوزغىلىپ چىقىپ، پەر ساتقىلى چىققان مەنسەپدار ۋە خىزمەتچىلەرنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ. شەھەرگە يېتىپ كەلگەن ھامان شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنى ئېتىۋېلىپ، ئىككى ئوتتۇردا ئۇرۇش ـ جەڭ بولۇپتۇ. تۇڭگانلار گۇرۇھى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئىچىدە «ما فۇلۇڭ» دېگەن ئاتاقلىق بىر ئۆلىماسى بار ئىكەن. ئۇنى «خان»لىققا تەيىن قىلىشىپتۇ. تۇڭگانلار «چىلىڭ جۇفۇ» (كىنجاپ) دېگەن كاتتا بىر شەھەرنى بىنا قىلىپ، خاننى شۇ شەھەردە پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ھەر تەرەپكە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپتۇ.

بۇ چاغ خاقانى چىننىڭ مەملىكىتىدە ئىنگلىز ناسارالار تاجاۋۇز قىلىپ كېلىپ، بېرما ۋىلايىتى ۋە 72 شەھەرنى بېسىۋېلىپ ۋەيران قىلغان، بىر تەرەپتە «ۋۇ سۇڭگۇي چىن موزا» خانلىق تالىشىۋاتقان، بىر تەرەپتە تۇڭگانلار جېدەل چىقىرىۋاتقان ۋاقىت ئىكەن.

ئاقىۋەت تۇڭگانلار چىلىڭ جۇفۇدا تۇرالماي چەت ياقا يۇرتلارغا كېتىشنى مەسلىھەت قىلىشىپ، غەرب تەرەپكە يۈزلىنىپتۇ. بۇ ئىش خانغا مەلۇم بولغاندىن كېيىن خان غەرب تەرەپتىكى ۋىلايەتلەرنىڭ باشلىقلىرىغا: «نۇرغۇن تۇڭگانلار نەسىھەت قىلساقمۇ ئۇنىماي، ئىتائىتىمدىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئەيىبى ۋە بىئەدەبلىكىدىن قورقۇپ تۇرالماي غەرب تەرەپكە ماڭدى. ئۇ تەرەپكە بارسا، شۇ ۋىلايەتلەردىكى تۇڭگانلارمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ، پۇقرالارغا زىيان كەلتۈرۈش ئېھتىمالى بار. مۇشۇ يارلىقنى كۆرگەندىن كېيىن شەھەر ـ شەھەرلەردىكى تۇڭگانلارنى ئۆلتۈرۈپ ماڭا ئۇچۇرىنى بىرىڭلار»، دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ئىلىنىڭ جاڭجۈنى (گېنېرالى) بۇ يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھەيران بولۇپ: «تۇڭگانلار نۇرغۇن خەلق، ئۇلارنىڭ خۇي ـ پەيلىمۇ باشقىچە بولۇپ قالدى. خاننىڭ يار-

لىقىنىڭ ئازراقلا پۇرىقىنى ئالسا، بىر ئاخشامدا يوقىتىمىز دېگۈچە، ئۇلار ئەتىگىنى قوزغىلىشى مۇمكىن. ئىچكىرىدىن كېلىدىغان تۇڭگانلارنىڭ مەنزىلى ئۇزۇن، ئۇنىڭغىچە تۇڭگانلارنى قىچقىرىپ كېلىپ، مۇلايىم سۆزلەر بىلەن پەند - نەسىھەت قىلىپ توختام تۈزۈشسەك، ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ پۇقرادار - چىلىقىنى قىلىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇڭگانلارنىڭ چوڭ - لىرىدىن بىرنەچچە كىشىنى قىچقىرىپ كېلىپ زىياپەت بېرىپ پەند - نەسىھەت قىلىپتۇ ھەم ئەھدۇ پەيمان، ۋەدە - توختاملار تۈزۈشۈپتۇ. لېكىن تۇڭگانلار خاتىرجەم بولالماي كېچىلىرى ئۇخلىماپتۇ. مازارلاردا تۈنەپ، نەزىر قىلىشىپتۇ، بىر ئايدا بىر قېتىم غۇسۇل - تەرەت قىلمايدىغانلىرىمۇ ھەركۈنى نەچچە قېتىم غۇسۇل تەرەت قىلىپ كۈندىن - كۈنگە غەم - ئەندىشىسى كۆپىيىپ كېتىپتۇ.

جاڭجۈن تۇڭگانلارنىڭ خۇي - پەيلىگە قاراپ خاننىڭ يارلى - قىنى ئىجرا قىلماقچى بولۇپ، شەھەر - شەھەرنىڭ ئامباللىرىغا: «پالانى كۈنى پالانى سائەتتە تۇڭگان تائىپىسىنى قەتلىئام قىلىپ ئۆلتۈرۈڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

ئۈرۈمچىدە سۇ دالويە دېگەن تۇڭگان خىتايلار ئىچىدە مەنسەپدار بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئۆتەڭدە كاتىپ ئىكەن. بۇ كاتىپ قەتلىئام قىلىش بۇيرۇقىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ دادىسىغا خەۋەر بېرىپتۇ. دادىسى شەھەر - شەھەرلەردىكى تۇڭگانلارنىڭ چوڭلىرىغا جاڭجۈننىڭ بۇيرۇقىنىڭ مەزمۇنىنى مەلۇم قىلىپ خەت ئەۋەتىپ، جاڭجۈننىڭ بۇيرۇقىنى بېسىپ قويۇپتۇ. سۇ - دالويىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىش بىلەن تەڭ كۇچادىكى تۇڭگانلار بۇزۇلۇپ، خىتايلار ئۇلتۇراقلاشقان جايغا ئوت قويۇپ خىتايلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ.

خاقانى چىننىڭ دۆلىتىگە زىيان - زەخمەت يەتكەنلىكىنىڭ

www.uyghurkitap.com

يەنە بىر سەۋەبلىرى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:

داۋگۇاڭ خاننىڭ خانلىق زامانىدا خاقانى چىن مەملىكىتى ناھايىتى تىنچ، ئاۋات، مەمۇرچىلىق بولغانىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن شەنفېڭ خان تەختكە چىققاندىن كېيىن زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپتۇ. پەرەڭلەر* نۇرغۇن شەھەرلەرنى ئېلىپ، تاراج-پاراج قىلىپ خوجايىن بولۇۋاپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، قارا خىتايلار خانلىق تالىشىپ خاقاندىن يۈز ئۆرۈپ، جەڭ-جېدەل توختىماپتۇ. تۇڭگانلار ئۆز ئىچىدىن خان تەيىنلەپ خاقانىي چىنغا بويسۇنماپتۇ. ئەتراپتىكى قوشنا پادىشاھلارمۇ ھەربىرى بىر تۈرلۈك سۆز پەيدا قىلىپ خاقانى چىننى ئارامىدا قويماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خاقانىي چىن مەملىكىتى ۋە ئۇنىڭ پۇقرا-خەلقلىرىنىڭ بېشى تىنچ ۋە خاتىرجەم بولماپتۇ.

خاقانى چىن بۇ تەرەپتىكى شەھەرلەرنى كۈۋەي (قاپقىنىڭ سىرتى) دەپ ئاتايدىكەن. يۇقىرىقىدەك پاراكەندىچىلىك بىلەن كۈۋەيدىن خەۋەر ئالالماپتۇ، بەلكى كۈۋەيگە تەۋە يۇرتلاردىكى مەنسەپدار-چېرىكلەرگە: «بۇنىڭدىن كېيىن ‹كۇلياڭ›[1] يەنى تەمىنات ئەۋەتەلمەيمەن. نەچچە يىللاردىن بېرى خەزىنىدىن تەمىنات ئەۋەتىپ بېرىپ، نۇرغۇن خەزىنىلەرنى سەرپ ئېتىپ كۈۋەيدىكى مەنسەپدار-چېرىكلەرنى باقتىم. ئەمما خەزىنىگە ھېچقانداق مەنپەئەت-پايدا يەتمىدى. كۈۋەينى تاشلاپ قايتىپ كېلىڭلار» دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ئەمما بۇ تەرەپتىكى خىتايلارنىڭ چوڭى جاڭجۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭى قومۇل ۋاڭى ئەھمەت ۋاڭ بەگ قاتارلىق كاتتا مەنسەپدارلار مەسلىھەت قىلىشىپ خانغا: «بۇ تەرەپتىكى شەھەرلەرگە ئۇلۇغ خاننىڭ خەزىنىسىدىن تەمىنات كەلمىسىمۇ، كان تېپىپ ئۆز كۈچىمىز

* بۇ يەردە، ياۋروپالىقلار كۆزدە تۇتۇلغان — مۇھەررىردىن.

بىلەن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس كولاپ چىرىكلەرنى باقىمىز. بىز ئاتا-بوۋا ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ ئۇلۇغ خاننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، دۆلىتىنى كۆرگەن. يارلىققا ئەمەل قىلىپ كۈۋەينى تاشلاپ كەتسەك، ئۇلۇغ خاقاننى چىننىڭ شەنىگە ئوبدان بولماسمىكىن» دەپ خەت يېزىپتۇ. خەتكە يەنە خاننى ماقۇل دېگۈزىدىغان بىرمۇنچە سۆزلەرمۇ كىرگۈزۈلۈپتۇ. ئەرزنى خاقانى چىن كۆرۈپ: «جۇنلى (تەستىقلىدىم). ئۇنداق بولسا، ئۆزۈڭلار كان تېپىپ چىرىكلەرنى بېقىڭلار. ئۇششاق پۇقرالارغا جەبىر-زۇلۇم بولىدىغان ئىشنى زادى قىلماڭلار»، دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شەھەر-شەھەرلەردىكى مەنسەپدارلار پۇقرالارنى ھاشاركەشلىككە ئېلىپ بېرىپ تاغمۇ تاغ، دەشتمۇ دەشت كان ئىزدەپ، تاغ باغىرلىرىنى چاشقان تەشكەندەك ئۆتمۈشۈك قىلىۋەتتى. ئەمما كان تاپالمىدى. تاپسىمۇ پۇقرالارغا ناھايىتى جەبىر-جاپا بولۇپ كەتتى، ئىشلىگەنلەرگە ھەق بېرىلمىدى. ئېچىلغان كانلارمۇ كېيىن تاشلىنىپ كەتتى. نەچچە تۈرلۈك باج پەيدا بولدى، پۇقرالاردىن «تۈز پۇلى» دەپ پۇل ئېلىنىدى، ھەر ئايدا يەنە ئادەم بېشىغا «چوقا پۇلى» دەپ پۇل ئېلىنىدى.

گەپنىڭ قىسقىسى، ئالۋان-ياساق كۆپىيىپ تىنچلىق ۋە ئاراملىق يوقالدى. پۇلى بار كىشىلەر خىتايلارغا ۋە كاتتا بەگلەرگە پارا بېرىپ ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە كىردى. پۈتۈن ئالۋان-ياساق پۇلى يوق، غېرىب-بىچارىلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئۇلار كۆتۈرەلمەي يەر-سۇ، ئۆي-سەرەمجان، ئات-ئۇلاغلىرىنى خىتايلارغا كۆرۈ قويۇپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا سېغىنىپ يىغا-زارە قىلىشتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شەھەردىكى چىرىكلەر داقا-دۈمباقلىرىنى چېلىشىپ مەنسەپدارلارنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ: «بىزلەرنىڭ

مائاش تەمىناتلىرىمىزنى بەرسۇن! بولمىسا يۇرتىمىزغا قايتىپ كېتىمىز ياكى مەنسەپدارلارنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلاپ-تالايمىز، دەپ غەلۋە قىلدى. مەنسەپدارلار غەمگە چۆشۈپ ئۆزىدىن قورقۇپ «ھەرقانداق پۇلى بار ئادەم كۈمۈش پۇل سوۋغات قىلسا مەنسەپ بېرىمىز» دەپ بازار-كوچىلاردا ئېلان چاپلىدى. بۇنى كۆرۈپ بەزى بېخىل، تۇراقسىز ئادەملەر مەنسەپ تەمە قىلىپ پۇل بېرىپ ئەمەل تاپتى. پۇقرالار زۇلۇم-جاپا تارتتى. ھەرقانداق نامى-نىشانى يوق، ئوغرى-قىمارۋاز، سەرگەردانلار بولسىمۇ پۇل بەرسە ئۇنىڭغا مەنسەپ بېرىلدى. پۇقراغا ۋابال بولىدىغانلىقى مەنسەپدارلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىدى. جەبىر-زۇلۇم كۈندىن-كۈنگە زىيادە بولدى. خىتاي مەنسەپدارلارغا ئەرز بېرىلسە: «چەنتۇ (يەرلىك خەلق — ئۇيغۇر) نىڭ ئىشىنى ھاكىمبەگ بىلىدۇ» دەپ سورىمىدى ۋە ئۆز مەقسەتلىرى بويىچە ئۆزى خالىغاننى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھېچكىم قورقۇپ ئەرز بەرمىدى. تۆكچى-تىلماچلار دەللالغا ئوخشاش، مەنسەپنى سودىلىشىپ باھا قويۇپ، كۈمۈش پۇلغا ئاشكارا ساتىدىغان بولدى. بۇرۇندىن تارتىپ خاقاننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئاتا-بوۋا ئەجدادلىرىدىن تارتىپ يۇرت سوراپ ئابروي تاپقان بەگ ۋە بەگزادىلەر خار بولۇپ ئېتىبارسىز قالدى.

يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يەكەنگە ئەپردۇن ۋاڭ بەگ ھاكىم، بىلى مۇھەممەد ئىمىن ۋاڭ بەگ ئىشىكئاغا ئىدى. بىر گۇناھ قويۇپ ئەپردۇن ۋاڭنى يەكەننىڭ ھاكىملىقىدىن ئېلىۋېتىپ، خوتەنلىك رۇستەمبەگدىن 2000 يامبۇ ئېلىپ يەكەنگە ھاكىم قىلدى. رۇستەمبەگ دېگەن مۇھەممەد ئىمىن ۋاڭنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىدىغان خىزمەتچى ئورنىدىكى ئادەم ئىدى. ئۇنى پۇل بەردى دەپ ۋاڭنىڭ ئۈستىگە ھاكىم قىلىپ، ۋاڭنى ئىشىكئاغا-

لىق مەنسەپكە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىغا مۇھەممەد ئىمىن ۋاڭ دومۇش قىلىپ: «مۇنداق تىرىكلىكتىن ئۆلگىنىم مىڭ ياخشى» دەپ ئۆزىنى ھالاك قىلدى.

كۇچالىق ئازاقبەگ ۋە ئەھمەت ۋاڭ بەگلەرنىڭ ئالدىدا خىزمەتكار بولۇپ كەلگەن كۇچالىق قۇتلۇقبەگ قەشقەرگە ھاكىم بولدى. ئىنىسى سايىتبەگ 1500 يامبۇ بېرىپ ئاقسۇغا ھاكىم بولدى. بۇرۇنقى بەگلەر بىكار بولدى، بىكار پۇقرالار بەگ بولۇپ يۇرت سوردى، ياخشى پەزىلەتلىك كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمىدى، پۇقرالارنىڭ كۆز يېشىدىن ئېھتىيات قىلماي، «ئۇۋال بولار» دېگەننى يادىغا كەلتۈرمىدى، مەنسەپ ئارزۇ-ھەۋىسى ۋە بەرگەن پۇل-كۈمۈشلىرىنى ئوندۇرۇۋېلىشنىڭ غېمىدىن باشقىسىنى خىيالىغا كەلتۈرمىدى. كۆرۈنۈشتە ئۇلۇغ خانغا خىزمەت قىلىپ، چېرىكلىرىنى بېقىپ يۇرتقا ئىگىدارچىلىق قىلغاندەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دۆلەتنىڭ بىخ-يىلتىزىنى كېسىپ قۇرۇتۇشقا سەۋەب بولدى. پەزىلەتلىك ياخشى كىشىلەر، بەگزادە، ئېسىل ئادەملەر چەتكە چىقىپ بۇلۇڭ-پۇچقاقتا قالدى. ئاجىز پۇقرالارنى ئاتىنى بالىغا، بالىنى ئاتىغا قوشماي ئالۋان-ياساق، ھاشارغا ھەيدىدى. ئاجىز پۇقرالارنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالماي، پۇلىنىڭ ۋە جانىنىڭ ئاچچىقىدىن تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا سېغىنىپ كۆزلىرىدىن قەترە-قەترە، بەلكى دەريا-دەريا ياش ئاققۇزدى. بۇنداق ئاچچىق ياش دۆلەت دەرىخىنىڭ يىلتىزىغا تەسىر قىلىپ، بۇ دەرەخنىڭ قۇرۇشىغا سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇنغا بارماي خىتاي مەنسەپدارلىرى ۋە يۇرتنىڭ ھاكىملىرى زاۋال تېپىپ يەر بىلەن يەكسان بولدى. مەۋلانا جالالىددىن رۇمىنىڭ ئېيتقانلىرى يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ راستىلىقىغا گۇۋاھ بولالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى

## مەسنەۋى

تا دىلى مەردى خۇدا نايەد بەدەرد،
هىچ مەردىرا خۇدا رەسۋانىكەرد*.

دېگەندەك، دىلى ئاگاھ، غەپلەتتە ئەمەس بىرەر كىشىنىڭ سەھەر قوپۇپ قىلغان نالە-پەريادى، ئاھۇ زارى ھەممىگە كۆچى يەتكۈچى، رەھىم-شەپقەتلىك ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا ئىجابەت بولغان بولۇشى مۇمكىن. پۈتۈن ئالەمنىڭ تەڭرىسى ئۆزكۈچ-قۇدرىتى بىلەن «پادىشاھلىقنىڭ تاجىنى خالىسا بىراۋغا بېرىدۇ، خالىسا بىراۋدىن ئالىدۇ» دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە، ئۆزىگە خاس سۈپىتىنى ئاشكارا قىلغانلىقتىن، بۇ موغۇلىستان شەھەرلىرى نام-نىشانسىز مۇسۇلمان ۋە تۈڭگانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن.

توختالغۇسى يوق، ۋاپاسىز پەلەك ئۆزىنىڭ رەڭۋازلىقىنى ئىشقا سېلىپ، ھەمىشە بىر گۇرۇھ كىشىلەرنى پەس ۋە خار قىلسا، يەنە بىر گۇرۇھ كىشىلەرنى ئۈستۈن ۋە ئەزىز قىلىدۇ. ئاقىل ۋە دانا كىشىلەر بۇنداق ئاجايىپ ئىشلاردىن تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، چوڭقۇر نەزەرلىرى بىلەن قاراپ، ئىبرەت ئېلىپ، ئېبزىلگۈچىلەرنىڭ كۆز يېشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئاجىز بىچارىلەرنىڭ ھال-ئەھۋالىغا يېتىپ، ئادالەت بىلەن ئىش قىلسا، ئۇلۇغ تەڭرى ئۇنداق كىشىلەرگە كاتتا ئەجىر بېرىدۇ، كىشىلەرمۇ ئۇلارنى چىرايلىق نام، ياخشى سۈپەت بىلەن ماخ-

---

* كىشىنىڭ دىلى بۇزۇق بولمىسىلا، تەڭرى ئۇنى رەسۋا قىلمايدۇ.

تايدۇ. «ئادىللىق بىلەن قىلىنغان بىر سائەتلىك ئىش پۈتۈن ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ قىلغان ئىبادىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق، ئىبادەتنىڭ مۇشۇنداق ئۇلۇغ، كاتتا ساۋابىغا پەقەت پادىشاھ، ھاكىم، يۇرت چوڭلىرىلا مۇيەسسەر بولالايدۇ؛ باشقىلارنىڭ مۇيەسسەر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلۇغ تەڭرىم! ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن پادىشاھ، ھاكىم، يۇرت چوڭلىرىغا ئىنساپ ئاتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ يۈزىگە ئادالەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، زۇلۇمنىڭ دەرۋازىسىنى ياپقىن. ئىككى ئالەم پەيغەمبىرىنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن، ئامىن!

# بىرىنچى داستان

## 1

### ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ رەھىم-شەپقىتى بىلەن ئىسلام قۇياشى كۇچا شەھىرىنىڭ ئۈستىدە نۇر چاچقانلىقى؛ راشىدىدىن خوجىنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ غەرب ۋە شەرق تەرەپلەرگە لەشكەر ماڭدۇرغانلىقى ۋە شۇ ئارىدا بولغان ۋەقەلەر

پۈتۈن ئالەمنى ياراتقان ھېكمەتلىك ۋە مەغپىرەتلىك ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ قۇدرىتى، پاك-خاسىيەتلىك ئەرۋاھلارنىڭ مەدەت ۋە ياردىمى بىلەن قەدىمدىن بۇ ئالتە شەھەرگە مۇسۇلمان خانلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەنىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن 140 ياكى 150 يىلچە بېيجىڭ خانلىرىغا تەۋە بولدى. بۇ چاغلاردا پۇقرالار يۇرتنىڭ ئالۋان-ياساقلىرى دەستىدىن خار-زار، زالىم خىتاي مەنسەپدارلىرى ۋە بەگلەرنىڭ جەبىر-زۇلمىدىن خانىۋەيران بولۇپ، چىدىغۇچىلىكى قالمىدى. پۇقرالار زار-زار يىغلاپ تەڭرىگە سېغىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ نىجاتلىقى، كاپىرلارنىڭ زاۋاللىقىنى تىلەپ دۇئا ۋە ئىلتىجا بىلەن تۇرغان بىر ۋاقىتتا، كۇچادىكى تۇڭگانلار خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىپ، شەھەرگە ئوت قويۇپ، خىتايلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە كىرىشتى. ئېلىميار بەگ باشلىق بىر مۇنچە دەردمەن مۇسۇلمانلارمۇ تۇڭگانلارغا قوشۇلۇپ يار-يۆلەكتە بولدى.

مۇسۇلمانلار ۋە تۇڭگانلار بىر دىل-بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئامبال ۋە چېرىكلەرنىڭ يامۇلىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئوت قويۇپ،

تاڭ ئاتقۇچە نۇرغۇن كاپىرلارنى يوقاتتى. كۈن چىقىشى بىلەن تەڭ خىتاي مەنسەپدارلىرى بىرمۇنچە چېرىكلەرنى توپلاپ تاقابىل تۇرۇپ سوقۇشقان بولسىمۇ، تەڭ كېلەلمەي مەغلۇپ بولدى ۋە ئاخىر قېچىشقا مەجبۇر بولدى.

مۇسۇلمانلار ۋە تۇڭگانلار ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ غەلىبە قازاندى. بۇ دەل ھىجرىيىنىڭ 1281-يىلى*، يىلان يىلى، مۇھەررەم ئېيىنىڭ بىرى، شەنبە كېچىسى بولۇپ، يەكەننىڭ بۇرۇنقى ھاكىمى ئەھمەت ۋاڭ بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن خاننىڭ پەرمانى بىلەن ھاكىملىقتىن ئايرىلىپ ئەسلى يۇرتى بولغان كۇچا شەھىرىگە كېلىپ تۇرۇۋاتقان ۋاقىت ئىدى.

مۇسۇلمان ۋە تۇڭگانلار يىغىلىپ ئەھمەت ۋاڭغا ئىلتىماس قىلىپ: «سىلى ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ يۇرت سوراپ كەلگەن. ھۆكۈمدارلىقنىڭ قائىدىسى، سىياسەت يۈرگۈزۈشنىڭ ئۇسۇلى ئۆزلىرىگە مەلۇم. بىزگە باش بولۇپ ئاتىدارچىلىق قىلىپ، ھاكىمىيەت ئورنىدا ئولتۇرۇپ بەرسىلە، بىزلەر جان-تېنىمىز بىلەن خىزمەتلىرىدىنى قىلىپ، بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ، ئۆزلىرىنى خان ئورنىدا كۆرىمىز» دېيىشتى. ئەھمەت ۋاڭ بولسا: «سىلەر ئاز، خىتايلار ناھايىتى كۆپ، ئۇلارغا تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ. مېنىڭ ئاتا-بوۋام ئۇلۇغ خاننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ چوڭ مەنسەپكە ئېرىشكەن، خان نۇرغۇن يەر-سۇلارنى ئىلتىپات قىلىپ بېرىپ، ئەۋلادىمدىن-ئەۋلادىمغىچە بەھرىمەن بولۇشۇمغا پەرمان بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خاننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. ئاتا-بوۋا، ئەجدادىمدىن تارتىپ خاننىڭ دۆلىتىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، ئەمدى يۈز ئۆرۈپ تۇزكورلۇق قىلالمايمەن. خان دىنسىز

* ھىجرىيىنىڭ 1281-يىلى مىلادىنىڭ 1864 -- 1865-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

كاپىر بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۈز ھەققىگە ھۆرمەت قىلىش پەرز، دەپ قارايمەن. مەن قېرىدىم، يېشىم 70 كە يەتتى. كۆرىدىغان دۆلەتنى كۆرۈپ بولدۇم. كىمنى باش قىلساڭلار قىلىڭلار، مەن باش بولمايمەن» دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان خالايىقنىڭ ھەممىسى غۇلغۇلا قىلىشىپ، ئەھمەت ۋاڭنى ئۆيىدىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ، كۇچانىڭ ھاكىمى مۇھەممەد قۇربانبەگ باشلىق سەككىز بەگنى قوشۇپ ئۆلتۈرۈپ، مال-مۈلكىنى تالان-تاراج قىلدى.

كۇچادىكى مەۋلانا ئەرشىددىن ۋەلىيىنىڭ مازىرىدا ئىنىسانىنى ھەۋەسلەردىن كېچىپ، دەرۋىشلىك يولىغا كىرىپ، دۇئا-تەلەپ بىلەن ياتقان مۇسۇلمان ۋە تۇڭگانلارنىڭ ئىشەنچ ۋە ئىخلاسىغا ئىگە بولغان راشىددىن خوجا دېگەن بىر كىشى بار ئىدى. بۇلار بۇ كىشىنى ئىبادەتخانىسىدىن ئېلىپ چىقىپ: «بۈرۈندىن تارتىپ بىزگە پېشىۋا بولغان، ھېلىمۇ باشلامچى بولۇپ خانلىق مەقامىدا ئولتۇرۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ بەرسىلە» دەپ، پادىشاھلىق قائىدىسى بويىچە ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ كۆتۈرۈپ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزدى ۋە توختى ئىشىكئاغا بەگنى ۋەزىر قىلدى. ھەممە كىشى پەرمانىغا بويسۇندى.

بۇ ۋەقە بولۇپ ئىككىنچى كۈنى، راشىددىن خوجا بۇرھانىددىن خوجام (مەشھۇر بولغان ئىسمى خېتىپ خوجام) نى ئەسكەرلەرگە باش (قوماندان) قىلىپ، بايلىق موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنى ئەسكەرلەرگە قازى قىلىپ، بۇرھانىددىن خوجىنىڭ كىچىك ئوغلى مەھمۇدنى خوجىنى قوشۇپ، 150 ئەسكەر، 40 نەپەر تۇڭگان ئەسكەر بىلەن سەككىز دانە زەمبىرەكنى بېرىپ غەرب تەرەپكە يۈرۈش قىلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىر قانچە ئون يىللاردىن بېرى مۇسۇلمانلار دىنسىز كاپىرلار ۋە ئەزگۈچى زالىم بەگلەرنىڭ قولىدا خار-زار بولۇپ،

ئەرلەر خوتۇنلىرىدىن، بالىلار ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، قول ئورنىدا جاپا چەكتى. ئۇلار خاھى يېمەك-ئىچمەكنىڭ لەززىتىنى، خاھى كىيىم-كېچەكنىڭ راھىتىنى كۆرمەي، ئالۋاڭ-كەشلىك بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى.

رەھىم-شەپقەتلىك تەڭرى بىز مۇسۇلمانلارغا يار-يۆلەك بولۇپ، ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇشقا كۈچ-قۇدرەت بەردى. كاپىرلارنىڭ بېشىدا قىلىچ ئوينىتىپ ئورغۇتلىرىنى دوزاخقا ئۇزاتتۇق، «كاپىرغا ياردەم بەرگەن كىشىمۇ كاپىر بولىدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق، زالىم بەگلىرىنىمۇ يوقاتتۇق. بۇنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن جېنىمىز چىقىپ كەتكۈچە، قالغان ئۆمرىمىزنى غازات يولىغا سەرپ قىلىشىمىز لازىم ۋە زۆرۈر. ئەھمىيەتلىك غازاتلارنى قىلىش پەرزدۇر، شۇنداقلا پەيغەمبەرىمىزنىڭ سۈننىتى ۋە كەسپىدۇر.

خۇداۋەندەكېرىم ئۆزىگە خاس ھېكمىتى بىلەن بىر مەزگىل مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارنىڭ قول ئاستىدا مەھكۇم قىلغان بولسا، ھازىر يەنە ئۆز قۇدرىتى بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلىپ، دىنسىز كاپىرلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. ئۇلۇغ تەڭرىم «پادىشاھلىقنىڭ تاجىنى خالىسا بىراۋغا بېرىدۇ، خالىسا بىراۋدىن ئالىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆپىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. گەپنىڭ قىسقىسى، سايرام ۋە بايىنى ئېلىپ، بىرمۇنچە ئەسكەر توپلاپ ئاقسۇغا بېرىڭلار، ئۇ تەرەپتە مۇسۇلمان تولا، كاپىر ئاز. سىلەر بارغۇچە (يەرلىك) مۇسۇلمانلار بىلەن تۇڭگانلار بىرلىشىپ، كاپىرلارنى يوقىتىپ ئالدىڭلارغا چىقىشى مۇمكىن. مۇبادا كاپىرلار قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىككى ئوتتۇرىدا جەڭ-ئۇرۇش بولۇپ قالسا، «دىنسىزلار قەيەردە بولسا، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا لايىق، ئىككىلەنمەي تىغ تارتىپ يوقىتىڭلار.



www.uyghurkitap.com

چۈنكى «جەننەت قىلىچنىڭ سايىسى ئاستىدا». بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى جارى بولسۇن. ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرنى قولغا كىرگۈزۈش ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، قوقەن ۋە بۇخارانىڭ پادىشاھلىرى دوستلۇق رەسىم-يوسۇننى بەجا كەلتۈرۈپ، بىزگە تەۋە بولىدىغانلىق ئىشەنچىنى بىلدۈرسە ناھا-يىتى ياخشى. ئۇنداق قىلمىسا، دەرھال ياردەم ئەۋەتىمىز. بارلىق كۈچۈڭلار بىلەن غەرب تەرەپتىكى يۇرتلارنى بويسۇندۇ-رۇڭلار! مەملىكەت ۋە ھۆكۈمەتدارلىق ئىشىنىڭ پۈتۈن ئىختىيارىنى سىلەرگە بەردىم» دەپ ئەمر قىلدى. راشىددىن خوجا يەنە ئىسھاق خوجىنى باش (قوماندان) قىلىپ سىدىق دادخاھ، مەمۇر باتۇر، توختى مۇھەممەت يۈز بېشىلارنى قوشۇپ 180 يەرلىك مۇسۇلمان ئەسكەر، 50 نەپەر تۇڭگان ئەسكەر بىلەن 12 دانە زەمبىرەكنى بېرىپ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇرھانىددىن خوجامغا بەرگەن بۇيرۇقنى قايتا-قايتا چۈشەندۈرۈپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىشنى تاپىلاپ، دۇئا-تەكبىر بىلەن شەرق تەرەپكە يولغا سالدى.

## راشىددىن خوجىنىڭ نەسەبى

راشىددىن خوجا نىزامىددىن خوجىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى. نىزا-مىددىن خوجا بولسا مەۋلانا ئەرشىددىننىڭ نەۋرىسى. مەۋلانا ئەر-شىددىن بولسا مەۋلانا جالالىددىن كەتتىكىنىڭ ئوغلى. مەۋلانا جالالىد-دىن كەتتىكى خوجا ئەبۇ ھاپىز كەبىر بۇخارىنىڭ ئەۋلادى ئىدى.

چىڭگىزخان ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ بۇخارانى ئالغان چاغدا، خوجا ھاپىز كەبىر بۇخارىنى شېھىت قىلىپ، بالا-چاقا، ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىنى كەتتەك شەھىرىگە پالىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەتتە ياكى سەككىز ئەۋلاد ئۆتۈپ، مەۋلانا جالالىددىننىڭ ۋاقتىغا كەلگەن-

دە، كەتمەك شەھىرى تەڭرىنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولۇپ، ئاسماندىن ياغقان قۇم بالاسىنىڭ ئاستىدا قالدى. مەۋلانا جالالىددىن تەڭرىنىڭ ئىلھامى بىلەن كېچىچە ئۇخلىماي، بىرنەچچە مۇرىت ۋە مۇخلىسلىرى بىلەن يول يۈرۈپ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئايكۆل دېگەن يېرىگە كەلدى. بۇ چاغدا ئاقسۇغا تۇغلۇق تېمۇر خان بولۇپ، ئۇ 16 ـ 17 ياشتا ئىدى. مەۋلانا جالالىددىن تۇغلۇق تېمۇر بىلەن كۆرۈشۈپ بىرمۇنچە ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى. تۇغلۇق تېمۇر تەسىرلىنىپ: «سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز قۇلىقىمغا تولىمۇ ئوبدان ئاڭلاندى. ئىلىغا قايتىپ بېرىپ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغىنىمدىن كېيىن قېشىمغا بېرىڭ، شۇ چاغدا سىزنىڭ دىنىڭىزغا كىرىمەن. ھازىر قېشىمدا كاتتا سەركەردىلىرىم يوق. ئەلنىڭ تولىسى ئۇ تەرەپتە قالدى. بۇ يەردە دىنغا كىرگىنىم بىلەن ياخشى بولمايدۇ» دەپ ھەددىيە ـ ئىنئام بېرىپ ياندۇردى.

تۇغلۇق تېمۇر چىڭگىزخاننىڭ يەتتىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى ئىدى. مەۋلانا جالالىددىن ۋاقىت چىقىرىپ ئىلىغا بارغۇچە ئەجەل پۇرسەت بەرمەي ئاقسۇدا ۋاپات بولدى ۋە ئايكۆل يېزىسىغا دەپنە قىلىندى. مەۋلانا جالالىددىن ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئوغلى مەۋلانا ئەرشىددىنگە: «مەن بىر چىراغقا پىلىك سېلىپ، ياغ قۇيۇپ تەييار قىلغانىدىم. ئەمما ئوت يېقىپ ياندۇرۇش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالمىدىم. مېنىڭدىن كېيىن سەن ياندۇرساڭ، بۇ چىراغ پۈتۈن شەرقنى يورۇتسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ ئىلىغا بېرىپ تۇغلۇق تېمۇر بىلەن كۆرۈشتى. «ئاتىڭىز قېنى؟» دەپ سورىغاندا ئۇ: «ئاتام ۋاپات بولدى. مەن ئاتامنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ ھۇزۇرىڭىزغا كەلدىم» دېدى. تۇغلۇق تېمۇر قوبۇل تۇتۇپ مۇسۇلمان بولدى. يېنىدىكى ئېل بىگە باشلىق سەركەردە ـ قوماندانلىرىنى بىر ـ بىرلەپ

چاقىرىپ كىرىپ، نەسىھەت قىلىپ مۇسۇلمان قىلدى. شۇ چاغدا 70 مىڭدىن ئوشۇق موڭغۇل مۇسۇلمان بولغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

بۇ چاغدا ھىجرىيىنىڭ 756 - يىلى* بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موڭغۇللار ئارىسىغا ئىسلام دىنى تارقىلىشقا باشلىدى. تۇغلۇق تېمۇر مەۋلانا ئەرشىدىدىنگە: «قايسى شەھەرنى خالىسىڭىز شۇ يەردە تۇرۇڭ» دەپ يارلىق قىلدى. مەۋلانا ئەرشىددىن كۇچاغا بېرىپ تۇرۇشنى ئىختىيار قىلدى. تۇغلۇق تېمۇر رۇخسەت قىلىپ، ئۈچ ئېرىق سۇنى ھەدىيە قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەۋلانا ئەرشىددىن كۇچاغا بېرىپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئاخىر ئەجەل شارابىنى ئىچكەندىن كېيىن كۇچاغا دەپنە قىلىندى. مازىرى مەشھۇردۇر.

نىزامىددىن خوجىنىڭ بىرىنچى ئوغلى نەزرىددىن خوجا، ئىككىنچى ئوغلى جامالىددىن خوجا، ئۈچىنچى ئوغلى راشىددىن خوجا، تۆتىنچى ئوغلى جالالىددىن خوجا، بەشىنچى ئوغلى پەخرىددىن خوجا ئىدى. جامالىددىن خوجا ئاقسۇغا ھاكىم بولۇپ شۇ يەردە ۋاپات بولدى. راشىددىن خوجا ۋە قالغان ئاكا-ئۇكا بولۇپ تۆت خوجا ئاتلىق غازى (ياقۇپبەگ) نىڭ قولىدا يوق قىلىندى. بۇرھانىددىن خوجا، ئىسھاق خوجىلارمۇ نىزامىد-دىن خوجىنىڭ بىر تۇغقىنى ۋە تاغىلىرىنىڭ پەرزەنتى ئىدى.

---

* ھىجرىيىنىڭ 756 - يىلى مىلادىنىڭ 1355 -، 1356 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

## 2

### سەيىدخېتىپ خوجام (بۇرھانىددىن خوجا) كۆز نۇرى مەھمۇددىن خوجا بىلەن ئاقسۇ شەھرىنى ئېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىپ، مەقسىتىگە يېتەلمەي ئارقىسىغا يانغانلىقى ۋە نۇرغۇن مۇسۇلمانلار قۇربان بولۇپ شېھىتلىك شارابىنى ئىچكەنلىكى

مۇھەببەتلىك بۇرادەرلىرىمىزگە مەلۇم بولسۇنكى، راشىددىن خوجام بۇرھانىددىن خوجىنى غەرب تەرەپكە يۈرۈش قىلىشقا ئەمر قىلغاندىن كېيىن، بۇرھانىددىن خوجا خوشلىشىپ كۇچادىن چىقىپ، قىزىل يېزىسىغا كېلىپ چۈشتى. ئۇ يەردىن سايرامغا كېلىپ، تۆت كىشىنى دارغا ئاستى، بايغا كېلىپ ئىككى كۈن تۇرۇپ ئالتە ئادەمنى دارغا ئاستى، بۇلار پىتنە ـ پاسات بىلەن يامان يوللاردا يۈرگەن ئادەملەر ئىدى، شۇڭا جازاسىنى تارتتى. راشىددىن خوجام ئەكرەم شاھ ئەلەمنى سايرامغا، موللا ئاپاق ئەلەمنى بايغا ھاكىم قىلدى، ئۇ يەردىن چىقىپ ياقا ئېرىققا كەلدى، روزى تۆرە دېگەن كىشىنى 50 ئەسكەرگە باش قىلىپ: «مۇز داۋاننىڭ يولىنى بۇزۇپ، ئۆتەڭ ـ قورۇللاردىكى خىتايلارنى ئۆلتۈرۈپ، چارشەنبە كۈنى جامغا يېتىپ كېلىڭلار. بىز بۇ تەرەپتىن، سىلەر ئۇ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، جامدا يىڭغاق (گازارما) ساقلاپ ياتقان خىتايلارنى يوقىتىمىز» دەپ يولغا سالدى.

سايرام ۋە باي ئەتراپىدىكى ئادەملەر ھەممىسى دېگۈدەك قارا كالتەك بولۇپ يۇقىرى ئاۋازدا «ئاللاھ ـ ئاللاھ» دەپ تەكبىر ئېيتىشىپ: «بىزمۇ ئاقسۇغا بېرىپ، جەبىر ـ زۇلۇم قىلغان كاپىرلاردىن ئىنتىقامىمىزنى ئېلىپ، ھايات قالساق غازىلىق دەرىجىسىنى تاپىمىز، ئەجىلىمىز يەتسە شېھىتلىك شەربىتىنى

ئىچىپ جەننەتكە سازاۋەر بولىمىز» دەپ ئاتنى بالىغا، بالا ئاتىغا قارىماي، بەزىلىرى پىيادە، بەزىلىرى ئاتلىق، ئوزۇق-تالقانلىرىنى ئېلىپ بۇرھانىددىن خوجىنىڭ تۇغ-ئەلەملىرىگە ئەگىشىپ يولغا چىقتى. بۇرھانىددىن خوجا بىرقانچە قېتىم: «سىلەر ئۈچۈن غازاتنى بىز قىلايلى، قايتىپ كېتىڭلار» دەپ نەسىھەت قىلسا، ئۇلار: «جەبىر-زۇلۇمغا چىدىغۇچىلىكىمىز قالمىدى. مۇنداق ياشىغۇچە، يا جان بېرىمىز، يا جان ئالىمىز» دەپ يىغلىشىپ ئۇنىمىدى. بۇلارنى 7000 كىشى دەپ تەخمىن قىلىشقا بولاتتى.

بىرەر پادىشاھ، بىرەر ھاكىمنىڭ پۇقرالىرىغا قىلغان جەبىر-زۇلۇملىرى ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە، پۇقرالار شېرىن جانلىرىدىن كېچىپ، تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا كۆز ياشلىرىنى تۆھپە قىلىپ، چىن دىلى بىلەن يىغلىسا، ئىنتىقام ئېلىپ بەرگۈچى تەڭرىنىڭ رەھمى كېلىپ، بىچارە-ئاجىز، قورال-ياراقسىز بەندىلىرىنى كۈچلۈك پادىشاھلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۇلارغا پادىشاھلىق تەختىنى ئاتا قىلىپ، ئۇلۇغ، سەلتەنەتلىك پادىشاھلىقنىڭ دەرىجە مەرتىۋىلىرىنى بەرسە، ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن چاغلاپ، تەكەببۇرلۇق قىلغان زالىم پادىشاھلارنى قەھرى-غەزەپ بىلەن مەغلۇپ قىلىپ تۈزۈتۈۋەتسە تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. چۈنكى ئالەمنىڭ ئىگىسى ھەممە ئىشقا كۈچى يەتكۈچى، ھەممە ئىشقا قادىردۇر. «تەڭرى خالىغان ئىش بولىدۇ، ئەمر قىلغان ئىش بولماي قالمايدۇ، بۇ ھەممىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر» دېگەن ئايەت بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

نەزم

گادايىنى شاھ ئېتەردىن يوق ھەر ئاسان،
ئاڭا شاھنى گاداي قىلماق ھەم ئاسان.

www.uyghurkitap.com

بۇرھانىددىن خوجا ئەسكەرلىرى بىلەن ياقا ئېرىقتىن ئاتلىنىپ ناماز بامدات ۋاقتىدا قارا يۇلغۇنغا كېلىپ بىرنەچچە خىتاي قورۇلچىسىنى تۇتۇپ سولىدى. ئەتىسى جامغا بېرىشقا بەلگىلەنگەن كۈن ئىدى. تاڭ ئاتقاندا يولغا چىقىمىز دەپ تۇرۇشىغا، ھاۋا بۇزۇلۇپ يامغۇر ياغدى ۋە شىۋىرغان چىقتى. بۇرھانىددىن خوجا باشلىق ئەمەلدارلار ئۆيگە كىرىپ ئۇخلىدى. ئەسكەرلەرمۇ دەرەخ ياكى تامنىڭ دالدىسىنى پاناھ قىلىپ ئېگەر-جابدۇقلىرىنى بېشىغا قويۇپ غەم-ئەندىشىسىز ئۇيقۇغا كەتتى. شۇ ھالەتتە ئاقسۇنىڭ ھاكىمى سايىتبەگ باشلىق جامدىكى نۇرغۇن خىتاي چېرىكلىرى بېسىپ كېلىپ زەمبىرەك ئاتقاندىن كېيىنلا ئويغىنىشتى، قارىسا دۈشمەن چېرىكلىرى قورشاپ بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىدە قورقۇش-ئالاقزادىلىك چۈشۈپ، ئۈلگۈرگەنلىرى ئاتلىرىنى ئېگەرلەپ مىندى، ئۈلگۈرمىگەنلىرى ياۋىداق مىندى، ھەتتا بەزىلىرى پىيادە ئارقىلىرىغا يېنىپ قاچتى. خىتاي چېرىكلىرى چاپ-چاپ قىلىپ نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى شېھىت قىلدى، بۇلارنىڭ «ئەجەل شارابىنى ئىچسەكمۇ مەيلى» دېگەن ئارزۇ-ھەۋەسلىرى تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولغان بولۇشى مۇمكىن. ۋاپات بولغانلارنى 2900 دىن كۆپرەك دەپ مۆلچەرلەشتى، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان ئەسكەرلەر پاراكەندە بولۇپ چېچىلىپ كەتتى. ئەسكەرلەرنىڭ قازىسى موللا ئوسمان ئاخۇنۇم ئەسىر چۈشتى. بۇرھانىددىن خوجا قاتارلىقلار كۇچاغا قاراپ قاچتى.

ئاقسۇنىڭ ھاكىمى سايىتبەگ ئۇلارنى تۇتۇۋالىمىز دەپ ئارقىسىدىن قوغلاپ ئالتە پوتەي يەرگە بارغاندا، خىتاي چېرىكلىرىنىڭ باشلىقى: «قاچقان دۈشمەننى قوغلاش قائىدە ئەمەس. ئارقىسىغا يانسۇن» دەپ خەۋەر ئەۋەتتى. شۇ ئارىدا «روزى تۆرە جامنى بېسىۋاپتۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى. خىتاي

ئەسكەرلىرى بۇ يامان خەۋەرنى ئاڭلاپ جامىغا كەلسە، روزى تۆرە ۋەدە قىلىشقان ۋاقىتتا كېلىپ جامدا گازارما ساقلايدىغان، ئات باقىدىغان، جەڭگە بارمىغان خىتايلارنى ئۆلتۆرۈپ، جامنى قولغا كىرگۈزۈپ بولغان. بۇ چاغدا «خىتاي چېرىكلىرى قارا يۇلغۇندا بۇرھانىددىن خوجىنى مەغلۇپ قىلىپ قاچۇرۇپ، مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بەزىلىرىنى ئەسىر قىلىپ يېنىپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن شۇم خەۋەر تارقالدى. روزى تۆرە بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەندىشىگە چۈشۈپ، جامنى تاشلاپ قاچتى. ئۆستەڭ بويىغا كەلگەندە ئۇنى تۇتۇۋېلىپ خىتايلارغا تاپشۇردى، خىتايلار ئۇنى شېھىت قىلدى.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن، خاقانى چىنىنىڭ چوڭلۇقى پۈتۈن يەر يۈزىگە قۇياشتەك ئايدىڭ. كۇچا دېگەن كىچىك بىر شەھەردىن مۇسۇلمانلار باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، سايرام، بايغا ئوخشاش كىچىك بازار - ئۆتەڭنى قولغا كىرگۈزۈپلا خۇددى خاقانى چىنىدەك كاتتا ئىقلىم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇلار غەم - ئەندىشىسىز، بۇرھانىددىن خوجا بىر مەيدىگە، ئوسمان ئاخۇنۇم بىر مەيدىگە چۈشۈپ، قونالغۇغا كەلگەندە خۇشال - خۇرام كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىپ يېتىپ ئۇخلاپ، ئەسكەرلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماي، دۈشمەننىڭ خەۋپ - خەتىرىدىن ئەندىشە قىلمىغانلىقتىن نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولدى.

### نەزم

قادالسا بىر تىكەن، يا چۈشسە بىر قىل،
ئىرادىسىز ئەمەس ھېچ ئىش يېقىن بىل.

ھەرقانداق ئىش ۋە ھەرقانداق ھادىسە، مەيلى چوڭ،

www.uyghurkitap.com

مەيلى كىچىك بولسۇن، نەقەدەر ئىرادىدىن تاشقىرى بولمايدۇ.

گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى، ئاقسۇنىڭ ھاكىمى سايىتبەگ مۇندىن بۇرۇن قازى ئەسكەر موللا ئوسمان ئاخۇنۇمغا شاگىرت بولغانىكەن. شۇ سەۋەبتىن سايىتبەگ خىتاي مەنسەپدارلىرىغا: «موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنى ئۆلتۈرمەي نەزەربەند قىلساق، كېيىنچە نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قوزغىلاڭ قىلدىڭلار، دەپ سوراق قىلغىلى لازىم بولىدۇ» دەپ ئەقىل كۆرسەتتى. مەنسەپدارلار قوبۇل كۆرۈپ تۈرمىگە تاشلاپ، بىر نەچچە چېرىكنى ساقلىغىلى قويدى.

بۇرھانىددىن خوجا ساددا كۆڭۈل، رەھىمدىل، تەجرىبىسى كەم ئادەم ئىدى. كوچاغا قېچىپ بارغاندىن كېيىن، خىجالەتچىلىكتىن زادى بېشىنى كۆتۈرەلمەي، ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، قايتىدىن ئەسكەر توپلاپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ ئاقسۇ شەھىرىنى ئالدى.

«موللا ئوسمان ئاخۇنۇم سايىتبەگ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ» دېگەن گەپ - سۆزلەر تارقالغانىدى. ئەمما ئاقسۇ پەتھ قىلىنغاندىن كېيىن، ئەسكەرلەر خىتايلارنى قوغلاپ بىر ئۆيگە كىرسە موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنىڭ پۇتىدا كىشەن، بويىنىدا تاقاق، زەنجىر بىلەن سولاقلىق تۇرۇپتۇ. موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنى بۇرھانىددىن خوجا ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ، كىشەن - زەنجىرنى چېقىپ ئازاد قىلدى. موللا ئوسمان ئاخۇنۇم پىتنە - مالامەتتىنمۇ قۇتۇلدى.

موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنى ساقلىغان خىتايلار شەھەر قولدىن كەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن بەزىلىرى ئېسىلىپ ئۆلىۋالدى. باشقىلىرىمۇ ھەر تۈرلۈك ئۇسۇللاردا ئۆلۈپتۇ. موللا ئوسمان ئاخۇنۇمغا ھەرگىز دەخلى يەتكۈزمەپتۇ. چۈنكى ئۇلار چوڭلىرىنىڭ سۆزلىرىنى قۇلاقلىرىدا ناھايىتى مەھكەم تۇتىدىكەن. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇلار بىر مۇسۇلمان دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ،

ئاندىن مەن ئۆلەي، دېمەپتۇ.

## 3

## ئىككىنچى قېتىمدا جامالىددىن خوجىنىڭ ئاقسۇغا ئاتلانغانلىقى ۋە ئاقسۇنى پەتھ قىلىپ مەقسىتى ھاسىل بولغانلىقى

شۇ چاغدا كۇچادا تەرتىپ-ئىنتىزام ئورنىتىلىپ، راشىددىن خوجا پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، قامىتىگە ھۆكۈمرانلىق لىباسلىرىنى كىيىپ، بېشىغا پادىشاھلىق تاجىنى كىيىپ، ھەر-قايسى يۇرت، يېزا-كەنتلەرگە، چوڭ-كىچىك پۇقرالارغا «روسۇ-لىللانىڭ ئەۋلادى، غالىب، يېڭىلمەس راشىددىن خان غازى خوجا» دېگەن نام-ئۇنۋان بىلەن يارلىق يۈرگۈزگەنىدى. شۇ ھالەتتە بۇرھانىددىن خوجىنىڭ قارا يۇلغۇندا زەربە يەپ قېچىپ كەلگەنلىك يامان خەۋەرنى ئاڭلاپ غەزىپى ئۆرلىدى. بىر نەچچە بىگۇناھ كىشىلەرنى سىياسەت يۈزىسىدىن دارغا ئېسىشقا بۇي-رۇپ ئاچچىقىنى پەسەيتتى. ھەممە چوڭ-كىچىك پۇقرالار قورقۇنچتىن ئىتائەت قىلىپ بويسۇنغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە مەج-بۇر بولدى.

راشىددىن خوجا ئاكىسى جامالىددىن خوجىنى لەشكەر-كەشلىكتە، سىياسەت يۈرگۈزۈشتە، پۇقرالارنى ئىدارە قىلىشتا قابىلىيىتى بار دەپ بىلىپ، «بىر مۇنچە توپ-زەمبىرەك بىلەن 800 ئەسكەرنى باشلاپ ئاقسۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى.

دەرۋەقە جامالىددىن خوجا چارە-تەدبىرلىك، ئېغىر-

بېسىق، ئەمگەن، غەيرەت ـ شىجائەتلىك، تىبابەتچىلىك ئىلمىدا لاياقەتلىك كىشى ئىدى.

جامالىددىن خوجا كۇچادىن چىقىپ باي ۋە سايرامنى ئال-دى. بۇ يەردىن ئىشقا يارايدىغان، ساغلام، كۈچلۈك، جۈرئەت-لىك، پالۋان ئادەملەرنى تاللاپ، 2000 دىن كۆپرەك ئەسكەر قوبۇل قىلدى. يول ـ يولدا قاراۋۇل ـ خەۋەرچىلەرنى قويۇپ بارلىق ئېهتىيات قىلىش، سەگەك بولۇشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، قارا يۇلغۇنغا ئىلىنىڭ يولى بىلەن كېلىپ هۇ-جۇم قىلىشنى كۆزلەپ، چوڭ يولنى تاشلاپ ئاراشو دېگەن مەن-زىلگە كېلىپ چۈشتى. بۇ يەردە 20 كۈن تۇرۇپ، ئەسكەر-لەرنى تەرتىپكە سېلىپ، قورال ـ ياراقلارنى تۈزەشتۈرۈپ، ئات-لىرىدىن ياخشى خەۋەر ئالدى؛ دۈشمەن ئەھۋالىنى تىك ـ تىڭلاپ، مۆلچەرلەپ، يەر شارائىتىنى تەكشۈرۈپ ئوبدان مۇلاھىزە قىلدى.

مۇشۇ كۈنلەردە ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن ئىلىغا ئەۋەتىلىدىغان سوۋغات ۋە باجلار يۇرتلاردا پاراكەندىچىلىك يۈز بەرگەنلىكتىن، مۇز داۋانغا بېرىپ توختاپ قالغانىكەن.

بىر بۇ يەردە ئىلىغا ئەۋەتىلىدىغان سوۋغات ۋە باج ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى: بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇسۇلمان خانلىرىدىن ئىسما-ئىلخان ئۆزىگە قارشى چىققۇچىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ تەڭ كېلەل-مەي ئىلىغا چىقىپ، قالماقلارنىڭ كاتتىسى جايساڭ دېگەنگە: «مەن ئالتە شەھەرنىڭ پادىشاھى ئىدىم، دۈشمەنلىرىم پادىشاھ-لىق مىراسىمنى تارتىۋېلىپ قوغلىۋەتتى، پادىشاھلىقىمنى تار-تىۋېلىشىمغا ياردەم بەرسىڭىز» دەپ ھال ئېيتىپ ئىلتىجا قىل-دى. قالماقلارنىڭ كاتتىسى جايساڭ ماقۇل بولۇپ، بىر مۇنچە

قالماق چېرىكلىرىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ بەردى، ئىسمائىلخان بۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئالتە شەھەرنىڭ پادىشاھلىقىنى قايتۇ-رۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ياردەمگە كەلگەن قالماق چېرىكلىرى ئىلىغا قايتماقچى بولدى. «بۇلار بىزگە نۇرغۇن خىزمەت قىل-دى. قۇرۇق قايتىپ كەتسە ياخشى بولمايدۇ» دەپ، ئىسمائىل-خان ئالتە شەھەردىن نۇرغۇن ماتا يىغىپ قالماقلارغا سوۋغات قىلىپ قايتۇردى. ھەر يىلى شۇ پەسىلگە كەلگەندە يەنە تەلەپ قىلدى، بەرمەي ئىلاجى بولمىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ تا راشىد-دىن خوجا زامانلىرىغىچە ھەر يىلى ئىلىغا ماتا چىقىرىپ تۇردى. ئۇ چاغلاردا بۇ يۇرتلاردا ماتادىن بۆلەك نەرسە يوق ئىكەن، پۇلمۇ يوق بولۇپ، ئېلىش-سېتىش ئىشلىرىدا پۇل ئورنىدا ماتانى لازىم قىلىدىكەن، «قالماققا بۆز (ماتا)، خىتايغا سۆز» دېگەن تەمسىل شۇ چاغدىن قالغانىكەن.

ئەمدى ئەسلى ۋەقەگە كەلسەك، مۇز داۋاندا توختاپ قالغان سوۋغات، ماتالارنى جامالىددىن خوجا ئۆز ئەسكەرلىرىگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. جامالىددىن خوجا باشلىق پۈتۈن ئەسكەر-لەر كېپەنگە يۆگەنگەندەك ۋە ئېھرام باغلىغاندەك ئاق ما-تاغا يۆگىنىپ، بېشىغا ماتانى سەللىدەك ئوراپ تەكبىرنىڭ دەر-گاھىغا سېغىنىپ، يىغا-زار قىلىشىپ، ھىممەت ۋە جۈرئەت كەمەرىنى بېلىگە باغلىشىپ، ئاپئاق قوي پادىسىدەك بولۇپ تەييار بولدى. بىر كېچىدە ئاراشودىن چىقىپ، مۇز داۋان يولى بىلەن تاڭ ئاتقۇچە جامغا كېلىپ، قورغان ساقلاپ خەۋەرسىز، غەپلەتتە ياتقان چېرىكلەر ئۈستىگە ئاسماندىن چۈشكەن بالا-قازادەك ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. مەيلى خىتاي چېرىكى بولسۇن، مەيلى ياردەمگە كەلگەن مۇسۇلمان چېرىكى بولسۇن، ھەممىسىنى قىرىپ-چېپىپ، يەر بىلەن يەكسان قىلدى، ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرى جېنىنى ئېلىپ قۇتۇلدى، سايىتبەگ قەش-

www.uyghurkitap.com

قەرگە، تۆمۈر خەزىنىچىبەگ خوتەنگە قېچىپ كەتتى. ئامان قال-
غان خىتايلار ئاقسۇغا قېچىپ كەلدى. جامالىددىن خوجا ئار-
قىسىدىن قوغلاپ كېلىپ سەپەر ئېيىنىڭ 12 - كۈنى ئاقسۇنى
پەتھ قىلدى. ئاقسۇدىكى خان مۇپەتتىشى، دارىن باشلىق ھەممە
مەنسەپدارلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بالا-چاقىلىرى بىلەن ئوردىغا
يىغىلىپ، ئەتراپىغا (پارتلىغۇچ) دورا قويۇپ، بېيجىڭ تەرەپ-
كە قاراپ ئۆز زۇۋانلىرىدا بىر نەرسىلەر دېيىشىپ يىغلاپ،
چېكىۋاتقان غاڭزىسىدىكى تاماكىنىڭ ئوتىنى دورىغا تاشلىدى.
شۇ ھامان دورا پارتلاپ ھەممىسى يەر بىلەن يەكسان بولدى.
مۇسۇلمانلارنىڭ تەنتەنە ئاۋازلىرى پەلەككە يەتتى، بۇنىڭ بىلەن
مۇسۇلمانلارغا خۇشال-خۇراملىق، دۈشمەنلەرگە غەم-قايغۇ يۈز-
لەندى. جامالىددىن خوجا غالىب سۈپەتتە پادىشاھلىق تەختىدە
ئولتۇرۇپ، خىتايلاردىن ئالغان ئولجىلارنى ئەسكەرلەرگە سوۋغات
قىلىپ ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. ھەر كىشى ئۆز قۇدرىتى ۋە ئۆز
دەرىجىسىگە لايىق مال-مۈلۈككە ئىگە بولۇپ دۇنيالىقتىن
ھاجەتسىز بولدى.

كۇچالىق ئابدۇراخمان دىۋان بېگىنى دادخاھ، ئاقسۇلۇق
قاسىم قازىبەگنى ئەمىر لەشكەر (باش قوماندان) قىلدى. بۇرۇنقى
ئەلەم، مۇپتى، قازى قاتارلىقلارغا ئاۋۋالقى مەنسەپلىرىنى بەردى.

جامالىددىن خوجا جامەدىن ئاقسۇغا قاراپ ماڭغان چاغدا،
بۇرھانىددىن خوجىنىڭ ئوغلى ھامىددىن خوجىنى 150 ئەسكەر
بىلەن مۇز داۋاننى توسۇشقا ئەۋەتكەنىدى. دەرۋەقە، ئىلى جاڭجۇ-
ڭى ئاقسۇنىڭ ئامبىلىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن 7000 خىتاي،
3000 قالماق ۋە سولۇن بولۇپ جەمئىي 10 مىڭ چېرىكنى
يېتەرلىك ئوق-دورا بىلەن ئەۋەتكەنىدى. بۇلار مۇز داۋانغا
كېلىپ، ھامىددىن خوجا توسۇپ ياتقانلىقى ئۈچۈن ئۆتەلمەي،
50 كۈن يېتىپ نائىلاج ئىلىغا قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن

ھامىددىن خوجا ئۆز ئورنىدا باشقا كىشىنى قويۇپ ئاقسۇغا قايتىپ كېلىپ دادىسى بىلەن كۆرۈشتى.

جامالىددىن خوجا ئاقسۇنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ خاتىرجەم بولغان بولسىمۇ، ئۇچتۇرپان ۋە قەشقەر تەرەپتىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇچتۇرپان شەھىرىنىڭ سېپىلى مۇستەھكەم، چېرىكلىرى كۆپ ئىدى. شۇڭا جامالىددىن خوجا ئال-دى بىلەن بۇرھانىددىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھامىددىن خو-جىلارنى ئۇچتۇرپانغا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

## 4

### بۇرھانىددىن خوجا ۋە ئوغلى ھامىددىن خوجىلارنىڭ ئۇچتۇرپان شەھىرىگە قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقى ۋە غالىبىيەت شامىلى يار بولۇپ مەقسەت گۈلى ئېچىلغانلىقى

بۇرھانىددىن خوجا ۋە چوڭ ئوغلى ھامىددىن خوجىلار باش بولۇپ، كۇچالىق تالى خەلىپە، توختى خەلىپە، ئاقسۇلۇق تاھىر دىۋان بېگى، موللا قاسىم مىراپ قاتارلىق ئىش بىلىدى-غان، زاماندىن خەۋىرى بار، قابىلىيەتلىك بەگلەرنى ھەمراھ قىلىپ، ئاقسۇنىڭ قازىسى موللا ئابدۇللا قازىنى قازى ئەسكەر قىلىپ 600 نەپەر ئەسكەر، 16 زەمبىرەك بىلەن ئۇچتۇرپاننى پەتھ قىلىش ئۈچۈن سەپەر ئېيىنىڭ 14-كۈنى يولغا چىقتى.

ئۇلار ئاقسۇنىڭ ئارال، ئاقيار دېگەن يېزىلىرىدىن پەھ-لىۋان، قارىغا ئېتىشقا ئۇستا ئادەملەرنى تاللاپ ئەسكەرلىككە ئېلىپ، تۆتىنچى كۈنى ئۇچتۇرپانغا تەۋە ئاچا تاغ دېگەن يەر-گە كېلىپ چۈشتى.

ئۇچتۇرپاندىكى خىتاي مەنسەپدارلىرى ئۇچتۇرپان ھا-

كىمى توختىبەگنى نۇرغۇن ئادەم بىلەن ئاچا تاغدا قورۇلچى قىلىپ توختاتقانىدى. بۇرھانىددىن خوجا يېتىپ كېلىشى بىلەن توختىبەگ پۈتۈن ئادەملىرى بىلەن كېلىپ بۇرھانىددىن خوجىغا ئىنتائەت قىلىپ خىزمەتكارلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۈچتۇرپان خەلقىمۇ تۈركۈم-تۈركۈملەپ كېلىپ، خوجىلارنى زىيارەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچتۇرپاننىڭ خىتاي شەھىرىنى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ مەسلىھەت ۋە تەرەددۇتىغا كىرىشىپ كەتتى. بۇرھانىددىن خوجا باشلىق ھەممە ئەسكەرلەر خىتاي شەھىرىنى قورشىۋالدى. خىتايلار سېپىلدىن مىلتىق، زەمبىرەك ئېتىپ نۇرغۇن ئادەملەرنى زايە قىلدى. مۇسۇلمان ئەسكەرلەر مۆلجەر تېغىنىڭ كەينىدىن لەخمە (ئاكوپ) كولاشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقان چاغدا خىتايلارنىڭ ئوق-دورا ئامبىرىغا ئۇشتۇمتۇت ئوت كېتىپ، مەيلى ئادەم، مەيلى ئوق-دورا، قورال-ياراق، ئۆي-ئىمارەت، بۇتخانا، ھەتتا مۆلجەر تاغ قوشۇلۇپ توپا-توزانغا ئايلىنىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، جاھاننى قارا تۈتەك قاپلاپ، كىشىنى كىشى تونۇمىغۇدەك ھالەتتە قاراڭغۇ بولۇپ كەتتى. پارتلىغان دورىنىڭ كۈچى بىلەن خىتايلارنىڭ قول-پۇتلىرى بىر تاش*، ھەتتا ئىككى تاش يىراقلىققا بېرىپ چۈشتى، بەزىلىرىنىڭ باش ياكى تەنلىرى دەرەخنىڭ شاخلىرىغا ئىلىنىپ قالدى.

گەپنىڭ قىسقىسى، شۇ يوسۇندا ئۈچتۇرپان شەھىرى پەتھ بولدى. بۇرھانىددىن خوجا غالىب دەرىجىسىگە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇن قىلغان گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىپ، ئۆزىنىڭ پادىشاھلارچە ئىنئام ۋە شەپقەتلىرىنى كۆرسەتتى. بۇرۇنقى موللا ئاتائۇللا ئەلەمنى يەنە ئەلەم، باي مۇھەممەد

* تاش — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى.

قازىبەگنى قازى، توختىبەگنى يەنە ھاكىم قىلىپ، باشقىلارنىڭمۇ ئەمەل-دەرىجىلىرىنى بېرىپ، ھەممىنى خۇشال-خاتىرجەم قىلدى. دوستلار شاد، دۈشمەنلەر غەمكىن بولدى. خۇشاللىق تەنتەنە سادالىرى پەلەككە يەتتى. بەزى پاھىشە خوتۇنلارغا ۋە كاپىرلارنىڭ خۇي-پەيلىنى ئادەت قىلىۋالغان يامان ئادەملەرگە ئۆز جازاسىنى بەردى.

بىلىملىك دانىشمەنلەر كىشىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىدىن تارقىلىپ كەلگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئىلگىرىكى زاماندا خاقانىي چىن بۇ ئالتە شەھەرنى قولغا كىرگۈزگەن چاغدا، ئۇچتۇرپاندىن ئاپتاپ مەسەللىك ساھىبجامال بىر ئايال ئەسىرگە چۈشكەنىكەن، خىتاي مەنسەپدارلىرىنىڭ كۆزى بۇ ئايالغا چۈشۈپ، خاقانىي چىنغا بۇنىڭدىن لايىقراق ۋە بۇنىڭدىن ياخشىراق سوۋغات تېپىلمايدۇ دەپ ئويلاپتۇ. باشقا تارتۇق، پىشكەش، سوۋغا-سالاملار بىلەن بىرلىكتە بۇ ئايالنىمۇ خاقانىي چىننىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. خاقان چىن ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپتۇ. ئۇنى باشقا خانىش، مەلىكىلىرىدىن ياخشىراق كۆرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خاقان كىرىپ كەلسە، بۇ ئايال يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. يەر يۈزىدە مېنىڭدىن چوڭ پادىشاھ بولمىسا، نېمە ئۈچۈن يىغلايدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ، سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئايال «مېنىڭ يۇرتۇمدا يوپۇرمىقى كۈمۈشتىن، مېۋىسى ئالتۇندىن، يېلىمى ئەتىردىن بىر خىل دەرەخ بارئىدى. شۇنى سېغىنىپ يىغلايمەن» دەپتۇ. خان بۇنى ئاڭلاپ دەرھال: «ئۇچتۇرپاندىن شۇ خىل دەرەخ ئېلىپ كېلىنسۇن. مۇنداق دەرەخ مېنىڭ بېغىمغا لايىق ئىكەن» دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ئۇچتۇرپاندىكى خىتاي مەنسەپدارلىرى يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇچتۇرپان

هاكىمى رەھمەتۇللا① بەگكە: «جىگدە كۆچىتىنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ پۇقرالارغا كۆتۈرتۈپ، ئۆزۈڭ باش بولۇپ بېيجىڭغا يەتكۈزۈپ خاننىڭ ئىلتىپاتىنى كۆرۈپ قايتقايسەن» دەپ ئەمر قىلىپتۇ. رەھمەتۇللا بەگ نائىلاج بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ، نۇرغۇن پۇقرالارغا جىگدە كۆچىتىنى كۆتۈرتۈپ، خىتاي چېرىكلىرىنىڭ قوغداپ نازارەت قىلىشى بىلەن بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقىپ، تۆت پوتەي يەرگە بارغۇچە ناھايىتى كۆپ جەبىر-جاپا چېكىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ جىگدە كۆچىتى كۆتۈرگەن ھاشارچى پۇقرالار بىرلىشىپ: «جىگدە كۆچىتىنى بېيجىڭغا ئېلىپ بارغۇچە نۇرغۇنلىرىمىز نابۇت بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدىكەنمىز. قارشىلىق كۆرسىتىپ جىگدە كۆچىتىنى ئېلىپ بېرىشتىن قۇتۇلمىساق بولمايدىكەن» دەپ مەسلىھەت قىلىپ، رەھمەتۇللا بەگنى خەۋەردار قىلىپتۇ. رەھمەتۇللا بەگمۇ قوبۇل تۇتۇپ، جىگدە كۆچىتىدىن كالتەك ياساپ، ئالدى بىلەن نازارەت قىلىپ بىللە ماڭغان خىتايلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ، ئاندىن ئارقىسىدىن يېنىپ ھۇجۇم قىلىپ، ئامبال② باشلىق مەنسەپدارلارنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرنى قولغا ئاپتۇ. رەھمەتۇللا بەگ مۇستەقىل ھاكىم بولۇپ توققۇز ئاي ئۇچتۇرپاننى سوراپتۇ③.

---

① رەھمەتۇللا بەگ 1765-يىلى 3-ئاينىڭ 15-كۈنى ئۇچتۇرپاندا پارتلىغان مەشھۇر «جىگدە يېغىلىقى» نىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى. شۇچاغدا، ئۇچتۇرپانغا قومۇل ۋاڭىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئابدۇللا بەگ ھاكىم ئىدى. رەھمەتۇللا بەگ ئۇنىڭ سىپاھلىرىدىن بىرى ئىدى — مۇھەررىردىن.

② شۇ چاغدا ئۇچتۇرپانغا سۇچېڭ ئامبال ئىدى — مۇھەررىردىن.

③ 1765-يىلى 3-ئاينىڭ 15-كۈنى ئۇچتۇرپاندا پارتلىغان مەشھۇر «جىگدە يېغىلىقى» قوزغىلىڭى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ قوزغىلاڭنىڭ جەريانى مۇنداق: 1765-يىلى 2-ئايدا، سۇچېڭ ئامبالنىڭ ئوغلى

بۇ ۋەقە خاقانىي چىن بۇ شەھەرلەرنى بېسىۋېلىپ 17 يىلدىن كېيىن يۈز بېرىپتۇ. بېيجىڭغا خەۋەر بارغاندىن كېيىن خاننىڭ ئەمرى بىلەن لەنجۇنىڭ بۇ تەرىپىدىن ھەددى-ھېسابسىز چېرىكلەر كېلىپ ئۇچتۇرپاننى ئىككىنچى قېتىم قولغا ئېلىپ، مۇسۇلمانلارنى قەتلىئام قىلىپتۇ. ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئادەملەرنى ئۇ تەرىپى قۇمۇل، ئىلىغىچە، بۇ تەرىپى يەكەنگىچە بولغان يول ئۈستىدىكى ئۆتەڭلەردە تۇرۇشلۇق، ئۆتەڭ ساقلاي-دىغان، خەت توشۇيدىغان خىتايلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا تۆت ئۆيلۈك-تۆت ئۆيلۈكتىن تۇتۇپ بېرىپتۇ. ھازىرغىچە شۇ كىشى-لەرنىڭ ئەۋلادى ئۆتەڭلەردە بار بولۇپ، ئۇچتۇرپانلىق دەپ ئاتىلار ئىمىش.

مەن موللا موسا سايرامى شۇ زامانلاردىن قالغان بىرنەچچە كونا كىتاب، قورال-ياراق، ئېگەر-توقۇم، بوقۇسا، لىڭگىرچاق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ۋە بۇ نەرسىلەرنىڭ ۋەقەسىنى سورىسام، كىشىلەر: «رەھمىتۇللا بەگنىڭ قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرغاندا، خىتايلار بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، نەرسە-كېرەكلىرىنى جىنايەتچى قىلىپ يىغىۋالغانىدى. ئەسلىدە

---

بىر دېھقاننىڭ قىزىغا زورلۇق قىلىپ، يامۇلغا ئەپكىرىۋېلىپ، بىر ئايغىچىلىك چىقىرىپ بەرگىلى ئۇنىمايدۇ. 3-ئاينىڭ 15-كۈنى، خاننىڭ يارلىقى بويىچە، 300 تۈڭگە ئورنىتىلغان جىگدە دەرىخىنى ئېلىپ ماڭغان ھاشارچىلار ئۇچتۇرپاننىڭ يامانسۇ دېگەن يېرىگە كەلگەندە بىر دېھقان ماڭالماي قالىدۇ. ھاشارچىلارنى ئېلىپ ماڭغان چېرىك ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. غەزەپلەنگەن ھاشارچىلار ئاكا-ئۇكا رەھمىتۇللا بەگ، ئەبىمىتۇللا بەگلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلىپ، مانجۇ چېرىكلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇنياغا مەشھۇر «جىگدە يىغىلىقى» پارتلايدۇ — مۇھەررىردىن.

ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئوق-دورا ئامبىرىغا ئوت كېتىپ پارت-لىغاندا يوقالغان. بۇلار ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان شۇ نەرسە-لەرنىڭ بىر نەمۇنىسى» دەپ جاۋاب بېرىشتى.

خاقانى چىن ئىلگىرى يەتتە شەھەرنى ئۆزىگە قاراتقان چاغدا، ئۈچتۇرپاننى پايتەخت قىلىپ، ئامبالنى شۇ يەردە تۇرغۇزغان بولۇپ، ئالتە شەھەر ئۈچتۇرپانغا قاراشلىق ئىكەن. رەھمىتۇللا بەگنىڭ قوزغىلىڭى بولغاندا، خاقانى چىننىڭ غەزىپى كېلىپ، ئۈچتۇرپان ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ھەممىدىن كىچىك شەھەر قىلغانىكەن ۋە خان ئامبال يەكەندە تۇرسۇن دەپ يارلىق قىل-غانىكەن. ئۈچتۇرپاندا ئادەم قالماي، تۇرپاندىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ ئاۋات قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاۋۋالقى ئىسمى «ئۈچ» قا «تۇرپان» نى قوشۇپ «تۇرپانلىق كۆچمەنلەر ئولتۇراقلاشقان جاي» دېگەن مەنىدە «ئۈچتۇرپان» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن ھازىرغىچە 200 يىل مىقدارى ۋاقىت ئۆتتى*. ئاللەمنىڭ ھەقىقىي پادىشاھى بولغان ئۇلۇغ تەڭرىم بۇ يەتتە شەھەرنى ئۆزىگە خاس قۇدرىتى بىلەن ھىمايە قىلىپ ئاسراپ مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۈچتۇرپان مۇسۇلمانلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن-دەك ھادىسىلەردىن ساقلىدى.

پۈتۈن دۇنيانىڭ تەربىيەتچىسى ۋە مۇھاپىزەتچىسى بولغان ئۇلۇغ تەڭرىم! ھەر يۇرت، ھەر شەھەر خەلقىنى زالىم پادىشاھ-لارنىڭ غەزىپىدىن، جەبىر-زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جەبىر-زۇلمىدىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن.

بۇرھانىددىن خوجا ئۈچتۇرپاننى قولغا ئالغاندىن كېيىن زۇلۇمنىڭ ئىشىكىنى ئېتىپ، ئادالەتنىڭ دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ،

---

* ئۈچتۇرپان «جەڭگىدە يېڭىلىشى» يۈز بېرىپ، مۇئەللىپ مۇشۇ ئەسەرنى يازغانغا قەدەر ئارىلىقتا 100 نەچچە يىل ئۆتكەن — مۇھەررىردىن.

پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ شەرىئەتىنىڭ راۋاج تېپىشى، پۇقرالارنىڭ تىنىچ-ئامانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار كۆرسەتتى. ھەممە خوجايىنلارغا نىسبەتەن ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتە ئادالەتنى ئۈستۈن قويدى. شۇڭا ھەممىدىن چوڭ ئىززەت-ئابرويغا ئىگە بولدى. ئەمما پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر چۆگىلەپ ئۇشتۇمتۇت نەسلىك يۈز بەردى.

ئۇلۇغ تەڭرىم پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالارغا، ھەشەمەتلىك ئۇلۇغ پادىشاھلارغا ئۆزىگە يېقىنلىق دەرىجىسىنى بېرىپ، شانۇ شەۋكەت ئاتا قىلماقچى بولسا، ئۆزىگە خاس ھېكمەت قۇدرىتى بىلەن ئىلگىرى ياكى كېيىن جۇدالىق، دەرد-ئەلەملەرگە دۇچار قىلىدۇ، جاھاننىڭ ئىسسىق-سوغۇقلىرىنى كۆرسىتىپ، جاپا-مۇشەققەتنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكلىرىنى تېتىتىدۇ، ئاھۇ نادامەتنىڭ لايلىرىغا يۇمىلىتىپ، پۇشايماننىڭ ئوچاقلىرىدا پىشۇرىدۇ. خارلىق ۋە ئېتىبارسىزلىقنىڭ كوچىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن دەرىجىمۇ دەرىجە، بالداقمۇ بالداق ئىززەت ۋە ھۆرمەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئېلىپ چىقىدۇ. ئۆزىگە يېقىنلىق دەرىجىسىنى بېرىپ، بەزىلىرىنى ئۆزىنىڭ دوستى قىلىدۇ (پەيغەمبەر قىلىدۇ)، بەزىلىرىنى پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزىدۇ. ئىززەت ۋە مەرتىۋىسىنى پەلەكتىن ئۈستۈن قىلىپ، ئۇلۇغلۇق سۈپىتىنىڭ سايىسىدە ئەڭ ئالىي دەرىجە ئاتا قىلىدۇ، زۇلۇم ۋە مۇشەققەتنىڭ زىندانىغا گىرىپتار بولغانلارنى دۆلەت سىياسىتىنىڭ نۇرى بىلەن قۇتقۇلدۇرۇپ پەرۋىش ھەم تەربىيەت قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، پۈتۈن پادىشاھلار قوي باقىدىغان پادىچىغا ئوخشاش دېيىلىدۇ. بىر پادىچى ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان قويىنى ئوبدان بېقىپ، ياخشى خەۋەر ئالسا، قويلار كۆپىيىدۇ، پادىچىنىڭ قوي ئىگىسى ئالدىدا مەرتىۋىسى يۇقىرى بولىدۇ؛ ئەگەر ياخشى باقماي بىپەرۋالىق قىلسا، قوي ئىگىسى قويلىرىنى باشقا پادىچىغا بېرىپ ئىلگىرىكى پادىچىنى ھەيدى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ۋېتىدۇ. ھەرقانداق پادىشاھ پۇقرالارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالسا، دۆلىتى زىيادە، مەرتىۋىسى ئۈستۈن بولىدۇ، يۇرت ۋە مەملىكىتى ئاۋات، كەڭرى، باياشات بولىدۇ؛ مۇبادا ياخشى خەۋەر ئالماي بىپەرۋالىق قىلىپ، پۇقرالارنى زالىم ـ قانخور ئەمەلدارلارغا تاشلاپ قويسا، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان ئۇلۇغ تەڭرىم يۇرت ۋە مەملىكەتنى يەنە بىر پۇقراپەرۋەر پادىشاھقا تاپشۇرىدۇ. چۈنكى بىر زالىم مىڭ بۆرىدىن يامان ۋە بەتتەردۇر. يۇرت ۋە مەملىكەت ئادالەت بىلەن ئاۋات ۋە خاتىرجەم بولىدۇ، زۇلۇم بىلەن خاراب ۋە ۋەيران بولىدۇ.

گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، بۇرھانىددىن خوجا ئۇچتۇرپاندا ئۈچ ئاي تۇرغاندىن كېيىن، «قەشـقەردە سىدىقبەگ قىپچاق باش كۆتۈرۈپ قەشقەرنى قولغا كىرگۈزدى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، قەشقەرگە بېرىشنى قارار قىلدى.

5

**بۇرھانىددىن خوجامنىڭ ئوغلى ھامىددىن خوجا بىلەن قەشقەرنى پەتھە قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغانلىقى؛ سادىدلىقتىن سىدىقبەگ قىپچاقنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى ۋە كېيىن قۇتۇلۇپ ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەلگەنلىكى**

بۇرھانىددىن خوجا قەشقەرنى قولغا كىرگۈزۈش مەقسىتىدە جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى* شەھەردىن چىقىپ، چېدىر ـ بارگاھلىرىنى ئوت بېشى دېگەن يەرگە تىكىپ تەييار

* «تارىخى ھەممىدىيە» دە جامادىيەلئاخىر، دەپ ئېلىنغان— مۇھەررىردىن.

بولدى. ئوغلى ھامىددىن خوجىنى غەيرەتلىك، تاللانغان 2000 ئەسكەر بىلەن ئالدىن يولغا سالدى. ئۆزى ئىككى كۈندىن كېيىن 1500 ئەسكەر، مەھرەم ـ خىزمەتچى، ياساۋۇل ـ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن يولغا چىقتى. مەنزىلمۇ مەنزىل يۈرۈپ قارىبۇلاق دېگەن يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، نادان قىرغىزلار نىيىتىنى بۇزۇپ ئالدىنى توسۇشقا ئۇرۇندى، ئەمما جازاسىنى تارتتى.

جامەدىكى جەڭدە جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېچىپ كەتكەن سايىتبەگ قەشقەرنىڭ ھاكىمى بولغان ئاكىسى قۇتلۇقبەگنىڭ قېشىغا بارغانىدى، ئۇ ئاكىسى قۇتلۇقبەگنىڭ مەسلىھەتى، خىتايلارنىڭ يوليورۇقى بىلەن، خوجىلارغا قارشى ئىلىدا تۇرۇشلۇق جاڭجۈندىن ياردەم ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن قاخشال يولى بىلەن كېتىۋاتقاندا، سايىتبەگنى بىرنەچچە قىرغىز تۇتۇۋېلىپ ھامىددىن خوجىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ھامىددىن خوجىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدار، ئەربابلار ئۇنىڭ خۇنىنى تىلەپ تۇرۇۋالدى. ھامىددىن خوجا ئەپۇ قىلىپ سايىتبەگنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، ئۆز قوشۇنىدا تۇتۇپ قالدى، ئەمما ئىسمائىل كاتىۋال دېگەن تەرجىمانىنى تۇغقا قان قىلىپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسلى مەقسىتى بويىچە ئالدىغا قاراپ نۇرغۇن يول مېڭىپ، ئۈستۈن ئاتۇشقا كېلىپ قوندى، ئەتىسى يولغا چىقىپ «بۈگۈن قەشقەرگە كىرىمىز، قۇتلۇقبەگ بولسا ئۆز كۇچالىقىمىز، يۇرتداشلىقىنىڭ يۈز خاتىرى بار. قۇتلۇقبەگ ئۇ تەرەپتىن، بىز بۇ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ سىدىقبەگنى يوقىتىمىز» دېگەن خام خىيال بىلەن كېتىۋاتقاندا، قەشقەر تەرەپتىن كاتتا بىر تۇغ كۆرۈندى. سەپسېلىپ قارىسا نۇرغۇن قوشۇننىڭ كېلىۋاتقانلىقى ئاشكارا بولدى. نائىلاج ئىككى ئوتتۇرىدا ئۇرۇش ـ جەڭ بولدى. ھەر

www.uyghurkitap.com

ئىككى تەرەپتىن بىرمۇنچە ئادەم هالاك بولدى. شۇنداق هالەتتە سىدىقبەگ «خوجاملار بىلەن ئۇرۇشماي، ياخشىلىق بىلەن شەهەرگە باشلاپ كېلىڭلار، نېمە بولسا بولسۇن، ئىسلام ئاچقان غازىلار يۇرتىمىزغا كەلگەن مېھمان» دەپ تەكلىپ قىلغان بولۇپ ئالدىغا كىشى چىقىرىپ، ئىززەت - هۆرمەت بىلەن باشلاپ كېلىپ، ئۇلارنى خۇش هاۋالىق كەگرى بىر باغقا چۈشۈردى. كەڭ زىياپەت بېرىپ مۇلايىملىق بىلەن خىزمەتكارلىق رەسمىيىتىنى بەجا كەلتۈردى. ئەمما خوجاملارنىڭ چېدىر - بارگاھ، ئەسكەرلەرنىڭ ئات - ئۇلاغ، قورال - ياراق، خۇرجۇن - قاچىلىرىنى بىرىنى قويماي يىغىۋالدى، نېمە دېسە شۇنى دەرهال تەييارلاپ ياخشى كۈتۈۋالدى. ئەمما ئۇلارنى ئاتلىنىپ تالا - تۈزگە چىققىلى قويمىدى، كىشىلەر بىلەنمۇ كۆرۈشتۈرمىدى. سىدىقبەگ بىر قېتىم كېلىپ كۆرۈشكىنىچە يەنە كەلمىدى. مۇشۇنداق هالەتتە توققۇز كۈن ئۆتتى. ئاخىر قەشقەرنىڭ ياخشىلىرىدىن بىر نەچچە كىشى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ سۆلھ قىلدى. خوجاملار قەشقەرگە دەخلى قىلمايدىغان، سىدىقبەگ ئاقسۇ تەرەپكە قول ئۇزاتمايدىغان بولۇپ ۋەدىنامە تۈزۈشۈپ ئىتتىپاقلاشتى. خوجاملار بىلەن سىدىقبەگ باشقىدىن كۆرۈشۈپ، ئۇرغۇن گەپ - سۆزلەرنى ئوتتۇرىغا سېلىشىپ، ماقۇل بولۇشۇپ دوستلۇق قائىدىلىرىنى بەجا كەلتۈردى. خوجاملارنىڭ چېدىر - بارگاھلىرىنى بېرىپ، لايىقىدا تون، كىيىم - كېچەك سوۋغات قىلىپ ئۆزرە ئېيتتى. ئەسكەرلەرنىڭ ئات - ئۇلاغ، قورال - ياراق، خۇرجۇن - قاچىلىرىنى بەرگەننىڭ سىرتىدا يول خىراجىتىمۇ بېرىپ، چوڭ يول بىلەن ئاقسۇ تەرەپكە يولغا سېلىپ ئۇزىتىپ قويدى. خوجاملار ئامان - ئېسەن قۇتۇلغىنىغا كۆپ شۈكرى قىلىپ، رەجەپ ئېيىنىڭ يىگىرمە سەككىزىدە ئەسلى چىققان جايى ئۇچتۇرپانغا يېتىپ باردى ۋە قىشنى ئۇچتۇرپاندا چىقاردى. بۇرهانىددىن خوجا يۇرتدارچى-

لىق ئىشىنى ئوغلى مەھمۇدىن خوجىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزدى.

## 6

**بۇرھانىددىن خوجا، ئوغلى ھامىددىن خوجا ۋە سەيىد شەيخ نەزىرىددىن خوجىلارنىڭ يەكەننى پەتھ قىلىش غازىتىغا ئاتلانغانلىقى؛ غەلىبە گۈلى جامالىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، زامان ھادىسىلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىدىن بىر گۈل ئۈزەلمەي ئۆز جايىغا قايتقانلىقى**

ئەزىز بۇرادەرلىرىمىزگە ئاشكارا بولغايكىم، راشىددىن خوجا كۇچادىن شەيخ نەزىرىددىن خوجىنى باش قىلىپ، ھاجى خەزىنىچى بەگ، ياقۇپ دىۋان بېگى، سىددىق مىراپ باشلىق بىر نەچچە بەگلەرنى ھەمراھ قىلىپ، 4000 ئەسكەر بىلەن يەكەننى پەتھ قىلىش غازىتىغا بېرىشقا يارلىق چۈشۈردى.

ئۇچتۇرپاندىن بۇرھانىددىن خوجا، ئوغلى ھامىددىن خوجىلار 2500 ئاتلىق ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپان ئەسكىرى بىلەن قوشۇلۇپ نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ، مارالبېشىغا باردى. مارالبېشىدا 2000 چېرىك بار ئىكەن. بۇلار بارلىق قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ، ئىتائەت قىلىپ بويسۇنىدىغانلىقىنى ۋە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. خوجاملار چېرىكلەرگە شاھادەت كەلىمىسىنى ئۆگىتىپ، مۇسۇلمان قىلىپ قوراللىرىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئامباردىكى ئاشلىقلارنى ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى. يېڭى مۇسۇلمانلارغا ما دالويە ناملىق كىشىنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن مارالبېشىدىن خاتىرجەم بولدى.

خوجاملار ئەمەلدارلىرى بىلەن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، مارال-بېشىدىن ئاتلىنىپ يەكەنگە باردى. يەكەننىڭ بىر تەرىپىدە ئابدۇراخمان ھەزرىتىم ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرىپىدە تۇڭگانلارنىڭ ئىمامى ھۆكۈم يۈرگۈزۈۋاتاتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خوجاملار بىلەن ئابدۇراخمان ھەزرىتىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەڭ-جېدەل بولدى. ئەسلىدىمۇ تۇڭگانلار بىلەن بەزىدە ئىتتىپاق بولۇپ، بەزىدە ئىتتىپاق بولالماي تۇرۇۋاتقانىدى. شۇ ئەسنادا يەكەن بەگلىرىدىن نىيازبەگ دېگەن كىشى بىرنەچچە كاتتا بەگلەرنىڭ نامىدىن، قەشقەردىكى ياقۇپ[1] قوشبېگىنى تەكلىپ قىلىپ نامە يېزىپ ئەۋەتتى. ياقۇپ قوشبېگى خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ نۇرغۇن قوشۇننى باشلاپ، چوڭ ئۈمىد بىلەن يەكەنگە كەلدى. بۇ چاغدا خوجاملار تۇڭگانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئابدۇراخمان ھەزرەتكە قارشى جەڭ قىلىپ بىرنەچچە قېتىم غەلىبە قىلىپ، بىرنەچچە قېتىم مەغلۇپ بولغانىدى. ياقۇپ قوشبېگى ئۇشتۇمتۇت كېلىپلا يەكەن شەھىرىنى ئالدى. بۇنى كۆرۈپ ھامىددىن خوجىنىڭ غەيرەت-شىجائەتلىرى ئۆرلەپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ نۇرغۇن ئادەملەرنى نابۇت قىلدى. ياقۇپ قوشبېگىنىڭ ئەمەلدار، ئەسكەر باشلىقلىرى چىداشلىق بېرەلمەي سېپىل ئۈستىدىن ئات سەكرىتىپ قاچتى. نۇرغۇنلىرىنىڭ پۇتى ۋە بويىنى سۇنۇپ ھالاك بولدى. بىرمۇنچىلىرى زەخمە يەپ مېيىپ، ئەيىبناق بولدى. شەھەرنىڭ بىر دەرۋازىسى بوشراق بولۇپ، شۇ يەردىن ياقۇپ قوشبېگى قېچىپ چىقىپ قۇتۇلدى. قوشبېگى ئۆزى مىنىدىغان قارا ئارغىماق ئېتىنى ئېگەر-جابدۇقلىرى بىلەن ھامىددىن خوجا ئولجا ئالدى. ھامىددىن خوجىنىڭ بۇ جەڭدە نامايان قىلغان غەيرەت-جۈر-

---

① ياقۇپ قوشبېگى — ياقۇپبەگنىڭ ئەسلىدىكى نام-ئەملى.

ئەتلىرىگە خالايىق: «ئانىدىن ئوغۇل تۇغۇلسا، ھامىدىدىن خو-جىدەك بولسا» دەپ ئاپىرىن ۋە تەھسىنلەر قىلىشتى.

خوجاملار تۇككانلار بىلەن بىرلىشىپ يەكەنىنىڭ خىتاي شەھىرىنى ئېلىشقا تىرىشتى. ئەمما شەھەر ئىچىدىكى خىتايلار ھېچكىشىنى باش چىقارغىلى قويماي، كۆرۈنگەننى ئېتىپ نابۇت قىلدى. خىتايلار ئاتقان ئوق ھەرگىز زايە كەتمىدى. مۇسۇلمانلار ئاتقان ئوقنى سېپىلنىڭ خوختىلىرى توسۇۋېلىپ تەگمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئەتراپتىكى باغ - ۋاراڭ، ئېتىز - ئېرىقلاردىكى خاھى مېۋىلىك، خاھى مېۋىسىز دەرەخلەرنى مەجبۇرىي كېسىپ كېلىپ سېپىل بىلەن تەڭ قىلىپ، بىرنەچچە يەرگە پەشتاق باغلاپ ئۈستىگە چىقىپ ئوق ئاتتى. بىرتەرەپتىن لەخمە (ئاكوپ) كولاپ يەر ئاستى بىلەن بېرىپ سېپىلنىڭ ئاستىغا دورا كۆمۈپ پارتلاتتى. بۇنىڭ بىلەن سېپىلنىڭ ئون - يىگىرمە غۇلاچ يېرى پارتلاپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، چېرىكلەر توپا - قۇم تۇشقۇزۇپ تەييارلاپ قويغان تاغارلارنى تىزىپ يەنە بۇرۇنقىدەك ئېگىزلىكتە ئېتىۋالدى. نۇرغۇن مۇسۇلمانلار نابۇت ۋە زايە بولۇپ تەگلىكتەقالدى. لېكىن شەھەر ئىچىدىكى خىتايلارنىڭ ئوق - دورا، ئاشلىق - تۈلۈكلىرى تولا بولۇپ تەگلىك تارتمىدى، بەلكى كۈندىن - كۈنگە تېخىمۇ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا سەككىز ئاي ئۆتتى.

بەزى ئىش كۆرگەن، ئۆتمۈشتىن خەۋىرى بار پاراسەتلىك كىشىلەر، بۇ يەتتە شەھەر خاقانى چىنىغا تەۋە چاغلىرىدا شەھەر-شەھەردىكى ئادەملەرنى تىزىملاپ سانىنى ئالغانىكەن. شۇ ھېسابتا يەكەن 32 مىڭ نوپۇس، ئاقسۇ 6000، كۇچا 3000، قەشقەر 16 مىڭ، خوتەن 22 مىڭ نوپۇس ئىكەن. يەكەندىكى خىتايلارمۇ 32 مىڭ بەلكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك مۇسۇلمانلارنى نابۇت قىلىپ ئاندىن ئۆزلىرى ھالاك بولدى، دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ رىۋا-

يەت ھەقىقەتەن راست بولۇپ، ئىشەنمەك لازىم.

گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى، خىتايلار ئىلاجسىزلىقتىن تەسلىم بولۇپ، شەھەر پەتھ بولدى. ئامباردىكى ئاشلىق ۋە ئوق - دورىلار مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشتى. تەبرىك ۋە تەنتەنە ئاۋازلىرىدىن قۇلاقلار پۈتۈپ كەتتى. ناغرا - دۇمباق، سۇناي - كانايلارنىڭ شادىيانە سادالىرى پەلەككە يەتتى. ئەمما يەنىلا تۈگىگىنى يوق بىلەن پۈتۈشەلمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئابدۇراخمان ھەزرەت، يەكەندىكى باشقا ھەزرەت ئىشانلار، قاغىلىقتىكى جامالىددىن خوجا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يەكەن ھاكىمىيىتىنى ئۆز قولىغا ئېلىشنى تەمە قىلغانلىقتىن، ئۆزئارا مۇرەسسەگە كېلەلمەي ئىتتىپاق-لىشالمىدى. خوجاملار يەكەننى ئىدارە قىلىپ ئۆز قولىدا تۇتالمىدى.

يەكەندىكى مىرغىياسىددىن ئىشاننىڭ نەۋرىلىرىدىن بولغان مىرزاجان ھەزرەتنى بۇرھانىددىن خوجا، ئابدۇراخمان ھەزرەت-تىن قاچۇرۇپ مەخپىي ئۇچتۇرپانغا ئەۋەتتى. ئۇنداق قىلمىسا ناھەق خۇن تۆكۈلۈشنىڭ ئېھتىمالى بار ئىدى.

شۇ چاغدا ئۇزۇندىن بېرى كوھىستان تەرەپتە ياشاپ كەلگەن مۇھەممەد ئېلىخاننىڭ ئوغلى مۇزەپپەرخان، بۇ تەرەپ-تىكى ئىتتىپاقسىزلىق ۋە پاراكەندىچىلىكنى ئاڭلاپ ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، ھاكىمىيەت تەمەسى بىلەن كەشمىردىن چىقىپ، تىبەت داۋىنى ئارقىلىق يەكەنگە كەلەي. ئۆزىنىڭ نام - نەسەب-لىرىنى ئاشكارا قىلغاندىن كېيىن ھەممە ئاڭا ئىززەت - ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرۈپ، لايىقىدا جاي، ئورۇن - دەرىجە، مائاش - تەمى-نات بەلگىلىدى. ئەمما مۇزەپپەرخاننىڭ ھەرىكىتى باشقىچە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇرھانىددىن خوجا «بىزنىڭ ئۇلۇغىمىز كۇچادا، كۇچاغا بېرىپ كۆرۈشۈپ، شۇ كىشىنىڭ يارلىقى بويىچە ئىش قىلىسىلا» دەپ ئادەم قوشۇپ كۇچاغا يولغا سالدى. كۇچاغا بارغاندىن كېيىن راشىددىن خان خوجا، مۇزەپپەرخاننىڭ ئىز-

زەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىپ قوبۇل قىلدى. ئورۇن ـ ۋەزىپە تەيىن-
لەپ، مۇناسىپ جايدىن خوتۇن ئېلىپ بىرىپ، ئۇنى خۇشال-
خۇرام قىلدى. ئۇ كۆڭلى خالىغان يەرلەردە ئويۇن ـ تاماشا
قىلىپ بىرنەچچە كۈن تۇردى. ئاندىن «كورلىغا بارسام» دەپ
رۇخسەت ئېلىپ كورلىغا كەتتى. ياقۇپ قوشبېگى كۇچانى ئال-
غاندا، كورلىدىن تۇرپانغا كەتتى. مۇزەپپەرخانىنىڭ باشقا ۋەقەلىرىنى
كېيىنكى بابلاردا سۆزلەيمىز.

ئاقۋەت خوجاملار تۇڭگانلار بىلەن ئىتتىپاق بولالماي،
يەكەننى قولىدا تۇتۇپ تۇرالماي ئۆز جايلىرىغا قايتىپ كەتتى.
بۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق ئىدى: يەكەندە تۇڭگانلاردىن 25
مىڭ كىشى بار ئىدى. شۇڭا خوجاملار: «ئاز ئادەم بىلەن
كەپتۇق، ياخشىسى پۇختا تەييارلىق قىلىپ كۆپ ئادەم بىلەن
كېلىشىمىز لازىم ئىكەن» دەپ ئويلىدى. يەنە بىرى نەزىردىدىن
شەيخ خوجىنىڭ مىجەزى تۇرالغۇسىز، تۇتالغۇسى يوق، يېنىك
تەبىئەتلىك بىر كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى «ئەمىر
تېمۇر كوراگان ئىككىنچى» چاغلاپ يەكەندىكى ھەزرەت، ئىشان
ۋە تۇڭگانلارنىڭ باشلىقلىرىنى، يۇرتىنىڭ ئىسىل ـ ئابروي-
لۇق كىشىلىرىنى كۆزگە ئىلماي ئادەم ئورنىدا كۆرمىدى.
بۇرھانىدىدىن خوجا بولسا كۆڭلى يۇمشاق، خۇش خۇي، خۇش
خۇلق كىشى ئىدى.

### نەزم

ئەگەر پادىشاھ بولسا مۆلايىم سۇخەن،
كى مۇشكۇلنى ئاسان ئەيلەگەي ھاپىز ھەي*.

* پادىشاھ مۆلايىم، يۇمشاق سۆزلۈك بولسا، تەڭرى ئۇنىڭ
قىيىن ئىشلىرىنى ئاسان قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ٣

**سەيىد جامالىددىن خوجامنىڭ يەكەن بىلەن قەشقەرنى قولغا كىرگۈزۈش ھەۋەسى، يەنى بىر ئوق بىلەن ئىككى كىيىكنى ئوۋلاش نىيىتى بىلەن يۈرۈش قىلغانلىقى؛ بىردىنى قولغا كىرگۈزۈپ يەنە بىرىگە قەدەم قويۇشى بىلەن ھەر ئىككىسىلا قولدىن چىقىپ كېتىپ، باشقا بىر چەۋەنداز ئۇۋچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى؛ نەتىجىدە مەيۇس بولۇپ ئۆز جايلىرىغا قايتىپ كەتكەنلىكى**

دوستلارنىڭ پاك قەلبى ۋە روشەن مۇلاھىزىلىرىدىن مەخپىي قالمىغايكىم، خوجاملار يەكەننى ساقلاپ قالالماي يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاقسۇنىڭ ھاكىمى سەيىد جامالىددىن خوجىنىڭ ھىممەت ۋە قەھرىمانلىقى قايناپ، غەيرىتى جۇش ئۇرۇپ:

— ئۆزۈم ئاتلىنىپ بېرىپ يەكەن ۋە قەشقەرنى پەتھ قىلىپ، ياقۇپ قوشبېگى دېگەننى تىرىك تۇتۇپ باغلاپ، بېشىغا ئىنسان كۆرمىگەن خارلىقلارنى سېلىپ، ئەتىۋارىنى قويماي، ئېتىمىنىڭ تۇمشۇقىدا ھەمىشە پىيادە ئېلىپ يۈرمىسەم نىزامىددىن خوجىنىڭ ئوغلى بولماي قالاي، — دەپ ئاچچىق، يامان سۆزلەر بىلەن قەسەم ئىچتى. ئۇنىڭ ھەممە دۆلەت ئەركانلىرى ۋە خۇشامەتچىلەر «ۋاي شۇنداق بولماي، يۇرتىدىن قېچىپ كەلگەن يالىڭاچ بۇلاڭچىنىڭ نېمە ئەتىۋارى بولسۇن» دەپ، ھەددىدىن زىيادە خۇشامەت قىلىپ ئاشۇرۇۋەتتى. قىشچە ئەسكەر، قورال - ياراق تەرەددۇتى، ئوزۇق - تۈلۈك، ئات - ئۇلاغ غېمى بىلەن باھارغا ئۇلاشتى.

يەردىن كۆك چىقىپ باھار باشلانغان مەۋسۇمدە جامالىددىن خوجا ئۆز ئورنىدا ئىنىسى جالالىددىن خوجىنى ۋاقىتلىق

ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، يەكەن تەرەپكە ئاتلىنىشنى قارار قىلدى.
بۇچاغدا كۇچانىڭ ئۇلۇغ پېشىۋاسى 50 يىل ئەلەملىك مەنسەپنى قولىدا تۇتۇپ، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن سىدىق خوجا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ باشچىلىقىدا كۇچا، شايار ئەسكەرلىرى يېتىپ كەلدى. بۇرھانىددىن خوجا ۋە ھامىددىن خوجىلار ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئۈچتۇرپاندىن كەلدى.
ئاقسۇدىن موللا باقى مۇپتى ئاخۇنۇم، قاسىم قازىبەگ، باقەش مىراپ، مۇھەممەد شىرىپ ئۆتەڭ بېگى، سابىر مىراپ؛ كۇچا بەگلىرىدىن ھاجى خەزىنىچى بەگ، ياقۇپ دىۋان بېگى، موللاش مىراپ؛ ئۈچتۇرپان بەگلىرىدىن ئاقبەگ، مۇسابەگ، قۇربان مىراپ قاتارلىق كارغا يارايدىغان، ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، ۋۇجۇدىدا ھىممەت ۋە غەيرىتى بار بەگ ۋە بەگزادىلەرنى ھەمراھ قىلىپ يەكەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلدى. قوشچى، پىلتىرچى، بازارچىلاردىن باشقا نوقۇل ئەسكەرنى 26 مىڭ، دەپ رويخەتكە ئالدى.
خوجاملار يولغا چىقىپ تۇرغۇن يوللارنى بېسىپ، يەكەن شەھىرىگە ئۈچ مەنزىل قالغاندا، يەكەننىڭ ۋالىي ئالىيلىرى، ھەزرەت ۋە تۆككانلارنىڭ ئىساملىرى، ئۆلىما ۋە پازىللىرى، چوڭ - كىچىك پۇقرالىرى سوۋغا - سالاملار بىلەن ئالدىلىرىغا چىقتى. يۈزلىرىنى خوجاملارنىڭ غالىب ئۇزەڭگىلىرىگە سۈرتۈپ، قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ، تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا ئاجىز ۋە بىچارىلىكىنى شەپى كەلتۈرۈپ، خوجام پادىشاھلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن، دۆلىتىنىڭ زىيادە بولۇشىغا ئايەتلەر ئوقۇپ، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ خىجالەتچىلىك تەرلىرىنى ئاققۇزۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى قىلغان ئىشلىرىنىڭ پۇشايمىنىغا غەرق بولۇپ تۇرغان چاغدا، خوجاملار پادىشاھلارچە ئىنئام، سېخىيلارچە مەرھەمەت-

لىرىنى كۆرسىتىپ، ھەممىسىنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىپ، دىل-كەشلىك بىلەن خۇشال-خۇرام قىلدى. ئاندىن كانتا داغ-دۇغا، ھەشەمەت بىلەن يەكەن شەھىرىگە كىرىپ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى. خاھى تۇڭگانلار، خاھى ھەزرەت ئىشانلار، خاھى باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ بىرەر نەرسە دېيىشكە ھەددى بولمىدى. پۈتۈن ئەمەلدار، مەنسەپدارلار ئىتائەت كەمىرىنى بېلىگە مەھكەم باغلىدى. ناغرا-دۇمباق، كاناي-سۇنايلارنىڭ ساداسى، گۇرۇھ-گۇرۇھ، توپ-توپ بولۇپ تەبرىك-لەشكە كەلگەن خالايىقلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭ غۇۋغاسى پەلەكتىن ئاشتى. خوجام پادىشاھ ئىنئام-ئېھسان ۋە سې-خىيلىقىنىڭ ئىشىكىنى يوغان ئاچتى. ئادالەتنىڭ قانىتىنى كەڭ يايدى. نەتىجىدە قوي بىلەن بۆرە بىر كۆلچەكتە سۇ ئىچتى. لاچىن بىلەن كەپتەر بىر جايغا ئۇۋا تۇتتى. ئىنسان گۇرۇھى ھەتتا پۈتۈن مەخلۇقات ئارىسىدىمۇ ئىتتىپاقسىزلىق، دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت تۈگىتىلىپ، دوستلۇق ۋە مۇھەببەت، ئىشەنچ ۋە ساداقەتنىڭ قائىدىلىرى قۇياشقا ئوخشاش نۇر چاچتى. مۇشۇ يول بىلەن ھەممىنى خۇشال-خۇرام، خاتىرجەم-باياشات، پاراۋان، بىغەم قىلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى نىشانى ۋە مەقسىتى قەش-قەرنى پەتھ قىلىش بولغانلىقتىن، يول راسخوتى تەييارلاش كويىغا چۈشتى. يەكەن ۋىلايىتىدىن نۇرغۇن ئەسكەر توپلاپ ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە قەشقەرگە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى.

يەكەننىڭ ھۆكۈمىتىنى كۈچالىق سىدىق خوجا ئەلەم ئاخۇنۇمغا تاپشۇرۇپ، مەملىكەت ئىشىنىڭ پۈتۈن ئىختىيارىنى بەردى. قەشقەرگە بېرىشقا تەييارلانغان خاھى مۇسۇلمان، خاھى تۇڭگان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى تىزىملاپ رويخەتكە

ئالدى. قوشچى، پىلتىرچى، بازارچىلاردىن باشقا 72 مىڭ لەشكەر، چەۋەندازنى ساناق ۋە ھېسابقا ئالدى. ياخشى پەسىل ۋە ئوبدان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پىل قۇيرۇقى بولۇپ ئاتلىنىپ، يەكەن شەھىرىدىن چىقىپ، چېدىر - بارگاھلىرىنى قەشقەر يولىغا تىكتى.

ئەسكەرلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن پوش - پوش ئاۋازى، كوچا-بازارلاردا تاماشا قىلغۇچىلارنىڭ غوۋغاسى، ئەسكەرلىككە ماڭغان-لارنىڭ ئۇزىشىپ خوشلاشقان ۋاراڭ - چۇرۇڭى، كاناي - سۇناي، ناغرا - دۇمباقلارنىڭ ساداسى، نەغمىچىلەرنىڭ ساز - مۇقام، ناخشا - غەزەللىرىنىڭ ئاھاڭلىرى، ئەسكەرلەرنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئايىغىدىن چىققان توپا - تۇپراقنىڭ چاڭ - توزانلىرى پەلەككە ئۆرلىدى. كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆزلىرى كۆرمەس، ئىشىتكۈچىلەرنىڭ قۇلىقى ئاڭلىماس بولدى. ئەقىل - ئىدراكتىن تاشقىرى ھەشەمەتلىك داغدۇغا ھاسىل بولۇپ، گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك بىر مەنزىرە پەيدا بولدى. خوجاملار دەۋرىدە مۇنداق كۆپ ئەسكەر جەم بولۇپ ئاتلانغان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن-مۇ بولمىدى.

ھەممىنى ياراتقۇچى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ قۇدرەت ئىنايىتى بىلەن جامالىدىن خوجا ئىسپان شەمشىرىنى ئېسىپ، رەڭگا-رەڭ تون - سەرۇپايلارنى كىيىپ، پادىشاھلىق تاجىنى بېشىغا قويۇپ، ياخشى ئارغىماق ئاتقا مىنىپ، تولۇق جابدۇنۇپ، نۇر-غۇن تەبرىك، مەدھىيە - ماختاش سادالىرى ئاستىدا مەخسۇس تەييارلانغان شاھانە - بارگاھلىرىغا كېلىپ چۈشتى.* بۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرۇپ، چوڭ - كىچىك ئەسكەرلىرىگە قەدىر -

* ھىجرىيىنىڭ 1283 - يىلى جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ 2 - كۈنى يەنى مىلادى 1865 -، 1866 - يىللىرى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى،

ئەھۋال خىراجەت، ئۆز لايىقىدا كىيىم ـ كېچەك بېرىپ، ئۇچىنـ
چـى كۈنى كۆزلىگەن نىشانغا قاراپ ئاتلاندى. ئاستا ـ ئاستا
مېڭىپ خانئېرىق يېزىسىغا كېلىپ چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تىكىپ
چۈشتى. ئەسكەرلەرنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىنى تەكشەپ ۋە دەڭسەپ
كۆرۈپ مۇلاھىزە قىلدى: «ياقۇپ قوشبېگى مۇنداق نۇرغۇن
قوشۇن كەلگەنلىكىنى بىلسە ھەرقاچان قەشقەر ئىقلىمىدا بىر ـ
دەممۇ تۇرماي قېچىپ، ئۆزىنى تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە كۆرىدۇ،
لېكىن قەشقەر خەلقى ئاتنىڭ ئايىغىدا قالىدۇ» دەپ ئەسـ
كەرلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە تەمەننا قىلدى. «قەشقەرنى ھايال بولـ
مايلا ئالىمىز» دېگەن خىيال بىلەن ئەنجانلىقلار بىلەن قىرـ
غىزلارنى بەنت قىلىپ باغلىغىلى تـۆت ھارۋا كىشەن، زەنجىر
ئېلىپ كەلدى. ئەمما ئاللەمنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ تەڭرىنىـ
نىـڭ قۇدرىتىگە ئىـشىنىـش ۋە يـۆلىنىشنى ئۇنتۇدى. بۇ
توختالغۇسى يوق پەلەك ئۇنى ئويلاشقا يول قويمىدى. مۇنداق
ئۇچىغا چىققان ھەشمەت ۋە داغـدۇغـىنىڭ زاۋاللىققا يۈز
تۇتىدىغانلىقىنى بىلمىدى.

شۇ ئەسنادا يېڭىسار تەرەپتىن ئۇشتۇمتۇت چوڭ تۇغ
نامايان بولدى. تۇغنىڭ ئارقىسىدا ئەلەم ـ بايراق كۆرۈندى.
قارىسا، ياقۇپ قوشبېگىنىڭ قوشۇنى كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولـ
دى. ئەتراپقا قويغان قاراۋۇل خەۋەرچىلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن
كېلىپ، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى مەلۇم قىلىپ، يۇقىرىقى مۆلچەرـ
نىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلىدى. جامالىددىن خوجا ئۆز ئەسكەرـ
لىرىنى كۆپ، ياقۇپ قوشبېگىنىڭ قوشۇنىنى ئاز دەپ قاراپ،
ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ بىرمۇنچىسىنى سول تەرەپكە بۇيرۇپ:

— ئەجدىھاغـا ئوخشـاش ئىككى تـەرەپتىن تەڭ باش
تارتىپ يۇمىلاق چەمبەر بولۇپ، ياقۇپ قوشبېگىنىڭ قوشۇنلىرىـ
نى ئوتتۇرىغا ئېلىپ تاش سېپىلدەك قاتتىق قورشاڭلار، ھەرـ

قانداق ئادەم قولغا چۈشسە تىرىك تۇتۇپ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق بېرىپ، ئۆز كۆڭلىدە غەم - ئەندىشىسىز خاتىرجەم بولۇپ، چېدىر - بارگاھلىرىدىن چىقمىدى. دەرۋەقە خوجىلارنىڭ ئەسكەرلىرىگە قارىغاندا، ياقۇپ قوشبېگىنىڭ قوشۇنى تولىمۇ ئاز ئىدى. ياقۇپ قوشبېگىنىڭ قوشۇنىنى ئاسماندىكى ئۈركەرگە مىسال قىلسا، خوجىلارنىڭ ئەسكىرىنى يەتتە قەۋەت ئاسماندىكى پۈتۈن يۇلتۇزچە بار، دەپ پەرەز قىلسا بولاتتى. مۇشۇ چاغدا، كولاپنىڭ ئۇلۇغى ھەمراخان دېگەن كىشى 250 زەبەردەس پالۋان ئەسكەرنى قورال - ياراقلىرى بىلەن ئېلىپ ياردەمگە كەلسە، خوجاملار، بىزگە غەيرىي يۇرتنىڭ ئادەملىرى كېرەك ئەمەس، دەپ قوبۇل قىلمىدى. ھەمراخان نائۈمىد بولۇپ قايتىپ بېرىپ ياقۇپ قوشبېگىگە قوشۇلدى.

ياقۇپ قوشبېگى خوجاملارنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپلۈكى، ئۆزلىرىنىڭ ئاز ۋە ئاجىزلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ تەڭرىگە تەۋەككۇل قىلدى. قەيەردە غېرىب - مۇساپىر بولسا، دۇئاسىنى ئېلىپ تەڭرىگە سېغىندى. خوجاملارنىڭ ئەسكەرلىرى ئوڭ ۋە سولغا بېرىپ سەپلىرىنى راسلاپ بولغۇچە، ياقۇپ قوشبېگىنىڭ قوشۇنىدىن ئابدۇللا پانسات ناملىق بىر باتۇر ئۆز يىگىتلىرى بىلەن ئۇشتۇمتۇت ئاسماندىن چۈشكەن بالادەك، خوجاملارنىڭ چۇۋالچاق، تەرتىپسىز ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن غازىبېك پانسات، ئېزىزبەگ ۋە چاپارمەنلەر سول تەرەپكە ھۇجۇم قىلدى. ئىككى ئوتتۇرىدا ئۇرۇش - جەڭلەر ئەۋجىگە چىقتى. ئارقىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئاتقان توپ - زەمبىرەكلىرىمۇ ياقۇپ قوشبېگىنىڭ قوشۇنىنى توسۇۋالالمىدى. ئاقىۋەت خوجاملارنىڭ ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي «جەڭدە تەڭ كېلەلمىسە ئارقىغا چېكىنىش، پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتى»

www.uyghurkitap.com

دىگەن مەشھۇر سۈرىنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق توپ ـ زەمبىرەك، قورال ـ ياراق، ئوزۇق ـ تۈلۈك، چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تاشلاپ، بىر ئات، بىر قامچا بولۇپ، ئاقسۇ يولىغا قاراپ قاچتى. «خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن ئازچىلىقمۇ كۆپچىلىك ئۈستىدىن غەلىبە قازىنالايدۇ» دىگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ ۋەقەدە ئەينەن ئاشكارا بولدى.

### پارچە

پاراكەندە لەشكەر قولىدىن ئىش كەلمىگەي،
ئىككى يۈز جەڭچى مەردانە ياخشىراق يۈز مىڭدىن.

دىمەك، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، شايار، يەكەننىڭ ئىككى يىللىق خىراجىتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قان ـ تەرى بىلەن تەييار بولغان نۇرغۇن قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورىلار بىلەن شۇنچىلا ئەسكەر ئىككى سائەتلىك جەڭگە بەرداشلىق بېرەلمەي توزغاقتەك توزۇپ كەتتى.

### رۇبائى

خۇدايىمكىم ئېرۇرلەر مالىكۇلمۇلك،
كى ھەر كىمگە بەرسە تۇتىيەلمۇلك.
نە ھەد بولغاي كىشىگە مۇلك ئالماق،
شەھىنشاھى كى ئولدۇر تەنزىئۇلمۇلك*

* تەڭرى پۈتۈن ئالەمنىڭ پادىشاھى. ئۇ پادىشاھلىقنى خالىسا بىراۋغا بەردى، خالىسا بىراۋدىن ئالدى. بەندىنىڭ مەملىكەتنى ئېلىپ پادىشاھ بولىشى مۇمكىن ئەمەس.

خوجاملار ياقۇپ قۇشبېگىنى ئاجىز كۆرۈپ نېمىلەرنى دېگەن بولسا، ئۆز باشلىرىغا يېنىپ بالا بولدى. «ئۇورىنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشىدۇ» دېگەن ھەدىس بۇ ئىشلارغا دەل مۇۋاپىق كەلدى. بىر مۇنچە ئادەملەر ئۆلۈپ نابۇت بولدى. نەچچىسى ئەسىر چۈشتى. نۇرغۇنلىرى ئات ـ ئۇلاغ، ئىككى ئاياغلىرىدىن ئايرىلىپ، يالىڭاچ، سۇسىز، تاماقسىز، چۆل ـ جەزىرىلەردە ئاچ ـ زار بولۇپ ھالاك بولدى؛ بەزىلىرى ئاران ـ ئاران جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆز يۇرتلىرىغا ئۇلىشىۋالدى. بۇ كۈنى خوجاملارغا گويا قىيامەت ئاشكارا بولغان-دەك بولدى. ئۇلار جانلىرىدىن بىزار بولۇپ، چۈشى ياكى ئوڭى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي، بەڭ چېكىپ بېشى ئايلانغان بەڭگىدەك، كۆكنار سۈيى ئىچىپ خىيالغا كەتكەن كۆكنار ـ چىلاردەك كۆڭۈللىرى پەرىشان، تىللىرى كېكەچ، ئۆزلىرى مالال بولۇپ، جانلىرى تۇمشۇققا كېلىپ، ئۆز قارارگاھلىرىغا يېتىپ باردى. پەلەكنىڭ سېھىرگەرلىكى، زاماننىڭ تەتۈرلۈكى، رەڭۋاز-لىق ھۈنىرىنى ئاشكارا قىلدى.

سەيىد ئەلەم ئاخۇنۇم پايتەخت يەكەندە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. خانىېرىقتىن قېچىپ بارغانلاردىن بولغان ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولالماي «قەشقەرگە بارىمەن» دېگەن باھانە بىلەن يەكەندىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. بىر قېتىمدا ئىككى چوڭ شەھەرنى بىكارغا بەردى. قەشقەرنى ئالىمەن، دەپ يەكەندىن قۇرۇق قالدى.

نەزم

خۇدا بەرگەنگە سەن ھەرگىز ئۆچەشمە،
ئاتا ئەيلەپ ئۆزى بەردى خۇداۋەند.*

* تەڭرى بەرگەنگە غىدىلىڭ ـ پىدىلىڭ قىلما، چۈنكى تەڭرى ئۆزى بىلىپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

تۇڭگانلار ئۇكەرگە ئوخشاش توپ بولۇۋېلىپ، تا نامازشام ـ غىچە مىلتىق، توپ ـ زەمبىرەكلەردىن ئوت ئېچىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. تولا ئادەملەر نابۇت بولدى. ياقۇپ قوشبېگىنىڭ يوتىسىغا ئوق تېگىپ هۇجۇم قىلىشتىن توختاپ قالدى. ئاقىۋەت تۇڭگانلار بىلەن سۈلھ ـ توختامنامە تۈزۈپ قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ، توپ ـ زەمبىرەكلىرىنى ئايرىپ قېلىپ، هەر بىرىگە ئۆز لايىقىدا تون ـ سەرۇپاي، سوۋغا ـ ئەمەللەر بىرىپ، ئۆزىگە تەۋە ۋە رام قىلىپ قايتۇردى. ياقۇپ قوشبېگى چېدىر ـ بارگاھ، ياراق ـ ئەسلىهە، خەزىنە ـ دەپىنە، شاهانە كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نۇرغۇن مال ـ مۈلۈكلەرگە ئىگە بولۇپ، خۇشال ۋە پاراۋان بولدى.

نەزم

هەرچە خالىق خالىغانىن ئول بولۇر،
ئانچە مەخلۇق خالىغان قايدا بولۇر.①

8

بۇرهانىددىن خوجامنىڭ ۋۇجۇد بېغىنىڭ غۇنچە نەۋباهارى، كۆكۈل سەدىپىنىڭ دۇررى مارجانى يەنى مەهمۇددىن خوجام پادىشاهنىڭ هۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەهۋالى؛ مەن كەمىنە ② نىڭ سەرگۈزەشتلىرى؛ غەيرىي سۈلۈكتىكى③ گۇرۇهلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى

هۆرمەتلىك دوست ۋە بۇرادەرلەرنىڭ روشەن كۆكۈللىرىدىن

---

① تەڭرى نېمىنى خالىسا شۇ بولىدۇ، بەندىنىڭ خالىغىنى بويىچە بولمايدۇ.

② مەن كەمىنە — ئاپتور ئۆزىنى دېمەكچى.

③ سۈلۈك — يول، سوفىزمنىڭ تارماق مەزهەبى.

مەخپىي قالمىغايكى، بۇرھانىددىن خوجام كىچىك ئوغلى مەھمۇددىن خوجامنى ئۆز ئورنىدا ئۈچتۇرپاننىڭ ھۆكۈمرانى قىلىپ، ئۈچتۇر-پاننىڭ ئىلگىرىكى ھاكىمى توختىبەگ ۋە كۇچالىق تەلەي دادخاھنى ئۇنىڭ خىزمىتىدە قويدى.

مەھمۇددىن خوجام ئۈچتۇرپان ھۆكۈمىتىنىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن «ئىسلام ئۆتكەن ئىشلارنى تەكرارلىمايدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق ئىلگىرىكى مەنسەپدار، زالىم ئەمەلدارلارنىڭ قائىدىلىرىنى يوق قىلدى، خاھى پادىشاھلىق قائىدىسى، خاھى يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدا شەرىئەت ھۆكمى بويىچە ئىش ئېلىپ باردى. ئۈچ يىل بىر ئاي ئۆتكۈچە ھېچكىم دەخلى قىلالمىدى. مەھمۇددىن خوجام ھەممە خوجىلاردىن ياشتا كىچىك بولسىمۇ، پەم-پاراسەتتە، ئىلىم-دىيانەتتە ۋە پەزلى-كامالەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن ئىدى. ئۈچتۇرپاندا ئۇزۇندىن بېرى كاپىرلارنىڭ قائىدە-قانۇنى، زالىم بەگلەرنىڭ رەسىم-يوسۇنلىرى جارى بولۇپ، «سۆھبەتدىشىڭ قانداق بولسا سەنمۇ شۇنداق بولىسەن» دېگەندەك، ئەل ئارىسىدا يامان ئىشلار ئەۋج ئېلىپ، ياخشى بىلەن يامان پەرقلەندۈرۈلمىگەنىدى. مەھمۇددىن خوجام خالايىقنىڭ قەلبىگە ئورنىشىپ كەتكەن يامان ئىشلارنى تازىلاپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرىنى تىكىپ ئولتۇرغۇزۇپ، سىياسەت شەمشىرىنىڭ سۇ ۋە تۇپرىقى بىلەن پەرۋىش قىلىپ كۆكەرتىپ، گۈل-گۈلىستان قىلدى. دېمەك، «جەننەت — قىلىچنىڭ سايىسىنىڭ ئاستىدا» دېگەن ھەدىسنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى. شەھەر-سەھرالاردىكى مەسچىتلەرگە ئىمام، مەزىن تەيىنلەپ، بەش ۋاق نامازنى جامائەت بىلەن ئادا قىلدۇردى. ئىسلام شەرىئەتلىرىنى كىتاب ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرى، ساھابىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىگە مۇۋاپىق جارى قىلىپ، ھېچقانداق

www.uyghurkitap.com

كىشىگە يۈز - خاتىر قىلمىدى. ھەتتا قىمارۋاز، كەپتەرۋاز، توخۇمباز قاتارلىق ھەممە يامان ئىش قىلغۇچىلارنى مەنئى قىلىپ يوقاتتى. ئەمما ئۆزى شەترەنجى (شاھمات) باز ئىدى. ھەر بىر ئىشنى شەرئەت ھۆكمى ۋە پۇقرالارنىڭ خاھىشى، رايى بويىچە ئادا قىلغانلىقى ئۈچۈن چوڭ - كىچىك ھەممە ئۇنىڭدىن رازى ۋە خۇشال ئىدى.

مەن كەمىنە مۇئەللىپ① مەھمۇدنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇرۇپ - قوپۇشتا دائىم بىللە بولىدىغان سىردىشى ۋە ئۈلپەتدىشى ئىدىم. خاھى ئۆلىما، خاھى پازىل، خاھى ھاكىم، خاھى دادخاھ ② بولسۇن، مېنىڭ مەسلىھەتىمسىز بىر ئىش قىلالمايتتى. چۈنكى مەن كۈچادا مەھمۇدنى خوجام بىلەن بىر مەدرىس، بىر ھۇجرىدا يەتتە - سەككىز يىل بىللە يېتىپ قوپقان ھەم قۇرداش③، ھەم ساۋاقداش ئىدىم.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۈچتۇرپانلىق باي مۇھەممەد قازىبەگ مېنى ئىپتارغا تەكلىپ قىلدى ھەم:

— ئىپتار قىلىپ بولۇپمۇ قونۇپ ئەتىسى قايتىپ كەتسىلە، پادىشاھتىنمۇ شۇنداق رۇخسەت ئالسىلا، — دەپ تەكىتلىدى.

باي مۇھەممەد قازىبەگنىڭ ھويلىسى شەھەرنىڭ سىرتىدا ئىدى. چۈنكى مەن پادىشاھتىن رۇخسەتسىز بىرەر كېچە باشقا يەردە قونۇپ قالالمايتتىم. بۇنىڭ سەۋەبى پادىشاھلىق ئوردىدا بەش ۋاق نامازغا ئىمام، جۈمە نامىزىغا خېتىپ ئىدىم. پادىشاھنىڭ ھەممە مەخپىي گەپ-سۆز، خەت - ئالاقىلىرىگە سىرداش ئىدىم. ئوردىغا كىرىدىغان توققۇز قاراۋۇل (پوس) غا

① مۇئەللىپ — مۇشۇ كىتابنى يازغان ئاپتور.
② دادخاھ — سوتچى، سوراقچى، كىشىلەرنىڭ دادىغا يەتكۈچى.
③ قۇرداش — تەڭ ياشلىق، بىر دېمەتلىك.

مەن مەسئۇل ئىدىم. مېنىڭ رۇخسىتىمسىز ھېچقانداق كىشى قاراۋۇلدىن ئۆتەلمەيتتى.

مەھمۇدىن خوجا پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغاندا مۆھۈر ئويدۇرۇش لازىم بولۇپ، مۆھۈرگە ئويىدىغان سۆزنى ھەركىم ھەر نەرسە دەپ «سەجئى»① قىلدى. شۇ قاتاردا مەنمۇ:

يافەت ئىززەت زى ھەزرىتى مەئبۇد،
ئىبنى بۇرھانىددىن خوجا مەھمۇد②.

دەپ «سەجئى» قىلدىم. ئاخىر يازغىنىم ياراپ قېلىپ قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مېنى مۆھۈر ئويدۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى. مەن مۆھۈرئويغۇچىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ ئويدۇرۇپ تەييار قىلدىم. مېنىڭ بۇ خىزمىتىم ناھايىتى ئەرزىگەنلىكتىن مەھمۇدىن خوجا تولىمۇ خۇرسەن ۋە خۇشال بولدى. مېنى مۆھۈردار يەنى مۆھۈر تۇت-قۇچى قىلىپ بەلگىلەپ مۆھۈرنى ماڭا تاپشۇردى. ھەرقانداق يارلىق، ئەمر-پەرمان، قانۇن-دەستەكلەرنى ماڭا تاپشۇراتتى. مەن مۆھۈر باسقاندىن كېيىن كۆچكە ئىگە بولاتتى.

خىتايلاردىن ئولجىغا قالغان بۇغداي ئامبىرى، ئۇن ئامبىرى، ئارپا ئامبىرى قاتارلىق ئۈچ خىل ئاشلىق ئامبىرىنى مېنىڭ باشقۇرۇشۇمغا تاپشۇرغانىدى. بۇ ئاشلىقلارنى ئوردىنىڭ مەخسۇس ئالىي ئاشخانىسى، ئاتخانىسى ۋە خاس خىزمەتچى مەھرەملەرنىڭ ئاتلىرىغا ئىشلىتەتتى. مەن ئۆز ئورنۇمدا ئاشلىق ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئىنىم مۇھەممەد خەلىپىنى قويدۇم. ئەمما ھەممە نەرسىنى بەلگىلىمە، ئۆلچەم، بۇيرۇق بىلەن سەرپ قىلاتتى. مەخسۇس ئالىي ئاشخانىغا لازىم بولىدىغان گۆش-

---

① سەجئى — قاپىيەلەشتۈرۈش، شېئىر تۈزۈش.

② مەنىسى — تەڭرىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان بۇرھانىددىن خوجىنىڭ ئوغلى مەھمۇد.

ياغ، گۆرۈچ، سەۋزە ـ پىياز، چاي ـ تۇز، ئوتۇن قاتارلىقلارغا ئامباردىكى ئاشلىقنى سېتىپ خىراجەت قىلاتتى. ئامباردىكى ئاشلىقلار شۇ قەدەر تولا ئىدىكى، ئىككى يىلدىن كېيىن كىرىپ قاراپ باقسام، تۆت ھەسسىسىنىڭ بىر ھەسسىسىمۇ تۈگىمەپتۇ. ئۆزۈمگە بەلگىلەنگەن ئۈلپەمدىن تاشقىرى بىر سەر ئاشلىقنىمۇ ئارتۇق ئالمىدىم. ئىنىم مۇھەممەد خەلپە بىلەن بىر ھويلىدا بولغانلىقىم ئۈچۈن، بەزى چاغلاردا چىراغ يېغى ياكى شام لازىم بولۇپ قالسا بازار نەرخى ھېسابلاپ پۇل بېرىپ ئالاتتىم. ئاشخانا ۋە ئاتخانىلارغىمۇ ئۈلپەمدىن تاشقىرى كەگىرى ئىشلەتمىدۇق ياكى سېتىپ پۇلىنى يانچۇقىمىزغا سالمىدۇق. بۇ مېنىڭ پەرھىزكار ۋە تەقۋادارلىقىمدىن بولغان ئىش بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىنساپ، ئېھتىيات ۋە دىيانىتىمدىن بولدى. يەنە توققۇز ئامباردا لىقمۇ لىق ئاشلىق بار ئىدى. بۇلار كېيىن ئاتىلىق① غازىنىڭ قولىغا چۈشتى.

دېمەك، مەن مەھمۇدىن خوجىدىن مۇھەممەد قازىبەگنىڭ دېگىنىدەك رۇخسەت ئېلىپ ئىپتارغا باردىم. كەگىرى نازۇ نېمەتلەر بىلەن ئىپتار قىلىپ ئاندىن ناماز تاراۋىسىنى ئادا قىلدۇق. تاراۋىدىن يېنىپ مەخسۇس ھازىرلانغان مېھمانخانىغا كىردۇق. كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلىدىغان نەغمە ـ ساز، ناخشا ـ ناۋا بىلەن مەشرەپ بولدى. مەشرەپ ۋە مېھماندارچىلىق قائىدىسىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ بەجا كەلتۈردى. ۋاقىت يېرىم كېچە بولغاندا يالغۇز مېنى چاقىرىپ يەنە بىر خاس مېھمانخانىغا ئېلىپ كىردى. بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئانىنىڭ كونا بەگلىرىدىن قۇربان خەزىنىچى بەگ، موللا ئىمىن شەيخ ۋە موللا تۆرە②، مېھمانبەگ

① ئاتىلىق غازى ــ ياقۇپبەگ يەنى بەدۆلەتنى كۆرسىتىدۇ.

② «تارىخىي ھەممىدىيە» دە: «موللا نۇر» دەپ ئېلىنغان ــ مۇھەررىردىن.

باشلىق 15 كە يېقىن كىشىلەر ئولتۇرغانىكەن. مەن كىر-
گەندىن كېيىن يەنە زىياپەت قائىدىلىرى تەلتۆكۈس ئادا قىلىنغان-
دىن كېيىن يۇرت ئۇلۇغلىرى مۇنداق دېدى: «بۇرھانىددىن
خوجامنىڭ كۆڭلى يۇمشاق ياخشى كىشى. ھامىددىن خوجام بولسا
ناھايىتى غەيرەتلىك، غەزىپى زىيادە، ئاچچىقى يامان كىشى
ئىكەن. مەھمۇدىن خوجام ھازىر ناھايىتى ياخشى سوراۋاتىدۇ.
ئۇنىڭدىن چوڭ-كىچىك، ھەممە خەلق رازى. شۇنىڭ ئۈچۈن،
بۇرھانىددىن خوجام، ھامىددىن خوجاملار يۇرتدارچىلىق ئىشىغا
ئارىلاشماي تىنچ يېتىپ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانسا، مەھمۇدىن
خوجام ھۆكۈمرانلىق ئىشى بىلەن مەشغۇل بولسا ياخشى بولىدۇ. مۇبادا
خوجاملارنىڭ ھەممىسى يۇرتدارچىلىق ئىشىغا ئارىلىشىپ دەخلى
قىلسا ئوبدان بولمايدۇ. بىزنىڭ شۇ ئىلتىماسىمىزنى ئۆزلىرى
يەتكۈزۈپ ماقۇل قىلىپ، توختام قىلىپ بەرسىلە، بىز ناھايىتى
خۇرسەن بولىمىز. ئەگەر بۇ ئىلتىماسىمىز ماقۇل كۆرۈلمىسە
ئىش يامان بولىدۇ، ۋەسسالام» دەپ گەپنى تۈگەتتى.

ئەتىسى، مەن قايتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ غەرەز-مۇددىئا-
سىنى مەھمۇدىن خوجامغا بىر-بىرلەپ ئىزھار قىلىپ يەتكۈزدۈم.
مەھمۇدىن خوجام «بۇ گەپنى مەيلى دادام، مەيلى ئاكامغا مەلۇم
قىلمىسىلا، ئۆزۈم يولى بىلەن ئېيتىپ ماقۇل قىلىمەن» دېدى.
ئۇنىڭغىچە ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى. تۆتىنچى كۈنى كېچىسى
بولغاندا ئۈچتۇرپان خەلقى قوزغىلىپ قارا كالتەك بولۇپ مەھ-
مۇدىن خوجامغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ مازار تېرەك دېگەن
جايغا توپلاندى. بۇ خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇرھانىد-
دىن خوجام موللا توختى مۆھتىسىپ دېگەن كىشىنى، مەھمۇدىن
خوجام مېنى (ئاپتورنىڭ ئۆزىنى) ئەلچىلىككە تايىن قىلدى.
ئەتىسى ئىككىمىز ئەلچىلىك سۈپىتىدە شەھەردىن چىقىپ كۈن
چىققان چاغدا مازار تېرەككە يېتىپ باردۇق. يىراق-

www.uyghurkitap.com

يېقىندىكى خالايىق بىرلىشىپ مەھمۇدىن خوجىدىن يۈز ئۆرۈپ مىرزاجان ھەزرەت دېگەن كىشىنى ئۆزلىرىگە ئۇلۇغ قىلىپ سايلاپتۇ.

ھاۋا سوغۇق بولغاچقا ئۇلار بىزنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئەلچىلىك سىيپىتىدە تۇرۇپ ئېيتتۇقكى:

— خوجاملار، كىچىك-چوڭ يۇرت ئەھلى بۇ خىل سۆز-ھەرىكىتىمىزدىن يانسۇن، يۇرتدارچىلىقتا قايسى ئىش توغرا بولمىغان بولسا ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئىلاجىنى قىلايلى. ئەگەر كۆڭلى ئاغرىغان بولسا، تون كىيدۈرۈپ، چاي قۇيۇپ كۆڭلىنى ئالايلى، دەپ بىزنى چىقاردى، — دېدۇق. بىزنىڭ بۇ گېپىمىزنى ئاڭلاپ مىرزاجان ھەزرەت باشلىق كاتتىلار باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي تۇرغانلىرىدا، ئىمىن شەيخ قوپۇپ:

— قىرغىز، قازاقلارمۇ ئۆزىنىڭ يۇرتىنى ئۆزى سوراۋاتىدۇ. بىزمۇ قىرغىز، قازاقلاردىن قالغۇچىلىكىمىز يوق. ئۆزىمىزنىڭ يۇرتىنى ئۆزىمىز سورىساق نېمە بوپتۇ. خوجاملار ھەرقانچە جاپا-مۇشەققەت تارتقان بولسا، ئۇنىڭ ئەجرى قولىغا تەگدى. ياراق-جابدۇقتىن باشقا ھەرقانداق نەرسىلىرى بولسا ئۆزلىرى ئېلىپ كەتسە، ئات-ئۇلاغ تەييارلاپ يولغا سالساق، ئەگەر مۇنداق بولمايدىكەن دېگەن كىشى بولسا كېيىن توننىمىز كېپەن، ئىچىدىغان چېيىمىز ئەجەل شەربىتى بولىدۇ، سۆز تامام، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن موللا توختى مۆھتىسىپكە بىر ئادەم قوشۇپ شەھەرگە كىرگۈزدى. مېنى كىرگۈزگەن ئادىمىنىڭ ئورنىغا بارىمتاي قىلىپ تۇتۇپ قالدى. شۇ كۈنى جۈمە كۈنى بولۇپ، توپلانغان قوزغىلاڭچىلار مازار تېرەكتىكى مەسچىتتە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن مىرزاجان ھەزرەتنى ئاق كىگىز ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۆزلىرىگە پادىشاھ تىكلەپ يىغا-زار بىلەن شەھەر

تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. ئەمما ئاق كىگىز ئۈستىدىن مىرزاجان ھەزرەت يىقىلىپ چۈشتى، نەسلىك باشلاندى. شۇ ماڭغىنىچە بېرىپ بىر دەرۋازىنى ئېچىپ كىرىپ يەنە بىر دەرۋازىغا بارغۇچە ھامىدىن خوجا توپ - زەمبىرەك ئېتىپ، قوزغىلاڭچىلار- نىڭ بىرمۇنچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، قالغانلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ دەرۋازىنى ئېتىۋالدى ۋە سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئوق ئېتىپ ھېچ كىشىنى يېقىن كەلتۈرمىدى. قوزغىلاڭچىلار مېنى بىر ئۆيگە قاماپ قويۇپ بىرنەچچە كىشىنى ساقلاشقا قويدى. قوزغىلاڭچىلار بەش كېچە - كۈندۈز پۈتۈن كۈچى بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ شەھەرنى ئالالمىدى. نۇرغۇن ئادەم زايە بولدى. يەتتىنچى كېچىسى بولغاندا مىرزاجان ھەزرەت مېنى قاماپ قويغان ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ، ئۈچتۇرپاننىڭ ۋە قىرغىزلارنىڭ چوڭ - كىچىك بەگلىرى، تۇڭگانلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ ئالدىدا:

— ئۆزلىرى بىر تەرەپكە خوجامنىڭ ئەلچىسى بولۇپ چىققان، ئەمدى بىز تەرەپتىن خوجامغا ئەلچى بولۇپ بېرىپ ئىككى تەرەپنى ئەپلەشتۈرۈپ قويسىلا. يۇرت ئەھلىگە مەن پەند - نەسىھەت قىلدىم. ئىلگىرىكىدەك خوجاملار پادىشاھ، بىز يۇرت ئەھلى پۇقرا بولىدىغان بولدۇق، — دېدى.

مېنىڭ مىنىپ چىققان ئېتىمنى سابىت يۈز بېگى ئولجا قىلىۋالغانىكەن. تېپىپ چىقىپ قايتۇرۇپ بەردى. مېنىڭ كەينىمدىن خوجاملار سەمەرقەندلىك موللا قەلەندەر ئاخۇن دېگەن مۆتىۋەر كىشىنى ئەلچى قىلىپ چىقارغانىكەن. ئۇ كىشىمۇ مېنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە قاماپ قويۇلغانىدى. ئۇنىمۇ سوراپ ئېلىپ ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ شەھەرگە قايتتىم. بىزگە قوزغىلاڭچىلارنىڭ دەخلى قىلماسلىقى ئۈچۈن تۆت بەگنى قوشقانىدى. ئەسلىدە تۇمشۇق تاغدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپ قايتىپ كەتمەكچىدى. تۇمشۇق تاغقا كەلگەندىن كېيىن قوشۇلۇپ كەلگەن بەگلەردىن نورۇز-

بەگ مېنىڭ بېگىم قۇلىقىمغا ئاستا مۇنداق دېدى: «مېنى پالاكەت بېسىپ بۇلارغا قوشۇلۇپ قاپتىمەن. ئۆزلىرى بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتسەم زايە قىلىشىۋېتەرمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن دەرھال ئەھۋالنى مۆلچەرلەپ ئاشكارىلاپ:

— مېنىڭ بىلەن شەھەرگە بىللە كىرسىلە ھەرقانداق شارائىتتا قۇتۇلدۇرۇپ قالىمەن، بۇ توغرىدا مەن كېپىل، — دېدىم. باشقا بەگلەرمۇ ئاڭلاپ:

— بىزمۇ بىللە كىرسەك، — دېيىشتى. ئۇلارغىمۇ كېپىل بولۇپ شەھەرگە ئېلىپ كىردىم.

ئۈچ دەرۋازىدا ئۈچ خوجام مۇئەككەل ئىكەن. مەن ھامىددىن خوجام بار دەرۋازا بىلەن كىردىم. ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ۋەقەنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدىم. ھامىددىن خوجام ناھايىتى خۇشال ۋە مىننەتدار بولۇپ سەللە - كۇلاھ*، تون - سەرۇپاي ئىنئام قىلدى. موللا قەلەندەر ئاخۇن باشلىق بەگلەرنى ئېلىپ كىرىشكە ئادەم بۇيرۇدى. شۇ ئەسنادا بىر كىشى كېلىپ مېنى بۇرھانىددىن خوجامنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ باردى. ئەھۋالنى بىر - بىرلەپ بايان قىلغىنىمدىن كېيىن ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولۇپ، كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ يىغلاپ تۇرۇپ دۇئا قىلدى. چۈنكى شۇ كۈنلەردە خوجاملار قورشاۋدا قېلىپ، تاقەتلىرى تاق بولۇپ، شەھەردىن قېچىپ كېتىدىغانىنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي ھەم قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلەلمەي كېلىدىغان بالا - قازاغا رازى بولۇپ تۇرۇشقانىكەن.

شۇ كۈنى ئىپتارغا يېقىن ھامىددىن خوجام توپ - زەمبىرەك بىلەن يىگىت - سەركەردىلىرىنى باشلاپ مازار تېرەككە بېرىپ،

---

*كۇلاھ — سەللە يۆگەش ئۈچۈن يىپ ياكى يىپەك رەختتىن تىكىلگەن بۆك.

مىرزاجان ھەزرەتنىڭ ھويلىسىنى قورشىۋېلىپ ئىككى تەرەپتىن زەمبىرەككە تۇتتى. قوزغىلاڭچىلار ئىپتار بىلەن بولۇپ خەۋەرسىز قالغاچقا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، مىرزاجان ھەزرەتنى تىرىك تۇتۇپ باغلاپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى. شۇ كېچىسى مەيلى ياخشى، مەيلى ياماننى ئۇچرىغان يەردە ئۆلتۈردى. ئۇچتۇرپاننىڭ بۇرۇنقى ھاكىمى توختىبەگ، ئىنىسى ئاقبەگ، باي مۇھەممەد قازى، قۇربان خەزىنىچى باشلىق نۇرغۇن مۆتىۋەر كىشىلەر تىرىك قولغا چۈشتى. قىرغىز بەگلىرى باشلىق بىرمۇنچە كىشىلەر قەشقەرگە كەتتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى يولدا قىرغىزلار تالان-تاراج قىلىپ يوق قىلدى. بەزىلىرى سوغۇقتا توڭلاپ نابۇت بولدى. ئىمىن شەيخ باشلىق بىرمۇنچە ئادەملەر ئىلى تەرەپكە قېچىپ بېرىپ چۆل - جەزىرىلەردە ھالاك بولدى. ئاتا - بالىدىن، بالا ئاتىدىن خەۋەرسىز گويا قىيامەت بولغاندەك ھەممە ئۆز ھالى بىلەن ۋەيران ۋە سەرگەردان بولدى. ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى 2000 دىن زىيادە دەپ ھېسابقا ئېلىشتى. بۇنىڭدىن باشقا تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ چۆل - باياۋاندا ئۆلگەنلەرنىڭ ھېسابى يوق.

خوجاملار ئۇچتۇرپان شەھىرىنى قولغا كىرگۈزگەندە ھاراق-خانىنىڭ ھاراق قاينىتىدىغان چوڭ قازىنى ئولجا چۈشكەنىدى. بۇ قازاننى خوجاملار قۇتلۇق مازارغا ۋەخپە قىلىپ بەرگەنىدى. قوزغىلاڭچىلار بۇ قازاننى مىرزاجان ھەزرەتنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ بېرىپ غىزا قىلىپ يېيىشكەنىكەن. ھامىددىن خوجام كېلىپ زەمبى-رەككە ئوت ياققان چاغدا، بۇ قازاندىن ئۇماچ ئۇسۇپ بېرىۋاتقان ئىككى كىشى قازانغا چۈشۈپ كېتىپ ئۇماچقا مىلىنىپ ھالاك بولۇپتۇ.

ھامىددىن خوجام، قوزغىلاڭچىلاردىن تىرىك قولغا چۈشكەن-لەرنى بىر - بىرلەپ سوراق قىلىپ، ھەر كېچىسى ئۆلتۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

قۇدۇققا تاشلاتقۇزدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا يەتتە قۇدۇق ئادەم ئۆلۈكى بىلەن لىقمۇلىق تولدى. ئاغزىنى كۆمدۈرۈۋەتتى.

دىمەك، قوزغىلاڭچىلارنىڭ بېشىغا بۇ ئالەمدە بولىدىغان بالا - قازا، ئازاب - ئوقۇبەتلەرنىڭ ھەممىسى كەلدى. بۇنى بىر - بىرلەپ بايان قىلسام، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ تەبىئىتىگە ئېغىر كېلىشى مۇمكىن.

بۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ مۇنداق ھالاكەتلەرگە دۇچار بولۇشىدا سەۋەب بار ئىدى. سەۋەبسىز بۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ سەۋەب شۇكى: ئوچتۇرپان ئەھلى ناھايىتى ئېتىقادلىق مۇسۇلمان، شەرىئەت ھۆكمىگە قاتتىق رىئايە قىلىدىغان بولسىمۇ، يەنە غەلىتە ئېتىقادتىكى كىشىلەرمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنى كەبىرۇيە سۇلۇكىدا دىسە، يەنە بەزىلىرى ئىسھاقىيە، نىمىتىيە، رەبۇدىيە، دۇۋانىيە* سۇلۇكىدا بىز دەپ خىلمۇ خىل سۇلۇكلەرنىڭ ئېتىقادچىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشەتتى. ھەتتا بەزىلىرى خوجاملارغا بولغان ئىخلاسىنى ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇپ «ئاللا خوجام» دەپ تەڭرى بىلەن خوجاملارنىڭ ئارىسىغا ھېچقانداق كىشىنى سىغدۇرمايتتى. خوجاملار يېڭى بارغان چاغدا «بىز تەلەپ قىلغان كۆڭلىمىزدىكى خوجىمىز مۇشۇ» دەپ ئەقىدىلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئاتلىرىنى يىلقىسى بىلەن، قويلىرىنى قوتىنى بىلەن، كالىلىرىنى ئېغىلى بىلەن ھەدىيە قىلىپ بېرىپ دۇئاسىنى ئالغانىدى. ئەمما خوجاملار ھەممە خالايىق ئوخشاش پۇقرا دەپ قاراپ، ئۇلارغا باشقىچە كۆز قاراشتا بولمىدى. بۇ گۇرۇھ مۇشۇ توغرىدىن ئاغرىنىپ:

— بىز دېگەن خوجا بۇ ئەمەسكەن، — دەپ ئاخىر يۈز

* كەبىرۇيە، ئىسھاقىيە، نىمىتىيە، رەبۇدىيە، دۇۋانىيە دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى سوفىزمدىكى خىلمۇ خىل سۇلۇك - يوللارنىڭ نامى.

ئۆرۈدى. باشقىلار ئۇلاردىن:

— «ئاللا خوجام» دەپ ئاتايدىكەنسىزلەر، زادى ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىغاندا، ئۇلارنىڭ خەلپە ۋە ماشايىخلىرى:

— بىز خوجامنىڭ مۇبارەك ئىسمىلىرىنى ئاغزىمىزغا ئالالمايمىز، ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ ئاللا خوجام، دەپ كەلگەنىكەن، بىزمۇ ئاللا خوجام دېسەك خوجاملار ئۆزلىرى تېپىۋالىدۇ. بىز تېخى ئىسمىنى ئاڭلاپ باقمىغان، — دېگەنىدى.

سوپى ئاللايار ئۆزىنىڭ «سۇباتىل ئاجىزىن» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان:

بولۇپتۇر ھەم تەقى بىر پىرقە پەيدا،
ئاتى مۇئمىن ۋەلى نەپسىگە شەيدا.
يىغارلەر پارەئى بوينى يوغاننى،
سالۇرلەر ئوتراغە قىزۇ - جوۋاننى.
ئالىپ بارسا كىشى ئەھلى ئايالىن،
كۆتەرۇر بىھىممەتلىك ۋەبالىن.
ھارام ئىشنى كى تائەت بىلسە ئىنسان،
ئېرۇر بول ئېتىقادى نا مۇسۇلمان.
بۇ ئەيغان پىرقە كىم زال مەسەلدۇر،
شەرىئەت ئەھلى بۇ ئەلدىن خىجىلدۇر.

بۇ شېئىر مۇشۇلارنىڭ شەنىگە لايىقتۇر.

يەنە بىر سەۋەب، بۇ گۇرۇھتىكى كىشىلەر، ئەر - خوتۇن بىر ئۆيگە يىغىلىپ، يوغان قازانغا جىق كۆكچاي سېلىپ، نەچچە قاچا-تاۋاقلاردا قايماقنىقويۇپ قاينىتىدىكەن. ئىناۋەتلىك مۆتىۋەر ئادەمدىن بىرىنى ئۇسۇپ بېرىشكە تەيىن قىلىدىكەن. ئۇ كىشى غۇسۇل تەرەت ئېلىپ چۆمۈچنى تۇتۇپ قاچا - قاچىلارغا ئۇسۇپ

تەۋەررۇك ـ تەۋەررۇك دەپ بېرىدىكەن. باشقىلار تەزىم ـ تەۋەززۇ بىلەن ئېلىپ ئىچىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن نەغمە باشلىنىپ ئەر- خوتۇن ئۇسسۇلغا چۈشىدىكەن. گاھى يىقىلىپ، گاھى قوپۇپ، مەست ۋە بىھوش بولۇپ، ئاغزىدىن كۆپۈك كېلىپ ھۇزۇر قىلىشىدى- كەن. بۇلار «ھۇزۇرۇم» دەپ بىر مۇقام ئىختىرا قىلغانىكەن. (سازەندىلەر ھازىرمۇ بەزى يىغىلىشلاردا «ھۇزۇرۇم» مۇقامىنى ئوينايدۇ).

شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئۇلار ھوشىغا كەلگەن بولۇپ «ئۇھ» تارتىشىپ، كۆزلىرىنى ئېچىپ ئولتۇرۇشىدى- كەن. مۇنداق قىلىقنى «كەبىرۇيە سۈلۈكى» دەپ ئاتىشىدىكەن. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ پۈتۈنلەي شەرىئەتكە خىلاپ ھەرىكەت.

بىر كۈنى بۇ گۇرۇھنىڭ ئۇلۇغ خەلىپىسى خوجاملارنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ تەۋەررۇك كۆكچاي تىلەپ ئالغاندىن كېيىن:

— بىزگە دۇئا قىلىپ بەرگىلى ئۆزلىرىدىن بىر ئادەم تىلەيمىز، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

خوجاملار مەن كەمىنە يازغۇچىنى بۇيرۇدى. مەن ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىنىڭ ئۈستىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئاۋۋال باشلاپ خوتۇنلار بىلەن ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىپ:

— تەۋەررۇك قىلىپ باشلاپ بەرسىلە، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

— مەن تېخى ياش، — دەپ ئۆزرە ئېيتىپ، بىر پېشقەدەم كىشىنى ئۆز ئورنۇمدا تەكلىپ قىلدىم. سۆھبەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇلار «ئۆزلىرى بىزنىڭ سۈلۈكىمىز بىلەن كەم شۇغۇللان- غاندەك تۇرىلا» دېۋىدى، مەن: «ھازىر مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەرىئەت سۈلۈكلىرىنى تولۇق ئادا قىلالمىدىم. ئادا قىلىپ بول- غاندىن كېيىن سىلەرنىڭ سۈلۈكىڭلارغا ئىشتىراك قىلالىشىم مۇمكىن»، دەپ جاۋاب بەردىم.

خوجاملار مېنى بىلمەستىن سۆلۈكلىرىنى ئىزھار قىلغانىكەن ھەم ئۇقۇشماي تەۋەررۇك چايلىرىغا باشلاپ چىققانىكەن. بىزنى ئۆز سۆلۈكىدە دەپ گۇمان قىلغانلىرىغا كېيىن پۇشايمان قىلىشتى، ئەمما پايدىسى بولمىدى.

شەرىئەتنىڭ ھىمايىچىسى بولغان خوجام پادىشاھ بۇ گۇرۇھتىكىلەرنىڭ ناتوغرا يولنى توغرا يول دەپ تونۇپ، بىدئەتنى① سۈننەتتىن② پەرقلەندۈرمىگەنلىكىنى بىلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەرىئەتلىرىگە تەتبىقلاپ مەشھۇر ئۆلىمالاردىن پەتىۋا③ ئېلىپ پەتىۋانىڭ مەزمۇنىنى خالايىققا ئېلان قىلدى ۋە جاكار قىلىپ «ھەممە ئىشتا نەسىھەت ۋە توغرىلىقنى تۇتۇشنىڭ ئۆزى دىن دېمەكتۇر» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق ياخشى سۆز، شېرىن گەپلەر بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى. يەنە بىگانە ئەر-خوتۇنلار بىريەرگە يىغىلىپ سۆھبەت قىلغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ، چاقىرتىپ كېلىپ شەرىئەت قامچىسى بىلەن دەررە ئۇرۇپ قاتتىق جازالىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن ئاغرىنىپ ئاداۋەت تۇخۇمىنى تېرىپ، خۇسۇمەت تىكىنىنى چاچتى. دۈشمەنلىك ئاداۋىتى ئۆرلەپ ئالتۇپىلاڭ كۆتۈردى. ئاقىۋىتى جەڭ-جېدەلگە ئايلاندى. كۆيۈپ تۇرغان چىراغقا پەرۋانە ئۆزىنى ئۇرغاندەك ئۆزىنى ئۇرۇپ ھالاك بولۇپ تۈگەشتى.

---

① بىدئەت — ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسىگە كىرمەيدىغان ئىشلار بىدئەت دېيىلىدۇ.

② سۈننەت — پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىلغان ئىشلىرى، ئادەتلىرى سۈننەت دېيىلىدۇ.

③ پەتىۋا — بىر ئىشنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقىنى ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئىسپاتلاپ چىقىرىلغان ھۆكۈم پەتىۋا دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

نەزم

چىراغىنكى ھەق ياندۇردى قويىدى،
كىشىكىم «پۈف» دېدى ساقالى كۆيىدى.*

دېمەك، بۇ گۇرۇھتىكىلەرنىڭ ئەھۋالى مۇشۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق بولدى.

9

خوتەن بىلەن ئىلىغا ئەۋەتىلگەن ئەلچى، مەكتۇپلار ۋە ئۇ تەرەپتىن كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ ۋەقەلىرى

كۇچا شەھىرىدە قوزغىلاڭ بولۇپ راشىددىن خوجامنىڭ غەلىبە قازانغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئالتە شەھەرنىڭ چوڭ - كىچىك ئاھالىلىرىگە ھەتتا ئەتراپ ئالەمگە تارقىلىپ كەتتى. شەھەردىكى مۇسۇلمانلار ۋە تۇڭگانلار ئىسلام ئېچىش مۇددىئاسى بىلەن كاپىرلارنىڭ بېشىغا تىغ تارتىپ، كاپىرلارغا ئىنتائەت قىلىشتىن باش تارتتى. جۈملىدىن ئىلىدىكى تارانچى ۋە تۇڭگانلارمۇ كاپىرلارغا ئىنتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈپ، موللا شەۋكەت ئەلەم ئاخۇنۇمنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلىدى. خوتەن خەلقىمۇ كاپىرلارغا بويسۇنۇشنى رەت قىلدى. يەكەن ۋە قەشقەر ئاھالىسىمۇ غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. چۈنكى، كۇچا شەھىرى، بۇ ئالتە شەھەرنىڭ دەرۋا -

---

* سوپى ئاللايارنىڭ «سۇباتىل ئاجىزىن» دېگەن كىتابىدىن ئېلىنغان بېيىت.

زىسىغا ئوخشاش بولۇپ، بىردىن - كېلىشى ئۇچۇن كۈچـادىن ئۆتمەي بولمايتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن، بۇ شەھەرلەر قوزغىلىپ ھەرقايسىسى ئۆزلىرىدىكە يېڭىدىن باشلىق ۋە ھاكىم سايلاپ ئالدى. بولۇپمۇ خوتەن خەلقى ئىنتىپاقـلىشىپ، داموللا ھاجى ھەبىبۇللا مۇپتى دېگەن پەرھىزكار ۋە شەرىئەتپەرۋەر بىر كىشىنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ، دىنسىزلار ئۇستىگە تىغ تارتىپ، پات - پۇرسەتتىلا غەلىبە قازاندى. تۇڭگانلارنىمۇ دىنسىزلار بىلەن ئوخشاش، دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارنىمۇ يوقاتتى.

شۇ كۈنلەردە نەزىردىدىن خوجا ھاجى خەزىنىچى بەگنىڭ ھەمراھلىقىدا كۈچادىن كېلىپ يەكەننى قولغا كىرگۈزگەنىدى. ھايال بولمايلا نەزىردىدىن خـوجا ھاجى خەزىنىچى بەگكـە 700 مۇسۇلمان، 300 تۇڭگان جەمئىي 1000 نەپەر ئەسكەرنى قوشۇپ خوتەنگە بېرىشنى بۇيرۇپ مۇنداق دېدى:

— ھەبىبۇللا ھاجى سىلىنىڭ بارغانلىقلىرىنى ئۆزىگە ئابروي دەپ بىلىپ، ئىتائەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، قىلىچىنى بوينىغا ئېسىپ ئالدىلىرىغا چىقىپ، سىلىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن شەھەرگە باشلاپ كىرىپ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ خىزمەتكارلىق قائىدە - رەسمىنى بەجا كەلتۈرسىغۇ ناھايىتى ياخشى. ئەگەر ئۇنداق قىلماي كەينىگە تارتىپ ھايال قىلسا ئۇ چاغدا ئىككىلەنمەيلا كۈچ ۋە زورلۇق بىلەن خوتەننى قولغا كىرگۈزۈپ، ھەبىبۇللا ھاجىنى ئەھلـى ئەۋلاد، بالا - چاقىلىرى بىلەن قوشۇپ مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا ئەۋەتسىلە، — دەپ بىرمۇنچە ئاچچىق - ئورۇنسىز گەپلەرنى قىلىپ يولغا سالدى.

ھاجى خەزىنىچى بەگ يەكـەندىن چـىقىپ، يۇرتمۇ يۇرت، مەنزىلمۇ مەنزىل يول يۈرۈپ سانجۇغا يېتىپ باردى ۋە مەغـ- رۇرانە خـەت قىلىپ خوتەنگە كـىرگۈزدى. ھەبىبۇللا ھاجى پادىشاھ بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەندىن

كېيىن:

— بۇ خەتتىن دوستلۇقنىڭ پۇرىقى كەلمەي، خۇسۇمەت ئاغرىسىنىڭ ساداسى كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ لايىقىدا ئالدىغا ئادەم چىقىرىشىمىز لازىم، — دەپ ئويلاپ، چوڭ ئوغلى ئىبراھىمخان سۇدۇرنى باش قىلىپ 2000 ئەسكەرنى ھاجى خەزىنىچى بەگنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئىككى ئوتتۇردا ئۇرۇش بولۇپ، ئىبراھىمخان سۇدۇرغا ئوق تېگىپ ۋاپات بولدى. ئاخىردا ھاجى خەزىنىچى بەگنىڭ ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي ئارقىسىغا قاراپ قاچتى. ھاجى خەزىنىچى بەگ مەغلۇپ بولۇپ نۇرغۇن ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلىپ ئازغىنا ئادەم بىلەن يەكەنگە قايتىپ كەلدى. ھەبىبۇللا ھاجى پادىشاھنىڭ ئەسكەرلىرى غالىب بولۇپ خۇشال - خۇرام خوتەنگە ياندى.

بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇ ئىدىكى، ھاجى خەزىنىچى بەگ خوجاملارغا ئاتا - جەمەت تۇغقانچىلىقى بار، خىتاي مەنسەپدارلىرىغا تۇخچى بولۇپ كەلگەن قەدىمىي بەگزادىلەردىن ئىدى. ئۇ يەكەندە تۇرۇشلۇق خان ئامبىلىغا تۇخچى بولۇپ مەنسەپ تۇتقان، خىتايچە سۆزنى ياخشى سۆزلەيدىغان، خىتايچە كىيىم - كېچەك كىيىشكە ئادەتلەنگەن كىشى ئىدى. ھەبىبۇللا ھاجى پادىشاھ: «خوجاملاردىن بىرنى ئەۋەتمەي، مېنىڭ ئۈستۈمگە ھاجى خەزىنىچى بەگدەك خىتاي يېتىمنى ئەۋەتكىنى نېمىسى، ھېچ بولمىغاندا ئىسلام شەرىئىتى ئىچىدە مۇسۇلمان كىيىمى بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن، دىندار مۇسۇلمان تېپىلمىدىمۇ؟» دەپ ئويلاپ، ھاجى خەزىنىچى بەگنى ئەۋەتكەنلىكىنى ئۆزىگە نومۇس بىلىپ، ئۆز ئىشلىرىغا مۇستەھكەم بولۇپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى.

يەنە بىرى، ئىلىنىڭ تارانچىلىرى كاپىرلاردىن يۈز ئۆرۈپ، ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلدى. كاپىرلارنىڭ چوڭى جاڭجۈن

كۆرەدە تۇراتتى. كۆرەلمى تارانچىلار قولغا ئالالمىغانىدى.
مۇشۇ پەيتتە ئېلى مۇسۇلمانلىرىنىڭ چوڭى موللا شەۋكەت
ئاخۇن ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭلارغا مەسلىھەت سېلىپ:
«كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىپ بىرمۇنچە ئادەملىرىمىز قۇربان
بولدى. نۇرغۇن كاپىرلارمۇ يوقىتىلدى. ئەمما ئۈستىمىزدە
تۇرۇپ دۇئا قىلىپ بەرگىلى ئەۋلادى روسۇلۇللادىن بىر ساھىبى
دۇئا* لازىم ئىدى. ئاۋۋال كۇچادىن باشلاپ ئىسلام ئىچىلىپ
شۇلارنىڭ مەدەت ۋە ئىلھامى بىلەن بىزلەرگە كۈچ - قۇۋۋەت
ھاسىل بولۇپ، ئىلىدىكى كاپىرلارنىڭ بېشىغا تىغ تارتتۇق. ھېلى-
ھەم بولسا راشىدىدىن خان خوجامنى مۇبارەكلەپ، ئەمىر - پەرمان-
لىرىغا بويسۇنىدىغانلىقىمىزنى، بىر مىللەت، بىر مەزھەپتە بولغان-
لىقىمىز ئۈچۈن، ئىتتىپاقلىشىپ بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ،
بىرەر مۇشكۈل ئىش يۈز بەرسە ئۆزئارا مەدەت ۋە ياردەمدە
بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ راھىتى، يۇرتلىرىمىزنىڭ ئاۋاتلىقى ئۈچۈن
تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ نامە بىلەن ئەلچى
ئەۋەتسەك قانداق؟» دېدى.

بۇ مەسلىھەت ھەممە چوڭلارغا ماقۇل كەلدى. ئۇلار بىر-
لىكتە ئىنتائەتنامە يېزىپ، بىر ساھىبى دۇئا ئەۋەتىشنى
ئىلتىماس قىلىپ، قۇربان خېتىپ ئاخۇنۇم باشلىق قىرىق كىشىنى
ئەلچى قىلىپ نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن كۇچاغا يولغا سالدى.
بۇ ئەلچىلەر ئىلىدىن چىقىپ تېز سۈرئەت بىلەن يول يۈرۈپ
ئۇچتۇرپانغا كەلدى. ئۇچتۇرپاندىكى خوجاملار ئەلچىلەرنىڭ
ئالدىغا كىشى ئەۋەتىپ قارشى ئالدى ۋە ئۆز لايىقىدا ئورۇنتەييار-
لاپ كۈتۈۋالدى ۋە راشىدىدىن خان خوجامغا ئەھۋالنى بىر-بىرلەپ

* ساھىبى دۇئا — دۇئا قىلغۇچى، ئاللادىن ياخشى تىلەكلەرنى
تىلىگۈچى.

مەلۇم قىلىشتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن راشىددىن خوجامدىن: «ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتىم، ئەلچىلەر كۇچاغا كەلسۇن» دەپ يارلىق كەلدى. ئۇچتۇرپاندىكى خوجاملار ياخشى خىزمەتچى، ئىشەنچلىك مۇلازىملارنى قوشۇپ ئەلچىلەرنى كۇچاغا يولغا سالدى. راشىددىن خوجا ئەلچىلەرنى كۇچادا ئىككى ئاي توختىتىپ، ھەممىسىگە ئۆز لايىقىدا ئىنئام-سوۋغاتلارنى بېرىپ، قايتىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە خوجا باھاۋىددىن خوجامنىڭ ئوغلى سايىت خوجامنى باش قىلىپ، ئاللايار ئاخۇننى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ، 150 لەشكەرگە تۇغ-ئەلەم، بايراقلارنى كۆتۈرگۈزۈپ ئىلىغا ماڭدۇردى. بۇلار مىڭبىر جاپا-مۇشەققەت بىلەن مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ مىڭبىر مۇشەققەتلەر بىلەن تىنكەشكە يېتىپ بارغاندا، ئۇشتۇمتۇت ئالدىدىن بىرنەچچە ئاتلىق قالماقلار چىقىپ ئالدىلىرىنى توستى ۋە «سىلەر نېمە ئادەم، نەدىن كەلدىڭلار؟ قەيەرگە بارىسىلەر؟» دېگەن بولۇپ بۇلارنىڭ ئاز-كۆپلۈكىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، قالماقلارنىڭ چوڭى مۇنداق دېدى: «بۇ يەردە باشباشتاق يامان ئادەملەر بار. ئادەم قوشۇپ بەرسەم سىلەرنى تىنچ-ئامان ئۆتكۈزۈپ قويسا مەنمۇ خىزمەت كۆرسەتكەن بولىمەن» دېدى ۋە ئادەملىرىگە قاراپ: «بۇ خوجاملارنى پالان يەرگىچە ئۇزىتىپ بېرىپ ئۆتكۈزۈپ قويۇڭلار، بىرەر ئادەم زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈپ قويسا، بىزلەرگە ئوبدان بولمايدۇ» دەپ يالغان، ئىككى يۈزلىمىلىك گەپلەرنى قىلىپ، ئۇلارغا ئۈچ-تۆت ئادەمنى قوشۇپ يولغا سالدى. سايىت خوجاملار، تەڭرىم بۇ ئەندىشىمىزنىمۇ ئاسان قىلدى، دەپ ئويلىشىپ خۇش بولۇپ ئىككى مەنزىل يەرگە بېرىپ چۈشتى. ئات-ئۇلاغلىرىنى ئوتقا قويۇپ، ئۆزلىرى ئاش-تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ، غەم-ئەندىشىسىز يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ بىللە



www.uyghurkitap.com

كەلگەن قالىماقلار ئۆز ئادەملىرىگە خەۋەر يەتكۈزدى.

ئورغۇن قالماقلار ئاسماندىن چۈشكەن بالا - قازاغا ئوخشاش ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كېلىپ، خوجىلارنىڭ بىر مۇنچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بىر مۇنچىلىرىنى ئولجا قىلىپ ئەسىر ئالدى. يەنە بەزىلىرى ئىسسىق كۆل تەرەپلەرگە قېچىپ كېتىپ جېنىنى قۇتۇلدۇردى. ئەمما سايىت خوجام ئاچ - يالىڭاچ، يېرىم جان ھالەتتە مىڭبىر مۇشەققەتلەر بىلەن ئىلىنىڭ يېزىلىرىدىن بىرىگە يېتىشىۋالدى. يېزىنىڭ چوڭى كىيىم - كېچەك بېرىپ ئىلىنىڭ سۇلتانى بىلەن كۆرۈشتۈردى. سايىت خوجام باشلىرىغا كەلگەن ھادىسىلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلغاندىن كېيىن، ئىلىنىڭ سۇلتانى مۇناسىپ تون - سەرۇپاي، كىيىم - كېچەك، تەمىنات بەلگىلەپ، مۇۋاپىق جاي - ماكان قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. موللا ئاللايار ئاخۇنمۇ بىر شاگىرتى بىلەن كېلىپ سايىت خوجامغا قوشۇلدى. ئەمما ئىلى خەلقى سايىت خوجامغا ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد بىلدۈرمىدى. بەلكى «يالىڭاچ خوجام» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى. چۈنكى بۇلار بار - غۇچە ئىلىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئالامانلار، موللا شەۋكەت ئاخۇنغا بىر گۇناھنى قويۇپ سۇلتانلىقتىن ئېلىپ تاشلاپ قاپقا سولاپ تىرىكلا دەرياغا تاشلىۋېتىپ، ئورنىغا باشقا بىركىشىنى سۇلتانلىققا ئولتۇرغۇزغانىدى. يېڭى بولغان سۇلتاننىڭ سايىت خوجاملار بىلەن كارى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن سايىت خوجام ئىلىدا تۇرۇپ قېلىپ، ياقۇپبەگنىڭ زامانىسىغا كەلگەندە ئاندىن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كەلدى.

ھەبىبۇللا ھاجى پادىشاھ كۇچالىق ھاجى خەزىنىچى بەگنى مەغلۇپ قىلىپ قايتقاندىن كېيىن خۇشال بولغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ياخشى ئىش بولمىدى دەپ ئويلاپ كۆڭلى غەش بولدى. بىر نەچچە كۈن مۇلاھىزە قىلغان-

www.uyghurkitap.com

دىن كېيىن، «بىر ئىككى تەرەپلا مۇسۇلمان، بىر دىن ۋە بىر مىللەت كىشىلىرى. ھەر قانچە ئىش بولغاندىمۇ ئىتتىپاق بولۇپ، ئەپ ئۆتسەك ياخشى بولاتتى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن خوتەننىڭ ياخشى، ئېسىل ماللىرى، ئات، قورال - ياراق قاتارلىق نەرسىلەردىن سوۋغا - سالاملارنى تەييارلىدى ۋە دوستلۇق ئىپادىسى بەلكى ئىتائەت قىلىش ئالامىتىنى بىلدۈرۈپ، ئۆز - لىرىدىن ئۆتتۈلگەن ئىشلارغا ئۆزرە ئېيتىش ئۈچۈن، ئەھمەت مىراپ ناملىق ئىشەنچلىك بىر بەگنىڭ باشچىلىقىدا 50 كىشىنى ئەلچى قىلىپ نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن يولغا سالدى. بۇ ئەلچىلەر ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەندە ئاقسۇدىن ئادەم قوشۇپ كۇچاغا ماڭدۇردى. كۇچاغا بىر مەنزىل يول قالغاندا، كۇچادىن ئالدىلىرىغا ئادەم چىقىپ تارتۇق، سوۋغا-سالاملىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئەھمەت مىراپ باشلىق ھەممە ئەلچىلەرنى ئات - ئۇلاغ، ئوق - ياراقلىرىدىن ئايرىپ، ھەر بىر ئادەمنى بىردىن ئۆيلۈككە چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى قاچۇرۇپ قويماي ياخشى مۇھاپىزەت قىلىشقا تاپشۇردى.

ئەلچىلەر سايرام يېزىلىرىدا ئىككى يىلغىچە تۇرۇشتى ۋە بۇ يەرلەرگە ياقۇپبەگنىڭ قەدىمى يەتكەندىن كېيىنلا ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ، بالا - ۋاقىلىرى بىلەن جەم بولۇشتى.

## 10

### ئۇلۇغ تەگرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئىسھاق خوجامنىڭ شەرق تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپ، ئۇششاقتالدا نۇرغۇن خىتاي چېرىكلىرىنى يوقاتقانلىقى ۋە قاراشەھەرنىڭ پەتھ قىلىنغانلىقى

راشىددىن خان خوجام كۇچادا خانلىق پايتەختىدە ئولتۇر- غاندىن كېيىن، قاراشەھەر ۋە تۇرپاندىكى كاپىرلاردىن

ئەندىشە قىلىپ خاتىرجەم بولالماي، «خۇدانىڭ يولىدا جېنىنى
پىدا قىلىپ غازات قىلىدىغان، شېھىتلىك دەرىجىسىنى ئارزۇ
قىلىدىغان باتۇر بارمۇ؟» دەپ جاكار قىلدى. شۇ چاغدا توختى
مۇھەممەد يۈز بېشى كېلىپ، «شۇ دەرىجىنى مەن ئارزۇ
قىلىمەن. خىزمەتلىرىڭنى بەجا كەلتۈرىمەن» دەپ ئۆزىنى مەلۇم
قىلدى. راشىددىن خوجام توختى مۇھەممەد يۈز بېشىغا
100 لەشكەرنى قوشۇپ ئۇلارغا باھاۋىددىن خوجا، ئايدىن
خوجىلارنى باشلىق قىلدى ۋە ئۇلارنى دىنسىزلار بىلەن جەڭ
قىلىش ئۈچۈن يولغا سالدى. بۇلار بۈگۈرگە يېتىپ كەلدى.
بۈگۈردە 100 گە يېقىن خىتاي چېرىكى بار ئىدى. ئۇلارنى
يوقىتىپ بۈگۈرنى قولغا ئالدى. شۇ ئەسنادا ئارقا تەرەپتىن
ئىسھاق خوجام، سىدىق دادخاھ، مەنسۇر خەلىپە باشلىق 150
ئەسكەر ياردەمگە كەلدى. بۈگۈردىن دۇئايى خەلىپە، سۇمۇللا
دېگەن تۇڭگان باشلىق 100 كىشى كېلىپ قوشۇلدى. شۇنىڭ
بىلەن پۈتۈن لەشكەر قوشۇلۇپ بىرلىكتە كورلىغا يېتىپ بېرىپ
كورلىنى قولغا كىرگۈزدى. كورلىدىن يەنە نۇرغۇن ئادەم
قوشۇلۇپ چوڭ قوشۇن ھاسىل قىلدى. ئۇلار تۇغ ـ بايراق،
ئوق ـ ساغداق، مىلتىق ـ زەمبىرەك، نەيزە ـ ياراق، ناغرا ـ
سۇناي، داقا ـ دۇمباقلار بىلەن زور داغدۇغا ئىچىدە قاراشە ـ
ھەرگە قاراپ راۋان بولدى. مۇشۇنداق زور ھەشەمەت بىلەن
دەريا لېۋىگە يېتىپ بارغاندا، كاپىرلار كېمىنى تارتىۋېلىپ
مىلتىق، زەمبىرەك ئېتىپ ئۇلارنى ئۆتكىلى قويمىدى. نائىلاج
بولۇپ تۇرغان چاغدا، كورلىدىن قوشۇلغان باتۇرلاردىن ئىسلام
خەلىپە مەسلىھەت كۆرسىتىپ: «چوڭ يول بىلەن قاراشەھەرگە
كىرگىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ، باغراش كۆلىنىڭ ئايىغى
بىلەن ئۆتۈپ، ئۇششاقتالىغا چىقىپ، ئاندىن ئارقىمىزغا يېنىپ
كېلىپ قاراشەھەرنى ئالساق»، دېدى. خۇددى تەڭرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىلھامى بىلەن كۆرسىتىلگەندەك ئاھايىتى ياخشى مەسلىھەت بولدى، دەپ ھەممە قوبۇل قىلدى ۋە ئارقىلىرىغا يېنىپ كورلىغا كېلىپ، باغراش كۆلىنىڭ ئايىغى بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ توققۇز كۈندە ئۇششاقتالىغا چىقتى. بۇ يەردە ئۇرۇمچىدىن چىققان 18 مىڭ خىتاي چېرىكى يامغۇر يېغىپ ماڭالماي، توپ - زەمبىرەكلىرىنى ھۆل بولۇپ كەتمىسۇن، دەپ قۇمغا كۆمۈپ قويۇپ، ئۆزلىرى بىپەرۋا ئارام ئېلىپ ياتقانىدى. شۇ ھالەتتە ئىككى لەشكەر ئۇچرىشىپ ئۆز ئارا جەڭگە كىرىشىپ كەتتى.

مۇنىڭدىن ئىلگىرى جاھانگىر خوجام ئالتە شەھەرنى قولغا كىرگۈزگەن چاغدا، بېيجىڭ تەرىپىدىن «ئاي جاڭجۈن» دېگەن كاتتا مەنسەپدار كېلىپ ئالتە شەھەرنى تارتىۋېلىپ، جاھانگىر خوجامنى تۇتۇپ بېيجىڭغا ئەۋەتكەن بولۇپ، شۇ خىزمىتى ئۈچۈن بېيجىڭنىڭ خېنى ئاي جاڭجۈننى ئالتە شەھەرنىڭ «تەربىيەتگەردىسى»* قىلدىم دەپ يارلىق چۈشۈرگەن ۋە ئۇششاقتالدا ئاي جاڭجۈنگە ئاتاپ بۇتخانا ياساپ ھەيكىلىنى توختىتىپ قويغانىكەن. ئۇرۇمچىدىن چىققان 18 مىڭ خىتاي چېرىكلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، شۇ بۇتخانىنىڭ ئىچىگە قېچىپ كىرىۋېلىپمۇ قۇتۇلالماي ئاخىر ھەممىسى نابۇت بولدى. بېيجىڭ تەرىپىگە بىرەرىمۇ قېچىپ كېتەلمىدى، ئەمما قاراشەھەر تەرەپكە ئازراق قېچىپ كەتتى.

مۇشۇ پەيتتە تۇرپان تەرەپتىن ئىككى ئاتلىق خىتاي بىغەم چىقىپ كېلىۋاتقانىكەن. قالماقلار ئۇلارنى تۇتىۋېلىپ خوجامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئاختۇرۇپ قارىسا يېنىدىن خەت چىقتى. بۇ قاراشەھەرنىڭ ئامبىلىغا يېزىلغان خەت بولۇپ، «خاننىڭ يارلىقى بىلەن، سىلەرگە ياردەم ئۈچۈن 24

---

* تەربىيەتگەردىسى — باققۇچى، قوغدىغۇچى، باشپاناھ بولغۇچى.

مىلتىق، چېرىك، 470 زەمبىرەك، 300* ھارۋا ئوق - دورا بىلەن كەلدۇق، ئۈچ كۈندە ئۇششاقتالغا يېتىپ بارىمىز، ئالدى-مىزغا نۇرغۇن ئۇزۇق - تۈلۈك چىقىرىڭلار» دېگەن مەزمۇندا يېزىلغانىكەن. خەتنىڭ مەزمۇنىنى پۈتۈن قوشۇنغا جاكارلاپ، چۆلنىڭ ئاغزىنى، سۇنىڭ بويىنى توسۇپ تەييار بولۇپ تۇردى. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تۇغ نامايان بولدى. تۇغنىڭ كەينىدىن چېرىكلەر كۆرۈندى. ئىسلام ئەسكەرلىرىنى كۆرۈپ ئۇلار: «بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىققان چېرىكلەر ئوخشايدۇ»، دەپ بىنەپەرۋا، غەم - ئەندىشىسىز يېقىنلاپ كەلدى. شۇ ئەسنادا بىر تەرەپتىن ئىسھاق خوجام، توختى مۇھەممەد خەلىپە، بىر تەرەپتىن باھاۋىددىن خوجام، مەمۇر خەلىپە، يەنە بىر تەرەپتىن ئايدىن خوجام، دۇئايى خەلىپە، سۇمۇللا تۇڭگانلار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تەكبىر ئېيتىپ چېرىكلەرنىڭ ئۈستىگە ئات سېلىپ بېرىپ جەڭگە كىردى. باھاۋىددىن خوجام، مەمۇر خەلىپىلەر تەرىپى ئاجىز كېلىپ قاچقىلى تۇردى. ئىش يامان تەرەپكە يۈزلىنىۋاتقان چاغدا، ئىسھاق خوجام ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ لەشكەرلەرگە قاراپ دۇئا قىلىپ «(تەڭرىگە) شېرىك كەلتۈرگۈچىلەرنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن ئايەتنىڭ روھى بويىچە ئەسكەرلەرنى چىڭ تۇرۇشقا دالالەت قىلدى. ھەممە بىردەك يىغا - زار بىلەن جەڭگە كىرىپ گاھى ئوڭنى سولغا، گاھى سولنى ئوڭغا سۈرۈپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە، كېچىدىن تاڭ ئاتقۇچە جەڭ قىلدى. چاپ - چاپ ئاۋازى، توپ - زەمبىرەك، مىلتىق ساداسى قوشۇلۇپ پەلەكتىن ئاشتى. دېمەك، غەلىبە ئىشىكى ئىسھاق خوجام تەرىپىگە ئېچىلدى. كاپىرلار بىلەن تولۇق بىر

---

* «تارىخىي ھەمىدىيە» دە 200 دەپ ئېلىنغان — مۇھەررىردىن.

www.uyghurkitap.com

كېچە ئىككى كۈندۈز ئۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ئونىنى ئۆلتۈرگىچە 30 ى ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈپ هالاك قىلدى. ئۇلارنىڭ ئادىتىدە دۈشمەن قولىدا ئۆلۈشنى ئۆزى ئۈچۈن نومۇس دەپ بىلىدىكەن. ئەگەر كاپىرلار ئۆزىنى ئۆزى هالاك قىلىشىپ بەرمىگەن بولسا، بەش كېچە-كۈندۈزدىمۇ ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. چۈنكى ئىسلام لەشكەرلىرى 2000 غا يەتمەيتتى. كاپىرلارنىڭ چېرىكى بولسا 24 مىڭ كىشى ئىدى. بۇلاردىن 1000 دەك ئادەم جېنىنى ئېلىپ قېچىپ قۇتۇلدى. قالغانلىرى هالاك بولدى. بۇ چاغلاردا ئىسلام لەشكەرلىرىگە سۇ ئىچكىلى، تاماق يېگىلى پۇرسەت بولمىغانىدى. ئەمدى بىر ئاز خاتىرجەم بولۇپ تاماق يېيىشكە مەشغۇل بولۇپ تۇرۇشىغا، قاراشەهەردىن 7000 خىتاي، 3000 قالماق چېرىكى، 56 هارۋىدا توپ-زەمبىرەك، مىلتىق، 150 تۆگىدە ئوق-دورا بىلەن تېۋۇلغا① دېگەن مەنزىلگە كېلىپ چۈشتى، دېگەن خەۋەر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەۋاتقان تاماقنى تاشلاپ، هەممە ئىتتىپاقلىشىپ جەڭ قىلىش، ئۆزىنى قوغداپ جېنىنى مۇهاپىزەت قىلىش نىيىتى بىلەن بىردەك ئاتلىنىپ قاراشەهەر تەرىپىگە قاراپ راۋان بولدى. ئۈچ پوتەي② مىقدارى يول يۈرۈپ چوققو دېگەن يەردە خىتاي چېرىكلىرى بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئىككى ئوتتۇرىدا جەڭ باشلىنىپ كەتتى. كاپىرلار تۆگىلىرىنى چۆكتۈرۈپ، هارۋىلىرىنى قاتار قىلىپ ئۇنىڭ دالدىسىدا ئىسلام لەشكەرلىرىگە ئوق ئېتىپ يېقىن كەلتۈرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىسهاق

---

① خۇشۇت ناهىيىسىدە. تېۋۇلغا بىر چاتقاللىقنىڭ نامى — موهەررىردىن.

② پوتەي — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، بىر پوتەي تەخمىنەن تۆت كىلومېترغا تەڭ كېلىدۇ.

خوجام ئۆجمە چوماقلىرىنى قولغا ئېلىپ داڭدار باتۇر ۋە پالۋان-لارنى ھەمراھ قىلىپ دۈشمەن ئۈستىگە ئات سالدى. بۇنى كۆرگەن كاپىرلار ئىش يامان بولدى، دەپ تۆگىدىكى ئوق-دورىلارغا ئوت قويدى. نۇرغۇن ئوق-دورا پارتلاپ، نۇرغۇن تۆگە، ئادەم، قورال-ياراقلارنى ئاسماننىڭ قەرىگە ئېلىپ كەتتى. دورىنىڭ ئىسى، ئاتلارنىڭ ئايىغىدىن چىققان توپا-چاڭ زېمىن يۈزىنى قاپلاپ، قۇياش نۇرىنى خىرەلەشتۈرۈپ، كېچىنى كۈندۈزدىن، كۈندۈزنى كېچىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان، گويا قىيامەت بولغاندەك غەلىتە ئەھۋال يۈز بەردى. نەتىجىدە كاپىرلار ئاجىز كېلىپ قاچتى. خوجاملار چاپ-چاپ قىلىپ قوغلاپ تېۋىلغا دېگەن جايغا بېرىپ چۈشتى. غىزا-تاماق يەپ بىر كېچە قونۇپ ئارام ئالغاندىن كېيىن ئەتىسى قالماقلارغا يول باشلىتىپ قاراشەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. قاراشەھەرگە يېقىن بارغاندا چارلىغۇچى خىتاي-لاردىن ئىككىسىنى تۇتۇۋالدى. بۇلارنى سوراق قىلغاندا، چوڭ يولنىڭ ئۈستىگە توپ-زەمبىرەك قۇرۇپ قويدى، دېدى. قال-ماقلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن چوڭ يولنى تاشلاپ سول تەرەپ بىلەن يۈرۈپ قاراشەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، غەرب تەرىپىدىكى تېرەكلىك دېگەن جايغا بېرىپ چۈشتى.

تېرەكلىك دېگەن جاينىڭ بىر تەرىپى دەريا، بىر تەرىپى تاغ، بىر تەرىپى شەھەر بولۇپ، يەنە بىر تەرىپىدە چوڭقۇر ئېرىق بار ئىدى. شۇ كۈنى شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا-قىشلاق بازارلارنى تامامەن ئىگىلەپ، ئوت قويغۇدەككە ئوت قويۇپ، ھەددىدىن زىيادە جەڭ-جېدەللەر بولدى. كاپىرلارنىڭ ئۆلۈكى-نىڭ تولىلىقىدىن ماڭغىلى يول قالمىدى. ئۇرۇش بولغان

www.uyghurkitap.com

يەردە ئىككى چوڭ ئۆستەڭ بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى بىر نەيزە بويى* كېلەتتى. ئىككى ئۆستەڭ كاپىرلارنىڭ ئۆلۈكى بىلەن توشۇپ كېتىپ، سۇلىرى ئاقالماي ھەر تەرەپكە تېشىپ، سۇيىنىڭ رەڭگى قانغا ئوخشاش قىپقىزىل بولۇپ كەتتى. بىراق شەھەر سىرتىدىكى دۈشمەنلەر يوقىتىلغان بولسىمۇ، شەھەرنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار دەرۋازىنى ئېتىۋېلىپ، سېپىلنىڭ ئۈستىدىن ئوق ئېتىپ، تاش-كېسەكلەرنى تاشلاپ يېقىن بارغىلى قويمىدى، بۇ چاغدا ئىسلام لەشكەرلىرى ھارۋىلارنى ئەكىلىپ قاتار قىلىپ، ئۈستىگە تۆگىنىڭ چومىنى سۇغا چىلاپ بېسىپ، ئاستىغا تاللانغان باتۇرلارنى كىرگۈزگەن پېتى ھارۋىنى ئىتتىرىپ بېرىپ دەرۋازىغا ئوت قويدى. بۇنى كۆرگەن كاپىرلار ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ، ئەقلىدىن ئازدى، كۆزىگە يورۇق جاھان قاراڭغۇ كۆرۈندى. قول-پۇتى پالەچ بولۇپ، مىلتىق، قوراللىرى يەرگە چۈشتى. ئۆلۈك يا تىرىكلىكىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ قېلىشتى.

خوجەك قازى دېگەن كىشى قالماقلارغا تەرجىمان ئىدى. خوجەك قازى ئۇلارغا: «خوجاملار ئۇلۇغ كىشىلەر، ئۇلارغا ئوق ئاتماڭلار، دۇئايى بەد قىلىۋەتسە، ھەممىڭلارغا ئوت كېتىپ، كۆيۈپ تۈگەيسىلەر»، دېدى. قالماقلار: «بىز جاھانگىر خوجا زامانىسىدىن تارتىپ خاننىڭ يارلىقى بىلەن قەشقەرگە بىرقانچە قېتىم بېرىپ خوجاملارغا ئوق ئېتىپ جەڭ قىلغان، ئەمما بىرگە ياخشىلىق بولمىدى. ئارىمىزغا كېسەل تارقاپ نۇرغۇن ئادەملىرىمىز ئۆلۈپ كەتتى. چارۋا-ماللارغا چېچەك چىقىپ قىرىلىپ كەتتى. ئەمدى خوجاملارغا ئوق ئاتمايمىز»،

* نەيزە بويى — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بولۇپ، تەخمىنەن ئىككى مېتىرغا تەڭ.

دەپ چېتكە چېكىنىۋالدى. ئىسلام لەشكەرلىرى شەھەرگە كىرىپ شەھەرنى ۋەيران قىلىپ كاپىرلارنى تارمار قىلدى.

## نەزم

شاھقا ئەگەر بولسىلەر دۆلەت، بەخت يار،
بولۇر پەتھ نۇسرەتلەر شاھقا دۇچار.①

مەنسەپدارلار، ئادەتتىكى چېرىكلەر ۋە چوڭ-كىچىك پۇقرا بولۇپ بىر ھەپتە ئىچىدە 200 مىڭدىن ئارتۇق كاپىر يوقىتىلدى. بۇ جەرياندا ئىسلام لەشكەرلىرىدىن 150 چە كىشى قۇربان بولدى. 300 دەك كىشى يارىدار بولدى. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئىسھاق خوجام غالىبىيەت قازاندى. ھەممەيلەن خۇشاللىقتا چۆمدى. شادلىق سادالىرى، غالىبىيەت ئاۋازلىرى پەلەكتىن ئاشتى. تارىخ كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان جەڭ-غازاتلاردا بۇنداق نۇرغۇن چېرىكلەرنىڭ نابۇت بولغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىگەن ۋە ئىشىتمىگەن. «رەۋزە تۇسسەفا»، «ئاتەشكەدە»، «تارىخىي رەشىدى»، «شەھىرى خىيە»② ۋە باشقا تارىخ كىتابلاردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بىر زامانلاردا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ مۇسۇلمانلار ھالاك بولۇپ كاپىرلار غالىب بولغان ۋەقەلەرمۇ كۆرۈلگەن. ئەمما بۇ قېتىمقى جەڭدە كاپىرلار مەغلۇپ بولۇپ، مۇسۇلمانلار غالىب بولدى. شۇنداق قىلىپ بارلىق مۇسۇلمانلار، قالماقلار ۋە باتۇر، پالۋان ئىسلام لەشكەر-

---

① پادىشاھقا بەخت-دۆلەت كەلسە، غەلىبە-مۇۋەپپەقىيەتمۇ قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

② «رەۋزە تۇسسەفا»، «ئاتەشكەدە»، «تارىخىي رەشىدى»، «شەھىرى خىيە» — مەشھۇر تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ نامى.

www.uyghurkitap.com

لىرى ئىتتىپاقلىشىپ، ئىسھاق خوجامنى ئۆزلىرىگە ئەمىر لەشكەر قىلىپ سايلاپ، ناغرا - كاناي، داپ - دۇمباق سادالىرى بىلەن تەنتەنە قىلىشتى. ھەممەيلەن قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، تەزىم بىلەن ئۆزلىرىنىڭ خوجامغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

نەزم

مەسنەدى شاھلىققا ئولتۇردى سەئادەت كۈنلىرى،
تەختكە چىقتى ئاچىلىپ غۇنچە يەڭلىغ باغلىرى.

نەتىجىدە يەتتە پۇشتىدىن تارتىپ جىنازىغا ئوخشاش ئورۇق ئاتقا ياغاچ لىڭگىرچاق توقۇپ، ياغاچ ئۈزەڭگە، شوينا قۇشقۇن سېلىپ مىنىپ كەلگەن سەھرالىقلار، ئارغىماق - تۇپچاق ئاتلارغا، 100 سەر كۈمۈشكە ئەرزىيدىغان قىممەتباھالىق بېيجىڭ ئېگەرلىرىنى توقۇپ، ئالتۇن - كۈمۈشتىن ھەل بېرىلگەن ئۈزەڭگە، قۇشقۇن سېلىپ مىنىدىغان بولدى، ياز كۈنلىرى بېشىغا تۆزۈككىنە دوپپا، قىش كۈنلىرى ئىسسىقلىقىنا تېرە تۇماق كىيىدىغان، ماتا چاپاندىن باشقىغا قۇدرىتى يەتمىگەن، بەش تەڭگە پۇلنى ئېشىنىپ خىراجىتى ئۈچۈن يېنىغا سالالمىغان كىشىلەرمۇ، ئېسىل، قىممەتباھالىق تۇماققا، تۈلكە، سۆلەيسۇن تېرىسىدىن قىلىنغان ئالىي جۇۋىلارغا ئېرىشىپ، تاۋار - دۇردۇنلاردىن پايتىما قىلىشىپ، خۇرجۇن - خۇرجۇنلاردا ئالتۇن، كۈمۈش، تاغار - تاغارلاردا تاۋار - دۇردۇنلارغا ئىگە بولدى. ئەسكەر باشلىقلىرى، پانسات، يۈز بېشى، ئون بېشى قاتارلىقلار ئىگە بولغان ئالتۇن - كۈمۈش، ئات - ئۇلاغ، ئىگىن - ئاياغلارنىڭ ھېسابى يوق ئىدى.

قاراشەھەر ئېلىنىپ، يۇرت تىنچلانغاندىن كېيىن ئىسھاق خوجا جەڭ ۋەيرانچىلىقى، ئوت ئاپىتىدىن قۇتۇلۇپ قالغان

ملتىق، توپ - زەمبىرەك، ئوق - دورا، قورال - ياراق، مال - مۈلۈكلەرنى، ھەربىي يۈرۈشتە ھېرىپ - چارچاپ ياكى جاراھەتلىنىپ سەپتىن چۈشۈپ قالغانلارنى يىغىپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۈششاقتالغا مەخسۇس قوشۇن ئەۋەتتى. بۇلار ئۈششاقتالغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا ئەسلىدىكى ئۈششاقتالنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كەڭ قارا ساي كاپىرلارنىڭ خۇنى بىلەن خۇددى قىزىل كىگىز يايغاندەك قىزىللىقتا پۈركىنىپتۇ. پەرھات قەبرىسىنىڭ ئۈستىدىكى لالىزار گۈل - گۈلىستانلىقتىنمۇ زىيادە بەرق ئۇرۇپتۇ. ئۇلار بۇ مەنزىرىنى سەيلە - تاماشا قىلىپ، تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا شۈكرى - سانا ئېيتىپ قورال - ياراق، ئالتۇن - كۈمۈش، مال - مۈلۈكلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى.

ئىسھاق غازى خوجام خۇش خۇي، مۇلايىم، ئادىل، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، ساددا، چىقىشقاق، سېخىي، پۇقرالارنىڭ غېمىنى يەيدىغان، غەيرەتلىك بىر ئادەم ئىدى.

«پادىشاھ قايسى دىن، قايسى ئېتىقادتا بولسا خالايىقمۇ شۇنداق بولىدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق، شۇ چاغدىكى لەشكەرلەرنىڭمۇ كۆڭۈللىرى ساپ، نىيەتلىرى توغرا ئىدى. «نىيىتى قانداق بولسا ھەرىكىتىمۇ شۇنداق بولىدۇ» دېگەندەك، نىيەتلىرى توغرا بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممىلىرى غازىلىق دەرىجىسىگە مۇشەررەپ بولۇشتى. پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە مۇستەھەپ* ئەمەللىرىنى ئورۇندىغاندا نىيەت توغرا بولمىسا، ئۇنىڭ ساۋاب ۋە نەتىجىسى بولمايدۇ. غازات بولسا ئۇلۇغ پەرزلەرنىڭ بىرى بولۇپ، غازات قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە

* پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مۇستەھەپ — ئىسلام شەرىئىتى بويىچە مۇسۇلمانلار ئورۇنداشقا تېگىشلىك بولغان ۋەزىپىلەرنىڭ دەرىجىسى ۋەناملىرى.

www.uyghurkitap.com

ياخشى نىيەت، توغرا مەقسەتنىڭ بولۇشى لازىم ۋە زۆرۈر. ئىسھاق خوجام باشلىق باتۇرلار ۋە پۈتۈن لەشكەرلەرنىڭ ئۇلغا ئالاي ياكى باتۇر دېگەن نام كۆتۈرەي ۋە ياكى شۇ باھانە بىلەن بىرەر مەملىكەتكە ھاكىم، پادىشاھ بولاي دېگەندەك يامان خىيال، ناتوغرا غەرەزلىرى يوق ئىدى. ھەممىسىنىڭ بىردەك كاپىرلارنى تارمار قىلماق، ئەجەل يەتسە تەكرى يولىدا جېنىنى پىدا قىلماقتىن باشقا مەقسىتى يوق ئىدى. ئۇلۇغ تەكرىم ئۆزىنىڭ پەزلى - كەرىمى بىلەن ھايات قالغانلارغا غازىلىق بەختى دۆلىتىنى، ئۆلگەنلەرگە شېھىتلىكنىڭ ئالىي دەرىجىسىنى بەردى. ھازىرغىچە روسۇلىللانىڭ سۈننەتلىرىگە مۇۋاپىق غازات قىلغان گۇرۇھ بەلكى مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن. ھەقىقىي ئەھۋالىنى تەكرىنىڭ ئۆزى بىلىدۇ.

ئەي ئۇلۇغ خۇدا! ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن ھەممىگە ئىنساپ، ياخشى نىيەت، خالىس ئەقىدە ئاتا قىلغىن. جىمى ئالەمنىڭ پەيغەمبىرى — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن دۇئالىرىمنى ئىجابەت قىلغىن، ئامىن!

## 11

**تەكرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن سېيىت ئىسھاق خوجام تۇرپان غازىتىغا يۈرۈش قىلىپ، تۇرپاننى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن يەنە بىرنەچچە شەھەرلەرنى پەتھ قىلغانلىقى ۋە تۇرغۇن قارا خىتاي ئەھلىنىڭ نابۇت بولغانلىقى**

دۆلەت ئۇلۇغلىرى ۋە پاراسەتلىك ئەربابلارغا ئاشكارا بولغايكىم، ھوقۇق ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ ۋارىسى بولغان سېيىت ئىسھاق خوجام، قاراشەھەردىكى «كاپىر» قالماقلارنىڭ جېڭىدىن

پارىغ بولغاندىن كېيىن، ئەمىر - ئۆمرا، باھادىر، دادخاھلارنى
چاقىرىپ كونا تۈرپاننى پەتھ قىلىش نىيىتىنى ئۇلارغا بىلدۈر-
دى. ھەممە ئەربابلار بىر ئېغىزدىن: «تۈرپان پولىنىڭ قاتتىق-
لىقى ھەممە ئىنسانلارغا قۇياشتەك روشەندۇر. بۇ توغرىدا
ئارغىبۇلاق دېگەن جايدىكى تاغنى مىتىن بىلەن
ئويۇپ خەتتى جەللى① شەكلىدە مۇنداق مەزمۇندا خەت پۈتۈل-
گەن: ‹بىرىنچى قېتىم بۇ يولدا ماڭغان كىشى بىلمەسلىكتىن،
تىجارەت ۋە نەپىقە، ئەھلى ئايال دەپ نادانلىق بىلەن ماڭغان
بولغاي، ئىككىنچى قېتىم ماڭغانلار ناھايىتى زۆرۈرلۈكتىن ياكى
ئەسھابۇل كەھەبنى زىيارەت قىلىش نىيىتى بىلەن ماڭغاندۇر،
ئۈچىنچى قېتىم ماڭغانلارنىڭ ئۆزى كاپىر، خوتۇنى تالاق›.
بۇ خەتنىڭ قايسى زاماندا، قايسى ۋاقىتتا پۈتۈلگەنلىكىنى ھېچ
كىشى بىلمەيدۇ. شۇنىڭغا لايىق نان - تۇقاچ، ئوزۇق - تۈلۈك،
قورال - ياراق، ئات - ئۇلاغ راسلاپ ئاندىن يولغا چىقساق
ياخشى بولۇرمىكىن» دەپ مەسلىھەت بېرىشتى. بۇ مەسلىھەت
ھەممىگە ناھايىتى ياقتى. ئۇرغۇنلىغان ھارۋا، تۆگە، ئات-
ئېشەكلەرگە ئوزۇق - تۈلۈك، قورال - ياراقلارنى ئارتىپ ياخشى
كۈن، ياخشى سائەتتە غەلىبە ئۈچۈن ئاتلاندى. تارىخىي ھىجرى-
يىنىڭ 1281 - يىلى② رەبىئۇلئاخىرنىڭ 18 - كۈنى يولغا
چىقىپ، تېۋىلغا دېگەن مەنزىلگە كېلىپ چېدىر - بارگاھلىرىنى
تىكىپ ئارام ئالدى. غەلىبە قازانغان بۇ لەشكەرلەر ئۇر-
غۇن «كاپىر» لارنى ئۆلتۈرۈپ يۈرەكلىرى توختىغان، كۆزلىرى
قىزارغان، ئاجىزلىرى كۈچلۈك، كۈچلۈكلىرى باتۇر بولغانىدى.

---

① خەتتى جەللى — خەتتاتلىقتىكى بىر خىل ھۆسن خەت شەكلى.

② ھىجرىيىنىڭ 1281 - يىلى مىلادىنىڭ 1864 -، 1865 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ھەر بىرى ئۆزىنى گويا ئىسپەندىيار، رۇيىنتەن، قەھرىمان تەھمەتەن چاغلاپ، رۇستەم ۋە بەرزۇ* دىنىمۇ پالۋانراق، دەپ ئويلايتتى.

شۇڭا، ئۇلۇغ خۇدانىڭ ئىنايىتىگە ئۆزىنى ئاتاپ، خالىس نىيەت بىلەن تەگرىگە تەۋەككۈل قىلىپ، «دىنىغا ياردەم بەرگەن كىشىلەرنى غالىب قىل، دىننى خار قىلغان كىشىلەرنى مەغلۇپ قىل» دېگەن دۇئانى توختىماي تەكرارلاپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تەكبىر ئېيتىشىپ يولغا راۋان بولدى. ئەمما كاناي - سۇنايناڭ ساداسى، نەغمە - ناۋانىڭ ئاۋازى، لەشكەر - لەرنىڭ ھەيۋەتلىك تاماشىسى، تۇغ - ساغداق، نەيزە - قىلىچ، تۇغ - ئەلەملەرنىڭ دەبدەبىسى، پوش - پوش غوۋغىسى كۆك ئاسماندىن ئۆتۈپ يۇقىرىقى ئالەمدىكىلەرنىمۇ پاراكەندە قىلدى. ئۇششاقتالغا يېتىپ بېرىپ قارىغۇدەك بولسا كاپىرلارنىڭ ئۆلۈك- لىرى يولنىڭ ئۈستىدە دۆۋە - دۆۋە بولۇپ يېتىپتۇ. بىر تەرىپى تاغ باغرى، بىر تەرىپى سۇنىڭ قىرغىقى بولغانلىقتىن مېڭىشنىڭ ئىمكانىيىتى قالماپتۇ. چۈنكى ئېتىزلىقتىكى دېھقانلار ئوروپ يىغىپ قويغان زىرائەتتەك، بەلكى ساينىڭ تېشىدەك پۈتۈن دەشت - باياۋان ئۆلۈك بىلەن توشۇپ كەتكەندى. ھاشار- مەدىكار سېلىپ ئۆلۈكلەرنى بىر تەرەپكە تارتىپ يول ئېچىپ ماڭدى، كېيىنكى قېتىم يەنە خىتاي چېرىكلىرى كەلگۈچە بۇ ئۆلۈكلەر يول ئۈستىدە قۇرۇپ - چىرىپ ياتتى. ئەمما ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىن ئۆلۈكلەرنىڭ تېرىلىرى قۇرۇپ تارتىشىپ بەزى- لىرى باش ئۇرۇۋاتقاندەك، بەزىلىرى چاڭگال سالغاندەك، بەزىلىرى سوراقچى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندەك قىياپەتتە

* ئىسپەندىيار، رۇيىنتەن، تەھمەتەن، رۇستەم، بەرزۇ دېگەنلەر قەدىمكى ئىران ئەپسانىلىرىدىكى پالۋانلارنىڭ نامى.

بولۇپ قالغانىدى،

كېيىنكى چاغلاردا بۇ يول بىلەن يۈرگەن يولۇچىلارنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىغا ئۆلۈكلەرنىڭ ئۇستىخانلىرى سايىنىڭ تېشىدەك پۇتلىشىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن مۇسۇلمانلار ئىسھاق خوجام ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ غەيرىتىگە ئاپىرىن ئېيتىپ دۇئا قىلىشاتتى.

كېيىنكى چاغلاردا* ئاتىلىق غازى ھاكىمىيەتنى ئالغاندىن كېيىن سېيىت ئىسھاق خوجامنى كۇچادىن يەكەنگە ئېلىپ بېرىپ مۇھەممەد يۇنۇس دادخاھقا تاپشۇردى. ئۇنىڭ ھەر كۈنلۈك تەمىناتى ئۈچۈن بىر دانە قىزىل تىللا، ھەر ھەپتىدە ئۈز لايىقىدا تون - سەرۇپاي، ھەر يىلىدا 2000 چارەك ئاشلىق بېرىشنى تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈرگەنىدى. بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن مۇھەممەد يۇنۇس دادخان ئاتىلىق غازىغا مۇنداق دەپ ئەرز يازدى: «مەرھەممەت پاناھ ئاتىلىق غازى، يارلىق قىلغان تەمىناتنى ئىسھاق خوجىغا بىرنەچچە يىلدىن بېرى بېرىپ تۇردۇم. ئەمدى يېرىمىنى بېرىپ، يېرىمىنى توپلاپ ئالىيلىرىنىڭ نۇسرەتلىك قوشۇنلىرىغا يەتكۈزۈپ بەرسەم دېگەننى ئويلاۋاتىمەن. يەكەن ئەرزانچىلىق بولغانلىقتىن شۇمۇ يېتەتتى...»

ئاتىلىق غازى بۇ ئەرزنى كۆرگەندىن كېيىن كايىشلىق بىلەن قايتا غەمخورلۇق يارلىقى چۈشۈرۈپ: «خەسىس، بېخىل-لىقىمدىن ئىسھاق خوجىغا تەمىناتنى ئاز تەيىن قىلغانىكەنمەن، بۇ ئالىي يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بۇرۇن تەيىن قىلغان تەمىناتنى ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ بېرىپ، ئالىي دۆلە-

* «تارىخىي ھەممىدىيە» دە «بۇنىڭدىن ئىلگىرى» دەپ ئېلىنغان — مۇھەررىردىن.

www.uyghurkitap.com

تىمىز ھەققىدە دۇئا ئالغايسىز. ئىسھاق خوجىنىڭ ئۇششاقتالدا قانداق چەك قىلغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۇ يەردىكى كاپىرلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى كۆرسىڭىزلا بولىدۇ. مېنىڭ ئورنۇمدا سىز بولسىڭىز، ئىسھاق خوجىنىڭ داستىخانىغا پۈتۈن يەكەننى يېزا - قىشلاقلىرى بىلەن ئىنئام قىلىپ بەرگەن بولاتتىڭىز» دەپ ئىنساپ بىلەن ئەمر قىلدى. بۇ ئەھۋال ئاتىلىق غازىنىڭ ناھايىتى دىيانەتلىك كىشى ئىكەنلىكىگە، ئىسھاق خوجامنىڭ غەيرەتلىك ۋە باتۇرلۇقلىرىغا گۇۋاھ بولالايدۇ.

ئەمدى ئەسلىدىكى قىسسىمىزگە كەلسەك، سېيىت ئىسھاق خوجام پۈتۈن لەشكەر، ھەممە باتۇر، پالۋان، توپ - زەمبىرەكچىلىرى بىلەن ئوت - بوغۇز، نان - توقاچلىرىنى ئېلىپ ئۇششاقتالدىن يولغا چىقىپ دۆڭدىڭزا دېگەن مەنزىلگە كېلىپ چۈشتى. بۇ يەردىن چىقىپ قارا قىزىلدا* قونۇپ ئاندىن كۆمۈش دېگەن قونالغۇغا يېتىپ باردى. كۆمۈشتە 30 — 40 ئۆيلۈك كىشى بالا - چاقىلىرى بىلەن تەسلىكتە كۈن كۆچۈرگۈدەك ئازغىنا يەر - سۇ بولۇپ، ئۇيەر ئوت - خەشەك ھەتتا چىش كولىغۇدەك ياغاچ تېپىلمايدىغان جاي ئىدى.

كۆمۈشتىن چىقىپ ئۇجمە دەڭگە باردى. ئۇ يەردىن چىقىپ ئارىغبۇلاق مەنزىلگە چۈشتى. بۇ يەردىمۇ ئازراق سۇ بولۇپ، ئاتلارنى نۆۋەت بىلەن سۇغارسا ئاران يېتەتتى. بۇ يەردىن چىقىپ سۇبېشىغا كەلدى. بۇ يەردىن ئۆتۈپ توقسۇنغا يېتىپ باردى. توقسۇن خېلى كاتتا يۇرت بولۇپ، ئەتراپىدىكى يېزا - قىشلاقلىرىمۇ كەڭرى ئىدى. بۇ يەردىن ئۆتسىلا تۇر -

---

* «تارىخىي ھەممىدىيە» دە «قارا قىرىن» دەپ ئېلىنغان — مۇھەررىردىن.

پانغا يېتىپ باراتتى. گەپنىڭ قىسقىسى، مۇشۇنداق ئەھۋالدا مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن تۇرپانغا يېتىپ باردى.

تۇرپاندا تۇرۇۋاتقان سايرامىلىق خوجىلاردىن مەسۇمخان خوجا ئاتلىق بىر ئۇلۇغ كىشى بولۇپ، سىيىت ئىسھاق خوجام- نىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ بارغۇچە ئۇ تۇرپانلىق قاسىم جەگچى، ۋايىت خەلىپە، خوجا زايىت خەلىپە، ھاجى باقى خەلىپە دېگەنلەر بىلەن بىرلىشىپ، تۇرپاننىڭ سەھرا ـ قىشلاقلىرىدىكى چېرىك، ئېلىپ- ساتار خىتايلارنى ئۆلتۈرۈپ، بىر ـ ئىككى قېتىم شەھەرگە ھۇ- جۇم قىلىپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارغا تەڭ كېلەلمە- گەن، خىتايلار شەھەر دەرۋازىسىنى ئېتىۋېلىپ قامىۋالغانىكەن.

تۇرپانغا قاراشلىق سەھرالاردا توققۇز ئورۇندا چېرىك ۋە ئولتۇراقلاشقان خىتايلار بولۇپ، بەزى ئورۇندىكىلىرىنىڭ سانى 7 ـ 8 مىڭ، بەزى ئورۇندىكىلىرى 3 ـ 4 مىڭ كېلەتتى. بۇلارنىڭ ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، قالغانلىرى شەھەرگە كىرىۋالغانىدى. شۇنداق ھالەتتە خوجا ئىسھاق خوجام ھەشەمەتلىك لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ شەھەر ئەتراپىغا چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تىكىپ ئورۇنلاشتى. ھەر تەرەپكە قاراۋۇل خەۋەرچىلەرنى قويۇپ ھوشيار تۇردى. تۇرپان شەھىرىنىڭ سېپىلى مۇستەھكەم، بېكىنىۋالغان خىتايلارنىڭ سانى كۆپ ئىدى. كۈن ئارىلاپ ھەر ئىككى تەرەپ توپ ـ زەمبىرەك ئېتىپ سوقۇشۇپ تۇردى. نۇرغۇن خىتايلار نابۇت بولدى. ئىسھاق خوجامنىڭ لەشكەرلىرىدىنمۇ بىرمۇنچە كىشى شېھىت بولدى. ئەمما شەھەر پەتھ بولمىدى، ئاقىۋەت بىرنەچچە يەرگە ئېگىز «شەببە»* باغلاپ، ئۈستىگە بىرنەچچە باتۇرلار چىقىپ شەھەر ئىچىگە ئوق ئېتىپ كاپىرلارنى

---

* شەببە ـــ سېپىلنىڭ تېشىدا تۇرۇپ ئىچىگە ئوق ئېتىش ئۈچۈن ياغاچتىن ياسالغان ئېگىز لاپاس.

www.uyghurkitap.com

باش چىقارغىلى قويمىدى. مۇشۇ ھالەتتە ئۇرۇمچىدىكى سۇ دالۇيە، داۋۇت خەلپە①لەردىن كىشى كېلىپ «ئۇرۇمچىنىڭ سەھرالىرىدىكى خىتايلارنى قوغلاپ شەھەرگە قامىدۇق. بىزگە مەدەت ۋە ياردەم بېرىپ خوجاملاردىن بىر كىشىنى باشلىق قىلىپ لەشكەر ئەۋەتسىلە دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئىسهاق خوجام بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال باھاۋىددىن خوجامنى 1000 لەشكەر بىلەن، مەسۇمخان خوجامغا ۋايىت خەلپە، زايىت خەلپىلەرنى قوشۇپ 2000 لەشكەر بىلەن، تۇڭگان مانۇر خەلپە، ئېلى خەلپىلەرگە توپ ـ زەمبىرەك، ئوق ـ دورىلار بېرىپ، ئۇلارنى 1000 تۇڭگان لەشكەر بىلەن ماڭدۇردى. ئارقىدىنلا يەنە رەھمەت باتۇر، ھاجى باقى خەلپىلەرنى 1000 لەشكەر بىلەن ئۇرۇمچىگە يولغا سالدى. بۇلار يېتىپ بېرىپ ئۇرۇمچىنى پەتھ قىلدى. بۇ جەرياندا 30 مىڭدىن كۆپرەك كاپىر يوقىتىلدى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ جىمسارنى ئالدى. بۇ يەردە 16 مىڭ كاپىرنى يوقاتتى. ئۇ يەردىن «گۈچۈڭزى» غا باردى. گۈچۈڭزى ناھايىتى چوڭ كاتتا شەھەر بولۇپ، كاپىرلارمۇ تولا ئىكەن. «گۈچۈڭزى» دېگەن خىتايچە «ئىت قۇرتى» يەنى، «ھېسابى يوق» دېگەن بولىدىكەن. سەھرا ـ قىشلاقلىرىمۇ كەڭرى بولۇپ، ھەممىسىدە خىتايلار بار ئىكەن. ئۆيلۈك ھېسابىدا تەخمىنەن ئىككى لەك② ئۆيلۈكتىن كەم ئەمەس دېيىشىدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يوقاتتى (بۇيەرگە قاراشلىق بىرقانچە يېزا ـ قىشلاقلار بولۇپ، ئۇ يەرلەردە ئەسلا مۇسۇلمان ئەۋلادى يوق، دېيىشىدۇ. ئەمما يىراق تاغ باغرىدا ئورۇنلىشىۋالغانلىرى قۇتۇلۇپ قالغان بولۇشى

① داۋۇت خەلپە ــ خەنزۇچە مەنبەلەردە «تۇدىلىڭ، تومىن» دېگەن كىشى ــ مۇھەررىردىن.

② ئىككى لەك ــ 200 مىڭ.

مۇمكىن). ئۇ يەردىن سەنتەيگە باردى. ئۇ يەردىمۇ 15 مىڭغا يېقىن كاپىرغا ھالاكەت يەتتى. ئۇ يەردىن فۇكاڭغا بېرىپ 12 مىڭ كاپىرنى يوقاتتى، ئۇ يەردىن يۈرۈپ جەھەكۈغا بېرىپ 30 مىڭچە كاپىرنى نابۇت قىلدى. ئاندىن قاراباسۇنغا يېتىپ بېرىپ 15 مىڭچە كاپىرنى ھالاك قىلدى، ئۇ يەردىن ماناسقا باردى. ئۇ يەردە 60 مىڭ كاپىرنى يوقاتتى، جەڭدا قاتتىق جەڭ بولغان بولسىمۇ، كەرەملىك تەڭرىم يەنە غەلىبە ئاتا قىلدى. خەلىپىلەر، ئەسكەر باشلىقلىرى ئولجا ـ غەنىيمەتلەرگە تويۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تۇرپانغا قايتىپ كەلدى. بۇ شەھەرلەرنى ئىككى ئاي ئىچىدە قولغا كىرگۈزۈپ، بىر تەرەپ قىلغان بولسىمۇ، ھەممىسى ۋەيران بولۇپ ھۇقۇشقا ماكان بولدى.

شۇ كۈنلەردە ئابىددىن خوجامنى باش قىلىپ، لۈكچۈنلۈك ھەسەن قاسىم باتۇر، تۇڭگان خۇ خەلىپە، كۇچالىق توختى مۇھەممەد خەلىپە، شايارلىق موللا ئوسمان شەيخ باتۇر، ئىدرىس خەلىپە، موللا يولداش مىرزا، ئاقسۇلۇق ئوشۇر خەلىپە، ھىدايىتۇللا خەلىپە، مۇسا مىڭ بېگى، قەشقەرلىك قۇربان خەلىپە، مۇسا خەلىپىلەرنىڭ بەزىلىرىنى 700 — 800، بەزىلىرىنى 1000 ئادەمگە باش قىلىپ، مورى تەرىپىگە چوڭ يول بىلەن يولغا سالدى. ئۇلار بەش مەنزىل يول يۈرۈپ چىقتىم دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن چوڭ يولنى تاشلاپ، سول تەرەپ تاغ ئارىسى بىلەن يۈرۈپ داۋاندىن ئېشىپ تازبۇلاق دېگەن يەرگە يېتىپ باردى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ، يېسەنگا جىڭزە دېگەن يەردىكى خىتايلار بىلەن ئۇرۇشۇپ 10 مىڭدەك كاپىرنى نابۇت قىلدى. ئۇ يەردىن يىبا جىڭزىغا يېتىپ بېرىپ 12 مىڭچە كاپىرنى ھالاك قىلدى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ تاللىق دېگەن يەر بىلەن مورىغا يېتىپ باردى. مورى سېپىلى يوق شەھەر بولۇپ، ئەتراپىدىكى يېزىلىرى ناھايىتى چوڭ ئىدى. بۇيەردە خىتايلار

ھېسابسىز دېگۈدەك كۆپ ئىكەن. بۇ يەردىمۇ نۇرغۇن قېتىم جەڭ بولۇپ، كاپىرلارنىڭ كۆپچىلىكى ھالاك بولدى. ئازراقلىرى مۇسۇلمان بولۇپ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. مورىدىن چىقىپ دۆڭكىجىن شەھىرىگە يېتىپ باردى. ئۇ يەردىمۇ ناھايىتى كۆپ جەڭ - جېدەللەر بىلەن 40 — 50 مىڭ كاپىر ئۆلدى. ئەمما شەھەر پەتھ بولمىدى. ئاقىۋەت خىتايلار غالىب كەلدى. ئىسلام لەشكەرلىرى سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن قىينىلىپ بەرداشلىق بېرەلمەي تۇرپانغا يېنىپ كەلدى.

بۇ چاغدا تۇرپان شەھىرى تېخى پەتھ بولمىغانىدى. بۇ ئارىلىقتا نۇرغۇن ۋەقەلەر يۈز بەردى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ بىرى شۇكى، سۇ خەلپە دېگەن كىشى بۇگۈردە قالغانىدى. كېيىن كېلىپ تۇرپاننىڭ پەتھ بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ: «تۇرپان شەھىرىنى پەتھ قىلىپ قولغا كىرگۈزمىگۈچە ھېچ نەرسە يېمەيمەن» دەپ قەسەملەر قىلىپ ئادەملىرى بىلەن شەھەرگە قاراپ ئات سالدى. خىتايلارنى قوغلاپ ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى. ئۇلار كاپىرلارنىڭ باشلىرىنى كېسىپ، تاشنى ئاتقاندەك سېپىلدىن ئارتىلدۇرۇپ شەھەرنىڭ سىرتىغا ئاتاتتى. ئاقىۋەت ئەجەل ئوقى كېلىپ تەگدى. كاپىرلار قورشاپ ئېلىپ سۇ خەلپىنى ئۆلتۈرۈپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ ئاختۇردى. يانچۇقىدىن مۆھۈرى چىقتى. بۇنى كۆرگەن كاپىرلار ئۇنى چوڭ باشلىق ئىكەن دەپ ئويلاپ، ئوت قالاپ ئۆلۈكىنى كاۋاپ قىلىپ بىر لوقمىدىن يېيىشتى.

تۇرپاننىڭ شەھەر ئىچىگە كىرىۋالغان كاپىرلار ئامبارىدىكى ئاشلىقلىرىنى باھاردا پۇقرالارغا ئۆتنە بەرگەنىدى. شۇڭا ئاشلىقى تۈگەپ ئاچارچىلىقتىن ئات، ئىت - ئېشەك، ھەتتا كىچىك بالا، قېرىلىرىنى يەپمۇ يەنىلا ئاچارچىلىقتا چىدىماي ناھايىتى بىتاقەت بولدى. چۈنكى تۆت ئايدىن بېرى شەھەر پەتھ بولماي

قامىلىپ قالغانىدى،

بىر كۈنى ئىسھاق خوجام تۇرپان شەھرىنىڭ بول ئېرىق① تەرىپىدىكى دەرۋازىسىنى توسۇپ ياتقان ئەسكەرلىرىنى ياندۇرۇپ كېلىپ: «خىتايلار بىپىجىك تەرىپىگە كەتسۇن، يول بېرىمىز» دەپ جاكار قىلدى.

ھەممە خىتايلار يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئالدى بول ئېرىققا يېتىپ بېرىشى بىلەن ئىسلام لەشكەرلىرى قوغلاپ كېلىپ چاپ-چاپ قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، تىرىك قالغانلىرىنى ئەسىر قىلىپ، لەشكەرلەرنىڭ خىزمىتىگە سالدى. شەھەر ئىچىدىكى ئوق-ياراق ۋە ھەممە جەڭ ئەسلىھەلىرىنى غەنىيمەت ئېلىپ، مۇسۇلمانلار شادخۇرام، كاپىرلار غەم-پەرىشان بولۇشتى. شۇنداق قىلىپ تۇرپان شەھىرى ئىچىدىكى چېرىكلەر ۋە ئون توققۇز يېزىدىكى خورجا② مەيمەيچىلەر③ بولۇپ 130 مىڭدىن كۆپرەك كاپىرلار ھالاك بولدى. مۇسۇلمانلاردىن 400 چە كىشى شېھىت بولدى.

تۆت ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە بۇ تەرىپى دۇرۇمچى، ئۇ تەرىپى مورى ۋە دۆڭكىچىن بولۇپ، تۆت لەكتىن كۆپرەك كاپىرلار ھالاك بولدى. بۇ ھەرگىزمۇ مۇبالىغە ئەمەس. مۇبادا خۇش خۇيلۇق بىلەن قەلەمنىڭ تىزگىنىنى مۇبالىغە تەرىپىگە مايىل قىلىپ، بولغان ۋە ئۆتكەن ۋەقەلەرنى تەپسىلىي بايان قىلسام ئوقۇغۇچى ۋە ئىشىتكۈچىگە مالاللىق يېتىپ، مۇددىئا

---

① بول ئېرىق — ھازىر بۇلۇيۇق دەپ ئاتىلىدۇ.

② خورجا — يېزىدا ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانمىدىغان خەنزۇلارنى دېمەكچى.

③ مەيمەيچى — سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەنزۇلار شۇنداق دەپ ئاتىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

ۋە مەقسەتتىن يىراقلىشىپ قالارمەنمىكىن دەپ، مىڭدىن يۈزىنى، يۈزدىن ئونىنى، ئوندىن بىرىنى ئىلغاپ ـ تاللاپ بۇ كىتاب سەھىپىسىگە چۈشۈردۈم. گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، بۇ موغۇ-لىستان يۇرتىغا كۇپۇرلۇقنىڭ* قاراڭغۇلۇقى تەسىر قىلىپ، ھەممە ئادەم قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قالغاندى. ئىسلام شەمشىرى ۋە خەنجەرلىرىنىڭ قۇياشتەك چاقنىشى بىلەن مۇسۇلمانلار غەلىبە قازىنىپ، قايتىدىن روشەنلىككە ئىگە بولدى. ئەي ئۇلۇغ خۇدا، مۇسۇلمانلارغا تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق ئاتا قىلغايسەن. ئامىن!

## 12

### خوجا ئىسھاق خوجامنىڭ ئىككىنچى قېتىم مورىغا لەشكەر ماڭدۇر-غانلىقى ۋە مەقسىتىگە يېتەلمەي قايتىپ كەلگەنلىكى؛ قۇمۇلدىن ئېسىل ھەدىيىلەرنىڭ كەلگەنلىكى ھەم لۈكچۈننىڭ يەنە بىر قېتىم پەتھ بولغانلىقى

ياخشى نىيەتلىك بۇرادەرلەرگە ئاشكارا بولغايكى، ئابىددىن خوجام ئىسلام لەشكەرلىرى بىلەن دۆڭكىچىمىدىن يېنىپ تۇرپانغا قايتىپ كەلدى. ئىككىنچى قېتىم باھاۋىددىن خوجامنى باش قىلىپ تۇڭگان جۇ خەلىپە، توختى مۇھەممەت خەلىپە قاتارلىق نامدار، باتۇر، پالۋانلارنىڭ ھەر بىرىنى ئۆزىگە قاراشلىق مىڭ-دىن ئارتۇق لەشكەر، توپ ـ زەمبىرەك، ئوق ـ ياراق ئەسلىھەلەر بىلەن جابدۇپ، جەمئىي 15 مىڭ لەشكەرنى دۆڭكىچىمىن غازا-تىغا يولغا سالدى. باھاۋىددىن خوجام باشلىق ئىسلام لەشكەر-

* كۇپۇرلۇق ـ دىنسىزلىق دېگەن مەنىدە.

لىرى ئۇرغۇن يوللارنى بېسىپ مورىغا يېتىپ كەلدى. مورىنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا - قىشلاقلاردىن ئۇرغۇن «كاپىر» لار توپلىنىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئىككى ئوتتۇرىدا قاتتىق جەڭلەر بولۇپ، ئۇرغۇن كاپىرلار ھەم مۇسۇلمانلار نابۇت بولدى. ئاقىۋەت يەنە كاپىرلار غالىب كەلدى. ئاخىر ئىسلام لەشكەرلىرى تۇرپانغا قايتىپ كەلدى.

شۇ چاغلاردا قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئاشلىقى تۈگەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سۆپۈرگە بەگ دېگەننى 50 ھارۋا، 100 تۆگە بىلەن گۈچۈڭدىن ئاشلىق ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى. سۆپۈرگە بەگ يول ئۈستىدە ئىسلام لەشكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئىسلام لەشكەرلىرى سۆپۈرگە بەگنى تۇتۇپ تۇرپانغا — ئىسھاق خوجامنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. ئىسھاق خوجام گەپ - سۆز سوراپ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، سۆپۈرگە بەگنى كۇچاغا — راشىددىن خان خوجامنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. سۆپۈرگە بەگ قۇمۇلنى ئېلىشقا ياردەم بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. راشىددىن خوجام ئىلتىپات قىلىپ سۆپۈرگە بەگنى ئىسھاق خوجامنىڭ ئالدىغا ياندۇردى. سۆپۈرگە بەگ يېتىپ كەلگۈچە قۇمۇلنىڭ ئەلەمى* بىرنەچچە كىشى بىلەن ئۇرغۇن تارتۇق، سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ ئەلچى تەرىقىسىدە تۇرپانغا يېتىپ كەلدى. سوۋغا - سالاملار ئىچىدە ھەرخىل، ھەرتۈرلۈك نەرسىلەر كۆپ ئىدى. جۈملىدىن جاھانگىر خوجام خىتايلارغا ئەسىر چۈشكەندە كىيگەن زەر تون ھەم مەپىمۇ بار ئىدى. زەر توننىڭ ئىككى جەينىكى، ئىككى تىزى، كۆكسىنىڭ ئىككى تەرىپى ۋە ئۈچا (دۈمبە) سىدە چىننىڭ ئاغزىدەك يەرگە

* ئەلەم — دىنىي ئەمەل، مەنسەپ نامى.

ئالتۇن قۇببە① ئورنىتىپ، ئۇنىڭغا ئايەت پۈتۈلگەنىدى. ھەربىر قۇببە قۇياشتەك يالتىراپ تۇراتتى. مەپىنىڭ پۈتۈن جابدۇقلىرىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەنىدى. زەرتون ۋە مەپىنى قۇمۇل ۋاڭى تەۋەررۈك، دەپ ئۆز خەزىنىسىدە ساقلىغان بولۇپ، بۇ قېتىم سوۋغات ئورنىدا ئەۋەتكەنىدى. ئىسھاق خوجام ئەلەم ئاخۇنۇمنى ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرى بىلەن كوچاغا — راشىددىن خان خوجامنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. بۇلار بېرىپ راشىددىن خان خوجامغا مۇلاقات② بولدى. بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن راشىددىن خان خوجام قۇمۇل ۋاڭىغا ئالتۇن تالالىق سەللە، كىمخاب تون، ئۆتكۈر خەنجەرلەرنى ئىنئام قىلىپ، ئەلەم ئاخۇنۇم باشلىق ئەلچىلەرگە باشتىن-ئاياغ كىيىم-كېچەك بېرىپ ياندۇردى.

سۈپۈرگە بەگ تۇرپانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىسھاق خوجام ئۇنىڭغا موللا تۆمۈر خەلىپە، توختەم باتۇر باشلىق 12 مۇسۇلمان، ئالتە تۈگىگانىنى قوشۇپ قۇمۇلغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. بۇلار قۇمۇلغا يېتىپ كېلىپ، قۇمۇل ۋاڭى بىلەن كۆرۈشتى. قۇمۇلدىكى كاپىرلارغا ھېچكىم تەگمىگەن ۋە دەخلى قىلىنمىغانىدى. ئەلچىلەر قۇمۇل ۋاڭىغا «كاپىرلارنى بىزلەر يوقاتساق» دېگەن تەكلىپنى بەردى. قۇمۇل ۋاڭ قوبۇل كۆردى، ئەمما ئۆزى بىلمەس بولۇۋېلىپ، خەزىنىسىدىن 500 كىشىلىك چاپان، ساۋۇت ئولپاق③، دۇبۇلغا④ قاتارلىق جەڭ كىيىمى، ئوق-ياراق ئەس-

---

① قۇببە — يۇمىلاق شەكىللىك زىننەت ئۈچۈن ئورنىتىلغان قاپارتما نەقىش.

② مۇلاقات — كۆرۈشۈش، ئۇچرىشىش.

③ ئولپاق — تۇماق، باش كىيىم.

④ دۇبۇلغا — پولات ياكى تۆمۈردىن ياسالغان، تىغ ئۆتمەيدىغان باش كىيىم.

لىھەلەرنى چىقىرىپ بەردى. تۇرپاندىن بارغان ئەلچىلەر ئادەم يىغىپ، كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قۇمۇلنى پەتھ قىلدى.

دۆلكېچىدىن تەرىپىدىن ئىسلام لەشكەرلىرى ئىككى قېتىم مەغلۇپ بولۇپ يېنىپ كەلگەندىن كېيىن لۈكچۈننىڭ خوجىلىرى ۋە بەگزادىلىرىدىن ئىبراھىمخان، ئابدۇۋايىتخان، ھىپزۇللا خان، يولۋاسخان، شامەھرەم بەگ قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرى جەم بولۇپ مەسلىھەت قىلىشىپ، مورىغا خەت ئەۋەتىپ 5 - 6 مىڭ خىتاينى قىچقىرىپ كېلىپ بىرئاتەرەپتە توختىتىپ قويىدى. ئاندىن ئىبراھىمخانىنى «خان» قىلىپ، ئىسھاق خوجامغا قارشى دۈشمەنلىك دۇمبىقىنى چالدى ۋە خوجا زايىت خەلىپە، ۋايىت خەلىپىلەرنى ئۆزلىرىگە رام قىلدى. ۋاڭنىڭ بىر قىز نەۋرىسىنى زايىت خەلىپىگە تارتۇق قىلدى. بۇنىڭ خۇشلۇقىدا زايىت خەلىپە ھەر بالا بولسا ھۆددىسى ماڭا، دەپ جەڭگە تەييار بولۇپ تۇردى.

خوجا ئىسھاق خوجام تۇرپاندىن ناسىردىدىن خوجامنى باش قىلىپ، توختى مۇھەممەت خەلىپە، دۇئايى خەلىپە، موللا ئوسمان شەيخ، بەختىمەت دۆبېگى، سايراملىق مۇھەممەد ئېلى خەلىپە، قەشقەرلىك مۇسا خەلىپە، قۇربان خەلىپە، ئاقسۇلۇق ھىدايەت خەلىپە قاتارلىق بىرنەچچە باتۇرلارنى لەشكەرلىرى بىلەن لۈكچۈنلۈككە قارشى جەڭگە ئەۋەتتى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى نامايان قىلىپ ئۇرۇشتى. نۇرغۇن ئادەم زايە بولدى. ئاخىردا ئىسھاق خوجامنىڭ لەشكەرلىرى چىداشلىق بېرەلمەي نائىلاج تۇرپانغا قېچىپ كەلدى.

لۈكچۈنلۈكنىڭ غەرىزى بولسا، ئىسھاق خوجىنى يېڭىپ تۇتۇۋالساق، يۇرتىمىزنى ئۆزىمىز سورىساق، مۇبادا ئىچكىرىدىن خىتاي چېرىكلىرى چىقىپ قالسا، خوجىلارنى شۇلارغا تارتۇق

قىلىپ خىزمەت تاپشۇرۇق، دېگەن يامان خىيال بىلەن نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدى. يەنە لۈكچۈندە 400 ئۆيلۈك تۇڭگانلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆي-جايلىرىغا ئوت قويۇپ، خوتۇن، بالا-چاقىلىرىنىمۇ قويماي ئۆلتۈردى.

ئۈرۈمچىدىكى سۇدالۇيە، داۋۇت خەلىپىلەر بۇ ھادىسىلەرنى ئاڭلاپ غەزەپ ۋە غەيرەتلىرى جۇش ئۇرۇپ 3000 تۇڭگانى ياردەمگە ئەۋەتتى.

بۇ كۈنلەردە مۇشۇ سائادەتلىك زاماننىڭ پادىشاھى، ياخشى ئەخلاقىنىڭ ھامىيسى بولغان خوجا ئىسھاق ئۆزى باش بولۇپ لەشكەر تارتىپ، ئىككىنچى قېتىم لۈكچۈنگە ئاتلاندى. 15 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر بىلەن ئاۋات دېگەن مەنزىلگە كېلىپ چۈشتى.

تۇرپاننىڭ ئادەملىرى ھەر ئىككى تەرەپكە يان باسماي ئوتتۇردا قاراپ تۇردى. نۇرغۇن لۈكچۈن ئادەملىرى قېچىپ كېلىپ قارىنىمۇ قارشى سەپ تۈزۈپ جەڭگە كىرىشتى. نەچچە قېتىم غالىب ۋە مەغلۇپ بولۇشتى. ئاقىۋەت ئىسھاق خوجامنىڭ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن غەلىبە شامىلى نامايان بولدى. لۈكچۈن-لۈكنىڭ جېنىنى خەس-خەشەكتەك دەشت-باياۋانلارغا ئۇچۇرۇۋەتتى. دۈشمەنلەر يوقىتىلدى. ۋايىت خەلىپە ئىشنىڭ ئۆزى ئويلىغىنىدەك بولماي ئەكسى تەرىپىگە يۈزلەنگەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ، لۈكچۈنلۈكنىڭ كاتتىلىرىدىن بىر مۇنچىسىنى تۇتۇپ باغلاپ ئېلىپ كېلىپ، ئىسھاق خوجامغا كۆرۈنۈش قىلدى. ئىسھاق خوجام ۋايىت خەلىپىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ ئەپۇ قىلىپ تون-سەرۇپاي ئىنئام قىلدى. ئەسكەرلەر شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ كىرىپ نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈردى. شەھەر ۋە سەھرالارنى تالان-تاراج قىلدى. خوجا ئىسھاق خوجام پەند-نەسىھەت، ئەمرى مەرۇپ قىلىپ لەشكەرلەرنى بۇلاڭ-تالاڭدىن ئاران توختاتتى. لۈكچۈننىڭ چوڭلىرىدىن بىر مۇنچىسىنى دارغا

ئاستى. يەنە بىر مۇنچىلىرى قۇمۇل، بارىكۆل تەرەپلەرگە جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. ئاخىر تۇرپان، لۈكچۈننىڭ ئىشلىرىدىن پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولدى. لۈكچۈننىڭ ھاكىملىقىنى ھاشىر تاجىبەگكە ئىلتىپات قىلدى. تۇرپاننىڭ ھاكىملىقىنى چوڭ غازىغا مەرھەمەت قىلدى. خوجا ئىسھاق خوجام ئۆزى ئەسھابۇل كەھب ۋە باشقا ئۇلۇغ مازارلارنى زىيارەت قىلىپ، كەگرى نەزىرلەرنى ئۆتكۈزۈپ، غېرىب - مىسكىنلەرنى تويغۇزدى. خەتمە قۇرئان ئوقۇتۇپ، شۈكرى - سانا بەجا كەلتۈرۈپ دۇئا ۋە ئېلتىجا بىلەن بولدى.

## 13

**سىيىت ئىسھاق خوجىنىڭ قۇمۇلغا يۈرۈش قىلىش قارارىغا كېلىپ، بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىققانلىقى؛ چىڭۋاڭ خاننىڭ ئىسھاق خوجامنىڭ ئىستىقبالىغا چىققانلىقى؛ قۇمۇلنىڭ پەتھ قىلىنغانلىقى ۋە ناتوغرا يارلىق كېلىپ قالغانلىقى**

تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1282 - يىلى① زۇلھەججە ئېيىنىڭ 18 - كۈنى②، ياخشى سائەت، قۇتلۇق ۋاقىتتا ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ ئىگىسى بولغان سىيىت ئىسھاق خوجام، بايراق - ئەلەم، سوناي - كاناي بىلەن خۇشال - خۇرام ھالدا ئۆزى باش بولۇپ، خىللانغان 16 مىڭ لەشكەرنى ھەمراھ قىلىپ قۇمۇل تەرەپكە قاراپ

---

① ھىجرىيىنىڭ 1282 - يىلى مىلادىنىڭ 1865 -، 1866 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② «تارىخىي ھەمىدىيە» دە: «ماھى مۇھەررەمنىڭ 18 - كۈنى دېيىلگەن — مۇھەررەمدىن».

www.uyghurkitap.com

يۈرۈش قىلدى. بۇچاغدا قۇمۇلدىكى مۇسۇلمانلار شەھەرنى خىتايلاردىن تازىلاپ خوجاملارنىڭ كېلىشىگە مۇنتەزىر بولۇپ تۇرغانىدى.

تۇرپان بىلەن قۇمۇلنىڭ ئارىلىقى 18 مەنزىل بولۇپ، كۆپ مەنزىللەردە ئوت-چۆپ، سۇ يوق ئىدى. خوجاملار مەنزىلمۇ مەنزىل يول يۈرۈپ، قۇمۇلغا 8 مەنزىل قالغاندا قۇمۇل ۋاڭى ئەۋەتكەن تۆگە، ھارۋىلارغا يۈكلەنگەن نۇرغۇن چۈشكۈن-قونالغۇ* يېتىپ كەلدى. ئارقىسىدىن چىڭۋاڭ خان ئۆزى يېتىپ كېلىپ سەييىت ئىسھاق خوجام بىلەن كۆرۈشتى. خوجامنىڭ ھەممە لەشكەرلىرىنى ئاش-تاماق، يەل-يېمىشلەر بىلەن تويغۇدەك زىياپەت قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەددىدىن زىيادە تارتۇق، سوۋغا-سالاملارنى يەنى — خۇسۇسەن 400 يامبۇ، 8000 ئاختا ئات قاتارلىقلارنى تارتۇق قىلدى. مۇشۇلاردىنلا قالغان سوۋغا-سالاملارنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ.

سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن خوجاملارغا يول باشلاشقا ئادەم تەيىنلەپ قويۇپ، چىڭۋاڭ خان ئۆزى ئالدىدا قايتىپ كەلدى. سەييىت ئىسھاق خوجام ۋە غالىب لەشكەرلەر مەنزىلمۇ مەنزىل يول يۈرۈپ قۇمۇل شەھىرىگە يېقىن بارغاندا چىڭۋاڭ خان يەنە ئىسھاق خوجامنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئۇلارنى شەھەرگە باشلاپ كىرىپ، ئالىي ئوردىغا چۈشۈردى. قالغان خەلىپە، لەشكەر بېشى، باتۇرلارغىمۇ ئۆز لايىقىدا ئىنئاملارنى بەردى. ئادەتتىكى لەشكەرلەردىن ھەر تۆت كىشىگە تۆت كۈندە بىر قوي، تۆت جىڭ چاي كېمىتمەي بېرىپ تۇردى. چوڭلارغا ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن كۆپ بەردى. سەييىت ئىسھاق خوجام قۇمۇلدا ئۈچ ئاي بەلكى ئۇنىڭدىن

---

* دوستلۇقنى ئىپادىلەپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىلگەن ئاش-ئوزۇق، يەم-بوغۇز قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇزۇنراق ۋاقىت تۇرغان بولسىمۇ، شۇ مىقداردا بېرىپ تۇردى.

قۇمۇل ۋاڭىنىڭ مەنسىپى ناھايىتى چوڭ، مال-دۇنياسى نۇرغۇن ئىدى. چىڭ ۋاڭ تارتۇق قىلغان ئاتلارنى، سىيىت ئىسھاق خوجام لەشكەرلەرگە ئىنئام قىلىپ ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەنىدى. ئاتلارنىڭ چىشلىرىنى كۆرۈپ، ياشلىرىنى ھېسابلاپ كۆرسە، 20 ياشتىن تۆۋەن ئات يوق ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى سۈرۈشتۈرسە، يەرلىك خەلق «چىڭ ۋاڭ خاننىڭ يىلقىلىرى ناھايىتى كۆپ، سانىنى بىز بىلمەيمىز، ئەمما قويلىرى 260 قوتان بولۇپ، ھەر قوتاندا 700 دىن 1200 گىچە قوي بار. باش باھاردا بىر بەگ، ئۈچ مىرزا ئاتلارنىڭ تىزىمىنى ئالغىلى، بىر بەگ، ئۈچ مىرزا قويلارنىڭ تىزىمىنى ئالغىلى چىقىدۇ. ئالتە ئايدا ئاران خەتلەپ كېلىپ مەلۇم قىلىدۇ. يايلاقلىرىنىڭ كەڭلىكى شۇ قەدەركى، ئاخىرىغا بىر ئايدا ئاران يېتىپ بارغىلى بولىدۇ» دېيىشتى.

بىر رىۋايەتتە مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: ئۈرۈمچىدىكى دايەنشەي، شويەنشەي دېگەن تۇڭگانلار 30 مىڭ تۇڭگان لەشكىرى بىلەن قۇمۇلغا باستۇرۇپ كېلىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنى قەستلىگەندە، قۇمۇل ۋاڭ 30 مىڭ تۇڭگان لەشكەرلىرىنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن ئاختا ئات، بىردىن يامبۇ بەرسەم، چوڭ ئەمەلدارلىرىغا ئۆز لايىقىدا ئۇنىڭدىن جىق بەرسەم، يۇرتنى پاراكەندە قىلمىسا، دەپ ئەلچى چىقاردى، ئەمما تۇڭگانلار قوبۇل تۇتماي بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. چىڭ ۋاڭ خاننى ئۆلتۈرۈپ شېھىت قىلدى. كۆزى كۆرگەن، قولىغا چىققان نەرسىلەرنى بۇلاپ-تالاپ ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يېنىپ كەلدى.

يەنە بىر يازغۇچى مۇنداق دەپ يېزىپتۇ: «قۇمۇل ۋاڭنىڭ ئاغىچىسىنىڭ مەرۋايىت، زۇمرەت، زەبەرجەت، لەئەل-ياقۇت، قىممەتلىك باھالىق تاشلار بىلەن بېزەل-

گەن بىر چۆمبىلى* بولۇپ، بۇ چۆمبەل كۆچالىق ئاق موللا باي دېگەن كىشىنىڭ قولىغا چۈشكەنىكەن. ئاقسۇغا ئېلىپ بېرىپ مەرغىلانلىق مىرمەھمۇد باي دېگەن كىشىگە 17 يامبۇغا ساتقانىكەن، دېمەك، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ مال-دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكىنى شۇنىڭدىن مۆلچەرلىسە بولىدۇ.

مەقسەتكە كەلسەك، يەرلىك خەلق ماۋۇلارنى بايان قىلىپ بەردى: «قۇمۇلدا 15 مىڭ ئۆيلۈكتىن كۆپرەك ئادەم بار. ھەممىمىز چىڭۋاڭ خان ئۈچۈن ئىشلەيمىز. قىش-ياز خىتاي مەنسەپدارلىرىغا بىرنەرسە بەرمەيمىز. قۇمۇلغا تەۋە يەرلەردىن خىتايلار بىر كەتمەن توپا ئالسا چىڭۋاڭ خاننىڭ خەزىنىسىگە كۆمۈش تۆلەيدۇ. خاقانىي چىندىن باشقا مەنسەپدارلارغا ئېگىلمەيدۇ. خىتاي مەنسەپدارلىرىمۇ چىڭۋاڭ خاننىڭ ئوردىسىغا كېلىپ باش ئۇرىدۇ. 10 ئەۋلاد بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ۋاقىتتىن ئىلگىرىلا خاقانىي چىن بىزلەرنى يارلىق بىلەن چىڭۋاڭ خانغا بېرىۋەتكەنىكەن. شۇنىڭدىن بېرى قولدەك ئىشلىتىدۇ. چىڭۋاڭ خان خاقانىي چىنغا ھەر يىلى 360 قوغۇن، بىر توققۇزدىن توققۇز بىلەي تاش سوۋغات قىلىدۇ. بۇنىڭغا نۇرغۇن ئىنئام ئالىدۇ. ھەر يىلى ئۆزى 75 يامبۇ، ئاغىچىسى پۇچۇك خېنىم 36 يامبۇ، نەچچە توپ تاۋار-دۇردۇن ئالىدۇ. 3 يىلدا بىر قېتىم بېيجىڭغا بارىدۇ. بېرىپ-كەلگۈچە بولغان پۈتۈن خىراجىتى خاقانىي چىننىڭ خەزىنىسىدىن بولىدۇ. ھەر قېتىم بارغاندا ئاز دېگەندىمۇ 500 يامبۇ پايدا ئېلىپ كېلىدۇ»

---

* چۆمبەل — ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئاياللار ئۆزىنى يات كىشىلەردىن يوشۇرۇش ئۈچۈن يۈزىگە تارتىدىغان پەردە، «تارىخىي ھەممىدىيە» دە «ھەمبەل» دەپ ئېلىنغان — مۇھەررىردىن.

دەپ كۆپتىن - كۆپ تەرىپلەپ بەردى. ئەمەلدىي ئەھۋال، ئۇلار دېگەندىن زىيادە ئىككىلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇردۇ. خاقانىي چىنغا تەۋە مۇسۇلمان ۋاڭلارنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ۋاڭىدىن چوڭى يوق ئىدى.

گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، سەييىت ئىسھاق خوجام قۇمۇلدا تۇرغان چاغدا ساجۇ تۇڭگانلىرىدىن: «بىز خىتايلار بىلەن سوقۇشۇپ، نۇرغۇن خىتايلارنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرنى ئالدۇق. ئەمما خىتايلار يەنە بىر دەرۋازىدىن قېچىپ چىقىپ بىزنى شەھەرگە سولىۋالدى. بىزلەر قامىلىپ قالدۇق، ياردەم بېرىشلىرىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز» دېگەن مەزمۇندا خەت ۋە ئەلچى كەلدى.

بارىكۆلگە تۇرپان ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردىن قاچقان خىتايلار قوشۇلۇپ بىر لەكتىن كۆپرەك خىتايلار توپلىنىشىپ قالغانىدى. قۇمۇلدىن قېچىپ بارغان خىتايلارنى بارىكۆلگە كىرگۈزمەي بىر مەنزىل يىراقلىقتا يىڭفاڭ* قۇرۇپ، ئاش - تۈزۈڭلىنى يەتكۈزۈپ بېرىپ قاراۋۇلچى تەرىقىسىدە توختىتىپ قويغانىدى.

سەييىت ئىسھاق خوجام بارىكۆلنى پەتھ قىلىش ئۈچۈن، خەلىپە، باتۇرلارنى باش قىلىپ 10 مىڭ لەشكەرنى ئەۋەتتى. بۇلار يېتىپ بېرىپ نەچچە قېتىم غالىب، نەچچە قېتىم مەغلۇپ بولۇپ، ئاقىۋەت شەھەرنىڭ سىرتىدا يىڭفاڭ ساقلاپ ياتقان خىتايلارنى تارمار قىلىپ شەھەرگە قوغلاپ باردى.

شەھەرنىڭ بىر تەرىپىدە قالماقلار شەھەر بىنا قىلىپ ئولتۇرۇپ كەتكەنىكەن. بارىكۆل خىتايلىرى ناھايىتى باتۇر ئىكەن. خىتايلار ئۇرۇشقا چىقسا ھەممىسى ئاتلىرىغا ئەنجانچە ئىگەر - جابدۇق توقۇپ چىقىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈر -

---

* يىڭفاڭ — خەنزۇچە سۆز بولۇپ، ئەسكەر تۇرىدىغان جاي، گازارما دېگەن بولىدۇ.

يېمەك، بۇلار قەشقەر ئەتراپىغا نەچچە قېتىم ئۇرۇشقا بارغانىكەن،
جەڭ راسا قىزىپ، شەھەر پەتھ بولىدىغان كۈن، ئامان-لىق ۋە خۇشاللىق يۈز كەلتۈرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كېلىپ، خوجامىلارنىڭ دۆلەت قۇياشى تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان، لەشكەرلەر جان بېرىپ، جان ئېلىپ جىددىي تىرىشچانلىق ۋە قەھرىمانلىق كۆرسىتىۋاتقان چاغدا راشىددىن خان خوجامدىن يارلىق كەلدى. يارلىقنىڭ مەزمۇنى: «قىرغىز ۋە قىپچاقلار قەشقەر ۋە يەكەننى بېسىۋالدى. ئۇ يەردىكى خوجىلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ كەلدى. نۇرغۇن لەشكەرلەر زايە بولدى. لەشكەرلەرنى ئېلىپ دەرھال يېتىپ كېلىپ، قىرغىز، قىپچاقلارنى ھەيدەپ چىقىرىپ قەشقەر ۋە يەكەننى ئاجرىتىپ ئالمىسىلا، ۋاقىت ئۆزىراپ كەتسە، دۈشمەن كۈچلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ خەۋەر لەشكەرلەر ئارىسىغا تارقالدى. ھەممىسى ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە خوتۇن-بالىلىرىنى سېغىنىپ تۇرغاچقا، لەشكەرلەرنىڭ كۆڭلى ئۇرۇش-جەڭدىن پۈتۈنلەي سوۋۇپ، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىشنىڭ كويىغا چۈشتى. يۇرتىمىزغا بېرىپ بالا-چاقىلىرىمىزنى كۆرۈپ، يەنە ئاللاھىدە ئايرىم كېلىپ، قالغان شەھەرلەرنى پەتھ قىلساق، دەپ چوڭ-كىچىك خوجاملارنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ يىغلاشتى. بۇ غالىب، ئىنتىزاملىق لەشكەرلەر بىردەمدىلا پاراكەندە، چۇۋالچاق، بىسەرەمجان بولدى. خوجاملار ھەيران بولۇپ بىر نەرسە دېيىشكە ئامالسىز قالدى. بۇ بىۋاپا ئالەم، توختالغۇسى يوق جاھاندا ئەزەلدىن كۈندۈزگە كېچە، ياشلىققا زاۋاللىق ھەمراھ بولۇپ كەلگەندى. مۇشۇنداق دۆلەت ۋە سائادەت يار بولۇپ، خۇرسەنلىك ۋە پاراۋانلىق يۈز كەلتۈر-گەن بىر پەيتتە، لەشكەرلەر غەلىبە ۋە نۇسرەت بىلەن ھىممەت ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان ھالەتتە، راشىددىن خوجامنىڭ

پايدىسىز، ناموۋاپىق يارلىقى كېلىپ، ئەسكى تامدا ھوقۇش سايرىغاندەك، ئاۋۋال ئاخشامدا خوراز قىچقارغاندەك جەمئىيەتنى پاراكەندە قىلىپ، ئىستىقبال شامىنى ئۆچۈرۈپ، دۆلەت قۇياشىنى ۋاۋاللىقنىڭ بۇلۇتى قاپلاپ، ئالەمنى قاراڭغۇلاشتۇرۇشقا سەۋەب بولدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار باردكۆلنى چالا تاشلاپ، قۇمۇلنى چەڭۋاڭ خانغا تاپشۇرۇپ، ئۇرۇمچى قاتارلىق شەھەرلەرنى داۋۇت خەلىپە، سۇدالويىلارغا مەرھەمەت قىلىپ، تۇرپاننى ئابىددىن خوجام، سو يىنىشى خەلىپىلەرگە ئىلتىپات قىلىپ، كورلىنى پەرەخشا خوجامغا سۇيۇرغال قىلىپ، بۆگۈرنى تاھىر قازى بەگكە ھاۋالە قىلىپ، تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن دۆلەتنىڭ پاسىبانى، باتۇر، ئەزىمەت ئىسلام لەشكەرلىرىنى يېتەكلەپ، داغدۇغا، داقا-دۇمباق، كاناي-سۇناي، نەغمە-ناۋا ساداسىنىڭ ھەيۋەت ۋە ھەشەمىتى بىلەن دارىسسەلتەنە — كۇچا تەۋەسىگە كىرىپ كەلدى. ئىستىقبال قىلىپ ئالدىغا چىققان ئاتا-بالا، قوۋم-قېرىنداش، يارۇ بۇرادەرلەرنىڭ ئۇچرىشىشى، ئەجەل شەربىتى ئىچىپ شېھىتلىك ماقامىغا يەتكەنلەرنىڭ ئاتا-ئانا، بالا-چاقىلىرىنىڭ يىغا-زار ۋە نالە-ئەفغانى، تاماشىچىلارنىڭ ھاي-ھۇي، غۇلغۇلا ئاۋازى يەتتەقات ئاسماندىن ئۆتۈپ پەرىشتىلەر گۇرۇھىنى پاراكەندە قىلدى. خوجاملار ۋە لەشكەرلەر مۇشۇنداق ھەيۋەت ۋە ھەشەمەت بىلەن كۇچا شەھىرىگە داخىل بولۇپ، ئۆي-ماكانلىرىغا كېلىپ، ئاتا-بالا، ئەھلى ئايال، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن دەرقەمتە بولۇپ خۇشال-خۇرام بولۇشتى. ئاجىز، غېرىب-غۇرۋالارغا نەزىر-نۇزۇرات بېرىپ، ئۇرۇق-تۇغقان، يار-بۇرادەرلىرىگە كىيىم-كېچەك، ئۇستىباش، تىللا-تەڭگە، خەرجى-خىراجەت ئىنئام قىلىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 14

## گۈزەل ئەخلاق، ياخشى پەزىلەتلىك ئىسھاق خوجامنىڭ يەكەن، قەشقەر غازاتىغا بېرىشنى قارار قىلغانلىقى ۋە ياقۇپبەگ قوشبېگى بىلەن ئەپلىشىپ قالغانلىقى

كۇچا دارىسسەلتەنەدە راشىددىن خان خوجام ۋە ئىسھاق خوجاملار بىر ـ بىرىگە سوۋغا ـ سالاملارنى ئىنئام قىلىپ، زىياپەت ـ مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى مۇراد ـ مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن لەشكەرلەرنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ، سەپەر ۋە جەڭ تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ، ياخشى كۈن، قۇتلۇق سائەتتە يەكەن ۋە قەشقەرنى قولغا كىرگۈزۈش نىيىتى بىلەن خۇشال ـ خۇرام يولغا چىقتى.

تارىخىي 1283 ـ يىلى* مۇھەررەم ئېيىنىڭ 2 ـ كۈنى (پەيشەنبە) ئۇلار نۇرغۇن مەنزىللەرنى بېسىپ ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى ۋە مەخسۇس تەييارلانغان جايغا چۈشۈپ ئورۇنلاشتى.

قۇمۇلدىن خوجا ئىسھاق خوجامنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرىنى ئەگىشىپ بىللە كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ تولىسى كۇچادا تۇرۇپ قالغانىدى. ئىسھاق خوجام بىلەن ئۆزىنىڭ خىزمەتچىلىرى، لەشكەر باشلىقلىرى، باتۇر ۋە كۆڭلى يېقىنلىرىدىن بولۇپ 3000 دىن كۆپرەك كىشى ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى. چۈنكى ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپان لەشكەرلىرىنى ھامىددىن خوجامنىڭ ئېلىپ بېرىشىغا

---

* ھىجرىيىنىڭ 1283 ـ يىلى مىلادىنىڭ 1866 ـ، 1867 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. «تارىخىي ھەممىدىيە» دە «ھىجرىيىنىڭ 1282 ـ يىلى ماھى بارات...» دەپ ئېلىنغان — مۇھەررىردىن.

پارلىق چۈشۈرۈلگەنىدى.

خوجا ئىسھاق خوجام ئاقسۇدا ئون كۈندەك تۇرۇپ ئۇلۇغ مازارلارنى زىيارەت قىلىپ، ئاجىز، غېرىب-غۇرۋالارغا نەزىر-نۇزۇراتلار بېرىپ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئالغاندىن كېيىن، توختى مۇھەممەت خەلىپە، ئىبراھىم باتۇرلارنىڭ باشچىلىقىدا 2000 لەشكەرنى بىر كۈن بۇرۇن ئالدىدا ماڭدۇردى. بىر كۈن كېيىن ئۆزلىرى خاس مەھرەم ۋە خىزمەتچى مۇلازىملىرى بىلەن يەكەن تەرىپىگە يۈرۈش قىلدى.

قورال-ياراقلىرىنىڭ خىللىقى، داغدۇغا ھەيۋەتلىرى، سۆلەت ۋە شەۋكەتلىرى شۇنچىلىك ئىدىكى، بۇ موغۇلىستان يۇرتلىرىدا ئۆتكەن پادىشاھلار بۇنداق ھەشەمەتكە مۇيەسسەر بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. لەئەل-جاۋاھىر بىلەن نەقىش قىلىنغان، ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن سىر بېرىلگەن كانايلارنى چېلىپ ئىككى كانايچى ئالدىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن لەئەل-ياقۇت بىلەن نەقىشلەنگەن بىر جۈپ كاناي-سۇنايلار بىلەن ئىككى ئاتلىق كاناي-سۇنايچى، ئالتە ئاتلىق ناغرىچى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىككى ئاتلىق كانايچى ماڭاتتى. كاناي، سۇناي، ناغرىچىلارنىڭ ھەممىسى 12 ئاتلىق بولۇپ، 12 كىشى بولارنىڭ ئاتلىرىنى يېتىلەپ ماڭاتتى. ئالدىدىكى كانايىنىڭ ئاۋازى پەسرەك چىقسا، ئارقىدىكىسىنىڭ ئېگىز چىقاتتى. كاناي-سۇناي ئاۋازىغا قوشۇلۇپ ئېيتىلغان مۇڭلۇق مۇقام، يېقىملىق غەزەللەرنىڭ ساداسى قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان نەغمىنىڭ ئاللا-بارىكاللاسى جاھاننى قاپلاپ پەلەكنى قاپلايتتى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئاتىسىنىڭ خىزمىتىدىن باش تارتقان، ئانىسىنىڭ سۆزىگە گەدەنكەشلىك قىلغان شوخ، باشباشتاق ياش يىگىتلەردىن ئۈچ-تۆت مىڭ كىشى ئۇلارغا ئەگىشىۋالدى. ئۇلار خۇددى باغ سەيلىسى، قىزىلگۈل تاماشىسىغا بارىدىغاندەك خىيال ۋە تەسەۋۋۇر بىلەن ئاتا-ئانىلىرىدىن خەۋەرسىز، خوتۇن-

بالا-چاقىلىرىدىن پەرۋاسىز، مەست-بىھوش بولغاندەك ئۈچ-تۆت مەنزىل يەرگىچە بىللە باردى. بەزىلىرى ئۆزىنى تۇختىتىپ، ھوشىنى تېپىپ قايتىپ كەتتى. بەزىلىرىنى ئاتا-ئانىلىرى بېرىپ قايتۇرۇپ كەلدى. بەزىلىرى ئاتا-ئانىلىرى مىنىپ بارغان ئاتلارنى مىنىپ لەشكەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن بىللە ماڭدى. مۇشۇ خىل ئەھۋال بىلەن يەكەن تەۋەسىگە يېتىپ باردى.

سىيىت ئىسھاق خوجام مەنزىلمۇ مەنزىل يۈرۈپ يەكەنگە يېتىپ بېرىپ ئۆز سەلتەنىتىگە لايىق بىر ھويلىغا چۈشۈپ ئورۇنلاشتى. ئەمما ھامىدىن خوجامدىن ھېچقانداق خەۋەر يوق ئىدى.

بۇنىڭدىن بۇرۇن جامالىددىن خوجام خانئېرىقتا مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاتلىق غازى يەكەننى ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا كىرگۈزۈپ، كىچىكخان تۆرەمنى يەكەننىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەپ قويغانىدى. سىيىت ئىسھاق خوجام يەكەنگە يېتىپ بېرىشى بىلەن، كىچىكخان تۆرەمنى تۇڭگانلار شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ تاشقىرى چىقارماي ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن يەكەننىڭ بىر تەرىپىگە خوجاملار، بىر تەرىپىگە تۇڭگانلار ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇردى.

خوجا ئىسھاق خوجامنىڭ يەكەنگە يېتىپ بارغانلىقىنى ياقۇپ قوشبېگى قەشقەردە تۇرۇپ ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ قويۇش نىيىتىگە كېلىپ نۇرغۇن لەشكەرلەرنى باشلاپ مارالبېشىغا باردى؛ بىر ئات چاپماقلىق بىلەن مارالبېشىنى قولغا كىرگۈزۈپ يەكەنگە يۈزلەندى. يەكەنگە يېتىپ بېرىپ ھەپتە مۇھەممەدخان بۇزرۇكۋار* غا چېدىر-بارگاھلىرىنى

---

* مۇھەممەد ئاتلىق يەتتە كىشىنىڭ مازىرى دېگەن بولۇپ، بۇ جاي يەكەن شەھىرىنىڭ غەربىي-شىمالىغا جايلاشقان، ھازىر «ھەزرىتى پىر» دەپ ئاتىلىدۇ — مۇھەررىردىن.

تىكىپ ئۇرۇنلاشتى. قوشبېگى شەھەرنىڭ تېشىدا، ئىسھاق خوجا يەكەن كوناشەھەرنىڭ ئىچىدە، كىچىكخان تۆرەم ۋە تۇڭگانلار يەكەن يېڭىشەھەرنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە كۈنگىچە جەڭ-جېدەل قىلىشماي بىر-بىرىنى ماراپ تىپتىنچ يېتىشتى. ئاقىۋەت ئىسھاق خوجام بىلەن تۇڭگانلار مەسلىھەت قىلىشىپ، قوشبېگى بىلەن ئۇرۇشماقچى بولۇپ جەڭ تەييارلىقلىرىغا كىرىشتى. بۇ ئەھۋالدىن نىياز ئىشىك ئاغا بەگ ۋاقىپ بولدى. ئۇ دەرھال بېرىپ قوشبېگىگە: «پالانى كۈنى كېچىسى 7000 تۇڭگان، 2000 يەرلىك لەشكەر بىرلىشىپ قوشۇنىڭىزغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. ئاگاھ بولۇپ تەدبىرىنى ئۆزىڭىز قىلغايسىز. بۇنىڭدىن باشقا خىزمەت مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ»، دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. ھۇجۇم قىلىدىغان كېچىسى قوشبېگى لەشكەرلىرىنى تۆتكە بۆلۈپ، تۆت تەرەپكە يوشۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ، چېدىر-بارگاھلىرىنى قۇرۇق قويۇپ ھوشيار بولۇپ تۇردى، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تۇڭگانلار بىلەن ئىسھاق خوجامنىڭ لەشكەرلىرى قوشبېگىنىڭ قوشۇنىغا توپ-زەمبىرەك، ئوق-ياراق بىلەن ھۇجۇم قىلدى. قارىسا لەشكەرلەردىن ئەسەر يوق. چېدىر-بارگاھلىرى قۇرۇق تۇرغان. مۇشۇنداق ھەيرانلىقتا تۇرغان پەيتتە، خۇددى ئاسماندىن بالا ياغقاندەك قوشبېگىنىڭ يىگىتلىرى تۆت تەرەپتىن تۇڭگانلارغا ئۆزلىرىنى ئۇردى. كۆپچىلىكىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. 600 دەك تۇڭگان، 800 دەك يەرلىك مۇسۇلمانلار جانلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ ئامان قالدى. خوجا ئىسھاق خوجام، كىچىكخان تۆرەم ۋە تۇڭگانلار بۇ توقۇنۇشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي سۇلھ قىلىپ ئەپلەشمەكتىن باشقا ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىشتى ۋە ئىلاجىسىزلىقتىن سۇلھ قىلىپ ئەپلىشىش قارارىغا كېلىشتى. چۈنكى لەشكەرلەرنىڭ تولىسى چىقىم بولغان ۋە ئەسىرگە چۈشكەنىدى.

ئاقىۋەت خوجا ئىسھاق خوجام قالغان لەشكەرلەرنى ۋە لەشكەر باشلىقلىرىنى باشلاپ قوشبېگى تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ سۇلھ تۈزۈپ ئەپلەشتى. قوشبېگى خوجا ئىسھاق خوجامغا زىياپەتلەر بېرىپ مۇنۇ گەپلەرنى ئارىغا سالدى: «ئۆزلىرى خىتايلار بىلەن نۇرغۇن جەڭ قىلىپ غازىلىق دەرىجىسىگە مۇشەررەپ بولدىلا. راشىدىدىن خوجام ئاقسۇنى سىلىگە بەرسۇن. ئاقسۇنى سىلى سورىسىلا. مارالبېشىنىڭ ئۇ تەرىپىنى سىلى، مارالبېشىنىڭ بۇ تەرىپىنى بىز سورايلى. ئىتتىپاق بولۇپ ئارىمىزدا خەت، ئەلچىلەر يۈرۈشۈپ تۇرسۇن. مۇبادا قايسى بىرىمىزگە بىرەر تەرەپتىن دۈشمەن پەيدا بولسا ئۆزئارا مەدەت ۋە ياردەمدە بولايلى. ئەگەر راشىدىدىن خوجام ئاقسۇنى ئۆزلىرىگە بېرىشكە ئۇنىمىسا، ئۆزۈم راشىدىدىن خوجا ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بارىمەن. غەلىبە نۇسرەتنىڭ دەرۋازىسى قايسىمىزنىڭ يۈزىگە ئېچىلسا بەخت-تەلىيىمىزدىن كۆرىمىز»، دەپ ئۆز لايىقىدا ئالىي تون-سەرۇپاي ۋە ئېگەر-جابدۇقلىرى بىلەن ئارغىماق ئات ئىنئام قىلدى. قوشبېگى ئىسھاق خوجامنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتقا مىندۇردى. ئەسىر چۈشكەنلەرنى ئازاد قىلىپ، ئات-ئۇلاغ، ئوزۇق-تۈلۈك، يول خىراجىتى بېرىپ كۇچا تەرىپىگە ئۇزىتىپ قويدى.

ئىسھاق خوجام يەكەندە تۇرغان چاغدا، قوشبېگى مارالبېشىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ھېكىمخان تۆرىنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ قويۇپ ئاندىن يەكەنگە بارغانىدى. بۇنىڭ بىلەن يەكەن تەرەپتىن ئاقسۇ، كۇچا تەرىپىگە بېرىپ-كېلىپ تۇرىدىغان كىشى بولمىغانلىقتىن، نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا راشىدىدىن خوجامنىڭ يارلىقى بىلەن ھامىدىدىن خوجام ئۇچتۇرپان ۋە ئاقسۇ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ مارالبېشىغا باردى. ئۇلارنىڭ غەرىزى مارالبېشىنى

ئېلىپ ئاندىن يەكەنگە بېرىپ ئىسھاق خوجامغا مەدەت ۋە ياردەم بېرىش ئىدى.

ئاقسۇ لەشكەرلىرىگە مۇھەممەد شېرىپ ئۆتەك بېگى باش بولۇپ يولغا چىققانىدى. ھامىددىن خوجام 700 لەشكەر بىلەن ئۈچتۇر-پاندىن چىقىپ مارالبېشى تەرەپكە ئات سالدى. چارباغ ئۆتەڭگە* ھېكىمخان تۆرەم بىر مۇنچە ئادەمنى قاراۋۇل قىلىپ قويغانىدى. ھامىددىن خوجام يېتىپ كېلىپ قاراۋۇللارنىڭ بەزىلىرىنى تۇتۇپ باغلاپ ئۆلتۈردى. بەزىلىرى قېچىپ بېرىپ ھېكىمخان تۆرەمگە خەۋەر يەتكۈزدى. ھېكىمخان تۆرەم مارالبېشىدىن نۇرغۇن لەشكەرلەرنى ئەكىلىپ ھامىددىن خوجام بىلەن جەڭ قىلدى. ھامىددىن خوجام مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. لەشكەرلەرنىڭ ئۆلگىنى ئۆلدى، قالغىنى سەرسان بولۇپ پىيادە، ئاچ-يالىڭاچ، ئاۋارە ھالدا ئۆز ماكانلىرىغا قېچىپ كېلىپ سالامەت قالغانلىقلىرىغا شۈكرى قىلىشتى.

ئىسھاق خوجام قوشبېگىنىڭ قولىدىن ئامان-ئېسەن قۇتۇلۇپ چىقىپ، مەنزىلمۇمەنزىل يول يۈرۈپ ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى. ئاقسۇدىكى خوجىلار: «يەكەن بىلەن قەشقەرنى بىر ئەخمەققە سېتىۋېتىپ كەپتۇ»، دەپ تاپا-تەنە قىلىپ خاپا بولۇشتى. قومۇلدىن ئىسھاق خوجام بىللە كەلگەن لەشكەرلەرنى «ھامىددىن خوجام بىللە ئېلىپ باردۇ»، دەپ كوچادا ئېلىپ قېلىپ، ئىسھاق خوجامغا ئاقسۇدىنمۇ لەشكەر قوشماي ئازغىنا لەشكەر بىلەنلا يولغا سالدى. مارالبېشىنى قوشبېگى بېسىۋالغانلىقتىن يول ئېتىلىپ قېلىپ مەدەت ۋە ياردەم ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ بارالمىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قىلغانلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، گۇناھنى ئىسھاق خوجامغا ئارتىپ

* چارباغ — مارالبېشىغا تەۋە بىر يېزىنىڭ نامى.

قويۇشتى.

راشىددىن خان خوجام، ئىسھاق خوجامنىڭ ئارقىسىدىن 1500 لەشكەرنى يولغا سالغان بولسىمۇ يەكەنگە بارماي ئاقسۇدا تۇرۇپ قالغانىدى. بۇ لەشكەرلەر ئىسھاق خوجام قۇمۇل ۋە تۇرپاندىكى چاغلىرىدا خىزمىتىدە بولغان لەشكەرلەر ئىدى. ئىسھاق خوجامنىڭ كۆڭلى بىر ئاز رەنجىپ كۇچاغا قاراپ يولغا چىقىشقا تەييارلاندى. راشىددىن خان خوجام ئەۋەتكەن 1500 لەشكەر ۋە ئەسلىدە كۇچا، بۈگۈر، كورلىدىن بولۇپ ھازىر ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن لەشكەرلەرمۇ ئىسھاق خوجام بىلەن بىرلىكتە كۇچاغا قايتىپ كېتىشكە تەييار بولدى. جامالىددىن خوجام بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ئۆزى ئاتلىنىپ ئىسھاق خوجامنىڭ خىزمىتىگە يېتىپ باردى ۋە ھەممە گۇناھنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئۆزرە ئېيتىپ ئەپۇ سورىدى. سوۋغا-سالام، تارتۇق-پىشكەشلەرنى ئالدىدا قويۇپ، زىياپەت بېرىپ، مېھ-ماندارچىلىقنىڭ قائىدە-رەسمىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈردى. ئىسھاق خوجامنىڭ يەنە بىر نەچچە ۋاقىت تۇرۇشىنى ئىلتىماس قىلدى ۋە يېڭىباشتىن ئىتتىپاقلاشتى. ئىسھاق خوجام جامالىددىن خوجامنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ لەشكەرلەرنىڭ مەسلىھىتى بىلەن تاھىرىددىن خوجام، مۇللاش خەزىنىچى*، ئابدۇۋايىت-بەگ، ئەيسابەگلەرنى باش قىلىپ 1000 لەشكەرنى جامالىددىن خوجامنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى. جامالىددىن خوجام خۇشال ۋە مىننەتدار بولۇپ، ھېلىقى لەشكەرلەرگە تون-سەرۇپاي، سەللە-كۇلا، پۇل ۋە تەڭگە بېرىپ ھەممىنى خۇرسەن قىلدى. لېكىن لەشكەرلەرنىڭ غەيرەت ۋە جەڭگىۋارلىقىغا زەخمەت يېتىپ

* «تارىخىي ھەممىدىيە» دە «ھوللاش خەزىنىچى» دېيىلگەن — مۇھەررىردىن.

زەئىپلىككە يۈزلەندى. دۆلەت ۋە ھاكىمىيەت ئاجىزلىشىپ زاۋاللىققا قاراپ ماڭدى.

سىيىت ئىسھاق خوجام بولسا ھەشەمەت بىلەن ئاتلىنىپ كوچاغا يېتىپ باردى. ئۇ: «ھەممىنى يوقتىن بار ئەتكۈچى، ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا بۇنىڭدىن كېيىن نىمە ئىشلار يۈز بېرەركىن»، دېگەن پىكىر ـ خىيال بىلەن دۇئا ۋە تەلەپتە بولۇپ، بەش ۋاق نامىزىنى ئادا قىلىپ، يېتىم ـ يېسىر، غېرىب ـ غۇرۋالارغا نەزىر ـ نىيازلار بېرىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرىگە سەللە ـ سەرۇپاي، تەڭگە ـ تىللالار ئىنئام ـ ئېھسان قىلىپ ئۆز ـ ئۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ ياتتى.

## 15

**كوچالىق خوجىلارنىڭ ئارىسىدا قارىمۇ قارشىلىق يۈز بەرگەنلىكى؛ مۇشۇنداق بەخت ـ ئامەتكە شۈكرى قىلمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ يامان ئاقىۋەتلەرگە قالغانلىقى ۋە ئاتىلىق غازىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى**

سىيىت ئىسھاق خوجام پۈتۈن ئالەمنى ياراتقۇچى تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يەكەندە جانابىي ئاتىلىق غازى بىلەن سۈلھ تۈزۈپ، ئاۋام خەلقنىڭ تىنچ ـ ئاسايىشلىقىنى كۆزلەپ، ۋەدە ـ قەسەملەر بىلەن ئىشنى ئاخىرلاشتۇردى ۋە كوچاغا يېنىپ كېلىپ تائەت ـ ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. ئەمما راشىددىن خان خوجام، جامالىددىن خوجاملار: «يەكەننى لەشكەر چاققا ئوخشايدىغان بىر قارا ئەخمەققە سېتىپ كەپتۇ» دەپ تاپا ـ تەنە قىلىپ ئىسھاق خوجامنى ئەيىبلەشكە باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

راشىددىن خان خوجامنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرى ۋە جامالىددىن خوجامنىڭ ئوغلى يەھيا خوجام باشلىق چوڭ ـ كىچىك خوجاملارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ھېچقانداق مەزھەپ يا مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ياكى پادىشاھلىقنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا مۇۋاپىق بولمىدى. ئۇلار خالىغىنىچە ئەسكى ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدى.

ھامىددىن خوجام: «نەچچە يىلدىن بېرى يەكەن، قەشقەرلەردە نەچچە قېتىم دۈشمەنلەرگە زەربە بەردىم، نەچچە قېتىم زەربە يەپ قېچىپ كەلدىم. تولا جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتتىم، ئاقىيار يېزىسىنى مېنىڭ تەۋەلىكىمگە قوشۇپ بەرسە»، دەپ جامالىددىن خوجامغا ئەرز قىلدى. جامالىددىن خوجام ماقۇل كۆرمىدى. ئاخىر ھامىددىن خوجام ئۆز كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە ئىشىنىپ ئاقىيارنىڭ نۇرغۇن زېمىنلىرىنى ئۆزىگە تەۋە قىلىۋالدى. ئاقسۇدىن ئاقىيارغا بارغان دورغا ـ مۇلازىملارغا قاتتىق جازا بېرىپ قايتۇرۇۋەتتى. ئاقىۋەت جامالىددىن خوجام دۈشمەنلىك مەسلىھىتى، ئالدامچىلىق تەدبىرلىرىنى راسلاپ ئۇچتۇرپانغا خەت ئەۋەتتى، خەتكە: «ھامىددىن خوجام بولسا مېنىڭ ئىنىمدۇر، دەرۋەقە نۇرغۇن مېھنەت ـ مۇشەققەتلەرنى تارتتى. ئاقىيارنى مەن سورىسام، دەپ ئەرز قىلغاندا ماقۇل كۆرمىگەنىدىم. ئويلىنىپ كۆرسەم بۇ قىلغىنىم ياخشى ئىش بولماپتۇ. ھامىددىن خوجام ئۇكام ئۆزلىرى كەلسىلە، مەن بىرنەچچە كۈن تۇرغۇزۇپ زىياپەت قىلىپ ئۆز قولۇم بىلەن ئاقىيارنى داستىخانلىرىغا تەقدىم قىلسام، ئۆزلىرى خالىغانچە ئىدارە قىلسىلا. بۇ ئىشلارنى يىراق ـ يېقىندىكى دوست ـ دۈشمەنلەر ئاڭلاپ قالمىسۇن. بىزنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىمىز ئاشكارا بولۇپ قالسا ياخشى بولماس»، دەپ ھىيلە ـ مىكىر بىلەن توزاق قۇرۇپ مۇناپىقانە سۆزلەرنى يازغانىدى. ھامىددىن خوجام بۇنى پۈتۈنلەي راست دەپ

ئىشىنىپ، جامالىددىن خوجىنى ئۆزىگە دوست چاغلاپ، ئۇنىڭغا ئالدىنىپ، ئاقىيارنى قولغا كىرگۈزۈش تەمەسىدە چىشلىرىنى بىلەپ خاس مەھرەم، ئەمەلدار، مۇلازىملىرىنى ئېلىپ ھەيۋەت-داغدۇغا بىلەن ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى.

جامالىددىن خوجام ھامىددىن خوجامنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئالدىغا ئادەم چىقىرىپ ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئۆز ئوردىسىغا چۈشۈردى، ھامىددىن خوجىنىڭ ئادەملىرىگىمۇ ئۆز لايىقىدا چۈشكۈن جاي تەيىن قىلدى. زىياپەت، مېھماندارچىلىقلار ئۆتكەندىن كېيىن جامالىددىن خوجام ئۆزىنىڭ مەھرەم-مۇلازىملىرىنى قوشۇپ: «سىلەر ئارام ئېلىڭلار. بىر ئاكا-ئۇكا ھەرقايسىمىز ھەر جايدا ئۆزۈمىزدىن بىرى بىر يەردە بولۇپ مۇڭدىشالمىغانىدۇق، ھال-ئەھۋالىمىزنى بىر-بىرىمىزگە ئايان قىلىپ، گەپ-سۆزلىرىمىزنى تۈگىتىپ ئاندىن ئۇخلايمىز»، دەپ رۇخسەت بەردى. مەھرەم، مۇلازىملار، ئاي بىلەن يۇلتۇز بىر يەردە بولغان ئوخشايدۇ، دەپ خاتىرجەم، غەم-ئەندىشىسىز چىقىپ ئۇخلىدى. ئەمما جامالىددىن خوجام ئون نەچچە ئادەمنى تەييارلاپ مۆكتۈرۈپ قويغانىدى. ھامىددىن خوجامنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بارغاندىن كېيىن جامالىددىن خوجام ئۆزىنى چەتكە ئالدى. مۆكتۈرۈپ قويغان ئادەملەر چىقىپ ھامىددىن خوجامنى ئۇيقۇلۇقتا تۇتتى، ئادەملىرىنىمۇ زىياپەت ئۈستىدە تۇتۇپ تالان-تاراج قىلدى. ھامىددىن خوجامنى باغلاپ ئاتقا مىندۈرۈپ، ئۈچ مۇلازىمنى قوشۇپ كۇچاغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇنى بىر كېچە-كۈندۈزدە كۇچاغا ئېلىپ بېرىپ نەزەربەنت قىلدى. ھامىددىن خوجامنىڭ مۇسابەگ دېگەن ئاقسۇلۇق ئادىمىنى قۇمغا كۆمۈپ ئۆلتۈردى. بۇ ئەھۋاللاردىن قىرغىزلار ۋاقىپ بولۇپ دەرھال قەشقەردىكى قوشبېگىگە يەتكۈزدى. قوشبېگى خەۋەر يەتكۈزگەن قىرغىزلارغا تون-سەرۇپاي، ئات-ياراق ئىنئام قىلىپ

بۇ ئىشتىن ناھايىتى خۇرسەن بولدى. ئاقسۇ، كۇچانى جەڭ-جېدەلسىزلا قولۇمغا كىرگۈزىدىغان بولدۇم، دەپ سۆيۈنۈپ كەتتى.

يەنە بىر ۋەقەنىمۇ ئەسلەپ ئۆتەيلى: بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇن ئۇچتۇرپان خەلقى يۇرتىمىزنى ئۆزىمىز سورايمىز دەپ توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، نۇرغۇن ئادەملەر نابۇت بولغانىدى، بۇ ۋەقەنىڭ جەريانى يۇقىرىدا تەپسىلىي سۆزلىنىپ ئۆتتى. شۇ چاغدا جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ بىر قىسمى قەشقەرگە بېرىپ قوشبېگىگە ئەرز-ھالىنى ئېيتىپ، ياقۇپبەگنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا يول باشلاپ ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ تەرەپلەرگە كېلىش ئارزۇسى بىلەن تۇرۇۋاتقانىدى. يەنە بىرى، ئاقسۇدىكى جامالىددىن خوجامنىڭ خىزمىتىدە كۇچالىق ئابدۇراخمان دادخاھ، ئاقسۇلۇق ئابدۇللا دىۋان بېگى دېگەن كىشىلەر بولۇپ، جامالىددىن خوجام مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشنى شۇلارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ قويغانىدى. بۇلار خوجاملارنىڭ ئەھۋالىنى مۆلچەرلەپ كۆرۈپ، ياقۇپبەگنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئۈستۈن چاغلاپ، جېنىنى مۇھاپىزەت قىلىش غەرىزى بىلەن ياقۇپبەگنى تەكلىپ قىلىپ ئۇنىڭغا مەخپىي خەت ئەۋەتتى.

كۇچادىكى باش ۋەزىر توختى ئىشىكئاغا بەگمۇ يۇرتىنى ئېلىپ بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپ خەت ئەۋەتكەنىدى. بۇ خەتلەرنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ ياقۇپبەگ قوشبېگىنىڭ غەيرەت تومۇرلىرى قايناپ، مەملىكەتلەرنى بېسىۋېلىش تەمەلىرى مەۋج ئۇرغىلى باشلىدى.

ئەسلىدە بۇ خوجاملار كۇچادىكى مەۋلانا ئەرشىددىن ۋەلىيۇللانىڭ مازىرىنىڭ شەيخلىق دەرىجىسىنى ئۆزىگە پەخرى-ئابروي بىلىپ، شۇ مازارنىڭ دائىرىسىگە سىغىنىپ كەلگەنىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ يەتتە شەھەر، ھەتتا پۈتۈن موغۇلىستان ئۆلكىسىگە سىغىنىشمىدى. يېقىنلىق ۋە ئىتتىپاقلىقلىرى كېلىشەلمەسلىك، ئىت-

تىپاقسىزلىق ۋە زىددىيەتكە ئايلاندى. ئىتتىپاقسىزلىق بارغان-سېرى ئاداۋەت، خۇسۇمەت ۋە دۈشمەنلىككە ئايلاندى، ئۇلار بۇ ئۇلۇغ دۆلەتنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلمىدى، شۈكرى قىلمىدى، مەغرۇرلۇق قىلدى. ئاخىر يەتتە شەھەرنى بىكاردىن-بىكار بىر ئەنجانلىقنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ قويدى. بۇنىڭغا ئەپسۇس، مىڭ، يۈز مىڭ ئەپسۇس.

مازارنىڭ ۋەخپە يەرلىرىدىن چىققان مەھسۇلاتلارغا قانائەت قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئۆشرە-سەدىقە بېرىشىگە تەلمۈرگەن، مازارنىڭ ھۇجرىلىرىدا بورىنىڭ ئۈستىدە يېتىپ-قوپۇپ، تائەت-ئىبادەت بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن، كىشىلەر بەرگەن بىر چۆپ نان، بىر تاۋاق، گۆلە-قاقتا خۇش بولغان خوجاملار، ھەممىنى ياراتقۇچى ۋە رىزقى ئاتا قىلغۇچى خۇدانىڭ مەرھەمەت ئىلتىپاتى بىلەن بىردەمدىلا پادىشاھلىق تەختىگە چىقىپ ھۆكۈمرانلىق تاجىنى باشلىرىغا كىيگەندى. بۇ موغۇلىستاندا ھېچقانداق ئادەمزاتقا ئۆمرى ئىچىدە، يەتتە پۇشتى، ئاتا-ئەجدادى ئارىسىدا بۇنداق دۇنيانىڭ دۆلىتى مۇيەسسەر بولمىغانىدى.

خوجاملارنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەن ناشتىلىقىغا تۈرلۈك-تۈرلۈك ھالۋا، يېمىش، قەنت-قەندالەت، قىسما-قىسما شەربەتلەر، پاخلان گۆشىدە ئەتكەن كاۋاپ، سامسا، پەرمۇدە، مەززىلىك تاماق، خىلمۇخىل نازۇنېمەت، يېمەك-ئىچمەكلەر ئالدىلىرىغا كېلەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى ئەھۋاللىرىنى ئۇنتۇدى. ئۆز كۆچ-قۇۋۋىتىمىز بىلەن ئىسلام ئىچىپ پادىشاھلىقنى تاپتۇق، دەپ ئويلاپ ئەتراپىدىكى پادىشاھلار بىلەن ياخشى-خوپ بولۇپ ئەپلىشىپ ئۆتمىدى. ئۇلارغا تەڭ-باراۋەر مۇئامىلە قىلمىدى ۋە كۆزىگە ئىلمىدى. خوجا ھاپىز شىرازىنىڭ مۇنۇ شېئىرىغا ئەمەل قىلمىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاسايىشى دۇ گىتى تەفسىرى ئىندۇ ھەرف ئەست،
با دوستان مۇرۇۋەت، بادۇشمەنان مادارا①.

دېگەن ئومۇمىي قائىدىگە ئەمەل قىلمىدى. ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلار بىر ـ بىرى بىلەن ئىتتىپاق بولالمىدى. بىر ـ بىرىگە تەڭ ـ باراۋەر مۇئامىلە قىلمىدى، بىر ـ بىرىگە مېھىر ـ شەپقەت قىلمىدى. دۇنيالىقتىن ھاجەتسىز بولدۇق، بىرگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، دەپ مەغرۇرلۇق ـ تەكەببۇرلۇق ناغرىسىنى چالدى.

«ئىنسان ھەممە نەرسىدىن ھاجەتسىز بولغاندا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىسيانكارلىق باش كۆتۈرىدۇ» دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىچە ئىنسان زاتىنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان ئىسيانكارلىق ئاشكارىلاندى.

پارچە

ئۆزىگە سازاۋاردۇر كىبرىيامەنى②،
كى مۇلكى قەدىمدۇر زاتى غەنى.
بىرىنىڭ باشىغە تەختى ـ تاجنى قويۇپ،
بىرىن تاج ـ تەختىدىن ئېلىپ يەرگە ئۇرۇپ.

مۇشۇنداق بىر ئەھۋالدا ئاسماندىن بالا، تەڭرىدىن قازا كەلگەندەك، مۇشۇك چاشقاننى ئالغاندەك، قۇرغۇي قۇشقاچنى سوققاندەك، بىر چەبدەس، چاققان پادىشاھ يەنى ياقۇپبەگ

① ئىككى ئالەمنىڭ خاتىرجەم ۋە خۇشاللىقى — «دوستۇڭغا ياخشىلىق قىل، دۈشمەننىڭ بىلەن ئەپلىشىپ ئۆت» دېگەن ئىككى سۆزگە ئەمەل قىلىشتا.

② مەنى — مەنمەنلىك.

ئاتلىق غازىنىڭ شەرەپلىك قەدەملىرى يېتىپ كەلدى. خوجاملارنىڭ دۆلىتىنى ئۆزى بىلەن قوشۇپ تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. بۇ كاج پەلەكنىڭ چاقى ئۆزىنىڭ قەدىمكى ئادىتى بولغان ئالدامچىلىقنى يەنە ئاشكارا قىلدى. دېمەك، ئاقىل ۋە دانا كىشىلەر بۇ پانىي دۇنيانىڭ بەختى-دۆلىتىنى ۋە ئۇنىڭ زاۋال تېپىپ يەر بىلەن يەكسان بولۇشىنى كۆزگە ئىلىپ، غەم-غۇسسە، شادلىق ۋە پاراۋانلىق، ئاقىۋەت يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ، دەپ بىلىشى لازىم.

پانىي ئول تاق كىسرائى① گور خورنەق،
بۇ ئالەمدىن ئۇچۇپ كەتتى هاۋالەق.
ئەگەر ياخشىلىققە يوق ۋەفايى،
ۋەرەق ئۈزرە سۆخەن باردۇر ۋەفالىق②.

ئەسلى ۋەقەگە كەلسەك، جامالىددىن خوجام، توختى خەلىپىنى
لەشكەرگە باش قىلىپ چىلان، يايدى③ قاتارلىق جايلارغا 150
قاراۋۇل قىلىپ قويغانىدى. بىركېچىسى ياقۇپبەگ قوشۇنىنىڭ
يىگىتلىرى④ كېلىپ توختى خەلىپە باشچىلىقىدىكى قاراۋۇللارنى
تۇتۇپ باغلاپ قەشقەرگە ئەۋەتتى. ئەمما قاراۋۇللاردىن بىرى

① كىسرا — ئىراندا ئۆتكەن ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ئورتاق نامى.

② كىسرادەك پادىشاھلارنى گۆر يەپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك ئايۋان-سارايلىرىمۇ يوقىلىپ هاۋاغا ئۇچۇپ كەتتى. ئەسلىدە ياخشىلىققا ياخشىلىق يوق. ئەگەر بار، دېيىلسە قەغەزگە يېزىلغان گەپتىملا بار.

③ چىلان، يايدى دېگەن ئاقسۇ بىلەن مارالبېشى ئارىلىقىدىكى يېزىلارنىڭ نامى.

④ ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرى شۇ چاغدا «يىگىت» دەپ ئاتالغان.

www.uyghurkitap.com

ئېتىنى سۇغارغىلى كەتكەنىكەن. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ قېچىپ بېرىپ جامالىدىن خوجامغا خەۋەر يەتكۈزدى.

قوشبېگىنىڭ يىگىتلىرى يايدىن چىقىپ ساي ئېرىقتا قونۇپ، ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى. ياقۇپبەگ قوشبېگى چىلاندىن خوجا نەزەربەگ دېگەن كىشىنى 39 يىگىت بىلەن ئۇچتۇرپانغا ئەۋەتكەندى. بۇلار قۇرۇق ئۆزۈم يولى بىلەن ئاچا تاغقا كېلىپ چۈشكەندە، يولۇچىلار ئۇچتۇرپانغا خەۋەر يەتكۈزدى. خېتىپ خوجام خوجا نەزەربەگنىڭ ئالدىغا چۈشكۈن، قونالغۇ چىقاردى ھەم ئاتلىق غازىنىڭ يىگىتلىرى ئۇچتۇرپانغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن، ياقۇپ خوجا ئىشان، مۇھەممەد ئېلى دادخاھلارنى تارتۇق-پىشكەشلەر بىلەن ئەۋەتتى. ئەتىسى خوجا نەزەر بەگ ئادەملىرى بىلەن شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تۈگمەن بېشى دېگەن يەرگە كېلىپ چۈشۈپ، ئىككى ئادىمىنى شەھەرگە — خېتىپ خوجامنىڭ ئالدىغا كىرگۈزۈپ مۇنداق دېدى: «ئاشلىق، قورال-ياراق ئامبارلىرى ۋە خەزىنىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى بەرسىلە. ئۆزلىرى بارلىق مەنسەپدارلىرى بىلەن بېرىپ جانابىي ئاتلىق غازى بىلەن كۆرۈشۈپ دۇئا ئېلىپ يانسىلا، ماڭا شۇنداق بۇيرۇق بېرىلگەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز شەھەردىن چىقىدىغان بولۇپ، ئاخىرقى پېشىن ۋاقتىدا شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا كەلدۇق. ئىككى خوجامنى①، موللا توختى مۆھتىسىپ② ئاخۇنۇمنى، مەن كەمىنە يازغۇچىنى③، بىر مىراخورنى④ دەرۋازىدىن چىقاردى. باشقىلارنى

---

① ئىككى خوجام — خېتىپ خوجام بىلەن بۇرھانىدىن خوجام.

② مۆھتىسىپ — دىنىي ئەمەلنىڭ نامى.

③ ئاپتور ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ.

④ مىراخور — ئات باقار.

چىقارمىدى. شۇ چاغدا «زامان ـ زامان، ئاتلىق غازىنىڭ زامانى» دەپ جار سېلىپ ناغرا ـ سۇناي چالغىلى تۇردى.

بىر بەش كىشى خوجا نەزەربەگنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. بىرگە يىگىرمە ئاتلىق ئادەمنى قوشۇپ ئاقسۇغا ماڭدۇردى. ياڭخىدا قونۇپ ئەتىسى توشقان دەرياسىغا كەلگىنىمىزدە مۇھەممەد بابا يۈز بېشى ئۇچرىدى. بۇ ئارىدا ئاتلىق غازى ئاقسۇغا كىرىپ مۇھەممەد بابا يۈز بېشىنى ئۇچتۇرپانغا توقسابە① لىككە تەيىنلەپ بۇرھانىددىن خوجامغا يارلىق ئەۋەتكەنىكەن. مۇھەممەد بابا يۈز بېشى يارلىقنى بەردى. بىر يارلىقنى ئوقۇپ ئاتلىق غازى تۇرغان تەرەپكە قاراپ دۇئا قىلىپ ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. مۇھەممەد توقسابە بولسا، ئۇچتۇرپانغا قاراپ راۋان بولدى. مەن بۇ مەرھەمەتلىك يارلىقنى كەم ـ زىيادە قىلماي تەلتۆكۈس ۋاراق يۈزىگە يازدىم:

## ئىنايەتنامە②

سەيىدلەرنىڭ باش پاناھى بۇرھانىددىن خوجام ئىشان ئوغلىغا! تۈگىمەس دۇئا، كۆپتىن ـ كۆپ سالامدىن كېيىن مەلۇم بولغايكىم، بۇ ياخشى زاماندا ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئىسلام ئېچىش، «جەننەت قىلىچنىڭ سايىسى ئاستىدا» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق. پەيغەمبىرىمىز شەرىئىتىنىڭ قىلىچىنى چېپىشنىڭ ياخشى نىيىتى بىلەن، بۇ يۇرتلارغا رىزقى، نېسىۋىمىز چۈشتى. گەپنىڭ قىس ـ

① توقسابە ــ ناھىيە باشلىقىغا تەڭ ئەمەل.

② ئىنايەتنامە ــ بۇيرۇق خېتى، تونۇشتۇرۇش خېتى.

قىسى شۈكى، مۇھەررەم ئېيىنىڭ 25 - كۈنى ئاقسۇ-
نىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان كۈنلىرىمىزدە
ئىخلاسلىرىنىڭ زىيادىلىكى، دوستلۇقلىرىنىڭ يۇقىرى-
لىقىدىن ياقۇپ خوجا ئىشان، مۇھەممەد ئېلى
دادخاھلار ئارقىلىق ئىتائەت ۋە بويسۇنىدىغانلىقلى-
رىنى ئىزھار ئەتكەن ۋە «ئۇلۇغلىرىڭلارنىڭ ئەمرىگە
بويسۇنۇڭلار» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل
قىلىپ ئەۋەتكەن خەتلىرىنى ياخشى سائەتتە تاپ-
شۇرۇۋېلىپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ كۆپ خۇرسەن
بولدۇم. ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىش قائىد-
دىسى بويىچە تۆت ئات، بىر بوخچا كىيىم - كېچەك،
بىر كالام شېرىپ* سوۋغات ئەۋەتكەن ئىكەنلا،
ھەممىسى ساق - سالامەت تەگدى. بۇ يەردە جامالىد-
دىن خوجا بەزى ئىشلاردىن ئەندىشە قىلىپ قاچ-
قانىكەن، يىگىتلەر بېرىپ تۇتۇپ كەلدى. ئۆزىمۇ
بۇرۇنقى قىلغان ئىشلىرىغا تۇۋا قىلدى. بىزمۇ
«ئاچچىقنى يۇتۇش ۋە خالايىقنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ
قىلىش ساۋابلىق» دېگەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئەمەل
قىلىپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى ئەپۇقىلدۇق.
ئۆز لايىقىدا كىيىم - كېچەك مەرھەمەت قىلدۇق.
ئۆزلىرى بولسىلا بۇ ئەتراپتىكى سەيىدلەرنىڭ كۆزىگە
كۆرۈنگەن پېشىۋاسى، نىيەتلىرىمۇ پاكىز ۋە ساپ،
ئۆزلىرىگە تەۋە ھەرقانداق كىشىنىڭ گۇناھىنى
ئەپۇ قىلدۇق. بۇ تەرەپتىن كۆڭۈللىرىگە گۇمان
كەلمىسۇن. بىز بولساق ئۆزلىرىنى ھەممىدىن بۇرۇن

* كالام شېرىپ — قۇرئان.

تونۇغان، بىلگەن. مۇتلەق غەم - ئەندىشە قىلماسلا.
بىزنىڭ بۇ دېگەنلىرىمىزگە تەكرىم ئۆزى گۇۋاھ
بولغاي ۋەسسالام.

1284 - يىلى (ھىجرىيە)①

بىر شۇ كۈنى ناماز پېشىن ۋاقتى بىلەن ئاقسۇغا يېتىپ بېرىپ كونا ئۆتەڭ دېگەن يەرگە چۈشتۇق. ھايال بولماي ھەمدەم باتۇر ئۆزى ئۈستىدە تۇرۇپ، نەچچە پەتنۇسلاردا قەنت، ناۋات، قەندالات، پىستە - بادام، يېمىش مېغىزلار بىلەن كاتتا داستىخان سالدى. ئارقىدىنلا يوغان قازانغا دۈملەنگەن پولۇنى قازان بىلەن كۆتۈرۈپ كىرىپ ئالدىمىزدا ئاغزىنى ئېچىپ ئاش تارتتى. مۇشۇ تەرىقىدە راۋرۇس ئۈچ كۈن زىياپەت ئۆتكۈزدى. 4 - كۈنى سارايدىن تون - سەرۇپاي، قەنت - ناۋات ئېلىپ كېلىپ تارتۇق راسلاپ، مىنىپ كەلگەن ئاتلىرىمىزنى يېتىلەپ بېرىپ ئاتلىق غازى ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئىككى خوجامنى خىمە خەرگاھ② ئىچىدە ئېلىپ كىرىپ زىياپەت قىلدى. بىزلەرنى بارگاھنىڭ③ ئىچىدە ئولتۇرغۇزۇپ داستىخان سېلىپ شاھانە زىياپەت قىلدى ۋە ئۆز لايىقىمىزدا تون - سەرۇپاي، سەللە - كۆلا ئىنئام قىلدى. تەكلىپ بويىچە ئاقسۇ شەھىرىنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلدۇق. پاتىھە قىلىدىغان يەرلەرگە پاتىھە قىلىپ ئۆز ئورۇنلىرىمىزغا قايتىپ كېلىپ ئارام ئالدۇق.

ئەمما بۇ چاغلاردا كۈچا تېخى پەتھ بولمىغانىكەن. چۈنكى

---

① ھىجرىيىنىڭ 1284 - يىلى مىلادىنىڭ 1867 -، 1868 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② خىمە خەرگاھ — پادىشاھلىق چېدىر، خاس چېدىر.

③ بارگاھ — چېدىر.

كۇچادىكى خوجاملار يۈسۈپ باتۇر، ئىبراھىم باتۇر، تەلەي باتۇر، ياقۇپ باتۇر قاتارلىقلارنى نۇرغۇن لەشكەر بىلەن ياقۇپبەگ قوشبېگىنىڭ ئالدىغا ئۇرۇشقا ئەۋەتكەن بولۇپ، بۇلار ياقائى-رىققا يېتىپ كېلىپ يولنى توسۇپ، سۇنى ئۆتكۈزمەي نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلغان. قۇشتېمى، جوغا، ياقائىرىق دېگەن يەرلەردە قوشبېگىنىڭ نۇرغۇن يىگىتلىرىنى يوقاتقان ۋە باتۇرلۇقلىرىنى كۆرسىتىپ ۋاقتىنچە غەلىبە قىلغانىكەن. بىراق ۋاقىتسىز قىلغان باتۇرلۇقلىرى كارغا كەلمىدى. ئاخىردا ياقۇپبەگ قوشبېگىنىڭ يىگىتلىرى غالىب كېلىپ، كۇچا لەشكەرلىرىنى قەھرى-غەزەپ بىلەن سىياسەتنىڭ تىغىدىن ئۆتكۈزۈپ ھالاك قىلدى.

بۇنىڭدىن بىر ئاز ئىلگىرى، لوكچۇنلۇكلەر كونا ئاداۋەت-خۇسۇمەتلىرىنى يېڭىلاپ، ئۇرۇمچى تۇڭگانلىرىنى ئۆزىگە رام قىلىپ، ئابىددىن خوجام باشلىق كۇچا لەشكەرلىرىنى تۇرپاندىن ھەيدەپ چىقارغانىدى. تۇرپاننى ئۆزلىرى سورىغاندىن تاشقىرى كۇچا تەرىپىگە يۈزلىنىپ، كورلا ۋە بۈگۈرنى قولغا ئالغان چاغدا، راشىددىن خوجام ھامىددىن خوجامغا ياردەم قىلىپ، 4000 لەشكەرنى تۇڭگانلارغا قارشى ئەۋەتكەنىدى. بۇ 4000 لەشكەر تۇڭگانلارنى قوغلاپ قاراشەھەر دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرغان چاغدا، راشىددىن خوجام ياقۇپبەگ ئاتلىق غازىنىڭ ئاقسۇنى بېسىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھامىددىن خوجامنى قايتۇرۇپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا كۆپتىن-كۆپ ئۆزرە ئېيتىپ ناماقۇل بولۇپ، تون-سەرۇپاي ۋە نۇرغۇن ئىنئاملارنى بېرىپ، ياقۇپبەگ قوشبېگى بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن 4000 لەشكەر بىلەن ئاقسۇغا ماڭدۇرغانىدى. ھامىددىن خوجام لەشكەرلەرنى باشلاپ كۇچادىن چىقىپ بايغا كېلىپ بىر ئوتلۇق، سۇلۇق يەرنى تېپىپ چۈشۈپ ئارام ئالدى ۋە لەشكەرلەرگە ئىختىيار ئۆزلۈكلاردا دەپ جاكارلاپ ئۇلار بىلەن كارى بولمىدى. ئاندىن بارلىق ۋەقەنى بايان

قىلىپ ياقۇپبەگ قوشبېگىگە خەت ماڭدۇردى، خەتنى ئېلىپ بارغان كىشى ياقۇپبەگ قوشبېگى بىلەن ياقائېرىقتا ئۇچراشتى. قوشبېگى خەتنى كۆرگەندىن كېيىن خۇشال بولۇپ «هامىددىن خوجام جانابىي ئالىيلىرى دەرهال كەلسۇن. بىز يولىغا ئىنتىزار-دۇرمىز» دەپ ئالدىغا مەخسۇس خەۋەرچى ئەۋەتتى. هامىددىن خوجام يېتىپ كېلىپ ياقۇپبەگ قوشبېگى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار ئۆزئارا بىر - بىرىنى تەبرىكلەشتى. قوشبېگى هامىددىن خوجامغا تون - سەرۇپاي ۋە نۇرغۇن ئىنئاملارنى بەردى هەم «بىر كۇچا-نىڭ ئىشىنى تۆگەتكۇچە قەشقەرگە بېرىپ تۇرسىلا»، دەپ يولغا سالدى. هامىددىن خوجام قەشقەرگە بېرىپ تۆرىلەر قاتارىدا كاتتا سورۇنلارغا قاتنىشىپ مەئىشەت، كىيىم - كېچەكلەردە هەممىنىڭ ئالدىدا بولۇپ، ياقۇپبەگ ئاتلىق غازىنىڭ دۆلىتى-دىن بەهرىمەن بولدى.

ياقۇپبەگ ياقائېرىقتىن ئاتلىنىپ مەنزىلمۇ مەنزىل يول يۈرۈپ كۇچاغا يېتىپ كەلدى. ياقۇپبەگنىڭ بىر نەچچە يىگىتلىرى كىرىپ راشىددىن خان خوجامنى تۇتۇپ چىقتى. قوشبېگى خوجامغا ئۆز لايىقىدا تون - سەرۇپاي ئىلتىپات قىلىپ هويلىسىغا كىرگۈزۈۋەتتى. راشىددىن خان خوجام ئوردىسىغا كىرگەندىن كېيىن قولىغا قىلىچ ئېلىپ، ياقۇپبەگ ئاتلىق غازىنىڭ بىر مەهرىمىنى چېپىپ ئۆلتۈردى. قولىغا مىلتىق ئېلىپ سېپىلنىڭ ئۇستىگە چىقىپ «مېنىڭ باتۇرلىرىم قەيەرگە كەتتىڭلار! بۇ قىپچاق - ئەنجانلىقنى ئۇرۇپ هەيدەپ چىقىرىپ ئۆلتۈرمەمسىلەر!» دەپ ۋارقىراپ يۈرگەن چاغدا، ئاتلىق غازىنىڭ ئادەملىرىدىن بىر قانچىسى كېلىپ ئۇنى تۇتۇپ باغلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغانلىقىنى هېچكىم كۆرمىدى هەم بىلمىدى. تارىخىي

ھىجرىيە 1284 - يىلى* ماھى سەپەر ئېيىنىڭ 2 - كۈنى مانا شۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەردى.

جامالىددىن خوجامنى يەكەندە يوقاتتى. شەيخ خوجام، جالالىددىن خوجام، پەخرىددىن خوجام ۋە باھاۋىددىن خوجاملارمۇ يوقىتىلدى. خېتىپ خوجام ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەھمۇددىن خوجاملارنى قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ مەھمۇد خوجا ھەزرەتنىڭ خىزمىتىگە قويدى. بۇلار خوجا ھەزرەتنىڭ ئاشخانىلىرىدىن تاماق يەپ ۋە خوجا ھەزرەتنىڭ تون - سەرۇپاي، كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىپ ئون بىر يىل ئۆمۈر سۈردى. بېيجىڭ ئەھلى ئىككىنچى قېتىم ئاتا يۇرتلىرىغا ئىگە بولغاندا، بۇلارمۇ ئاتا يۇرتلىرىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇرۇق - قاياشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلار بىلەن بىللە قالغان ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى.

بۇ دەۋردە ئىسھاق خوجام، ھامىددىن خوجام، مەھمۇددىن خوجاملار سالامەت قالدى. كۇچالىق خوجاملار ئۈچ يىل بىر ئاي يەنى 37 ئاي پادىشاھلىق قىلدى. شەرق تەرىپى قۇمۇل باردكۆلگىچە، شىمال تەرىپى قالماق ئىچى يۇلدۇزغىچە، غەرب تەرىپى مارالبېشى - يەكەنگىچە، جەنۇب تەرىپى لوپنۇر، چەرچەنگىچە ئۇلارغا تەۋە بولغانىدى. نۇرغۇن كاپىرلار ھالاك بولدى. بۇنىڭدىن باشقا بىرەر نەمۇنە، يادىكار بولغۇدەك ياخشى ئىشتىن خاتىرە قالمىدى. نۇرغۇن مال - مۈلۈك، خەزىنىلەر توپلانغان بولسىمۇ، بۇ مال - دۇنيانى ھېچ نەرسىگە سەرپ قىلالمىدى. شۇ پېتى ئاتىلىق غازىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتتى.

كۇچالىق خوجاملارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە بۇ تەتۈر

* ھىجرىيىنىڭ 1284 - يىلى مىلادىنىڭ 1867 -، 1868 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. «تارىخىي ھەممىدىيە» دە «14 - كۈنى» دېيىلگەن — مۇھەررىردىن.

پەلەك يار بەرمەي، ئەزەلدىن كونا ئادىتى بولغان ۋاپاسىز -
لىقىنى نامايان قىلدى. يەتتە شەھەرنىڭ دۆلەت، ھۆكۈمرانلىقى،
ئىززەت - سەلتەنىتىنى ياقۇپبەگ ئاتلىق غازىنىڭ قولىغا
تاپشۇردى.

ئەمدى بۇ قەلەم خۇشال - خۇرام كۆچالىق خوجاملارنىڭ
قىسسە، داستانلىرىنى يېزىشتىن تېزگىنىنى قايتۇرۇپ جانابىي
ئاتلىق غازىنىڭ پادىشاھلىق سەلتەنەتلىرىنىڭ قىسسە، داستان-
لىرىنىڭ چەكسىز مەيدانلىرىدا جەۋلان قىلىش ئۈچۈن ئات
چاپتى. بۇ مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۇلۇغ
تەڭرىنىڭ مەدەت - ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

# ئىككىنچى داستان

# I

## ياقۇپبەگ ئاتالىق غازىنىڭ موغۇلىستان مەملىكىتى ۋە يەتتە شەھەر ئەھلىنى ئىستېلا قىلغانلىقى ۋە بۇزرۇكخان تۆرەمنىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىقى

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ياقۇپبەگ قوشبېگىنىڭ ئەسلى يۇرتى تاشكەنت ۋىلايىتىنىڭ پىسكەنت دېگەن يېرى بولۇپ، شۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنىكەن. ئۇ كىچىكىدىنلا ئەمەلدارلىق قائىدىلىرىنى ئۆگەنگەن ۋە باتۇرلۇق ئىلىملىرىنى مەشق قىلغانىكەن. شۇ چاغلاردا نارمۇھەممەد قوشبېگى تاشكەنتكە ھاكىم بولغان بولۇپ، ياقۇپبەگنىڭ ھەمشىرىسىنى نىكاھىغا ئالغانىكەن. شۇ سەۋەبلەر بىلەن ياقۇپبەگ نارمۇھەممەدكە مۇلازىم بولغانىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن تاشكەنتكە تاجىك قانائەت شاھ ھاكىم بولغاندا، ياقۇپبەگ ئۇنىڭغا مۇلازىم بولغان ۋە مەھرەملەر قاتارىدا ياخشى خىزمەت قىلىپ كۆزگە كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن مەھرەملەرگە يۈز بېشى قىلىپ تەيىنلەنگەنىكەن. ئاندىن ياقۇپبەگنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۇنى ئاق مەسچىت دېگەن شەھەرگە مۇستەقىل ھاكىم قىلىپ تەيىنلىگەنىكەن. ئاق مەسچىت بولسا تاشكەنت ۋىلايىتى ۋە دەشتى قىپچاق ئىچىدىكى تونۇلغان مەشھۇر بىر شەھەر بولۇپ، تاشكەنت بىلەن ئاق مەسچىتنىڭ ئارىلىقى 12 مەنزىل يول ئىدى. ۇ چاغدا تارىخىي ھىجرىيىنىڭ تەخمىنەن 1265 - يىلى* بولسا كېرەك، بۇ چاغدا ياقۇپبەگ 22

* ھىجرىيىنىڭ 1265 - يىلى مىلادىنىڭ 1848 -، 1849 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ياشتا بولۇپ، بىرنەچچە يىل ئاق مەسچىتتە يۇرت سورىدى. شۇ كۈنلەردە روسىيىلىك ئادەملەردىن بىرقانچىسى بېرىش ـ كېلىش قىلىپ يۈرۈپ ياقۇپبەگ بىلەن دوست بوپتۇ. ئۇلار ياقۇپبەگكە: مۇشۇ دەريا* دىكى بېلىقلارنى بىزگە ساتسىڭىز، بىز تۇتۇپ قۇرۇـ تۇپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كەتسەك، دەپتۇ. ياقۇپبەگ قانائەت شاھقا مەلۇم قىلىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ دېگىنىگە ماقۇل بوپتۇ ۋە بېلىقلارنى 40 مىڭ قىزىل تىللاغا سېتىپ ھۆججەت ـ توختامنامىلەر تۈزۈشۈپتۇ.

يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، ئاق مەسچىت ئەتراپىدىكى قىرغىزە قازاقلار بېرىشكە تېگىشلىك زاكات ـ باجلارنى ۋاقتىدا بەرمەي كەينىگە تارتىپ، زاكات ـ باجلارنى يىغقىلى چىققان ئادەملەرنى ئۇرۇپ ھەيدىۋەتكەن، ھەتتا ئۇلارنى بۇلاپ ـ تالاپ، تالان ـ تاراج قىلغان. بۇنى ئاڭلىغان ياقۇپبەگ نۇرغۇن قوشۇن بىلەن بېرىپ قىرغىز، قازاقلار بىلەن سوقۇشقانىكەن، ئاخىر ياقۇپبەگ غەلىبە قىلىپ قىرغىز ـ قىپچاق، قازاقلارنى باغلاپ ئەسىر قىلىپ، نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك، ئات ـ ئۇلاغلارنى ئولجا ئېلىپ ئۆز جايىغا قايتىپ كەلگەنىكەن، شۇنىڭ بىلەن كۈندىن ـ كۈنگە دۆلىتى زىيادە، ئىستىقبالى ياخشى بولۇپتۇ.

شۇ كۈنلەردە ياقۇپبەگ قوقەن پادىشاھلىق ئوردىسىغا: «مەن كەمىنە ئاجىز قۇللىرى خان ھەزرەت ئالىيلىرىنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ، بوسۇغىلىرىنى تاۋاپ قىلسام، توپىسىنى سۈرمە ئورنىدا كۆزۈمگە سۈرتۈپ، خىزمەتكارچىلىقىمنى بىلدۈرۈپ يانسام دېگەن ئارزۇيۇمنى ئىزھار قىلدىم. قوبۇل قىلىشلىرىغا مۇشەررەپ بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن»، دەپتۇ. خان ھەزرەت ياقۇپبەگنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ «كەلسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

---

* سىر دەرياسىنى دېمەكچى.

ياقۇپبەگ يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، توققۇز - توققۇز قىرغىز، قازاق قىزلىرىنى رەڭمۇرەڭ ئېسىل كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەتلەر بىلەن، تـوققۇز - تـوققۇز يـاش، بىساقـال، بەرنا ئوغۇللارنى خىلمۇخىل ئالىي ئۇستىباش، ئۆتكۈر قىلىچ ۋە خەنجەر بىلەن ياساندۇرۇپتۇ. توققۇز قازاق ئېتىنى قالماق ئېگەر - جابدۇقلىرى بىلەن ياساپ - جابدۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر تۈرلۈك مال - ماتا، ئېسىل رەختلەرنى ھازىرلاپ، تارتۇق - پېشكەشلەرنى تەييارلاپتۇ.

ياخشى سائەت، ئۇلۇغ كۈنلەرنىڭ بىرىدە يـۇقىرىدا ئىزھار قىلىنغان تارتۇق - پېشكەشلەرنى ئېلىپ، قوقەن شەھىرىگە بېرىپ پادىشاھلىق ئوردىسىغا داخىل بولۇپتـۇ. خان ھەزرەتلىرى تارتۇق - پېشكەشلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. ياقۇپبەگنىڭ بۇنداق تارتۇق - پېشكەشلىرىگە خان ھەزرەت مەمنۇن بولۇپ، پادىشاھـلارغا خاس سېخىيلىق بىلەن ئىنئام - ئېھسانلارنى ئىلتىپات قىلىپ، ئۇنى ھەممە سەركەردە، قوماندان، ئەمەلدارلىرىدىن دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلىپ، يۇرتىغا قايتىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىپتۇ. بۇ چاغقىچە دەشتى قىپچاق تەرىـپىدىن باشقا ئەمەلـدارلاردىن بۇ تەرىقىدە پېشكەشلەر كەلمىگەنىكەن.

ياقۇپبەگ ئـاق مەسچىتنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ھاكىم، ۋەزىر، قوماندان، ئەمەلدارلارنىڭ قىزغىنىش، كۆرەلمەسلىك ئاداۋەتلىرى قوزغىلىپ، ياقۇپبەگكە زەربە بېرىپ ئاجىزلىتىش، بەلكى ئۇنى يىقىتىشقا ھەرىكەت قىلىشقا باشلاپتۇ. ياقۇپبەگنىڭمۇ مۇشۇنداق تارتۇق - پېشكەشلەرنى ئېلىپ بېرىشتىكى غەرىزى تاشكەنتنىڭ ھاكىملىقىنى قولغـا كىرگۈزۈش بەلكى تاشكەنتنىڭ ھاكىملىقى قولغا كەلگەندىن كېيىن غايىبتىن غەلىبە ئاتا قىلغۇچى ئۇلۇغ تەڭرى پادىشاھلىق تەختىنى قولۇمغا كىرگۈزۈشكە مۇيەسسەر قىلسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئارزۇ

ئۇنىڭ دىلىغا تاشقا ئويۇلغاندەك چوڭقۇر ئورناشقانىكەن. چۈنكى ئۇلۇغ تەڭرى ياقۇپبەگنى دەسلەپ ياراتقاندا زۇۋۇلىنى يوغان ئۈزۈپ، نىيەت ۋە خۇي - پەيلىنى ئۈستۈن قىلغانىدى.

ئەمما ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە لەشكەر باشلىقلىرى: «ياقۇپبەگنىڭ پادىشاھلىق ئالىي ئوردىغا ئېلىپ كەلگەن تارتۇقلىرى ئۆزى ئولجا ئالغان مال - دۇنيانىڭ 10 دىن بەلكى 100 دىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ يىغىۋالغان ئولجا - غەنىيمەتلىرى ھەددى - ھېسابسىز بولۇپ، ئۇنىڭ تاشكەنتكە ھاكىم بولۇش تەمەسى بار ئىكەن. مۇبادا خان ھەزرەتلىرى ئۇنىڭغا تاشكەنت ياكى بىرەر كاتتا يۇرتنىڭ ھاكىملىقىنى ئىلتىپات قىلىپ بەرسە، بۇ دۆلەتنىڭ بەخت - پاراۋانلىقىنى خاراب ۋە ۋەيران قىلىپ، تۇزكورلۇق قىلىدىغانلىقى چىرايىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ»، دەپ خان ھەزرەتلىرىگە ئارقا - ئارقىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلاپتۇ. خان ھەزرەت بۇ تۆھمەت - ھىيلىگەرلىككە ئىشىنىپ، «ئاق مەسچىتكە بېرىپ ياقۇپبەگنى تۇتۇپ، پۈتۈن مال - مۈلكى بىلەن قوشۇپ ئوردىغا ئېلىپ كېلىڭلار»، دەپ 40 ئاتلىق ياساۋۇلغا پەرمان بېرىپتۇ.

ياقۇپبەگ «ئىنسان - ياخشىلىقنىڭ قۇلى» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق خان ھەزرەتنىڭ قېشىدىكى خاس مەھرەملەردىن ئابدۇللا يۈز بېشى قاتارلىق بىرنەچچە كىشىگە ئىنئام، ئېھسانلار بېرىپ ئوردىدا قانداق گەپ - سۆز ئۆتۈلسە ئۆزىنى خەۋەردار قىلىپ تۇرۇشقا ۋەدە ئېلىپ ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىكەن، بۇ مەھرەملەر «ۋەدىگە ۋاپا قىلىڭلار» دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە بۇ يامان خەۋەرنى ياقۇپبەگكە مەلۇم قىلىپتۇ. ياقۇپبەگ بۇ يامان خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «ئوردىدىن مېھمان كېلىدۇ، سىلەر ئالدىغا بېرىپ، ئۇچرىغان يەردە توختىتىپ قويۇپ ماڭا ئۇچۇر بېرىڭلار. ئۆزۈم ئالدىغا چىقىمەن» دەپ



www.uyghurkitap.com

كىشى تەيىنلەپ ئۈچ مەنزىل يەرگە ئالدىدىن ئەۋەتىپتۇ. بارغان ئادەملەر خان ھەزرەتىنىڭ ياساۋۇللىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلارنى توختىتىپتۇ ۋە ئۇلارغا زىياپەتلەر بېرىپ ھايال قىلىپ ياقۇپبەگكە ئۇچۇر بېرىپتۇ. ياقۇپبەگ قالغان ئەمەلدار، يىگىت، مەھرەملىرىگە: «قوقەندىن كەلگەن ياساۋۇللارنىڭ ئالدىغا سىلەرمۇ بېرىڭلار. مەن يېرىم كېچىدە يولغا چىقىپ ئارقاڭلاردىن يېتىپ بارىمەن»، دەپ ماڭدۇرۇۋېتىپ شەھەرنى خالىي قىلىپ، ئۆزى كونا خىزمەتكارى ئالاشبەگنى ھەمراھ قىلىپ، تەڭگە ـ تىللا، نەق ئالتۇنلىرىنى ئېلىپ بۇخارا شېرىپكە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

ئەمما ياساۋۇللار ۋە يىگىتلەر ياقۇپبەگ چىقمىدى، قانداق ھادىسە يۈز بەردىكىن، دەپ شەھەرگە كىرسە، ياقۇپبەگدىن ھېچقانداق نىشان ۋە ئەسەر يوق. ياساۋۇللار خان ھەزرەتىنىڭ غەزەپلىرىدىن قورقۇپ ياقۇپبەگنىڭ ئارقىسىدىن سىر دەرياسىغىچە قوغلاپ بېرىپتۇ. ياقۇپبەگ بىر نەچچە ئۆچكىنىڭ تېرىسىنى تولۇمچە سويۇپ ئېلىۋالغانىكەن. تولۇمنى پۈدەپ ئىچىگە يەل تولدۇرۇپ، ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ سۇغا تاشلاپ، ئۆزلىرى ئۈستىگە چىقىپ ئاتلىرىنى سۇ ئۈزدۈرۈپ بۇ خەتەرلىك دەريادىن بىخەتەر، ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ياساۋۇللار ئۆتەلمەي، ئوق ئاتسا ئوق يەتمەي، ئاخىر نائۈمىد بولۇپ ئارقىسىغا يېنىپ كېتىپتۇ. ياقۇپبەگ تىنچ ـ ئامان بۇخاراغا يېتىپ بېرىۋاپتۇ.

شۇ ۋاقىتلاردا مەللەخانمۇ بۇخاراغا بېرىپ بۇخارا ئەمىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تۇرۇۋاتقانىكەن. مەللەخان بىلەن ياقۇپبەگ زامانىنىڭ ھادىسىلىرى، دەۋرىنىڭ ئىنقىلاب ۋە ئۆزگىرىشلىرىنىڭ زىيان ـ زەخمەتلىرىدىن ساق ـ سالامەت قۇتۇلۇپ، قوقەنگە — پادىشاھلىق ئورۇدىسىغا قايتىپ بېرىپتۇ.

مۇشۇنداق ئادالەت ئورنىتىلغان زاماندا خۇدايارخاننىڭ دۆلەت قۇياشى غەرب تەرەپكە ئولتۇرۇپ، مەللەخاننىڭ بەخت ئاپتىپى شەرق تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈپ ئالەم يۈزىنى يورۇتقىلى تۇردى. بۇ كۈنلەردە ياقۇپبەگكە خوجەنتنىڭ ھاكىملىقى نېسىپ بولدى.

ياقۇپبەگ خوجەنتتە خۇشال-خۇرام ھالدا زاماننىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ھۆكۈمرانلىق سۈرۈۋاتقان چاغدا، بەزى زىددىيەتلىك كىشىلەر خانغا ياقۇپبەگنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ئىشەندۈردى. خان ھەزرەت ياقۇپبەگنى ئېلىپ كېلىپ سوراققا تارتىش مەقسىتىدە مۆلازىملارنى بۇيرۇدى. ئەمما بەخت-تەلەيلىك، دۆلەتمەن ياقۇپبەگ خەۋەر تېپىپ ئەۋەتىلگەن مۆلازىملار خوجەنت شەھىرىگە كىرىشى بىلەن تەڭ ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ، دەريادىن ئۆتۈپ ئامان-ئېسەن بۇخاراغا قېچىپ باردى. ياقۇپبەگ بولسا ئىشتا پۇختا، تۇرمۇشتا سىنالغان، زاماننىڭ تەجرىبىلىرىدىن خەۋەردار ھوشيار كىشى ئىدى. خوجەنت شەھىرىنىڭ بىر تەرىپى دەريا بولۇپ، ئۇردا دەريانىڭ لېۋىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقانىدى. ياقۇپبەگ بۇخارا تەرىپىدىكى يوللارغا ئادەم تەيىنلەپ ئاتلارنى باقتۇرۇپ تۇرغانىدى. شۇڭا ھايال بولمايلا بۇخاراغا يېتىپ باردى. ئەمما خان ھەزرەتنىڭ مۆلازىملىرى يارلىقنى ئىجرا قىلالماي مەيۈس ۋە ئائۇمىد بولۇپ قوقەن پادىشاھلىق ئورنىغا يېتىپ بېرىپ بولغان ۋەقەنى بىر-بىرلەپ مەلۇم قىلدى. خان ھەزرەت ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلىنىپ بۇخارا ھاكىمىغا خەت يېزىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«پىسكەنتلىك ياقۇپبەگ نۇرغۇن گۇناھلارنى ئۆتكۈزۈپ بۇخاراغا قېچىپ كېتىپتۇ. نىيىتىنىڭ يامانلىقى ھەممە شەھەرگە مەلۇم ۋە مەشھۇر. ئەلۋەتتە

ئۇنى تۇتۇپ زىندانغا ھۆكۈم قىلغايلا. مەسلىھەتىم شۇكى، بۇنىڭ پىتنە-پاسات ۋە يامانلىقنىڭ زىيىنى بۇخارا ئەھلىگە زەرەر كەلتۈرۈشتىن ئېھتىيات قىلىش-لىرى ناھايىتى مۇھىمدۇر».

بۇخارا ھاكىمى بۇ ئىشتىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن ياقۇپ-بەگنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلىدى.

ئالاشبەگ ۋە مۇھەممەد بابالار بۇ قېتىممۇ ياقۇپبەگكە ھەمراھ ئىدى. ئۇلار ئاش-نان توشۇپ بېرىپ ياقۇپبەگدىن خەۋەر ئالدى. زىندان باققۇچىلارغا تەڭگە-تىللا بېرىپ دوستلۇق ئالاقىسى ئورناتتى. مۇشۇ تەرىقىدە يەتتە-سەككىز ئاي ئۆتتى.

ئۇشتۇمتۇت بۇخارا ئەمىرى شەھىرى سەبزىگە لەشكەر تارتىپ بارىدىغان بولدى. زىنداندىكى گۇناھكارلارنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىپ، زىنداندىن ئازاد قىلىپ ئۇلارنى ئۆز قوشۇنىغا ياردەملەشتۈرىدىغان بولدى.

ياقۇپبەگ بۇخارانىڭ چوڭلىرىدىن بىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنىدى. شۇ چاغدا بۇكىشى بۇخارا ئەمىرىگە ياقۇپبەگنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى، كارغا يارامىلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. بۇخارا ئەمىرى ياقۇپبەگنى ئۆز بارگاھىغا چاقىرتىپ كېلىپ، رەڭگىرويىدىن قابىلىيىتى بارلىقىنى كۆرۈپ پانساتلىق دەرىجىسىدە كىيىم-كېچەك، ئات-ئۇلاغ، قورال-ياراق، ئەلەم-بايراقلارنى بېرىپ ياساندۇرۇپ، ئۇرۇشقا قاتناشتۇردى. ئۇرۇشتا ياقۇپبەگنىڭ مەردانە ۋە باتۇرلۇقى ئاشكارا بولدى. ئۇنى ھەممەيلەن ماختاپ ئاپىرىن ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتى ۋە مەرتىۋىسى ئۆستى. ئۆزىمۇ خاتىرجەم ۋە خۇشال بولدى.

بۇ كۈنلەردە مەللەخان تەختىدىن چۈشۈپ خۇدايارخان

ئىككىنچى قېتىم قوقەننىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغانىدى. ئەمما يۇرت سوراش، بۇيرۇق چۈشۈرۈش موللا ئالىم قول قىرغىزنىڭ قولىدا ئىدى. ياقۇپبەگ ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ «سەمەرقەنتكە بېرىپ، ئۇلۇغلارنىڭ مازارلىرىنى زىيارەت قىلىپ خەتمە قۇرئان قىلدۇرۇپ، كەمبەغەل - ئاجىزلارغا ھالىمغا يارىشا نەزىر - سەدىقىلەر بېرىپ، ئەمىر ھەزرەتلىرىنىڭ ھەققىدە دۇئا ئىلىپ كەلسەم»، دەپ بۇخارا ئەمىرىدىن رۇخسەت ئېلىپ سەمەرقەنتكە كەلدى. ئىككى كۈن تۇرۇپ ئېتىنى ھاردۇق ئالدۇرۇپ ئۇ يەردىن قېچىپ پەرغانە ۋىلايىتىدىكى موللا ئالىم قۇلنىڭ قېشىغا كەلدى.

مۇشۇ چاغلاردا كۇچا بۇزۇلۇپ، راشىددىن خوجىنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىقىنى شەھەر - شەھەرلەردىكى ھەممە ئادەم ئاڭلىغانىدى.

قەشقەردە سىدىقبەگ قىپچاق باش كۆتۈرۈپ نۇرغۇن قوشۇن تۇپلاپ، خىتاي چېرىكلىرىنى شەھەر ئىچىگە قامال قىلغانىدى. سىدىقبەگ پەرغانىدىكى موللا ئالىم قۇلغا: «خوجىلاردىن بىر كىشى كېلىپ دۇئا قىلىپ بەرسە، مەن كەمىنە قەشقەرنى ئېلىپ قوقەنت پادىشاھلىقىغا ئىتائەت قىلدۇرسام»، دېگەن مەزمۇندا ئەرز ئەۋەتكەنىدى.

بۇ ئەرز يېتىپ بارغاندىن كېيىن موللا ئالىم قۇل بۇزرۇكخان تۆرەمنى تەيىن قىلىپ ھەمدەم باتۇر بېشى، ئابدۇللا يۈز بېشى، غازى يۈز بېشى، ھېيىت مۇھەممەد يۈز بېشى، تۇراپ خوجا ياساۋۇل بېشى قاتارلىق 100 دەك ئادەمنى* قوشۇپ قەشقەرگە يولغا سالدى. قوشۇن ئوشقا كەلگەندە ئۇلارغا ئېزىز جاللات، ياقۇپ كاناي باشلىق 150 ئادەم قوشۇلدى.

* بەزى كىتابلاردا 6·5 كىشى دېيىلىدۇ — مۇھەررىردىن.

شۇ ئارىدا بۇخارا ئەمىرىدىن موللا ئالىم قۇلغا خەت كەلدى. خەتتە:

«تاشكەنتلىك ياقۇپبەگ مەللەخانغا بىھۇرمەتلىك قىلىپ قېچىپ كەلگەنىكەن، بىرنەچچە ۋاقىت تۇرمىگە قامىدىم. لېكىن يەنە مۇساپىر ئىكەن، دەپ مەرھەمەت قىلىپ قاماقتىن چىقىرىپ، ئىنئاملارنى بېرىپ ئۆزۈمگە يېقىن قىلدىم. ئەمدى ماڭمۇ ھىيلە ئىشلىتىپ قېچىپ كەتتى. سىلە تەرەپكە يېتىپ بارغان ھامان ھايال قىلماي بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلۇرلەر. مۇبادا ئارقىغا سۈرۈپ ھايال قىلىشسىلا، ئەمىر ھەزرەتنى غالىبىيەت قازانغۇچى لەشكەرلىرى بىلەن پەرغانە ۋىلايىتىدە كۆرۈشىدىلا. ئاجىز بىچارە، پۇقرالار ئات ئايىغىدا قالسا، ئۇلارنىڭ ۋابالى سىلىگە بولىدۇ. ۋەسسالام، سۆز تامام»

دېيىلگەنىدى.

موللا ئالىم قۇل بۇ خەتنى كۆرۈپ ھەيران بولدى ۋە بىر كېچىسى ياقۇپبەگنى ئالدىغا چاقىرتىپ كىرىپ بۇخارا ئەمىرىدىن كەلگەن خەتنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: «سىزنىڭ پەرغانە ۋىلايىتىدە تۇرۇشىڭىز ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ. مېنىڭ مەسلىھىتىم شۇكى، بۇزرۇكخان تۆرەمنى سىدىقبەگنىڭ ئىلتىماسى بويىچە قەشقەرگە ئەۋەتكەنىدىم، خوجىلار يۇرتدارچىلىقنىڭ قائىدىسىنى ۋە ئەمەلدارلىق ئىشلىرىنى بىلمەيدۇ. سىز دەرھال بۇزرۇكخان تۆرەمنىڭ ئارقىسىدىن قەشقەرگە بېرىڭ. مەن سىزنى قوشبېگى قىلىپ بەلگىلىدىم»، دەپ ياقۇپبەگنى قەشقەرگە ماڭدۇردى ھەم بۇزرۇكخان تۆرەمگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ خەت يېزىپ بەردى. ياقۇپبەگ داۋاننىڭ ئۈستىدە بۇزرۇكخان

تۆرەمگە يېتىشىپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتى. بۇزرۇكخان تۆرەم ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، ھەممە يىگىتلەرنى قوشبېگىنىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇردى.

بۇزرۇكخان تۆرەم تۆرىلىك دەرىجىسىدە، قوشبېگى خىزمەتكار ئورنىدا تۇرۇپ مەنزىلمۇ مەنزىل يول يۈرۈپ قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1281- يىلى① جەددى② پەسلى ئىدى.

سىدىقبەگ قىپچاق قوقەن خانلىقىغا خەت ئەۋەتكەنىگە پۇشايمان قىلىپ، خاپا ۋە كۆڭلى غەش بولغان ھالەتتە بۇزرۇكخان تۆرەمنىڭ ئالدىغا كىشى چىقاردى. ئامالسىز ئۆزىمۇ ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشتى. قەشقەر خەلقى گۇرۇھ- گۇرۇھ، توپ- توپ بولۇپ، تۆرەمنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ زىيارەت قىلىپ، خۇشال- خۇرام شەھەرگە باشلاپ كىرىپ، سىدىقبەگنىڭ ئوردىسىغا چۈشۈردى.

مۇشۇ چاغلاردا قەشقەر خەلقى ئىچىدىكى تۆرەملەرگە ئىخلاس قىلىدىغانلاردىن بىرى «تۆرەملەر كەلدى. قىپچاقلارنى ئۇرۇپ شەھەردىن قوغلاپ چىقىرايلى!» دەپ ۋارقىرىدى. بۇنىڭ بىلەن خەلق ئىچىدىكى ئالامانلار قىرغىز، قىپچاقلارنى تاياق- توقماقلار بىلەن ئۇرغىلى تۇردى. قىرغىز، قىپچاقلار قاچتى. سىدىقبەگمۇ تۇرالماي ئۆزىنى چەتكە ئالدى ۋە ئۆز يۇرتى پاراشقا③ بېرىپ 6-7 مىڭ ئادەمنى يىغىپ ئۇرۇشقا تەييارلاندى. ياقۇپبەگ قوشبېگى ئۆز يىگىتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ

---

① ھىجرىيىنىڭ 1281- يىلى مىلادىنىڭ 1864-، 1865- يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② جەددى پەسلى ـــ قىش پەسلى.

③ پاراش ـــ ھازىرقى ئاقتۇ ناھىيىسىگە تەۋە بىر يېزىنىڭ نامى.

ئۇرۇشقا كىرىشتى. تۆرەملەرگە ئىخلاس قىلىدىغان بىرمۇنچە ئادەملەرمۇ بۇزرۇكخان تەرەپ بولۇپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئا ـ قىۋەتتە قىپچاقلار مەغلۇپ بولدى. تۆرەم ۋە ياقۇپبەگلەر غالىب بولۇپ، نۇرغۇن مال-مۈلۈكنى غەنىيمەت ئېلىپ غەلىبە ـ تەنتەنە بىلەن ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ كەلدى.

ياقۇپبەگ قوشبېگى بۇزرۇكخان تۆرەمنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچقانداق بىر ئىشنى قىلمىدى. بۇزرۇكخان تۆرەم بولسا كاتتا ئوردىنى ئۆزىنىڭ ئارام ئالىدىغان ئورنى قىلىپ، كېچە ـ كۈندۈز نەغمە ـ ناۋا، ئويۇن ـ كۈلكىنى دوست تۇتۇپ، خۇشال ـ خۇرام، كەڭ ـ كۇشادە، بىغەملىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئەل ـ يۇرتنىڭ ئەھۋالى، ھاكىمىيەتنىڭ غەم ـ ئەندىشى ـ سىنى يادىغا كەلتۈرمىدى.

ياقۇپبەگ قوشبېگى بولسا ئۆمەر ھاكىمبەگ مەدرىسىسىنى ئۆزىنىڭ تۇرىدىغان جايى قىلىپ، ھارماي ـ تالماي يىگىت (لەش ـ كەر) توپلاش ۋە تەربىيىلەشنىڭ ھەرىكىتى بىلەن، قورال ـ ياراق تەييارلاشنىڭ تەرەددۇتى بىلەن بولۇپ، ئاش ـ تاماقنى ۋە ئۇخلاش، ئارام ئېلىشنى يادىغا كەلتۈرمىدى. سىدىقبەگدىن قالغان خە ـ زىنىلەرنى ۋە يۇرت خەلقىدىن ئالغان غەللە ـ پاراقنى يىگىتلەرنى تەربىيىلەش، قورال ـ ياراق ھازىرلاشقا سەرپ قىلدى. يەرلىك بايلار ۋە باشقا جايلاردىن كەلگەن سودىگەرلەردىن خالىغان ـ خالىمىغانلىقىغا قارىماي، پۇل، يامبۇ ـ كۈمۈش، ئۆسۈمسىز قەرز ئېلىپ يىگىت تەييارلاشتىن باشقا ئىشنى ئېسىگە كەلتۈرمىدى.

بۇ چاغلاردا يەكەندىكى نىياز ئىشىكئاغابەگ يەكەننىڭ بىرنەچچە كاتتىلىرى نامىدىن قوشبېگىگە مۇنداق ئەرز خەت ئەۋەتكەنىدى:

«يەكەن خوجىلار بىلەن تۇڭگانلارنىڭ ئوتت ـ تۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش، جېدەل ـ ماجىرا ئىچىدە

قىلىپ جاپا تارتىۋاتىدۇ. ئۆزلىرى 4 ـ 5 يۈز ئادەم بىلەن كەلسىلە، يەكەننى دەرھاللا قولغا كىرگۈزگىلى بولاتتى».

بۇ خام-خىيال بىلەن قىلىنغان مۆلچەر ئىدى. ياقۇپبەگ قوشبېگى ئىشنى سەل چاغلاپ يەكەنگە باردى، خوجىلار بىلەن تۇڭگانلار ئىتتىپاقلىشىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئوتتۇرىدا نۇرغۇن جەڭ-جېدەل، ئۇرۇش-ماجىرالار بولۇپ، ئاخىرىدا ياقۇپبەگ قوشبېگى بەرداشلىق بېرەلمەي، چېدىر-بارگاھلىرىنى تاشلاپ، جېنىنى ئېلىپ قەشقەرگە قېچىپ كەلدى. قوشبېگىنىڭ ھەممە تەئەللۇقلىرى ھامىددىن خوجامنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

ئەسلىدە نىياز ئىشىكئاغا بەگنىڭ ھىيلىگەر، يالغانچىلىقىنى ھامىددىن خوجام سېزىپ قېلىپ سالامغا كەلگەن بىر كۈنى تۇتۇپ يالىڭاچلاپ باغلاپ قويغاندى ۋە سوراق سوراپ ئىقرار قىلدۇرۇپ گۇناھلىرىنى گەدىنىگە قويۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ھامىددىن خوجامنىڭ دادىسى خېتىپ خوجام خەۋەر تېپىپ ئاجرىتىپ ئالغانىدى. ئۇنىڭ رىزقى-نېسىۋىسى تۈگىمىگەنىكەن. شۇڭا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاچچىقىدا ياقۇپبەگ قوشبېگىگە خەت ئەۋەتكەنىكەن. ئەمما بۇ ئۇرۇشتا قوشبېگى مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. نىياز ئىشىكئاغا بۇنىڭدىن خىجالەت بولۇپ قوشبېگىنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىپ نۇرغۇن ئۆزرە ئېيتىپ يەنە يەكەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن خوجاملار خەۋەرسىز قالدى.

بۇزرۇكخان تۆرەم مۇشۇ كۈنلەردە ئېزىزبەگ جاللاتنى يېڭىسارنى قامال قىلىپ بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدى، ئېزىز-بەگ جاللاتتىن: «يېڭىسار شەھىرىنىڭ پەتھ قىلىنىشىغا ئاز قالدى، پەقەت بۇزرۇكخان تۆرەم باشلىق ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ قەدەم تەش-

رىپ قىلىشىغا قاراپ قالدۇق»، دېگەن مەزمۇندا خەت كەلدى.
شۇنىڭدىن كېيىن بۇزرۇكخان تۆرەم ۋە قوشبېگى باشلىق چوڭ-
لار يېڭىسارغا باردى. ئېرىز بەگنىڭ ئادەملىرى لەخمە كولاپ
پارتلاتقۇچ دورىلارنى قويۇپ تەييارلاپ قويغانىكەن. ئۇلار
پارتلاتقۇچقا ئوت يېقىشى ھامان دورا ئۇشتۇمتۇت پارتلاپ
شەھەرنىڭ سېپىل، پوتەيلىرىنى ھاۋاغا ئۇچۇردى. غەلىبە
قازانغۇچى قوشۇن بىردەك شەھەرگە قاراپ يۈگۈردى. دورىنىڭ
پارتلىشىدىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن سېپىل، پوتەيلەرنىڭ توپې-
لىرى يېنىپ چۈشۈپ خىتاي چېرىكلىرى ۋە يەرلىك ئاھالىدىن
بولۇپ 1000 دىن ئارتۇق كىشىنى نابۇت قىلدى. بەزىلىرىنى
توپىنىڭ ئاستىدىن ئېچىپ قۇتۇلدۇرۇلدى.
شۇنداق قىلىپ يېڭىسار شەھىرى پەتھ قىلىندى. خىتاي
چېرىكلىرىنىڭ تولىسى ھالاك بولدى. ئازراقى مۇسۇلمان بولدى،
دوستلار خۇشال - خۇرام، دۈشمەنلەر ھەسرەت بىلەن غەمگە
چۆمدى. غالىب قوشۇن ئولجا - غەنىيمەتلەرگە ئىگە بولدى.
بۇ غەلىبە خۇشاللىقىنى موللا ئالىم قۇلغا خەۋەر قىلىش
زۆرۈر دەپ قارالدى. شۇڭلاشقا بۇزرۇكخان تۆرەم بىر توققۇز①
خىتاي زەمبىرىكى، بىر توققۇز نازىنىن باكىرە قىز②، بىر
توققۇز بەرنا ئوغۇل③، بىرقانچە تاختا ئېسىل پۇراقلىق
چاي، توققۇز - توققۇز بېيجىڭ يامبۇسى، توققۇز - توققۇز قال-

① بىر توققۇز—قەدىمدە موغۇلخانىنىڭ ئەۋلادىدىن سەككىز خان
ناھايىتى زور پادىشاھ بولۇپ جاھاندىن ئۆتۈپ، توققۇزىنچىسىغا كەل-
گەندە مەغلۇپ بولغان. شۇ چاغدا ئۆتكەن خانلارنى خاتىرىلەپ ھەر
سەككىز سوۋغا - سالامنى بىر توققۇز دەپ ھېسابلىشاتتى.
② باكىرە قىز — ياش قىز بالا، تۇرمۇشقا چىقمىغان قىز.
③ بەرنا ئوغۇل — ياش ئوغۇل بالا.

www.uyghurkitap.com

ماق ئېتى قاتارلىق تارتۇق، پېشكەشلەرنى راسلاپ ئىشەنچلىك مۇلازىم، خىزمەتچىلەر ئارقىلىق قوقەنگە ئەۋەتتى. بۇ تارتۇق-پېشكەشلەر ياخشى سائەت، قۇتلۇق ۋاقىتلاردا يېتىپ بېرىپ، موللا ئالىم قۇلىنىڭ نەزەر-ئېتىبارىغا ئېرىشىپ خۇرسەن قىلدى. ئۇ مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن تارتۇق-پېشكەشلەرنى ئېلىپ بارغان مۇلازىم، خىزمەتچىلەرگە تون-سەرۇپاي، خىراجىتى ئۈچۈن تىللا ئىنئام قىلدى. بۇزرۇكخان تۆرەمنى خانلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئالتۇندىن ياسالغان تاج، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئېگەر-جابدۇقلار بىلەن جابدۇلغان توققۇز ئېسىل ئارغىماق ئات، ئىككى نەپەر شاتۇر*، توققۇز بوخچا مەخسۇس تەييارلانغان تون، ئالتۇن-كۈمۈش يالىتىپ ياسالغان توققۇز مىلتىق قاتارلىق پېشكەشلەرنى ئىنئام قىلىپ ھەددىدىن تاشقىرى ئىلتىپاتلارنى ئىزھار قىلدى. بۇ سوۋغا-سالاملارمۇ ياخشى كۈن، قۇتلۇق سائەتتە يېتىپ كەلدى. بۇزرۇكخان تۆرەم پادىشاھلىق تاجىنى كىيىپ، ئېسىل ئارغىماق ئاتقا مىندى. چوڭ-كىچىك ھەممە خالايىق كېلىپ ئۇنى مۇبارەكلىدى. تەبرىكلەش، داغدۇغا سادالىرى پەلەككە كۆتۈرۈلدى. بۇزرۇكخان تۆرەم بۇرۇن ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ رەسىم-قائىدىلىرى بويىچە پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى. ئاتۇشلۇق مەھمۇتخاننى شاغاۋۇل قىلدى. ھۇدەيچى، پەرۋانىچى، سالام ئاغىسى، ئىشىكئاغىسى قاتارلىق مەنسەپلەرگىمۇ ئۆز لايىقىدا كىشىلەرنى تەيىن قىلدى. ئۇلۇغ تەڭرىم ئىككىسىلا ئالەمنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھەققى ھۆرمىتىدىن، دۆلەت قۇياشىنىڭ نۇرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا چاچقايسەن. ئامىن!

---

* شاتۇر — مەخسۇس تەربىيىلەنگەن، ئادەتتىن تاشقىرى تېز ماڭىدىغان، ئوردىدا خەۋەرچىلىك خىزمىتىنى ئۆتەيدىغان كىشىلەر.

## 2

## جانابىي بۇزرۇكخان تۆرىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچالىق خوجاملارنى بويسۇندۇرغانلىقى؛ پەرغانە ۋىلايىتىدىن چوڭلارنىڭ قېچىپ كەلگەنلىكى؛ ياقۇپبەگ قوشبېگىنىڭ ئەھۋالى ۋە قىپچاقلارنىڭ ۋەقەلىرى

پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن بولغان جاھانگىرخان تۆرىمنىڭ ئوغلى بۇزرۇكخان تۆرەم ئۆزى پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، قەشقەر ۋە يېڭىسارلارنىڭ ھاكىملىقىغا مۇناسىپ ئادەملەرنى تەيىنلىدى. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىغا لايىقىدا تون - سەرۇپاي، قورال - ياراق، تۇغ - ئەلەملەرنى بېرىپ، سېخىيلىق بىلەن پادىشاھلارچە ئىلتىپات كۆرسىتىپ خاتىرجەم بولدى. پاراكەندە زامانلار تىنچلىنىپ، تەرتىپ - ئىنتىزام جارى بولدى. ياقۇپبەگ قوشبېگى لەشكەر تەييارلاشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، بۇزرۇكخان تۆرەمگە ئىلتىماس قىلدى. بۇزرۇكخان تۆرەم پۇقرالارغا جەبىر-زۇلۇم بولارمىكىن، دەپ ئانچە ماقۇل كۆرمىدى. قوشبېگى بۇنىڭدىن خاپا بولۇپ كۈندىلىك ئادىتىدە قارشى ئەتىگەنلىكى سالامغىمۇ كەلمىدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. قوشبېگى خاپا بولۇپ، «كېتىمەن» دەپ مېڭىشقا تەمشەلدى. بۇزرۇكخان تۆرەم ئاڭلاپ ياندۇرۇپ كەلدى. بۇ چاغدا مۇغال، تىردىملىق مۇقەررەب شاھبەگ، غازى يۈز بېشى، ئېزىز جاللات، موللا ئىبراھىم قاتارلىق تۆت كىشى: «قوشبېگىنىڭ ئەلپازى باشقىچە تۇرىدۇ. بۇ دۆلەت ئالىيىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، ئۆزى يالغۇز ھۆكۈمرانلىق قىلىش غەرىزى بار. بىزگە يارلىق چۈشۈرۈلسە، بىز كەمىنە قۇللىرى قوشبېگىنىڭ بېشىنى كېسىپ كېلىپ مۇبارەك ئاياغلىرىنىڭ ئاستىغا تاشلىساق» دەپ ئەرز قىلىشتى. ئەمما بۇز-

رۇكخان تۆرەم: «سەۋر قىلىڭلار، بىرنىڭ ئۆزئارا ۋەدىلىرىمىز بار ئىدى» دېدى.

بىر مەھرەم بۇ سىرنى بىلىپ قېلىپ ياقۇپبەگنى خەۋەردار قىلدى. قوشبېگى پۇرسەت تېپىپ بۇ ئىغۋاگەرلەرنى (يۇقىرىدىكى تۆت ئادەمنى) تۇتۇپ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولۇۋاتقاندا، بۇزرۇكخان تۆرەم كېلىپ:

— بۇلارنىڭ ئورنىغا نېمە قىلسىلا مېنى قىلسىلا، — دەپ ئۇلارنىڭ گۇناھىنى تىلىدى. قوشبېگى ماقۇل كۆرۈپ بۇ تۆت ئادەمنى قاماققا بۇيرۇدى. ئۇلار قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ بۇنداق ئىشلارنى قەتئىي قىلماسلىققا تەۋبە قىلغاندىن كېيىن ياقۇپبەگ قوشبېگى مەرھەمەت قىلىپ ئۇلارنى تۈرمىدىن ئازاد قىلدى.

مۇقەررەب شاھبەگ ئۆز يۇرتىغا قېچىپ بېرىپ 1000 دەك ئادەمنى توپلاپ جەڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بۇزرۇكخان تۆرەم ۋە ياقۇپبەگ قوشبېگىلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە بېرىپ تالان - تاراج قىلىپ ياندى. مۇقەررەب شاھبەگ تەڭ كېلەلمەي قېچىپ بېرىپ كۇچالىق خوجىلارنىڭ ھىمايىسىگە كىردى. كۇچالىق خوجىلار مۇقەررەب شاھبەگنىڭ كەلگەنلىكىنى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى، ياخشى پال دەپ پەخىرلىنىپ، مۇقەررەب شاھبەگنى ئۆزلىرىگە يېقىن قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ياقۇپبەگ قوشبېگى بىلەن ئۇرۇش قىلىش نىيەتلىرى يېڭىباشتىن قوزغالدى.

كۇچالىق خوجىلار ئۇرغۇن ئىنتىزامسىز، پاراكەندە لەشكەرلىرى بىلەن خانئېرىققا بېرىپ كەلگەنىدى. بۇ ۋەقەلەرنى باشتا بايان قىلغانىدۇق. يەنە تەكرار بايان قىلىنسا ئوقۇغۇچىلارغا مالاللىق كەلتۈرۈشى مۇمكىن.

ياقۇپبەگ قوشبېگى خوجىلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ



www.uyghurkitap.com

تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا تەلەپ ۋە ئىلتىجا قىلىپ: «ئاللەمنىڭ پۈتۈن مەخپىي سىرلىرىنى بىلگۈچى ئۇلۇغ خۇدا، مەن كەمىنەنىڭ كۆڭلىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرى سېنىڭ دەرگاھىڭغا ئاشكارا. ئەگەر ھەقىقەت خوجىلار تەرەپتە بولسا ئۇلارغا پەتھ نۇسرەت ئاتا قىلغايسەن. ئەگەر ھەقىقەت بۇ بەندەڭنىڭ تەرىپىدە بولسا، زېمىن ئۈستىدىكى بارلىق پاك ئەرۋاھلار، ئاسماندىكى پەرىشتىلەر بەلكى پۈتۈن ئىنسان، جىن، دىۋە، پەرىلەرنى ماڭا مەدەت ۋە ياردەم بېرىدىغان قىلغايسەن»، دەپ مۇناجات قىلدى. ئۇلۇغ خۇدانىڭ زەپەر نۇسرەت ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ لەشكەر تەييارلاپ، بۇزرۇكخان تۆرەمنى باش قىلىپ جەڭگە ئاتلاندى. ئەمما لەشكەرلىرى 2000 كىشىگە يەتمىگەندى. مۇشۇ چاغدا كۇلاپ ھاكىمى ھەمراھخان 200 لەشكەر بىلەن كېلىپ قوشۇلدى. بۇنى ياقۇپبەگ قوشبېگى ئۆزى ئۈچۈن ياخشى پال، دەپ ھېسابلاپ خۇرسەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلىرىنىڭ سانى 1600 بولدى. خوجىلارنىڭ لەشكەرلىرى بولسا ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئۆز ئارا جەڭگە كىرىشتى. كۇچا لەشكەرلىرى غالىب كېلىپ نەچچە قېتىم ياقۇپبەگ قوشبېگىنىڭ لەشكەرلىرىنى ئارقىغا چېكىندۈردى. ئابدۇللا پانسات، غازى پانساتلار كۇچا لەشكەرلىرىنىڭ بىر قانىتىنى چېكىندۈردى. بىرنەچچە باتۇرلار غەيرەت قىلىپ كۇچا لەشكەرلىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ھۇجۇم قىلدى. قاتتىق جەڭ بولدى. نۇرغۇن لەشكەرلەر چىقىم بولدى. قوشبېگىنىڭ يوتىسىغا ئوق تېگىپ جاراھەتلىنىپ بىئارام بولدى. ئۇ ئابدۇللا پانساتقا قاراپ: «مەن ئات ئۈستىدە ئولتۇرالمايدىغان بولدۇم» دەپ ئېغىز ئېچىشىغا ئابدۇللا پانسات: «ۋاي نامەرد، مۇشۇ چاغدا شۇنداق سۆزنى قىلامسەن. بىر كىم ئۈچۈن جان بېرىپ، جان ئېلىشقا ـ

تىمىز؟ قايسى پادىشاھ، قايسى ئۇلۇغ جەڭگە ئۆزى كىرمىگەن؟
نېمە بولساڭمۇ ئاتتىن چۈشمەن دېمىگىن»، دەپ قېشىدىكىلەرگە
ناھايىتى كۆيۈنگەنلىكى ۋە دۆلەتكە خەيرخاھلىق كۆرسەتكەنلىكىدىن بىرمۇنچە قوپال گەپلەر بىلەن دەشنام بېرىپ ئۆزى
جەڭگە كىرىپ كەتتى. دەل مۇشۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت ياقۇپبەگ
قوشۇنىغا تەرەپتىن غەلىبە شامىلى نامايان بولدى. كۆچا
لەشكەرلىرى ئارقىسىغا قاراپ قاچتى. قوشۇنىنىڭ لەشكەرلىرى
بىر ـ ئىككى تاش يەرگىچە ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ ئولجا،
ئەسىرلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى.

## پارچە

گەر گاداي ۋە شاھقا كەلسە قازادىن چارە يوق،
تارتماي بولماس، ئىلاج ـ دەفئىغە ئانىڭ چارە يوق.
سەختلىكنى ئەھلى دۇنياغا مۇقەررەر قىلدىلەر،
بېشىغا كەلسە بىناگاھ سەبرى قىلماي چارە يوق①.

## نەزم

لەشكىرى پارا كەندەدىن ئىش كەلمەگەي،
ئىككى يۈز مەردانە جەڭچى ياخشىراق يۈزمىڭدىن②.

---

① مەيلى گاداي بولسۇن، مەيلى پادىشاھ بولسۇن، ئۇنىڭ بېشىغا ئەجەل كەلسە قۇتۇلۇشقا چارە تاپالمايدۇ. ئۇنىڭغا تەن بەرمەسلىكتىن باشقا ئىلاجى بولمايدۇ. جاپا ـ مۇشەققەت كىشىلەرنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن. ئۇشتۇمتۇت كەلگەن قازاغا سەۋر قىلماقتىن باشقا چارە بولمايدۇ.

② ئىنتىزامسىز، چېچىلاڭغۇ لەشكەرنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ. مۇنداق پاراكەندە لەشكەرنىڭ يۈز مىڭىدىن ئىككى يۈز نەپەر جەڭگىۋار لەشكەر ياخشىراق.

كۇچالىق خوجاملارنىڭ لەشكەرلىرى قاتارىدا 12 مىڭچە تۇڭگان بار بولۇپ، توپ - زەمبىرەكلەر شۇلارنىڭ قولىدا ئىدى. بۇلار توپلىشىۋېلىپ توپ - زەمبىرەك ئېتىپ قاچماي تۇردى. قوشبېگى ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بەرگەندىن كېيىن ئۇلار ئۆزئارا ئەپلىشىپ قېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تۇڭگانلارنى قەشقەرگە بىللە ئېلىپ قايتتى ۋە نۇرغۇن توپ - زەمبىرەك، قورال - ياراق، ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق ھەددى - ھېسابسىز ئولجا - غەنىيمەتلەرگە ئىگە بولدى. بۇ ۋەقە تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1282 - يىلى① جامادىيەلئاخىرنىڭ 20 - كۈنى يۈز بەرگەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن تەجرىبىلىك ئۇستا بىر جەرراھنى② تېپىپ كېلىپ ياقۇپبەگ قوشبېگىنىڭ يوتىسىغا تۇرۇپ قالغان ئوقنى ئۇستىرا بىلەن يېرىپ ئالدى. بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەر شۇنداق دېيىشىدۇ: قوشبېگى يوتىسىنى جەرراھ تىغ بىلەن يېرىپ ئوقنى ئېلىۋاتقاندا، ئالدىغا بىر مىرزىنى③ چاقىرتىپ كېلىپ بۇيرۇقنامە ئېيتىپ يېزىپ تۇرۇپتۇ. مىرزا قوشبېگى ئېيتىپ بەرگەن بۇيرۇقنامىنى يېزىپ تۇرۇپتۇ. دېمەك قوشبېگى پەرۋايىغا ئالماپتۇ، رەڭگىمۇ ئۆزگەرمەپتۇ. مانا بۇنىڭدىن قوشبېگىنىڭ غەيرەتلىك، جۈرئەتلىك ۋە چىداملىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

بۇزرۇكخان تۆرەم ۋە قوشبېگىلەر غەلىبە ۋە مۇۋەپپەقـ

---

① ھىجرىيىنىڭ 1282 - يىلى مىلادىنىڭ 1865 -، 1866 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. «تارىخىي ھەمىدىيە» دە: «يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى» دېيىلگەن — مۇھەررىردىن.

② جەرراھ — خىرورگ، تاشقى كېسەل دوختۇرى.

③ مىرزا — پۈتۈكچى، كاتىپ.

قىيەتلەر بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ پايتەختى بولغان قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. مۇلايىم سۆز، تاتلىق گەپلەر بىلەن تۇڭگانلارنى ئۆزلىرىگە رام قىلىپ، جەڭ - جېدەل قىلمايلا تۇڭگانلارنىڭ قولىدىكى توپ - زەمبىرەك، قورال - ياراقلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇلارغا ئۆز لايىقىدا تون - سەرۇپاي، سەللە - كۇلا، پۇل ۋە تىللالارنى ئىنئام قىلىپ، ۋەدە، ئەھدى - پەيمانلار بىلەن كۆڭۈللىرىنى تىندۇرۇپ، خەۋپ - ئەندىشىدىن خاتىرجەم قىلدى.

بۇ چاغدا قەشقەرنىڭ خىتاي شەھىرى پەتھ قىلىنمىغانىدى. ئۇ يەرنى بىرمۇنچە ئەسكەرلەر 13 ئايدىن بېرى قامال قىلىپ تۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكلىرى تۈگەپ، ئاچلىقنىڭ دەردىدىن ياشلىرى قېرىلىرىنى، چوڭلىرى كىچىكلىرىنى، ھەتتا ئىت - مۈشۈكلىرىنى ئۆلتۈرۈپ يەپ تۈگىتىپ، ھايات قالغانلىرى خۇددى قۇرۇق پانۇسقا ئوخشىشىپ قالغانىدى. شۇڭا جانلىرىغا رازى بولۇپ دەرۋازىنى ئېچىۋېتىپ، ئىمان ئېيتقانغا ئوخشاش بىر نېمىلەرنى دەپ يىغلىشىپ تۇردى. بەخت - تەلەيلىك پادىشاھ بۇزرۇكخان تۆرەم بۇ خىتايلار گۇرۇھىغا رەھىم - شەپقەت قىلىپ، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلغانىدى، خىتايلارنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمانلىق شەرىپىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممىسىگە ئۆز لايىقىدا ئىنئام - ئېھسانلارنى بېرىپ خاتىرجەم قىلدى.

خىتايلارنىڭ خۇ دالويە* دېگەن بىر چوڭى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتى گۈزەل، كېلىشكەن، ياتلىق بولمىغان بىر قىزى بار ئىدى. بۇ قىزنى ياقۇپبەگ قوشبېگى ئۆز ئەمرىگە (خوتۇنلۇققا) ئالدى. خۇ دالويىنى ھەممە خىتايلارغا باشلىق قىلىپ،

---

* يەنى خې بۇيۈن، ئۇ مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ قەشقەر يېڭىشەھەردىكى قوماندانلىرىدىن بىرى ئىدى — مۇھەررىردىن.

قالغانلىرىنى خۇدالويىغا تاپشۇردى ۋە ئۇلارغا ئۇرغۇن مەرـ
ھەمەت، ئىلتىپات بىلەن ئىنئاملارنى بېرىپ ئۇلارنى رازى
قىلدى.

### نەزم

شاھ ئەگەر بەخشەندە بولسا مۇلك ئالۇر،
بىرنى گەر بەرسە ئەگەر مىڭنى ئالۇر.*

قەشقەر شەھىرى پەتھ قىلىنىپ تېخى ھەپتە ئۆتمىگەندى. موللا ئالىم قۇل تاشكەنتنىڭ يۇقىرىسىدىكى مىڭ ئۆرۈك دېگەن جايدا ئورۇسلار بىلەن سوقۇشۇۋاتقان چېغىدا ئوق تېگىپ ۋاپات بولدى. لەشكەرلىرى قوقەنگە خۇدايارخاننىڭ ئالدىغا بېرىشقا يول تاپالماي چېچىلاڭغۇ ھالەتتە قەشقەرگە قاراپ يولغا چىـقىشتى. چۈنكى لەشكەر باشلىقلىرى خـۇدايارخانـدىن يـۈز ئـۆرۈپ موللا ئالـىم قۇلغا ئەگەشـكەندى. شۇ سەۋەبتىن نائىلاج ھەرقايسى گۇرۇھ بىر تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپ جېنىنى قۇتقۇلدۇرۇشنىڭ غېمىگە چۈشتى. بۇ ۋەقە بۇزرۇكخان تۆرەم قەشقەرگە كېلىپ يەتتە ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە يۈز بەردى.

جۈملىدىن كاتتا خان تۆرەم، كىچىك خان تۆرەم، ۋەلىخان تۆرەم، ھېكىمخان تۆرەم، ئىسرائىلخان تۆرەم ۋە مىرزا ئەھمەد قوشبېگى، مۇھەممەد نەزەر قوشبېگى، قادىر قۇلبەگ، ئۆمەر قۇلى باتۇر بېشى، تۇردى قۇل دادخاھ، بەگ مۇھەممەد

* (تەگرى) پادىشاھقا سېخىيلىق ... بېرىۋەتسە، مەملىكەتنى قولىغا كىرگۈزىدۇ، تەگرى بىرنى بەرگەن كىشىگە مىڭنى بېرىدۇ.

قۇرچى، تاشباي دادخاھ، ئەۋغان جامادار دادخاھ، خەيرى مۇ-
ھەممەد دادخاھ، توپچى دار قاتارلىق بىرمۇنچە مەشھۇر باتۇر-
لار، تەجرىبىلىك سەركەردىلەر باشلىق 7000 دەك قەھرىمان
لەشكەرلەر قوشۇلۇپ قەشقەر ۋىلايىتىگە يېتىپ كېلىشتى. بۇز-
رۇكخان تۆرەم ۋە قوشبېگىلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ: «ئەگەر
ئىتائەت قىلىپ بۇيرۇقىمىزغا بويسۇنۇش غەرىزى بىلەن كەلگەن
بولسا، بىزگە ئۇچۇرىنى بېرىۋېتىپ ئالدىدا يول باشلا ئېلىپ
كېلىڭلار. مۇبادا باشقا نىيىتى بولسا ئالدىنى توسۇپ ئۆتكۈز-
مەي ئۇرۇش قىلىڭلار ۋە بىزنى خەۋەردار قىلىڭلار. بىز بېرىپ
مەدەت ۋە ياردەم بېرىمىز»، دەپ ئىككى پانساتنى قول ئاستى-
دىكى لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى.
بۇلار قىزىلسۇ دەرياسىنىڭ بويىدا ئۇچراشتى. كاتتاخان تۆرەم
ۋە مىر ئەھمەت قوشبېگىلەر ئېيتتىكى: «يۇرتىمىزنى ئورۇسلار
بېسىۋالدى. جېنىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىش ھەم ئىسلام ئېچىدىشقا
ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلدۇق. خىزمەتكە سالساڭلار كۆچىمىزگە
لايىق خىزمەت قىلىمىز. خىزمەتكە سالمىساڭلار بىر ئامال قىلىپ
كۈن ئۆتكۈزەرمىز. سىلەردىن پاناھ تىلەپ كەلدۇق»، دەپ ئۆز-
لىرىنىڭ نۇرغۇن ۋەدە - قارارلىرىنى سۆزلىدى. پانساتلار ھوش-
يارلىقلىرىنى ئۈستۈرۈپ دەرھال بۇزرۇكخان تۆرەمگە ئۇچۇر
بېرىۋېتىپ، ئۆزلىرى يول باشلاپ ئېلىپ كېلىپ ئۇلارنى ئۇچ-
راشتۇردى. ئۆزئارا نۇرغۇن ۋەدىلەر قىلىشتى. بۇزرۇكخان
تۆرەم ھەممىسىگە ئۆز لايىقىدا تون، سەللە - كۆلالارنى ئىنئام
قىلىپ خۇرسەن قىلدى. لېكىن ۋەلىخان تۆرەم شەھەرگە كىر-
گەندىن كېيىنلا ھېچقانداق تارتىنماي: «زامان - زامان، ۋەلىخان
تۆرەمنىڭ زامانلىرى» دەپ كوچا - بازارلاردا جار سالدۇرۇپ،
شادىيانىگە ناغرا - سۇناي چالدۇردى. بۇ ئىشتىن ياقۇپبەگ
قوشبېگى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئىككى پانساتنى يىگىتلىرى

بىلەن ئەۋەتىپ ۋەلىخان تۆرەمنى بارگاھلىرىغا ئەكەلدۈرۈپ ئەيىبلەپ: «بىز بۇ يەردە خىتاي شەھەرلىرىنى پەتھ قىلالماي قانچىلىك رەنج - مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، نېمە ئىشلارنى قىلدۋاتىمىز. سىز بەش - ئون باشباشتاق ئادەملەرنى تېپىپ كېلىپ، ئۆزىڭىزچە يۇرتقا ئىگە بولۇشنى ھەۋەس قىپسىز. سىز بۇرۇن قەشقەرگە كېلىپ قامال قىلىپ شەھەرنى ئالالماي، مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئادەم كاللىسىدىن مۇنارلارنى تۇرغۇزۇپ ناھەق قان تۆكۈپ تۇرغۇن ئادەملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ قېچىپ كەتكەنىدىڭىز. ئەمدى خىتايلار بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتىۋاتقان ۋاقتىمىزدا ‹مەن نېمە ئادەم› دېمەي، شەھەرنى ئۆزىڭىزنىڭ قىلىۋېلىشنى قەستلەپسىز» دېگەندەك تۇر-غۇن قوپال، يامان گەپلەرنى قىلدى ۋە غەزەپ ئوتلىرى ئۆرلەپ ۋەلىخان تۆرەمنى چاپقىلى خەنجەرنى كۆتۈرگەندە، كاتتاخان تۆرەم باشلىق ھەممە چوڭ باشلىقلار ھازىر بولۇپ خەنجەرنى تۇتۇۋېلىپ ۋەلىخاننىڭ گۇناھىنى تىلىۋالدى. ئەمما ئىككى ناغرىچى، ئۈچ مۇلازىمنى ئۆلتۈرگۈزدى. ۋەلىخان تۆ-رەمنى يېڭىسارغا ئەۋەتىۋەتتى. كېيىن نېمە بولغىنىنى ھېچ كىشى بىلمىدى.

گەپنىڭ قىسقىسى، خانئېرىقتىكى جەڭدە كۇچالىق خوجام-لار زەربە يەپ قېچىپ كەتتى. يەكەنگە باشچىلىق قىلىۋاتقان خوجاملارمۇ قورقۇپ يەكەندە تۇرالماي يەكەننى قەشقەرگە قوشۇپ بېرىپ ئۆزلىرى كۇچاغا قېچىپ كەتتى.

ياخشى ئىشلارنى قىلغۇچى، بەخت - سائادەت يار بولغۇچىنىڭ دۆلىتىنى تاماشا قىلماق كېرەككى، ئۇ بىر ئوقتا ئىككى ئوۋنى ئاتتى. بىر زەربىدە ئىككى شەھەرنى قولغا كىرگۈزدى، ھاكىم ۋە ھۆكۈمران بولدى.

يەكەننىڭ بوش قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ياقۇپبەگ قوشبېگى

www.uyghurkitap.com

بۇزرۇكخان تۆرەم باشلىق تۆرەملەرنى ئېلىپ يەكەنگە راۋان بولدى.

يەكەندىكى تۇڭگانلار ئىتائەت قىلماي شەھەرگە كىرىۋېلىپ دەرۋازىنى ئاچمىدى. تۆرەم باشلىق ھەممە قوشۇن يەكەن شەھىرىنى قامال قىلىپ تۇرغان چاغدا، بەگ مۇھەممەد قۇرچى باشلىق بىرمۇنچە قىپچاقلار ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىقتىن يۈز ئۆرۈپ، پىتنە ـ پاسات، ئىغۋالارنى پەيدا قىلدى. بۇزرۇكخان تۆرەمنى ئازدۇرۇپ ئۇنى قورال ـ ياراقسىز بىر كېچىدىلا ئېلىپ قېچىپ قەشقەر يېڭى شەھەرگە كىرىۋېلىپ دۈشمەنلىك دۇمبىقىنى چالدى. قوشبېگى بۇ پىتنە ـ پاسات خەۋىرىنى ئاڭلاپ كاتتاخان تۆرەم ۋە جامەدار دادخاھنى قەشقەرگە ئەۋەتتى. بۇلار قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن يېڭىشەھەرگە ئەلچى كىرگۈزدى. ئىتتىپاق بولۇپ ئەپلىشىدىغانلىقنىڭ ئەسىرى كۆرۈلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئارىدا جەڭ بولدى. ئارىدىن 10 كۈن ئۆتمەيلا قوشبېگى يەكەنگە كىچىك خان تۆرەمنى باشلىق قىلىپ قويۇپ ئۆزى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. ھەركۈنى جەڭ ـ جېدەل بولۇپ تۇردى. ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەملەر چىقىم بولدى. قىش پەسلىنىڭ ئاخىرى بولغانلىقتىن سوغۇقنىڭ شىددىتى ۋە شىۋىرغاننىڭ ئاپىتى دوست ـ دۈشمەن دەپ ئايرىماي، ياراتقۇچى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ھەر ئىككى تەرەپنى ئوخشاش ئازابلىدى. مۇشۇ تەرىقە بىلەن 60 كۈن ئۆتتى. ئاقىۋەت چارە ـ تەدبىر ۋە ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئىش قىلغۇچى ياقۇپبەگ قوشبېگى سۈلھ قىلىپ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت مەسلىھەتچىلىرىدىن بىر كىشىنى ئەلچى قىلىپ بەگ مۇھەممەد قۇرچىنىڭ قېشىغا كىرگۈزدى. ئەلچى كىرىپ كېلىشتىكى مەقسەت، مۇددىئالىرىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلغاندىن كېيىن، بەگ مۇھەممەد

قۇرچى: «ئارىمىزدىكى ئىتتىپاقلىق بۇزۇلدى. ئىككىنچى قېتىم
ئەپلىشىپ بىرگە ئۆتۈشىمىزنىڭ ئېھتىمالى تۈگىدى. مەسلىھەتنىڭ
ياخشىسى شۇكى، قىپچاق ئاتالغان بىزلەرنىڭ ھەممىمىزگە بالا-
چاقىلىرىمىزنى ئېلىپ يۇرتىمىزغا چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلسا،
قوشبېگى بىزگە دەخلى-تەرۇز قىلمىسا» دېگەن جاۋابنى
بەردى. ئەلچى قايتىپ چىقىپ بەگ مۇھەممەد قۇرچىنىڭ جاۋا-
بىنى ياقۇپبەگ قوشبېگىگە يەتكۈزدى. قوشبېگىمۇ بۇ تەلەپنى
دەرھال قوبۇل كۆردى. قىپچاقلار جابدۇنۇپ دەرۋازىدىن چىقىشقا
باشلىدى. چوڭلاردىن 200 دەك كىشى چىققاندىن كېيىن دەر-
ۋازىنى ئېتىۋالدى. چىققىنى چىقتى، چىقالمىغانلىرى يەنە شەھەرگە
قامىلىپ قالدى. بەگ مۇھەممەد قۇرچى باشلىق شەھەردىن
چىقىپ كەتكەن كاتتىلارنىڭ بالا-چاقىلىرىمۇ قوشبېگىنىڭ قولىغا
چۈشتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى، بەزىلىرىنى زىندانغا
بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن پىتنە-پاسات بىر تەرەپ بولدى.
يۇرتتا خاتىرجەملىك پەيدا بولدى. بۇزرۇكخان تۆرەم خىجالەت-
چىلىكتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. قوشبېگى يىگىتلەرگە
ئىنئام-ئېھسانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۇلارغا تون-سەرۇپاي-
لارنى كىيدۈردى، تىللا-تەڭگە ئۈلەشتۈردى. «ئىنسان — ياخ-
شىلىقنىڭ قۇلى» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىچە ھەممە يىگىتلەر
ياقۇپبەگ قوشبېگىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتى. بۇزرۇكخان تۆرەمنىڭ
650 تەك يىگىتى بار ئىدى. قوشبېگىنىڭ ئىلتىپاتىنى كۆرۈپ
ئۇلارنىڭ 600 ى قوشبېگى تەرەپكە ئۆتتى. بۇزرۇكخان تۆرەم
50 چە يىگىتى بىلەن قالدى. دۆلەت ئاپتابى خىرەلىشىپ،
تەختى-سەلتەنىتى تۆۋەنلەشتى. قوشبېگىنىڭ بەخت-دۆلىتى
كۈندىن-كۈنگە ئۆستى.

ياقۇپبەگ بۇزرۇكخان تۆرەمنى تۆت-بەش مۇلازىم-خىز-
مەتچىلىرى بىلەن قوشۇپ يېڭىسارغا ئەۋەتتى. ئۇيەرگە بارغان-

دىن كېيىن ياقۇپبەگ قوشبېگى بۇزرۇكخان تۆرەمنى مۇلازىمـ
لىرىدىنمۇ ئايرىپ تەنها قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەمـ
لىرىنى تەيىنلەپ نەزەربەنت قىلدى.

بەگ مۇھەممەد قۇرچى يېڭىشەھەردىن چىقىپ قـوقەن شەھىرىگە قېچىپ باردى. قوقەن خانى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپـقاندىن كېيىن: «سەن قىپچاقلار بۇ شەھەرلەرنى بىئارام قىلىپ، خەلقنى تىنجىتماي ئورۇسلارغا تۇتۇپ بەردىڭ ھەم قەشقەرگە قېچىپ بېرىپ قەشقەرنى پاراكەندە قىلدىڭ»، دەپ دەرغەزەپ بولۇپ بەگ مۇھەممەد قۇرچى باشلىق كاتتىلارنى بۇنىڭدىن بۇرۇن بارسا كەلمەس يولغا كەتكەن كارۋانلارنىڭ ئارقىسىدىن يولغا سالدى. شـۇنىڭدىن كېيىن قوقەن تـەۋەسىگە قەشقەر تەرەپتىن قىپچاقلار قېچىپ كەلمەيدىغان بولدى.

بەگ مۇھەممەد قۇرچى دەشتى قىپچاق ئىچىدىكى ناھايىتى چوڭ ئۆتكەن ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ يۇرت سوراپ كەلـگەن گۆر ئوغلى باتۇرنىڭ نەۋرىسى ئىدى. شۇ كۈندىن تارتىپ ھەممىلىرى گەدەنلىرىنى ئېگىپ ياقۇپبەگ قوشبېگىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنۇشنى ئۆزلىرىگە زۆرۈر دەپ بىلىدىغان بولدى. بۇمۇ قوشبېگىنىڭ بەخت ـ دۆلىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا سەۋەب بولدى.

نەزم

شاھقا ئەگەر بولسىلەر دۆلەت ـ بـەخت يار،
بولۇر پەتھ نۇسرەتلەر شاھقا دۇچار*.

---

* پادىشاھقا بەخت ـ دۆلەت كەلسە، غەلىبە ـ نۇسرەتمۇ ئـۇنىڭغا ئۇچرىشىپ تـۇرىدۇ.

## 3

### جانابىي ياقۇپبەگ ئاتلىق غازىنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە چىققانلىقى؛ قارشىلاشقۇچىلارنى يوقاتقانلىقى؛ لەشكەر باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى ۋە يەكەن، مارالبېشىلارنى قولغا كىرگۈزگەنلىكى

ياقۇپبەگ ئاتلىق غازى ھەممە پاراكەندىچىلىكلەرنى تۈگىتىپ قەشقەر ۋە يېڭىسارغا تەۋە يېزا - قىشلاقلارنى قولغا كىرگۈزدى. ئۇ جاي - جايلارغا ھاكىم ۋە سۇيۇرغاللارنى تەيىنلەپ، پۈتۈن يىگىت ۋە باتۇرلارغا ئىنئام ۋە ئېھسانلارنى بېرىپ ئاندىن خاتىرجەم بولدى. كەرەملىك تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى بىلەن يۇلتۇزلىرى ياخشىلىققا يۈز كەلتۈرۈپ، مۇراد - مەقسەتلىرى ھاسىل بولۇش تەرىپىگە جەزملەشتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە كېچە - كۈندۈز يىگىت راسلىماق ۋە سەرۋاز* تەييارلىماقتىن باشقا غەرەز ۋە ھەۋەس يوق ئىدى. مۇشۇنداق ھالەتتە «شەرق تەرەپتىكى كۇچالىق خوجىلاردىن ئىسھاق خوجا ھەددى - ھېسابسىز لەشكەر بىلەن يەكەنگە يېتىپ كەلدى»، دېگەن خەۋەر ياقۇپبەگ ئاتلىق غازىغا يەتكۈزۈلدى. ئۇ دەرھال قوشۇن - سەرۋازلارنى خەتلەپ ھېسابىنى ئېلىشقا پەرمان چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن 12 مىڭ يىگىت، 3000 پىيادە سەرۋاز تىزىمغا ئېلىندى.

3000 سەرۋازغا سەككىز پانساتنى تەيىنلەپ، جامەدار دادخاھنى باش قوماندان قىلىپ، يېتەرلىك توپ - زەمبىرەك،

* ياقۇپبەگ دەۋرىدە ئاتلىق ئەسكەرلەرنى «يىگىت»، پىيادە ئەسكەرنى «سەرۋاز» دەپ ئاتىغان.

جازايىل①، تۇغ ـ بايراق، دۇمباق، كانايلار بىلەن قورال‌لاندۇردى. يەنە 3000 يىگىتكە سەككىز پانساتنى تەيىنلەپ مىرزا ئەھمەد قوشبېگىنى قوماندان قىلىپ، تۇغ ـ بايراق بېرىپ ئۆز لايىقىدا قورال‌لاندۇردى. يەنە 3000 يىگىتكە سەككىز پانساتنى تەيىنلەپ، ئۆمەر قۇل پانساتنى قوماندان قىلىپ، يەنە 3000 يىگىتكە سەككىز پانساتنى تەيىنلەپ ئابدۇللا پانساتنى قوماندان قىلىپ، تۇغ ـ بايراق، قورال ـ ياراق ئىلتىپات قىلىپ قورال‌لاندۇردى. ئاتلىق غازى يەنە سەككىز پانسات ۋە مەھرەم، ياساۋۇل، مۇلازىملىرى قوشۇلۇپ 3000 يىگىتنى ئۆزىگە خاس قوشۇنلۇققا قالدۇردى. شۇنداق قىلىپ ھەممە ئىش جاي ـ جايىدا تەييار بولدى.

مۇشۇنداق سائادەتلىك، تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىق كۈنلەردە، قوماندان مىرزا ئەھمەد قوشبېگىگە قول ئاستىدىكى پانسات ۋە يىگىتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ مارالبېشىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا پەرمان چۈشتى. قالغان قوماندانلارغىمۇ قىل قۇيرۇق بولۇپ ئۈزۈلمەستىن يۈرۈش قىلىشقا يارلىق بېرىلدى. ھەممىدىن كېيىن قوشبېگى ئۆزى پادىشاھلىق ھەشەمىتى بىلەن مەنزىلمۇ مەنزىل يول يۈرۈپ ئەركانى دۆلەتلەر② قوشۇلۇپ مارالبېشىغا يېتىپ بېرىپ بارگاھ تىكىپ ئورۇنلاشتى.

مارالبېشى شەھىرىنىڭ ئىچىدە تۇڭگانلار ۋە مۇسۇلمانلار بولۇپ چوڭ ـ كىچىك 3000 چە كىشى بار ئىدى. ھەممىسى كۇچالىق خوجىلارغا ئىتائەت قىلىپ خاتىرجەم كۈن كەچۈرۈۋاتقانىدى. ئۇلار ئاتلىق غازىنىڭ لەشكەرلىرى بېسىپ

---

① جازايىل — شۇ چاغلاردا ئىشلىتىلگەن ئوت چاچىدىغان قورال.

② ئەركان دۆلەت — پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرى، يېقىن، چوڭ ئەمەلدار ۋە قوماندانلار ئەركان دۆلەت دەپ ئاتىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىۋالدى، ئۆزلىرى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ جەڭگە تەييار بولۇشتى. ئاقىۋەت ئىككى تەرەپ ئۆزئارا جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. شۇ ئوتتۇرىدا بىر ھەپتە ۋاقىت ئۆتتى. ئاتلىق غازىنىڭ يىگىت-لىرى سېپىلنىڭ ئاستىدىن لەخمە كولاپ دورا قويۇپ ئوت ياقتى. دورىنىڭ كۈچى سېپىلنىڭ بىر بۆلىكىنى ئاسمان قەرىگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ يەردىن بارلىق يىگىتلەر شەھەر ئىچىگە كىرىپ شەھەرنى قولغا ئالدى. تۇڭگانلاردىن مىڭدىن ئارتۇق كىشى، ئاتلىق غازىنىڭ يىگىتلىرىدىن 800 چە كىشى ھالاك بولدى. ئەجەل يەتكەنلىرى ئۆلدى. قالغانلىرى ئامان قالدى. تۇڭگانلار ۋە مۇسۇلمانلارغا تۇڭگان ما دالوينى باشلىق قىلىپ قەشقەرگە ئېلىپ ماڭدى. مارالبېشىنى ھېكىمخان تۆرەمگە ئىلتىپات قىلىپ بەردى. غالىبىيەتچى قوشۇننى تەرەپ-تەرەپ-تىن مۇبارەكلەشتى. ھەممە خۇشال-خۇرام بولۇشتى. بۇ ۋاقىت ھىجرىيىنىڭ 1282-يىلى① (ئات يىلى)، زۇلھەججە ئېيىنىڭ 22-كۈنى ئىدى.

جان دوست بۇرادەرلەر! بۇ پادىشاھنىڭ② شەترەنجىباز-لىقىنى③ تاماشا قىلىڭلاركى، «ئات» نى يۈرۈپ «كىشتى» بىلەن

---

① ھىجرىيىنىڭ 1282-يىلى مىلادىنىڭ 1865-، 1866-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. «تارىخى ھەممىدىيە» دە: «تارىخ ھىجرى 1283-يىلى رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ ئىككىنچى كۈنى» دېيىلگەن — مۇھەررىردىن.

② بۇ پادىشاھ — ياقۇپبەگنى كۆرسىتىدۇ.

③ شەترەنجىبار — شاھمات ئوينىغۇچى.

«شاھ»نى مات قىلدى.①

دېمەك، ئىسھاق خوجام يەكەندە قالدى. ئاتلىق غازى مارالبېشىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ كۇچانىڭ يولىنى توسۇۋالدى. يەكەن بىلەن ئاقسۇدىن كىشىلەر ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ تۇرالمايدىغان بولدى. بۇ غەلىبىنىڭ بەختى قولغا كەلگەندىن كېيىن ئاتلىق غازى پۈتۈن غەلىبە قازانغۇچى لەشكەرلىرىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ يەكەنگە بېرىپ ئىسھاق خوجا بىلەن جەڭ قىلىشنى قارار قىلدى.

بۇزرۇكخان تۆرەمنى نەزەربەنت تەرىقىسىدە قوغداپ لەشكەرلەر بىلەن قوشۇپ ئېلىپ ماڭدى. مەنزىلمۇمەنزىل يول يۈرۈپ يەكەنگە يېتىپ باردى. يەكەننىڭ كوناشەھەر ۋە يېڭىشەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ھەيۋەت ۋە داغدۇغا بىلەن ئۆتۈپ «ھەفتە مۇھەممەدان»② دېگەن مازارنىڭ ئالدىدىكى چوڭ مەيدانغا چېدىر-بارگاھلىرىنى تىكىپ ئورۇنلاشتۇردى.

ئىسھاق خوجام يەكەنگە يېتىپ كەلگەندە، تۇڭگانلار كىچىكخان تۆرەمنى ئېلىپ يەكەن يېڭىشەھەر ئىچىگە كىرىۋېلىپ، دەرۋازىنى مەھكەم ئېتىۋالغانىدى.

شۇنداق قىلىپ يەكەن يېڭىشەھەردە تۇڭگانلار ھۆكۈمراد-لىق قىلسا، يەكەن كوناشەھەردە ئىسھاق خوجام، شەھەر ئەتراپىد-

---

① ئاتنى يۈرۈپ كىشتى بىلەن شاھنى مات قىلدى دېگەن جۈملە ئارقىلىق، ئاپتور ياقۇپبەگنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسىغا ناھايىتى ماھىرلىقىنى تەسۋىرلىمەكچى بولىدۇ.

② يەكەن كوناشەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان مازار بولۇپ «چىلتەنلىرىم» مازىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «ھەفتە مۇھەممەدان» دېگەن مۇھەممەد ئاتلىق يەتتە كىشىنىڭ مازىرى، «چىلتەنلىرىم» دېگەن 40 كىشىنىڭ مازىرى دېگەن بولىدۇ.

دىكى يېزىلاردا بولسا ئاتلىق غازى ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

مۇشۇ چاغلاردا كۇچالىق خوجاملار ئاتلىق غازىنىڭ مارال-بېشىنى بېسىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ ھامىددىن خوجامنى نۇرغۇن لەشكەرلەر بىلەن مارالبېشىغا ئەۋەتتى. ھېكىمخان تۆرەم ھامىددىن خوجامنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ چارباغ دېگەن يەرگە بېرىپ ئالدىنى توسۇپ جەڭ قىلدى. ئون كۈن ئۆتكەندە ھېكىمخان تۆرەمنىڭ لەشكەرلىرى غالىب كەلدى. كۇچالىق خوجامنىڭ لەش-كەرلىرى تەڭ كېلەلمەي ئارقىسىغا قاراپ قاچتى. ئەجەل يەتكەن-دىلىرى ئۆلدى. ئامان قالغانلىرى مىڭبىر جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن قۇرۇق جانلىرىنى ئېلىپ ئۆز يۇرت-ماكانلىرىغا بېرىۋالدى. ھېكىمخان تۆرەم نۇرغۇن ئولجا-غەنىيمەتلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۆز تەختى-بارگاھلىرىغا قايتىپ كەلدى. بۇ غالىبىيەت خۇش خەۋىرىنى نۇرغۇن تارتۇق-پىشكەشلەر بىلەن ئىناۋەتلىك خاس مۇلازىملار ئارقىلىق ئاتلىق غازىنىڭ ھۇزۇرىغا مەلۇم قىلدى. ياقۇپبەگ ياخشى سائەت، سائادەتلىك كۈنلەردە يېتىپ كەلگەن بۇ خۇشخەۋەردىن ھەددىدىن تاشقىرى خۇرسەن ۋە مىننەتدار بولدى. مۇلازىملارغا ئۆز لايىقىدا تون-سەرۇپاي، سەللە-كۆلا، تەڭگە-تىللا، ياراق-ئەسلىھەلەرنى ئىنئام قىلدى. جانابىي ھېكىمخان تۆرەمگە ئۆزىگە خاس تون-سەرۇپاي، ئېگەر-جابدۇقلۇق ئات، قورال-ياراق، توغ ۋە بايراق ئىلتىپات قىلىپ، پادىشاھلارغا خاس سېخىيلىق بىلەن ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈردى.

يەكەن شەھىرى پەتھ بولماي ئۇزۇنغىچە مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. ياقۇپبەگ تۇڭگانلارنى ھېچقانداق تەدبىر بىلەن سۇلھ قىلىپ ئەپلىشىشكە مايىل قىلالمىدى. چۈنكى تۇڭگانلار 25 مىڭ-دىن كۆپرەك بولۇپ، قورال-ياراقلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئاخىر تۇڭگانلار ئىسھاق خوجاملار بىلەن بىرلىشىپ ئىتتىپاق بولدى. 6000 چەبدەس چەۋەنداز تۇڭگان لەشكەرلىرى، 2000

باتۇر يەرلىك مۇسۇلمان لەشكەر جەمئىي 8000 كىشىنى، توپ ـ زەمبىرەك، ئوق ـ ياراقلار بىلەن قوراللاندۇرۇپ بىر كېچىدىلا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش غەرىزى بىلەن تەييار قىلدى. ھوشيار ئاتىلىق غازى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ شۇ كېچىسى غالىب قوشۇنلىرىنى تۆتكە بۆلۈپ تۆت تەرەپكە مۆكتۈرۈپ قويۇپ، چېدىر ـ بارگاھلىرىنى بوش ـ خالىي قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى ۋە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن قانداق ھادىسىلەر يۈز بېرىدىكىن، دەپ دۇئا ۋە ئىلتىجا بىلەن كۈتۈپ تۇردى. تۇڭگان لەشكەر ـ لىرى چۈمۈلىدەك ھەر تەرەپتىن ئۇشتۇمتۇت چىقىپ كېلىپ ئاتىلىق غازىنىڭ چېدىر ـ بارگاھلىرىغا توپ ـ زەمبىرەك، مىلتىق ئېتىپ، ئات سېلىپ بېسىپ كەلدى. خۇددى دىۋە ـ پەرىلەرنىڭ ماكانلىرىدەك چېدىر ـ بارگاھلاردا ئادەمىزاتنىڭ نام ـ نىشانلىرى كۆرۈنمىدى. بۇ ئەھۋالدىن تۇڭگان لەشكەرلىرى ھەيران بولۇپ تۇرغان ھالەتتە، ئاتىلىق غازىنىڭ غالىب يىگىتلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تەكبىر ئېيتىپ، پەلەكتىن ئاشقان قىقاس ـ سۈرەنلەر بىلەن قورشاپ كېلىپ چاپ ـ چاپ قىلغىلى تۇردى. تۇڭگانلارنىڭ جەسەتلىرى ئېتىزلاردا دېھقانلار ئورۇپ قويغان زىرائەتلەرنىڭ ئۆنچىلىرىدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. بۇ ئەھۋال كېچىدىن چاشكاغىچە داۋاملىشىپ، قارا تۇپراق ئۆلۈكلەرنىڭ قېنى بىلەن بويىلىپ قىپقىزىل گۈلزارلىققا ئايلانغاندەك بولدى. تۇڭگانلاردىن ئاز بىر قىسمى مىڭبىر مۇشەققەت بىلەن جانلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېچىپ كەتتى. ئەسىر چۈشكەن تۇڭگانلارنىڭ چوڭلىرىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. بۇ ئەھۋاللار يۈز بەرگەندىن كېيىن ئاتىلىق غازى تەرىپىدىن: «2000 سەرۋاز (پىيادە ئەسكەر) يالڭاچ بولۇپ سېپىلغا

باستۇرۇپ بېرىپ شەھەرنى قولغا كىرگۈزسۇن ھەم قەتلىئام* قىلسۇن» دەپ يارلىق چۈشتى.

بۇ چاغدا لەشكەر باشلىقى مىرزا ئەھمەد قوشبېگى قاتار-لىقلار يىغىلىپ ئاتلىق غازىغا: «ھازىر سەرۋازلار يۈگۈرۈپ بېرىپ شەھەرنى ئالسا نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنى تۆكۈ-لىدۇ. ئالدى بىلەن ئەلچى كىرگۈزۈپ سۈلھ تۈزۈشكە دەۋەت قىلساق، ئەگەر قوبۇل تۇتمىغاندا ئاندىن باستۇرۇپ بېرىپ شەھەرنى ئالساقمۇ كېچىكمەيدۇ»، دەپ مەسلىھەت بېردىشتى. شۇ كۈنى جۈمە كۈنى ئىدى. ئاتلىق غازى چوڭلارغا: «بۈگۈن جۈمە نامىزىغىچىلىك سۈلھنى قوبۇل قىلىپ بارگاھىمىز ئالدىغا كەلسە جانلىرىغا ئامانلىق، مال-مۈلكىگە خاتىرجەملىك بېرىلىدۇ. مۇبادا، ئارقىغا سۈرەپ سۇسلۇق كۆرسەتسە، چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال ئات ئاستىدا قېلىپ ھالاك بولىدۇ. مال-مۈلكى تالان-تاراج بولىدۇ، گەپ تامام» دېگەن مەزمۇندا خەت بىلەن ئەلچى كىرگۈزدى. تۇڭگانلار ۋە كۇچالىق خوجاملار سۈلھنى قوبۇل تۇتماي ئىلاجى بولمىدى. ئۇلار پۈتۈن لەشكەر ۋە مۇلازىم-لىرى بىلەن ئاتلىق غازىنىڭ بارگاھىنىڭ ئالدىغا بېرىپ توپ-زەمبىرەك، ياراق-ئەسلىھە قاتارلىق پادىشاھلىققا لازىملىق ھەممە نەرسىلەرنى خەزىنە ئالىيلىرىغا تاپشۇردى. ئاتلىق غازى ئىسھاق خوجام بىلەن يېقىن ئولتۇرۇپ كۆپ گەپلەرنى ئارىغا سېلىپ، ئىززەت-ئىكرام، ئۆزىگە لايىق شاھانە تون-سەرۇپاي كىيدۈردى. ئۆزى مىنىدىغان خاس ئارغىماق ئېتىنى ئىگەر-جابدۇقلىرى بىلەن توقۇپ تەق قىلىپ، مەرھەمەت قىلىپ ئۆز قولى بىلەن يۆلەپ ئاتقا مىندۈرۈپ، كۇچا تەرەپكە يولغا سېلىپ

* قەتلىئام — قېرى-ياش، ئەر-ئايال دەپ ئايرىماي ھەممىنى قىرىپ ئۆلتۈرۈش، دېگەن مەنىدە.

قويدى. قالغان لەشكەرلەرگىمۇ ئۆز لايىقىدا تون - سەرۇپاي، خەرجى - خىراجەت بېرىپ ئۆز يولىغا راۋان قىلدى. ھەممىسىنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلدى. بىرمۇنچە تۇڭگانلارنى قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ ما دالويىنىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇردى. ئاخىر يەكەننىڭ ھاكىملىقىنى مۇھەممەد يۇنۇس شاغاۋۇل دادخاھقا ئىلتىپات قىلدى. نىيازبەگ ئىشىكئاغانى شاغاۋۇل، كىپەك قۇربېشىنى باتۇر بېشى، قازى زىيائىدىن داموللامنى قازى كالان قىلىپ يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇلارنى رازى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن يۇرتتا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ھاسىل بولدى. ئاتالىق غازى بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن خۇشال - خۇرام ھالدا پايتەخت قەشقەرگە قايتىپ كەتتى. بۇ تارىخى ھىجرىيىنىڭ 1283 - يىلى* رەبىيەلئاخىر ئېيىنىڭ 20 - كۈنى (قوي يىلى) ئىدى.

## 4

### جانابى ياقۇپبەگ ئاتالىق غازىنىڭ خوتەننى بېسىۋېلىش ئۈچۈن تەدبىر قوللانغانلىقى؛ ھەبىبۇللا ھاجى پادىشاھنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى ۋە غەلىبە قۇشى خوتەن زېمىنىدا يۈز كۆرسەتكەنلىكى

جاھان ئىشلىرىغا تەجرىبىلىك ۋە تەدبىرلىك جانابى ياقۇپبەگ ئاتالىق غازى يەكەن شەھىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن پايتەختى قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. يۇرتقا ئادالەت بىساتلىرىنى يېيىپ، زۇلۇمنىڭ ئىشىكىنى ياپتى.

* ھىجرىيىنىڭ 1283 - يىلى مىلادىنىڭ 1866 -، 1867 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. «تارىخى ھەممىدىيە»دە: «رەبىيئۇلسانىنىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى» دېيىلگەن — مۇھەررىردىن.

خەلقپەرۋەرلىك پەرمانلىرىنى تۈزدى. يۇرت چوڭلىرىنىڭ شۇنداقلا پۈتۈن ئاددىي پۇقرالارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئېھسان ۋە ئىنئام بىلەن ئۆزىگە رام قىلىپ، دۈشمەنلىك، خۇسۇمەت ۋە ئاداۋەتلەرنى تۈگىتىپ يۇرتنى تىنچلاندۇردى. ئۇلۇغ مازارلاردا خەتمە-قۇرئان ئوقۇتۇپ، دۇئا ۋە پاتىھەلەرنى ئادا قىلدى. داش قازانلارغا ئۆزى ئوت قالاپ، سۇ قۇيۇپ، كەمبەغەل، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارغا كەڭرى نەزىر-نۇزۇراتلار بېرىپ، ھەدىيە-سەدىقىلەر ئىنئام قىلىپ ھەممىنى شاد-خۇرام قىلدى. ئەمما شەھەرلەرنى بويسۇندۇرۇش ھەۋىسى، يۇرت ئالماق داغدۇغىسى، بولۇپمۇ خوتەننى قولغا كىرگۈزۈش نىيىتى كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزمىدى. لېكىن خوتەن خەلقىنىڭ ھاجى پادىشاھقا ئەقىدە-ئىخلاسلىرى ھەددىدىن زىيادە ئىدى. يەتتە ياشتىن-يەتمىش ياشقىچە ھەممە چوڭ-كىچىك پۇقرالار ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن جانپىدا قىلىپ ئۇنىڭغا ئەسكەر بولغانىدى. ئاتلىق غازى بۇ ئەھۋالنى نەزەرگە ئېلىپ ئېيتتىكى: «پادىشاھنىڭ پۇقرالارغا ئىشەنچى، پۇقرالارنىڭ پادىشاھقا بولغان ئىخلاسى ۋە ئېتىقادى بىرلىشىپ ئىتتىپاق بولسا، بۇنداق شەھەرنى باشقا بىر بىگانە ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قول ئۇزىتىپ مۇراد غۇنچىسىنى ئۈزگەنلىكى ھېچقانداق تارىختا كۆرۈلمىگەن. ئىتتىپاقلىق بار يەردە دۆلەت بار. دۆلەت بار يەردە ئىتتىپاقلىقنىڭ بولۇشى شەرت. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كىشى بىر تەرەپكە كېتىپ بارغىنىدىكەن، يەنە بىر كىشى ئۇچراپ ‹قەيەردىن كەلدىڭ، قەيەرگە بارىسەن، ئىسمىڭ نېمە؟› دەپ سوراپتۇ. كېتىپ بارغان كىشى، ‹ئىسمىم دۆلەتتۇر، قايسى مەملىكەتتە ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىك بولسا شۇ يەرگە بارىمەن، قايسى مەملىكەتتە ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىك بۇزۇلسا ئۇ يەردىن يىراق كېتىمەن›، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، خوتەن شەھىرىدە ئىتتىپاقلىق، بىرلىك مەۋجۇت. ئۇنى زورلۇق كۈچى، توپ-

www.uyghurkitap.com

زەبەرەك، قىلىچ - گۈرزىگە تايىنىپ قولغا كىرگۈزىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ھاجى پادىشاھنىڭ يېشى 70 كە يېتىپ، ئۆمۈر قۇياشى غەرب تەرەپكە ئېگىلگەن، ئەقىل - پىكرىگە قېرىلىق تەسىر قىلىشقا باشلىغان كىشى...»، دېگەنلەرنى ئويلاپ، تەپەككۇر بېشىنى خىيال تىزىغا قويۇپ، چوڭقۇر نەزەر بىلەن مۆلچەرلەپ، «بىر تەدبىر قىلسام، تەدبىرىم تەقدىرگە مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، خوتەن شەھىرىنى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ ئېھتىمالى بولار...» دەپ ئويلىدى ۋە چارە - تەدبىر ئىزدەپ، ھىيلە - مىكىرگە قەدەم قويدى. توزاق، قاپقانلارنى كەڭ يايدى. ئەنە شۇنداق ئەندىشە ئىچىدە چېكى يوق پىكىر دەرياسىغا غەرق بولدى. پىكىر دەرياسى ئىچىدە مۇراد گۈلى تەسەۋۋۇر ئالقىنىدا جىلۋە قىلغاندەك بولدى. ئاندىن خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ غالىب لەشكەرلىرىگە نەزەر سېلىپ، «تەييار ۋە ھازىر بولۇڭلار. مازار شېرىپ زىيارىتىگە بارىمىز»، دەپ ئەمىر قىلدى. كاتتا تۇغ - ئەلەم، تۆت نەپەر قوماندان، 1.5 مىڭ يىگىت، سەرۋاز بىلەن ئاتلىنىپ، بۇزرۇكخان تۆرەمنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، مەنزىلمۇ مەنزىل يول يۈرۈپ يەكەنگە بېرىپ چۈشتى. بۇ تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1283 - يىلى① بارات ئېيىنىڭ 8 - كۈنى ئىدى. ئۇلار يەكەندە بىر ھەپتە تۇرۇپ ھەممە يىگىت، سەرۋازلىرىغا كىيىم - كېچەك، ئات - ياراق بېرىپ ھەممە تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ ھازىر بولدى. ئاندىن بۇزرۇكخان تۆرەمنىڭ نامىدا ھاجى پادىشاھقا ئەۋەتىدىغان بىر پارچە خەتنى تەييار قىلدى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى، مەن قەشقەر زېمىنىغا
كەلگىلى خېلى ئۇزۇن بولدى. بۇ جايلاردىكى مازار-

---

① ھىجرىيىنىڭ 1283 - يىلى مىلادىنىڭ 1866 -، 1867 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ماشايىخلارنى قەدىر - ئەھۋال كەڭتاشا زىيارەت قىلدىم. ئەمدىكى ئارزۇيۇم ئىمام جەئفەرى سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەۋەررۇك قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىش ئىدى. ھاجى پادىشاھ ئاغام مەرھەمەت قىلىپ رۇخسەت ئەيلەپ يول بەرسە، زىيارەت قىلىپ يانسام دېگەن ئۈمىد بىلەن مەقسىتىمنى ئىزھار قىلىپ بۇ نامىنى يازدىم ۋەسسالام».

ئاتىلىق غازى بۇ خەتكە بۇزرۇكخان تۆرەمنىڭ مۆھۈرلىرىنى بېسىپ، ئىشەنچلىك مۇلازىملاردىن ئەۋەتتى ۋە ئارقىدىنلا ئۆزى خوتەنگە يۈرۈش قىلدى.

ئۇلار يەكەن زېمىنىنىڭ ئاخىرى، خوتەننىڭ باشلىنىش جايىغا چېگىدىر - بارگاھلىرىنى تىكىپ ئورۇنلاشتى. ھاجى پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ئوغلى نېمەتۇللاخاننى چوشكۈن - قونالغۇ، تارتۇق - پېشكەشلەر بىلەن ياقۇپبەگنىڭ ئىستىقباللىرىغا چىقاردى. ئاتىلىق غازىمۇ بۇنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىشى ئەۋەتىپ، ئۇلار - نى ھەددىدىن زىيادە ئىززەت - ئىكرام بىلەن كاتتا زىياپەتلەر قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نېمەتۇللا خانغا ئالتۇن سەللە، كىمخاب تون، ئالتۇن يالىتىلغان ياراق - ئەسلىھە، ئېگەر - جابدۇقلىرىغا ئالتۇن - كۈمۈش يالىتىلغان توپچاق ئارغىماق ھەدىيە قىلدى. بىللە كەلگەن يىگىت مەھرەملىرىگىمۇ تون - سەرۇپاي، خىراجەت تەڭگە - تىللا ئىنئام قىلىپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: «ئەلھەمدۇلىللا، بۇ يەرگە كەلدىم. شاھزادەمنىڭ جامالىنى كۆرۈپ كۆزۈم - نى روشەن ۋە مۇنەۋۋەر قىلدىم. دېمەك، مۇرادىمغا يەتتىم. ئەمما يەنە بىر ئارزۇ - ھەۋىسىم شۇكى، ھاجى پادىشاھ دادامنىڭ جامالىنى كۆرۈش مۇيەسسەر بولۇرمىكىن. ئەگەر ھاجى پادىشاھ دادامنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى مەن كەمىنە خىزمەتكارنىڭ چېدىر - لىرىغا يەتسە، ئاياغلىرىنىڭ توپىسىنى ساقىلىم بىلەن سۈپۈرۈپ،

www.uyghurkitap.com

جان - دىلىم بىلەن خىزمەتكارچىلىقىمنى ئىزھار قىلسام، مېنىڭ بۇ ئىلتىماسىمنى قوبۇل تۇتۇپ ئەڭ تۆۋەن چاكىرى ئورنىدا كۆرۈپ مەرھەمەت قىلسا، بۇ تۇپا - چاڭ باسقان خار بېشىم پەلەككە يەتكەن بولاتتى. مۇشۇ ئارزۇدىن باشقا تەلەپ مۇددىئا كۆڭلۈمدە يوق. ئەگەر ھاجى پادىشاھ دادام بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىشنى لايىق كۆرمىسە، ئۆزۈم ئالىي ئاستانىلىرىگە بېرىپ بوسۇغىلىرىغا يۈزۈمنى سۈرتۈپ، جامالىنى كۆرۈپ كۆزۈمنى روشەن ۋە مۇنەۋۋەر قىلىپ كەلمىسەم، ئەسلا ئىلاجىم يوق»، دەپ خۇشامەتكويلۇق بىلەن شېرىن سۇخەن، مۇلايىم سۆزلەر بىلەن شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى ۋە شاھزادە نېمەتۇللا-خانغا لەشكەر باشلىقى ئابدۇللا پانساتنى قوشۇپ، قۇلاقلىرىغا كىشىنىڭ كۆڭلىنى مەھلىيا قىلىدىغان ئەپسۇنھەما* گەپلەرنى قىلىپ يولغا سالدى. بىر پارچە كىتابقا ئوخشىشىدىغان خىشنى كالام شېرىپ (قۇرئان) سۈرىتىدە قىلىپ، ئۈستىنى نەچچە قەۋەت تاۋار - ئەتلەسلەر بىلەن ئوراپ، كىمخاب جىلدىتكە سېلىپ، ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن لەشكەر باشلىقى ئابدۇللا پانساتقا بېرىپ مۇفداق دېدى: «سىلەر بېرىپ مېنىڭ ئۈچۈن ھاجى پادىشاھ دادامنىڭ ھۇزۇرىدا مېنىڭ ئەقىدە - ئىخلاسىمنى بىر - بىرلەپ يەتكۈزۈڭلار. ئەگەر ئىشەنمىسە، مۇشۇ تەڭرىنىڭ كالامىنى (قۇرئاننى) تۇتۇپ مېنىڭ ئۈچۈن قەسەم ئىچىپ ئېلىپ چىقىڭلار، قالغان ئەرز - ئىخلاسىمنى شاھزادە مېنىڭ نامىمدىن ئۆزى بايان قىلىدۇ»، دېدى.

بۇلار ھاجى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ بېرىپ مۇلاقات بولۇپ زىياپەتلەر تۈگىگەندىن كېيىن ئەمىرلەشكەر ئابدۇللا

---

* ئەپسۇن — كىشىنى قايىمۇقتۇرىدىغان ئېزىتقۇ گەپلەر. ئەپسۇن-ھەما — ئېزىتقۇغا ئوخشاش، ئەپسۇندەك.

پانسات ئاتلىق غازىنىڭ تاپشۇرۇقىنى كېيىنمەي بەلكى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپراق ھاجى پادىشاھقا يەتكۈزۈپ، ئەدەب بىلەن قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، مۇلازىملار قاتارىدا پەگاھقا چۈشۈپ قول قوش-تۇرۇپ تۇردى. سۈت بىلەن سۇنى ئارىلاشتۇرۇۋەتسە ئايرى-ۋالالمىغاندەك، بۇ سۆزلەرنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى پەرق ئېتەلمىگەن ھاجى پادىشاھ ھەيرانلىقتا قېلىپ، ۋەقەنى ئوغلىدىن سورىدى. ئوغلى نېمەتۇللاخان بولسا پەلەكنىڭ ھېيلىگەر، مەككارلىقىنى تېخى كۆرمىگەن، زامانىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ئېتىمىغان، باللىق ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىغان ياش بالا ئىدى. ئەمىرلەشكەر ئابدۇللا پانسات ھاجى پادىشاھنىڭ ئاتلىق غازىنىڭ ئالدىغا چىقىشىنى بىر قېتىم تەكلىپ قىلغان بولسا، ياش-تەجرى-بىسىز شاھزادە تۈرلۈك تەرىپ-ماختاشلار بىلەن مىڭ قېتىم تەرغىپ-تەكلىپ قىلدى، گەپنىڭ قىسقىسى ھاجى پادىشاھنىڭ رايى بارىدىغانغا قارار تاپتى.

ئالەمنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ تەڭرىم يۈزىگە بەخت-دۆلەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشنى ئىرادە قىلسا، ھەر باھانە، ھەر سەۋەب بىلەن ئۇنىڭغا دۆلەت ۋە ئىززەت ئاتا قىلىدىكەن. ئاتلىق غازىنىڭ تەدبىرى، تەڭرىنىڭ تەقدىرىگە مۇۋاپىق كېلىپ قالدى. ئەپسۇن ۋە ئېزىتقۇ گەپلەرنىڭ تەسىرى مەلۇم بولدى. ھاجى پادىشاھقا بەخت-دۆلەتنىڭ ئىشىكى ئېتىلدى. زۇلۇم ۋە زالالەت-نىڭ پەنجىرىسى ئېچىلدى. ئەقىل كۆزى يېپىلدى. شاھزادە بىلەن پانسات گويا قازا ۋە قەدەرنىڭ ئىككى چاپارمەنىدەك ھاجى پادىشاھ بىچارىنى زۇلۇم زىندانىغا باشلاپ باردى. ھاجى پادىشاھ بىچارە ئۆز ئايىغى بىلەن ئازاب، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا گىرىپتار بولدى.

ھاجى پادىشاھ: «چۈشۈم بۇزۇلۇپ قالغانىدى. تەڭرىمنىڭ قۇدرىتىدىن نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى بىلگىلى بولمايدۇ»

دەپ ئېھتىيات قىلىپ، 1500 مەھرەم يىگىتلىرىنى① ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ بارغانىدى. ئۇنىڭ چېدىر-بارگاھقا كۆزى چۈشتى. ئاتلىق غازى ئۇلارنى كۆرۈپ ئالدىغا يۈگۈردى. يېقىن يېتىپ بارغاندا ھاجى پادىشاھ ئاتتىن چۈشمەكچى بولدى. ئەمما ئاتلىق غازى يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۆزەڭگىسىنى يۈز-كۆزىگە سۈرتۈپ، تاۋاپ قىلىپ چۈشكىلى قويمىدى. تۆت پانسات ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى بويۇنلىرىغا سېلىپ تۆت ئەتراپىدا يۈگۈرۈپ مېڭىپ بارگاھنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ھاجى پادىشاھنى ئاتلىق غازى كۆتۈرۈپ ئاتتىن چۈشۈردى. قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ بارگاھقا ئېلىپ كىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ ئېيتتىكى: «ھاجى دادام يەتتە يىل مەككە مۇكەررەمە، مەدىنە مۇنەۋۋەردە ئىستىقامەت قىلىپ مۇجاۋىر② بولغان. ئۆلىمالاردىن ‹ھاجى ياكى غازى بىلەن بىر قېتىم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەنلىك پەيغەمبەر بىلەن مىڭ قېتىم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەن بىلەن تەڭ› دېگەن ھەدىس شېرىپنى ئاڭلىغانىدىم. ھاجى ئاتام بىلەن بىر قېتىم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولارمەنمىكىن»، دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى. ھاجى پادىشاھمۇ دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ قۇچاقلاشتى. ئاتلىق غازى ھاجى پادىشاھنى قۇچاقلىغان پېتى بارگاھ ئىچىدە ئالدىن تەييارلاپ قويغان چېدىر ئىچىگە كۆتۈرۈپ ئەكىرىپ كەتتى. ئۇ يەرگە مۆكتۈرۈپ قويغان مۇلازىملار ھاجى پادىشاھنى كۆتۈرۈپ يىقىتىپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ باغلىدى. بۇنداق بولغانلىقىنى ھېچكىشى كۆرمىدى.

---

① «تارىخىي ھەممىدىيە»دە «1000» دېيىلگەن — مۇھەررىردىن.

② مۇجاۋىر — مەككە ياكى مەدىنىگە بېرىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان كىشىلەر مۇجاۋىر، دېيىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ھەي - ھەي! مانا بۇنىڭدىن ئىنسان گۇرۇھى، ئادەم خەيلىنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنىڭ تولىلىقىنى تاماشا قىلىڭلار!

نەزم

ئىنسان ئەگەر ئاچسە تەلبىسغە ئاغىز،
بىچارە بولۇر ئىبلىس لەئىن بى تەمىز*.

يۇقىرىدىكى نەزم ئاتىلىق غازىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە تازا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ھاجى پادىشاھ ئاتىلىق غازىنىڭ بارگاھىنىڭ ئالدىغا ئۇن نەچچە مەھرەم بىلەن بىللە كەلگەنىدى. ئۇلارنى باشقا چېدىرغا باشلاپ كىرىپ دەرھال پۇت - قولىنى باغلاپ تاشلىدى. قالغان يىگىتلەر ئاتتىن چۈشمەي ھاجى پادىشاھنى مۇھاپىزەت قىلىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئاتىلىق غازى ھاجى پادىشاھنىڭ نامىدا:

«مەن ئۇكام ياقۇپبەگ قوشبېگى بىلەن بىر كېچە قونۇپ مۇڭدىشىپ، ئەتە ئۆزۈم يول باشلاپ شەھەرگە ئېلىپ كىرىمەن. سىلەر قايتىپ كېتىپ خاتىرجەم ئۆز ئىشلىرىڭلارغا مەشغۇل بولۇڭلار!
ئوغلۇم نېمىتۇللاخان پالان - پالانلارنى ئېلىپ ئەتە ئالدىمىزغا چىقسۇن»، دەپ كارغا يارايدىغان پالۋان، سەركەردىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى سىلىپ خەت يېزىپ، ھاجى پادىشاھنىڭ مۆھۈرىنى بېسىپ يىگىتلەرگە يەتكۈزۈپ بەردى.

---

* ئىنسان ھىيلە - مىكىرگە ئېغىز ئاچسا، ئۇنىڭ ئالدىدا شەيتانمۇ چارىسىز قالىدۇ.

يىگىتلەر بۇ خەتنى كۆرۈپ ئىتتىنىڭ بېشىنى قايرىپ، شەھەرگە قاراپ كەتتى. ئەتىسى ئاتلىق غازى خوتەن شەھىرىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. شەھەرگە بىر پوتەي قالغاندا*، شاھزادە نىمەتۇللاخان كارغا يارايدىغان، بىرەر ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، يارام‌لىق 20 – 30 يۇرت كاتتىلىرىنى ئېلىپ ئاتلىق غازىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشتى. ئاتلىق غازى بۇلار بىلەن ئوبدان كۆرۈشۈپ «ھاجى دادام ئارقىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ، سىلەرمۇ بىرىپ بىللە كېلىشىسىلە» دەپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. بۇلار ئۆتۈپ ياقۇپبەگنىڭ چېدىرىغا يېتىپ بارغان ھامان، ھەرقايسىسىنى باشقا - باشقا چېدىرلارغا باشلاپ كىرىپ باغلاپ نەزەربەنت قىلدى. ئاتلىق غازى خوتەن شەھىرىنىڭ يېنىغا بىرىپ چۈشۈپ چېدىر - بارگاھلىرىنى تىكىپ ئورۇنلاشتى. ئىبزىزبەگ جاللاتنى يىگىتلىرى بىلەن قوشۇپ ھاجى پادىشاھنىڭ خەزىنە - دەپىنىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئىبزىز بەگ جاللات شەھەرگە كىرىپ ھاجى پادىشاھنىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، خەزىنە دەپىنىلەرگە ئىگە بولۇپ ساقلاپ تۇردى. ئاتلىق غازى ئەمىر لەشكەر، پانساتلىرىنى قىل قويىرۇقى قىلىپ بىر - بىرلەپ، ئارقا - ئارقىدىن شەھەرگە كىرىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار كىرىپ ھاجى پادىشاھنىڭ لەشكەر بېشى، يۇرت كاتتىلىرىنى بىر - بىردىن تۇتۇپ چىقىپ بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى، بەزىلىرىنى نەزەربەنت قىلدى.

ھاجى پادىشاھنىڭ بالا - ۋاقىلىرى، لەشكەر، رەئىيە - پۇقرالىرى «ھاجى پادىشاھ ئاتىمىز قەيەردىدۇ، نېمە ئۈچۈن كەلمەيدىغاندۇ؟ بۇ ئەنجانلىقلار ئوردىنى بېسىۋالدى. نېمە ئىش

---

* «تارىخىي ھەممىدىيە»دە «ئىككى پوتەي قالغاندا»، دېيىلگەن— مۇھەررىردىن.

بولغاندۇ؟» دەپ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلمەي ھەيران ۋە سەرگەردان بولۇپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ھەش-پەش دېگۈچە ئىككى كىچە-كۈندۈز ئۆتۈپ كەتتى. خالايىق ھوشيار ۋە ئاگاھ بولۇشۇپ، شەھەر ئەتراپىدىن 10 — 15 مىڭ كىشى كالتەك-چوماقلار بىلەن قوراللىنىپ كېلىپ، «ھاجى پادىشاھ ئاتىمىز قېنى، شاھزادىمىز قېنى؟» دەپ، ئاتىلىق غازىنىڭ كوچا-بازارلاردا ئۇچرىغان ئاتىلىق غازىنىڭ يىگىت، سەرۋازلىرىنى قوغلاپ، ئۇرۇپ، ئۆلتۈرۈپ، ھاقارەت-دەشنام قىلغىلى تۇردى. بۇلارنىڭ قوپال ھەرىكەتلىرى، قەبىھ سۆزلىرىنى يېزىشقا قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ. خالايىققا قانچە پەند-نەسىھەت قىلىسىمۇ كار قىلماي بارغانچە ئۆرلەپ كەتتى. بۇ ئالامانلارنىڭ بىر مۇنچىلىرى كالتەك-چوماقلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاتىلىق غازىنىڭ بارگاھلىرىغا يۈگۈردى. ياقۇپبەگ بەرداشلىق بېرەلمەي «ئۇرۇڭلار، ئۆلتۈرۈڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. بىرنى ئۆلتۈرسە، «غولى نېمە دەيتۇبۇ» دەپ يۈزى كەلدى. ئۇلار ئۆلۈكلەرنى دەسسەپ ئىلگىرىلەپ ئاتىلىق غازىنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلدى. ئاتىلىق غازىمۇ چىداپ تۇرالماي ئېتىغا مىنىپ قەتلىئامغا يارلىق چۈشۈردى. ھەممە لەشكەرلەر قەتلىئامغا قول قويۇپ، چاپ-چاپ قىلىپ ھەممىنى قىردى.

ئەتىسى قارىغاشتىن 10 — 20 مىڭ ئالامان بويۇنلىرىغا تولۇمغا قاچىلانغان ئۇزۇق-تالقانلىرىنى ئاسقان، قولىدا چوماقلىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا قارا كالتەك بولۇپ كەلدى. بۇلارنىمۇ قەتلىئام قىلىپ ئۆلتۈرۈپ ئالدىدا كەتكەنلەرنىڭ قاتارىغا قوشتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىرالىقلار ئۇزۇقلىرىنى بويىنىغا ئېسىپ، كالتەك - چوماقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ قىل قۇيرۇق بولۇپ كېلىشىپ، كۆرۈپ-بىلىپ تۇرۇپ، كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئۆزىنى ئۇرۇپ ھالاك بولدى. خوتەنگە ئالتە شەھەر قارايدىكەن. شۇ تەرىقىدە

ھەر شەھەردىن ئارقا ـ ئارقىدىن بەش، ئون مىڭلاپ قارا كالتەك بولۇپ كەلدى. ئاتلىق غازىنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنى بىرىنى بىرىگە ئۇلاشتۇرماي ئۆلتۈرۈپ يەر بىلەن يەكسان قىلدى.

خوتەن ئەھلى بىرەر ئىشنى قىلىش نىيىتىدە ئاسانلىقچە ئورنىدىن قوزغالمايدىكەن. مۇبادا ئورۇنلىرىدىن قوزغالسا شۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلماي توختىمايدىكەن. جىنىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشنى ياكى قېچىشنى بىلمەيدىكەن. شۇڭا، ئۆز ماكانلىرىدىن قوزغالماي تىنچ تۇرغانلىرى سالامەت قالدى. ماكانلىرىدىن قوزغىلىپ چىقىپ بۇ ئىشقا قەدەم قويغانلىرى شەھەرگە كىلىپ «ئاھ! ھاجى پادىشاھىم، ئاھ! ھاجى پادىشاھىم، پادىشاھىمىزدىن ئايرىلىپ تىرىك يۈرگىنىمىزدىن ئۆلگىنىمىز مىڭ ھەسسە ياخشى» دەپ زار ـ زار يىغلىشىپ، ئۆزلىرىنى ھالاكەت چاڭگىلىغا ئاتتى. بۇلارنىڭ مۇنداق ھەرىكەتلىرى تامامەن نادانلىقتىن بولغانلىقى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

ئاتلىق غازىنىڭ يىگىتلىرى، سەرۋازلىرى ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن چارچىدى. قوللىرى قاپاردى. بۇ ئەھۋالنى ئاتلىق غازىغا مەلۇم قىلدى. ئاتلىق غازى قوشۇنى ئەگىشىپ كەلگەن قاسساپلارنى ۋە خوتەندىكى ياقا يۇرتتىن كەلگەن مۇساپىر قاسساپلارنى چاقىرتىپ كىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. قاسساپلار خەندەكنىڭ لېۋىدە تۇرۇپ ئادەملەرنى بوغۇزلاپ خەندەككە ئىتتىرىۋەردى. خوتەندەك شەھەردىكى خەندەك ۋە ھەممە چوڭقۇرلۇقلار ئادەم ئۆلۈكى بىلەن لىقمۇلىق توشۇپ كەتتى. لەشكەر باشلىقلىرى، پانساتلار شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرىنى توسۇپ تۇردى. تۇتۇپ كەلگەن كىشىلەرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ بىر كىشىنى بىردىن سەرۋازغا تاپشۇردى. بىر سەرۋاز بىردىن كىشىنى يېتىلەپ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان يەرگە ئېلىپ ماڭدى. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغۇچە ئۇلار ئۆلتۈرۈلىدىغان كىشىلەرگە «بىر نەرسەڭ

بولسا بەر، ئۆلتۈرمەي قويۇپ بېرەي» دېسە، بەزىلىرى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرمەي، ئۆلۈمنى لايىق كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتتى. بەزىلىرى 100 تەڭگىدىن تارتىپ ئەقەللى بىر تەڭگىگىچە پۇل بېرىپ قۇتۇلۇپ قالدى. بەزىلىرى «هازىر يوق ئىدى، ئۆيۈمدىن ئېلىپ كېلىپ بېرەي ياكى تېپىپ كېيىن بېرەي» دېسىمۇ نېسىگە ماقۇل دەپ قويۇپ بەردى. ياقۇپبەگنىڭ ئادەملىرى تۆت تاش، بەش تاش يىراقلىقتىكى يېزىلارغا بېرىپ، بۇلاپ، تالان-تاراج قىلىپ قايتىپ كەلدى. مۇشۇ هال، مۇشۇ يوسۇندا ئۆلۈمنىڭ بازىرى ئۈچ كېچە-كۈندۈز بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق ۋاقىت تازا قىزىدى. خوتەن خەلقى پۈتۈنلەي ۋەيرانلىق، سەرسانلىقتا يۈز تۆتتى. مۇشۇ چاغدا «قەتلىئام توختىتىلسۇن!» دېگەن پەرمان چۈشۈرۈلۈپ قىرغىنچىلىق پەسەيدى. شۇنىڭغىچە ئەجەل چاڭگال سالغانلىرى كەتتى. قالغانلىرى قۇتۇلۇپ قالدى.

تارىخ كىتابلىرىدا: «بىر جايدا بىر تۈمەن (10 مىڭ)، ئادەم ئۆلسە بىر مۇردا (بىر ئۆلۈك) قولىنى كۆتۈرىدۇ. ئىككى تۈمەن ئادەم ئۆلسە ئىككى مۇردا قولىنى كۆتۈرىدۇ. ئەگەر 10 تۈمەن ئادەم ئۆلسە بىر مۇردا ئورنىدىن دەس قوپىدۇ» دەپ يېزىلىپتۇ. شۇ چاغدا خوتەندە تۆت ئۆلۈك قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرگەنىكەن. دېمەك، شۇ قېتىم 4 تۈمەن (40 مىڭ) ئادەم هالاك بولغان بولسا كېرەك.

بەدۆلەت ئاتلىق غازى مۇشۇنداق چارە ۋە تەدبىر قوللانمىغان بولسا خوتەننىڭ ئېلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى هاجى پادىشاھقا خوتەن ئەهلى، پۇقرا ۋە رەئىيەلەرنىڭ ئەقىدە-ئىخلاسلىرى هەددىدىن زىيادە ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ياقۇپبەگنىڭ ئادەملىرى قەتلىئامنى توختىتىپ، هاجى پادىشاهنىڭ خەزىنە-دەپىنىلىرىنى رويخەتكە ئېلىپ ئاتلىق غازىنىڭ خەزىنە ئالدىلىرىغا تاپشۇردى. هاجى

www.uyghurkitap.com

پادىشاھنىڭ خەزىنىلىرى قورال-ياراق، ئەسلىھەلىرى ناھايىتى نۇرغۇن ئىكەن. تىللا، يامبۇ، كۈمۈشتىن باشقا 16 قاپ رەڭ ئالتۇن① توپلىغانىكەن. يىگىت، لەشكەرلىرىگىمۇ تۈزۈككىنە بىرنەرسە بەرمەي، ئۆزى ۋە بالا-چاقىلىرىغىمۇ پادىشاھلىق ھەققىدىن بىر نەرسە خىراجەت قىلماي يىغىپ قويغانىكەن. ھاجى پادىشاھ ئىككى يېرىم يىل پادىشاھ بولغان بولسىمۇ، ئاشخانىلىرىغا ئاتا-بوۋىلىرىدىن قالغان يەر-زېمىندىن كەلگەن مەھسۇلاتلارنى ئىشلىتىپ، ئاشقىنىنى سېتىپ پۇلىغا ئۆزى، بالا-چاقىلىرى كىيىم-كېچەك ئېلىپ كىيگەنىكەن. ئەزەلدىن سېتىپ ئالغان قۇللىرى تېرىپ، تىكىپ تەييار قىلىپ تاپشۇرغان مەھسۇلاتلارنى سەرپ-خىراجەت قىلىدىكەن. يۇرتتىن شەرىئەتكە مۇۋاپىق ئېلىنىغان باج ياكى بۇرۇنقى ھۆكۈمدار بەگلەردىن ئۇلجا تەرىقىسىدە قولىغا چۈشكەن پۇل-ماللارنى بىر-بىرلەپ خەتلەپ، زايە قىلماي خەزىنىلىرىدە ساقلىغانىكەن.

ئاتلىق غازى بۇنداق ۋەقەلەرنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ: «ھاجى پادىشاھنى مەن ئاتام دەپ ئاتاپ ئۆزۈمگە ئاتا تۇتقانىدىم. راستىنلا ماڭا ئاتا بولغۇچىلىكى بارئىكەن»، دەپ ئاپىرىن ئوقۇدى. بولۇپمۇ 400 نار تۆگىنىڭ چوم، توقۇم، نوختا-چۇلۋۇرلىرىنى يىپەك-مەشۇتتىن، بويىنىغا ئاسقان بويۇندۇق پوپۈكلىرىنى مۇۋۋۇتتىن② ياساپ جابدۇغانىكەن. بۇ دىياردا ھېچقاچان، ھېچ كىشى تۆگىلەرنى مۇنداق ياساپ جابدۇمىغانىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەنلەر ھەيران قالدى. بۇ تۆگىلەرمۇ ئاتلىق غازىنىڭ قولىغا چۈشتى. ھاجى پادىشاھنىڭ

---

① رەڭ ئالتۇن — ساپ ئالتۇن، كېپەك ئالتۇن.

② مۇۋۋۇت — چۇپۇرسىز ئەڭ ئېسىل يۇمشاق يۇڭ-تىۋىت.

خەزىنە-دەپىنىلىرىنى مۇشۇ تۆگىلەرگە ئارتىپ قەشقەرگە ئېلىپ كەتتى.

## نەزم

شاھقا ئەگەر بولسىلەر دۆلەت بەخت يار،
بولۇر پەتھ نۇسرەتلەر شاھقا دۇچار①.

ئەمىر لەشكەر، پانسات ۋە ئادەتتىكى يىگىت-سەرۋازلارنىڭ ھەممىسىگە تولۇق يېتىپ ئاشقۇدەك ئىنئام ۋە ئېھسانلارنى بېرىپ رازى قىلىپ ھاجەتتىن چىقاردى. خوتەنىدە ياتقان شېھىت، مازار-ماشايىخلارغا ئىشەنچلىك كىشىلەرنى تەيىنلەپ، كالا-قوي، ئۇن-گۈرۈچ، تىللا-پۇل ئەۋەتىپ، كەڭرى نەزىر-نۇزۇراتلار قىلىپ ئاچ-يالىڭاچلارنى تويغۇزدى. خەتمە قۇرئان ئوقۇتۇپ، ساۋابىنى مازارلارنىڭ روھلىرىغا بېغىشلىدى. غېرىب-غۇرۋا، تۇل-يېتىملارنى يوقلاپ، ئۇلارغا تون-سەرۇپاي، كىيىم-كېچەك، پۇل-تىللالارنى سەدىقە قىلىپ دۇئالىرىنى ئالدى. بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن يەكەنلىك نىياز ئىشىكئاغا بەگ دېگەن كىشىنى خوتەننىڭ مۇستەقىل ھاكىمى قىلىپ، خوتەنگە تەۋە ئالتە شەھەرنى② 40 كۈنلۈك يىراقلىقتىكى يېزا-قىشلاقلىرى بىلەن قوشۇپ ئىدارە قىلىشنى مەرھەمەت قىلدى.

ئاتىلىق غازىنىڭ نىيازبەگكە بۇقەدەر مەرھەمەت ۋە

---

① پادىشاھقا بەخت-دۆلەت يۈزلەنسە، غەلىبە-مۇۋەپپەقىيەتمۇ ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ.

② گۇما، قاراقاش، ئىلچى، لوپ، كېرىيە، چىرالار كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك.

مېھرىبانلىق قىلىشىدا سەۋەب بار ئىدى. ئالدىنقى نۆۋەتتە ئاتىلىق غازى يەكەنگە كېلىپ ھامىددىن خوجا بىلەن ئۇرۇشۇپ تەڭ كېلەلمەي يېڭىلىپ، چېدىر - بارگاھلىرىنىڭ قالغىنىغا قارىماي قەشقەرگە قاراپ قېچىپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا نىياز - بەگ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىپ بېرىپ ئىككى تاش مىقدارى يەرگىچە ئاتىلىق غازى بىلەن ئات ئۈستىدە يانمۇيان مېڭىپ نۇرغۇن تەسەللى ئېيتىپ، كۆپ مەسلىھەت تەدبىرلەرنى سەمىگە سېلىپ مۇڭداشقانىدى. ئاتىلىق غازىنىڭ غەرىزى بىر نېمە قىلىپ نىيازبەگنى قەشقەرگە بىللە ئەكىتىش ئىدى. بۇنى سېزىپ قالغان نىيازبەگ ئېتىنى سۇغارغان بولۇپ ئايرىلىپ قېلىپ، ئارقىسىغا يېنىپ ئېتىنى قامچىلاپ يەكەنگە قېچىپ كەتكەنىدى. ئاتىلىق غازى: «نىياز بەگ ناھايىتى ھوشيار ئادەم ئىكەن. بىزنىڭ يۈز - خاتىرىمىزنى قىلىپ بۇ يەرگىچە بىللە كەلدى. يەكەندىكى بالا - چاقىلىرىدىن ئەندىشە قىلىپ ئارقىسىغا ياندى. قولىدىن ئىش كېلىدىغان يارامىلىق كىشىكەن»، دەپ ئاپىرىن ئوقۇپ، ياقتۇرۇپ قالغانىدى؛ يەنە بىرى، تۇڭگانلار ئىسھاق خوجا بىلەن بىرلىشىپ 8000 لەشكەر ئەۋەتىپ بىر كېچىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا نىيازبەگ ئاتىلىق غازىغا مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ «پالان كېچىسى 8000 لەشكەر ھۇجۇم قىلماقچى، بۇنىڭ چارە - تەدبىرىنى قىلسىلا، بۇنىڭدىن زىيادە خىزمەت مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ» دەپ خەۋەر يەتكۈزگەنىدى. شۇ چاغدا ئاتىلىق غازى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاچقا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەدبىرىنى كۆرۈپ، لاچىندەك ھوشيار تۇرغانلىقتىن غەلىبە قازانغانىدى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇلدى؛ يەنە بىر سەۋەب، نىيازبەگ بىلەن ئاتىلىق غازى چارە - تەدبىردە كەسىپداش، ھىيلە - مىكىردە ساۋاقداش ئىدى. دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشتىكى نەيرەڭۋازلىقى

بىر - بىرىدىن پەرقلەنمەيتتى. يۈلتۈزلىرى پەلەكنىڭ بىر بۇرجىكىدىن چىققان، بەخت، تەلەيلىرى باراۋەرلىكتە بىر جايدىن ئورۇن تۇتقانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن نىياز بەگكە خوتەننى ئالتە شەھىرى بىلەن قوشۇپ بىر يولى ئىلتىپات قىلىۋەتتى. قانداق ئىدارە قىلىۋاتقانلىقىنى ئېغىزىغا ئېلىپ سۈرۈشتۈرۈپمۇ قويمىدى. بەلكى كۆڭلىگىمۇ كەلتۈرمىدى. خوتەن ئالتە شەھەرنىڭ ئىختىيارى پۈتۈنلەي نىياز بەگنىڭ قولىدا بولدى. بۇنىڭلىق بىلەن نىياز بەگنىڭ ئاتىلىق غازىغا قارىتا نىيەتلىرى توغرا دېگىلى بولمايتتى. ئاخىر يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە نىياز بەگنىڭ ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەسلىكى سەۋەب بولدى. ئۇلۇغ تەڭرى مەدەت بەرسە، بۇ ئەھۋاللار كېيىن بايان قىلىنىدۇ.

گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى، نىياز بەگكە خوتەننى مەرھەمەت قىلىش بىلەن خالمان پانساتنى لەشكەر قوماندانى، موللاجى تۇراپنى ئەسكەرلەرنىڭ قازىسى قىلىپ تەيىنلىدى. ھاجى پادىشاھنىڭ لەشكەر باشلىقى ۋە قازى لەشكىرىنى تۇتۇپ ئازاب ۋە قىيىن - قىستاققا مۇپتىلا قىلدى. بۇ چاغ تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1283 - يىلى * (قوي يىلى)، شەۋۋال ئېيىنىڭ 18 - كۈنى ئىدى.

ئاتىلىق غازى پۈتۈن ئەركان دۆلەت بىلەن پايتەخت قەشقەرگە قاراپ يۈزلىنىپ تۆت مەنزىل يول يۈرگەندىن كېيىن ئېزىز جاللاتنى يوقاتتى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئاتىلىق غازى خوتەن شەھىرىگە ھاجى پادىشاھنىڭ خەزىنىلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ھەممىدىن ئىلگىرى ئېزىز

---

* ھىجرىيىنىڭ 1283 - يىلى مىلادىنىڭ 1866 -، 1867 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. «تارىخىي ھەممىدىيە» دە: «يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنى» دېيىلگەن — مۇھەررىردىن.

www.uyghurkitap.com

جاللاتنى كىر گۆزگەندى. ئۇ لەشكەرلەرگە بېرىلىدىغان تەمىناتتىن خىيانەت قىلىپ 200 يامبۇ جۇغلىغانىكەن. يەنە بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاتلىق غازىغا قارىتا نىيىتى بۇزۇلۇپ بۇزرۇكخان تۆرەمنى ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىدا تۇتۇشقا دالالەت قىلغانىدى.

ئېيىز جاللاتنى جاللات دېمەكنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، ئاتلىق غازىدىن خېلى بۇرۇن ۋەلىخان تۆرەم قەشقەرگە كېلىپ مۇھاسىرە قىلىپ ئادەم كاللىسى بىلەن مۇنار قوپارغان چاغدا، ئېيىزبەگ جاللات بولغانىكەن. ئۇ ئاتلىق غازى بىلەن بۇزرۇكخان تۆرەم دەسلەپ قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلغاندا، ئوشتىن* قوشۇلۇپ بىللە كېلىپ خىزمەت قىلغان بولۇپ، ئەسلى پېڭسارلىق كىشى ئىدى. نىيەتنى بۇزۇپ يامان ئىش قىلىۋىدى، ئاخىر جازاسىنى تارتتى. ھەرقانداق بىر كىشى بۇ ئالەمنىڭ ئېتىزلىقىغا مەيلى ياخشىلىق ياكى يامانلىقنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىغان بولسا، بۇ ئالەمدە ئۇنىڭ ھوسۇلىنى كۆرمەي، لەززىتىنى تېتىماي ئۇ ئالەمگە كەتمەيدۇ.

ئۇلۇغ تەڭرىم! ئۆز سېخىيلىقىڭ ۋە ئىلتىپاتىڭ بىلەن ھەممە بەندىلىرىڭنى راست، توغرا يولغا باشلاپ، ئەگرى ۋە يامان يوللاردىن ساقلىغايسەن. ئۇلارنى ئادالىتىڭنىڭ سايىسى ۋە ھىمايىسىدە مۇھاپىزەت قىلغايسەن، ئامىن! ئىككى ئالەمنىڭ پەيغەمبىرى — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىدىن بەندىلىرىڭنىڭ دۇئا ۋە تىلەكلىرىنى ئىجابەت قىلغايسەن.

---

* ئوش — سوۋېت قىرغىزىستانىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى.

## 5

## ھاجى پادىشاھنىڭ ئەھۋالى ۋە بىرنەچچە ۋەقەلەر

ھاجى پادىشاھنىڭ ئەسلى ئىسمى موللا ھەبىبۇللا مۇپتى* بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ خوتەن ۋىلايىتىدە شەرىئەت خىزمىتىدە ئەمەلدار بولۇپ، شەرىئەت ھۆكمىنى ئىجرا قىلىپ، ئۇنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپ كەلگەن كىشىلەر ئىدى. ئۆزى بولسا ئالىم، ئېھتىياتچان، ئادىل، ئۆمۈر بويى تەرەتسىز يەرگە دەسسىمىگەن، مەيلى شەھەردە ياكى سەپەردە بولسۇن ناماز ۋە ئىبادەتنى تاشلىمىغان، يىرىم كېچىدىن كېيىن كۆز يۇمۇپ ئۇخلىمايدىغان كىشى ئىدى. «ئۆزۈم ئەمگەك قىلىپ ھالال يەيمەن» دەپ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان زېمىننى ئۆزى كەتمەن چېپىپ تېرىپ، ئۆزى يىغىپ ئۇنىڭ ھوسۇلىنى يېمەك ـ ئىچمەك ۋە باشقا ئېھتىياجىغا سەرپ قىلاتتى. مەيلى ئەمەلدار، ئاخۇن، بەگ ياكى پۇقرا بولسۇن ئۇلارنىڭ چاي ـ نانلىرىنى ئىچمەيتتى ۋە يېمەيتتى. بىر يەرگە بارسا، بىر خىزمەتچى بىر چۆگۈن چاينى كۆتۈرۈپ بىللە باراتتى. شۇ چاينى ئىچىپ ئۆز ئېتىزىنى يەپ قايتىپ كېلەتتى.

بىر چاغلاردا ھاجى پادىشاھ بىر سەۋەب بىلەن ئاقسۇغا بارغان بولۇپ، ئۇ يەردە موللا، ئاخۇن، بەگ، يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە پاتىھە ئوقۇپتۇ. ئۆزى بىر چۆگۈن چاينى كۆتۈرۈپ

---

* مۇپتى — دىنىي ئەمەلنىڭ نامى بولۇپ، دىنىي قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى، بىرەر ئىشنىڭ شەرىئەت قانۇنىغا مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلغۇچى.

بىرىپ شۇ چاينى ئىچىپ دۇئا قىلىپ يېنىپتۇ. شۇ زاماندا ئاقسۇدا ئىشانجان ھەزرىتىمنىڭ خەلپە* لىرىدىن ئاقسۇلۇق ھادى خەلپەم ھەممىگە پېشىۋا ئىكەن. ھاجى پادىشاھ ھادى خەلپەمنىڭ ئۆيىگە پاتىھەگە بارغاندا، ئۆزىنىڭ چېيىنى ئىچىپ ھادى خەلپەمنىڭ چېيىنى ئىچمەپتۇ. كېيىن بەزىلەر: «ھادى خەلپەم پەرھىزكار، ئېھتىياتچان، تەقۋادار كىشى تۇرسا، نېمە ئۈچۈن چېيىنى ئىچمىدىلە؟» دەپ سورىغاندا، ھاجى پادىشاھ: «سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار راست. ھادى خەلپەم تەقۋادار كىشى ئىكەن. ئەمما ئۆزى پېشانىسىدىن تەر چىقىرىپ، كەتمەن چېپىپ ئۇنىڭ ھوسۇلىنى يېمەيدىكەن، ھەرقانداق ئادەم نەزىر، ئۆشرە-زاكات، دەپ بىرەر نەرسە ئەكىلىپ بەرسە شۇنى ئاشخانىلىرىغا سەرىپ قىلىدىكەن. كىشىلەرنىڭ نەزرىسىگە قاراپ تۇرغان ئادەم تەمەدىن خالىي بولالمايدۇ. يەنە بىرى، ھادى خەلپەم ئۆزىمۇ ئۆشرە-زاكات بەرمەك ۋاجىپ ۋە زۆرۈر بولغان كىشى. ئۆشرە-زاكات بەرمەك ۋاجىپ بولغان كىشىنىڭ باشقىلار بەرگەن ئۆشرە-زاكاتنى يېيىشى توغرا ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن چېيىنى ئىچمەي ئۆز چېيىمنى ئىچتىم»، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. لېكىن ئۇ ئۆزى تەر تۆكۈپ ھوسۇل ئالغان ۋە ئۆشرە-زاكاتلىرىنى شەرىئەتكە مۇۋاپىق ئايرىپ بەرگەن دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئاش-تاماق بولسا ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا يەۋېرىدىكەن.

ھاجى پادىشاھ مۇپتى بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدا ھەج قىلىش نىيىتىگە كېلىپ، مۇپتىلىق ئەمەلىدىن ئىستېپا سوراپ بىكار

---

* خەلپە — ئارقىسىدىن كەلگۈچى، ئەگەشكۈچى، ئورۇنباسار دېگەن مەنىدە.

بولىدۇ. ئاندىن ھەزرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇپ ئىككى ھەرەمدە① يەتتە يىل تۇرۇپ ئىبادەت قىلىدۇ.

ھاجى پادىشاھ ھەرەمدىن قايتىش سەپىرىدە نۇرغۇن شەھەرلەرگە بېرىپ سەيلە - تاماشا قىلغاچ، مازار - ماشايىخ، ئۆلىما، پازىل، ئۇلۇغ كىشىلەرنى زىيارەت قىلىپ دۇئاسىنى ئېلىپ ئۆز ۋەتىنى خوتەنگە قايتىپ كېلىدۇ.

دەل مۇشۇ چاغلاردا كۇچالىق خوجىلار قوزغىلىپ ئىسلام ئېچىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالىدۇ. جامدا بولغان جەڭدە كۇچالىق خوجىلار خاقان چېرىكلىرىگە تەڭ كېلەلمەي مەغلۇپ بولىدۇ. مەغلۇپ بولغانلار قاتارىدا خوتەننىڭ ھاكىمى ئېلىش② ھاكىم بەگنىڭ ئوغلى تۆمۈر خەزىنىچى بەگمۇ بولۇپ، ئۇ خوتەنگە قېچىپ كەلگەنىدى. خوتەن خەلقى كۇچادا بولغان ۋەقەلەرنى تۆمۈر خەزىنىچى بەگدىن ئاڭلاپ ئۇلارمۇ ئىسلام ئاچماقچى بولىدۇ. نەتىجىدە تەشكىللىنىپ قوزغىلىپ كاپىرلارنى يوقىتىدۇ. يۇرت خەلقى، كىمنى باش قىلىمىز، دەپ مەسلىھەتلىشىپ ئاقىۋەت ھەبىبۇللا ھاجى مۇپتىنى پادىشاھ قىلىشقا قارار قىلىدۇ. بۇرۇن ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ رەسىم - قائىدىلىرى بويىچە ھەبىبۇللا ھاجىنى ئاق كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ كۆتۈرۈپ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاجى پادىشاھ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ ھۆكۈم سۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ ئاسايىشلىقىنى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تۇرغان چاغدا، يەكەندىكى شەيخ خوجا ھاجى خەزىنىچى بەگنى قاتتىق سۆزلەر يېزىلغان خەت بىلەن نۇرغۇن لەشكەر ۋە تۆگىلارنى قوشۇپ ھاجى پادىشاھنىڭ ئۈستىگە — خوتەنگە ئەۋە-

① ئىككى ھەرەم — مەككە بىلەن مەدىنە شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ.

② «تارىخىي ھەمىدىيە»دە «ئەلىشىر» دەپ ئېلىنغان — مۇھەررىردىن.

تىدۇ. شەيخ خوجىنىڭ خېتى ھاجى پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ئېغىر كېلىپ، نۇرغۇن لەشكەر بىلەن ئوغلى ئابدۇراخمان خان سودۇرنى ئۇلارغا قارشى چىقىردۇ. ئوتتۇردا نۇرغۇن جېدەل - ماجىرالار بولۇپ كەلگەن لەشكەرلەر مەغلۇپ بولىدۇ. كۆپ ئادەملەر چىقىم بولىدۇ ۋە ئابدۇراخمان خان سودۇرغا ئوق تېگىپ ۋاپات بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ھاجى پادىشاھ: «ئىنساب بىلەن ئېيتقاندا، بۇ يۇرتلاردا ئىسلامنىڭ جارى بولۇشىغا، بۇنداق كاتتا بەخت - دۆلەتكە مۇيەسسەر بولۇشىمىزغا كۇچالىق خوجاملار سەۋەب بولغاندى. كۇچالىق خوجاملار ئىسلام ئاچمىغان بولسا بىزنىڭ ھەددىمىز ئەمەس ئىدى. ئەمما يەكەندىكى شەيخ خوجا خاقانى چىننىڭ ئوبدان، ئىنچ پۇقرالىرىنى ئۆلتۈرۈپ، يامان ئادەملەر بىلەن شېرىك بولۇپ يۇرت سوراپتۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن شەيخ خوجىغا ئىشەنچ قىلالمايۋاتىمەن» دېگەن مەزمۇندا نۇرغۇن سۆزلەرنى يېزىپ، ئەھمەد مىراپ بەگ باشلىق 50 نەچچە ئادەمنى خەت ۋە نۇرغۇن تارتۇق - پىشكەشلەر بىلەن كۇچادىكى راشىددىن خان خوجامنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىدۇ. ئەمما راشىددىن خان خوجام بۇلارنى قوبۇل قىلمايدۇ.

بۇ ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى، ھاجى پادىشاھ ئوغلى ئابدۇراخمان خاننى نۇرغۇن قىممەت باھالىق تارتۇق - پىشكەشلەر بىلەن مەدەت ۋە ياردەم تىلەپ قوقەن خانى خۇدايارخاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەنىدى. ئابدۇراخمان خان قوقەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن خۇدايارخان ئىززەت - ئىكرام بىلەن قوبۇل قىلىپ بىرنەچچە كۈن تۇرغۇزۇپ زىياپەت ۋە مېھماندارچىلىقلارنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئابدۇراخمان خانغا «سودۇر» لۇق مەنسىپىنى مەرھەمەت قىلىپ ئات - ياراق ۋە يارلىقلارنى بەردى. بىللە بارغان ئادەملىرىگە تون - سەرۇپاي، تەڭگە - تىللا ئىنئام

قىلدى. ھاجى پادىشاھقىمۇ ھەم ئۆز لايىقىدا شاھانە سەرۇپاي، سەللە ـ كۆلا، ياراق ـ ئەسلىھەلەرنى سوۋغات قىلدى. مىربابا دادخاھنى* ئەمىرلەشكەر قىلىپ 200 يىگىتنى قوشۇپ، مىرزا بابا بەگ ھىسارنى مىرزا بېشى (باش كاتىپ) قىلىپ، 50 يىگىتنى قوشۇپ ئابدۇراخمان سودۇر خانغا ھەمراھ قىلىپ خوتەنگە ئۇزىتىپ قويدى. بۇلار قەشقەرگە كەلسە ياقۇپبەگ قوشبېگى يەكەندە ھامىددىن خوجام بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان چاغ ئىكەن. ئابدۇراخمان سودۇرخان يەكەندە قوشبېگى بىلەن كۆرۈشتى. قوشبېگى مىربابا دادخاھنى يىگىتلىرى بىلەن ۋە مىرزابابا بەگنىڭ يىگىتلىرىنى ئېلىپ قېلىپ، پەقەت مىرزابابا بەگنى ئىككى ئادىمى بىلەن ئابدۇراخمان خانغا قوشۇپ قوقەندىن ئېلىپ كەلگەن يارلىق ۋە سوۋغا ـ سالاملىرىنى ئۆزلىرىگە بېرىپ خوتەنگە يولغا سالدى.

مىرزابابا بەگ خوتەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ھاجىپادىشاھ ئۇنى ياخشى قارشى ئالدى. مۇناسىپ جاي تەيىنلەپ چۈشۈرۈپ ھەر كۈنلۈك تەمىناتىنى بېكىتتى. ئىززەت ـ ئىكرامىنى يەتكۈزۈپ ئوبدان يەردىن ئۆيلەپ قويدى ۋە ئۆلپەت بولۇپ ياخشى ئۆتتى.

ھاجى پادىشاھ تەختكە چىققاندىن كېيىن قەدىمكى خىتاي شەھىرىنى ئەسكەرخانا قىلىپ ئۆزىگە كاتتا ئالىي ئوردا بىنا قىلدۇردى. مەسچىت، خانىقالارنى ياساتتى. شەھەر ۋە سەھ ـ رادىكى چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ خوتۇنلارغا، پۈتۈن خوتەن ئەھلىگە شەرىئەت ھۆكمىنى جارى قىلدى. 10 كىشىگە بىر كىشىنى ئۇستاز قىلىپ بەلگىلەپ، خۇدانىڭ بىرلىك سۈپەتلىرىنى ھەم

---

* «تارىخىي ھەممىدىيە» دە «نارمۇھەممەد پەرۋانىچى» دېيىلگەن ـ مۇھەررىردىن.

99 پەرز، ناماز، روزا، زاكات، ھەج، ئىلمىي ھەيىز ـ نىفاس قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەلىم بېرىپ ئوقۇتۇپ ياد ئالدۇردى. بۇ ھەقتە كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. 7 ياشتىن 70 ياشقىچە پۈتۈن خوتەن خەلقى خۇددى مەكتەپ بالىلىرىغا ئوخشاش ساۋاق ۋە مەسىلىلەرنى تەكرارلايتتى.

هاجى پادىشاھ ھەر جۈمە كۈنى ئۆزىنى تەختىراۋاندا كۆتتۈر ـ تۈپ جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن چوڭ مەسچىتكە باراتتى. نامازغا تۇرغان چاغدا ئىككى تەرىپىدە ئالتىدىن 12 ياساۋۇل چوڭ قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ھازىرلا بىر ئادەمنى چېپىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئۆرە تۇراتتى. ياساۋۇللار رۇكۇ ۋە سەجدە قىلماي نامىزنى ئىما ـ ئىشارەت بىلەن ئوقۇيتتى. ھاجى پادىشاھنىڭ مۇنداق قىلىشى، ناماز ئۈستىدە بىرەر دۈشمەن قەست قىلىپ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويمىسۇن، دەپ ئېھتىيات قىلغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭغا دىققەت قىلماق لازىمكى، شۇنداق ئېھتىياتكار پادىشاھ ياقۇپبەگ ئاتلىق غازىنىڭ بارگاھلىرىغا ئۆز ئايىغى بىلەن بېرىپ قانداق بالا ۋە ئاپەتلەرگە دۇچار بولغانلىقى يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

هاجى پادىشاھ خوتەننى «مىسىر» دەپ ھۆكۈم قىلىپ، ئىككى رەكەت جۈمە نامىزىنىلا ئوقۇيتتى، ئېھتىيات ئۈچۈن، ئوقۇلىدىغان پېشىن ۋە سۈننەت نامازلىرىنى ئوقۇمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر تەرىپىگە «لائىلاھە ئىللەللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» يەنە بىر تەرىپىگە «زەربى خوتەن لەتىپ» دېگەن خەت ئويۇلغان بىر مىسقاللىق ئاق تەڭگە (كۈمۈش پۇل) سوقتۇرۇپ تارقاتتى.

ئوغرىلىق قىلغان كىشى تۇتۇلۇپ قالسا، ھايال قىلماي ئۆلتۈرەتتى. بۇ توغرىدا مۇنداق مىساللارمۇ بار، بىر ئادەم سەھرادا بىر كەتمەننى ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قالىدۇ. بۇ ئوغرىغا

ھاجى پادىشاھ مۇنداق جازا بېرىدۇ. يوغان زەمبىرەكنى ئاغزىنى ئاسمانغا قارىتىپ يەرگە كۆمىدۇ. زەمبىرەكنىڭ ئىچىگە دورا قۇيۇپ بەتلەپ، ئوغرىنى زەمبىرەكنىڭ ئاغزىدا ئولتۇرغۇزۇپ زەمبىرەكنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقىدۇ. ئوغرى دورىنىڭ كۈچى بىلەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ خالايىقنىڭ كۆزىدىن غايىب بولىدۇ. بىر مەھەلدىن كېيىن تۆت پارچە بولۇپ يەرگە چۈشىدۇ. شۇ چاغ جۈمە كۈنى بولغاچقا نۇرغۇن خالايىق بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ يۈرەكلىرى قېپىدىن چىقىپ تىترىشىپ كېتىدۇ. يەنە بىر ئادەم سەھرادا قوناقلىقتىن ئالتە باش چۈرۈچ قوناق (كۆكباش) ئۈزۈپ ئالغانىكەن. بۇ ئادەمنى ئەكەلدۈرۈپ، سوراپ ئىقرار قىلدۇرغاندىن كېيىن دارغا ئاسىدۇ. ئازغىنا گۇناھ بىلەن بىرەر ئادەمنىڭ خۇنىنى تۆكمەك ھاجى پادىشاھقا ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەسلىدە ئادەم ئۆلتۈرۈشنى خىيال قىلمايتتى. ئەمما ئۆزى قېرى بولغاچقا ئاغزىدا بىر تال چىشى يوق ئىدى. ئۇ لېۋىنى شۇنداق چىشلىگەن ھامان ھەرقانداق ئادەم بولسىمۇ ھايال قىلماي يوق قىلىناتتى.

ھاجى پادىشاھ: «سەھرا-سەھرالاردا دېھقانچىلىق قىلىۋاتقان كىشىلەر ئېتىزلىقتا ئىشلەتكەن كەتمەن، ئورغاق قاتارلىق ئەسۋابلىرىنى تاشلاپ قويۇپ قايتىپ كېتىپ ئەتىسى يەنە بېرىپ شۇ جايدىن ئېلىپ ئىشلەتسۇن. پۇقرالار كېچىسى ئىشىكلىرىنى ئوچۇق قويۇپ ياتسۇن. دۇكاندارلار دۇكانلىرىنى ئەتمىسۇن» دەپ يارلىق قىلدى. مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش سىياسەتلىرىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئەگەر بۇ خىل ئەھۋاللارنى بىر-بىرلەپ تەپسىلاتى بىلەن بايان قىلساق، ئوقۇغۇچى ۋە ئىشىتكۈچىلەرگە مالاللىق يېتىشى مۇمكىن.

خوتەن ئەھلىنىڭ بېشىغا يۇقىرىقى ھادىسىلەر كېلىشتىن ئىككى ئايچە ئىلگىرى بىر كېچىدە ھاجى پادىشاھنىڭ چۈشى

بۇزۇلۇپ قورقۇپ ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. تاڭ ئېتىشى بىلەن سالام رەسمىيەتلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن مۆتىۋەر، ئۆلىمالارنى قىچقىرىپ:

— بۈگۈن كېچە خوتەن خەلقىنىڭ باشلىرى يوق، تەنلىرى بار چۈش كۆردۈم. بۇنىڭ تەبىرى قانداق؟ — دەپ كۆرگەن چۈشىنى بايان قىلدى. ھەممە ھەيران بولۇپ تەپەككۇر بىلەن بىرنەرسە دېيەلمەي تۇرغاندا، ھاجى پادىشاھ ئۆزى:

— بۇچۈشنىڭ تەبىرى — خوتەن ئەتراپىدىكى تامامى مىۋىلىك-مېۋىسىز دەرەخلەرنى ئادەم بويى قويۇپ، ئۈستىنى كېسىپ كاللەكلىۋېتىلسۇن. بەلكى تەبىرى شۇ بولغاي، — دەپ ھۆكۈم قىلدى. بارلىق ئۆلىما، پازىللار ھاجى پادىشاھنىڭ پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خوتەن ئەتراپىدىكى مىۋىلىك - مېۋىسىز دەرەخلەرنى ئادەم بويى مىقدارى قويۇپ ئۈستىنى كېسىپ كاللەكلىۋەتتى.

ئەمما ھاجى پادىشاھنىڭ بۇ خىل تەبىر ۋە تەدبىرلىرى، تەقدىرگە مۇۋاپىق كەلمەي ھاجى پادىشاھ ۋە خوتەن ئەھلىنىڭ باشلىرى كاللىلىرىغا قانداق بالا ۋە ھادىسىلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى يۇقىرىدا ئازغىنا بولسىمۇ بايان قىلدۇق.

ھاجى پادىشاھنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى دەرۋىشلىكنى كەسىپ قىلىپ، پەرھىزكار ئاتىلىپ ھەممىگە پېشىۋا ۋە مۇقتەدا* بولغانىدى. يۇرتدارچىلىق ۋە سىپاھگەرچىلىك ئىلمىدىن بىخەۋەر ئىدى. يەنە بىرى دەرۋىشلىك بىلەن سىپاھگەرچىلىك بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان ئىش ئىدى. بۇرۇندىن تارتىپ بىرەر پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە مۇلازىم بولۇپ سىپاھگەرچىلىك ئىشىدىن تەجرىبە ھاسىل قىلغان بولسا، بەلكىم بۇ ھادىسىلەرگە بىرەر

---

* پېشىۋا ۋە مۇقتەدا — باشلامچى، يول باشلىغۇچى، يېتەكچى.

ئىلاج ۋە تەدبىر قىلغان بولاتتى.

تارىخ كىتابلىرىدا شۇنداق يېزىلغان: ئىلگىرىكى زامانلاردىمۇ، بۇرۇندىن تارتىپ ئۇلۇغ بولۇپ تەجرىبە هاسىل قىلىپ، هۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن كىشىلەرنى ياكى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى تېپىپ پادىشاهلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ بويسۇنۇپ كەلگەنىكەن. ئۇلارنىڭ شەراپەت ۋە تەسىرىدىن پۇقرالارغا خاتىرجەملىك ۋە ئىتتىپاقلىق هاسىل بولغان ۋە پادىشاهنىڭ دۆلەت هاكىمىيىتىمۇ ئۇزۇن زامان جارى بولغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى پېقىرلىق، ئاجىزلىق كوچىسىغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، بىرەر هاكىمىيەت ۋە دۆلەتنىڭ بېشىغا چىقىسىلا يۇرتدارلىق ئىشىنى ئوڭ-تەتۈر قىلماي دەل ئۆز جايىغا كەلتۈرىدىكەن ۋە باشقۇرۇپ كېتەلەيدىكەن.

«هەرقانداق شەيئى ئۆز ئەسلىگە تارتىدۇ»، دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ ئەهۋالىغا تەتبىق قىلىنسا مۇۋاپىق بولىدۇ. كونىلارنىڭ: «ئۇۋۇنى ئۇۋچى بىلەن ئۇۋلا»، دېگەن سۆزىمۇ مۇشۇنداق ئەهۋالغا قارىتىپ ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن. كىچىك باللار «دلۇم - دۇم» ئويۇنى ئوينىغان چاغدا «ئاتاڭ نېمە ئىش قىلىدۇ؟» دېسە «دېهقانچىلىق قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرسە «بېرىپ دېهقانچىلىق قىل» دەيدۇ. ئەگەر «ئاتام تۆمۈرچىلىك قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرسە، «بېرىپ تۆمۈرچىلىك قىل» دەيدۇ. بۇ هەرگىزمۇ بىكار ئېيتىلغان سۆز ئەمەس. بۇنىڭدىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، هەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ كەسىپ-هۈنەرلىرىنى ئۆزىگە مۇۋاپىق كۆرۈپ، شۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىشى، تەڭرى بەرگەن نازۇ نېمەتلەرنىڭ شۈكرانىسىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئۆز دەرىجىسى ۋە ئورنىدىن ئارتۇق ئىشلارغا قەدەم تاشلاشتىن ۋە ئۆز هالىغا مۇناسىپ

بولمىغان سۆزلەرنى سۆزلىمەكتىن ساقلىنىشى ۋە ئېھتىيات قىلىشى لازىم. مۇبادا ئۆز مەرتىۋە ـ دەرىجىلىرىگە باقماي قەدەملىرىنى يوغان ئالسا، ئىلگىرىكى ھالىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويسا، ئۇنداق كىشىلەرگە ھاجى پادىشاھنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىش كەلمەي قالمايدۇ.

نەزم

ئۆرگىنەي دەپ قاغا كەكلىك مېڭىشىن،
ئۆرگىنەلمەي ئۇنۇتتى ئۆز مېڭىشىن

ھاجى پادىشاھنىڭ ئاتا ـ ئەجدادلىرىنىڭ تۇتقان يولى ۋە ئۆزىنىڭ دەرۋىشلىكى كەم ـ كۇتىسىز دۆلەت، تۈگىمەس راھەت ئىدى. ئەمما قەدرىنى بىلمەي ئۆتكەن ئۆمرى ۋە بۇرۇنقى ئەھۋالىنى نومۇس بىلىپ، پۇشايمان قىلدى. ئەمما كېيىن ئىزدەپمۇ تاپالمىدى. كېيىن قولغا كەلگەن پادىشاھلىقنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى بىلمەي، ئۇنى ئۆز قامەت ـ سالاپىتىگە لايىق كۆرۈپ خۇرسەن بولدى ۋە كەتمەس دۆلەتكە ئۇلاشتىم، دەپ مەغرۇرلىنىپ ئالدى.

ئاقىۋەت بۇ پادىشاھلىق چوڭ بىر بالا ـ قازا بولۇپ، ئەھلى ئايال، چوڭ ـ كىچىك، قەۋم ـ قېرىنداشلىرىغا بەلكى ئۆز جېنىغا، خوتەن، قارىقاش، ھەتتا پۈتۈن خوتەندىكى ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ ھەممىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى.

## 6

**جانابىي بەدۆلەت ئاتالىق غازى ئاقسۇ ۋە كۇچانى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئات چاپتۇرغانلىقى؛ بىر زەربە بىلەن نەچچە شەھەرنى پەتھ قىلغانلىقى؛ مۇراد باغچىلىرىدىن غۇنچىلارنى ئۈزۈپ، ئۆز قارارگاھلىرىغا قايتقانلىقى ۋە باشقا بىرمۇنچە ۋەقەلەر يۈز بەرگەنلىكى**

جانابىي بەدۆلەت ئاتالىق غازى خوتەن، يەكەن، قەشقەر، يېڭىسار، مارالبېشى قاتارلىق شەھەرلەرنى بۇ جايلارغا تەۋە يېزا - سەھرالار بىلەن قوشۇپ ئۆزىگە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، خوتەنگە نىياز بەگنى*، يەكەنگە مۇھەممەت يۇنۇسخان شاغاۋۇلنى، قەشقەرگە ئالاش بەگنى، يېڭىسارغا ئامىلخان تۆرەمنى، مارالبېشىغا ھېكىمخان تۆرەمنى مۇستەقىل ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ، بۇ تەرەپنىڭ ئىشلىرىدىن پارىغ بولۇپ، يىگىت ۋە سەرۋازلارنى ھازىرلاش ۋە قورال - ياراق، ئەسلىھەلەرنى تەييارلاش بىلەن بولدى.

ئىشلار مۇشۇنداق ئۆز قائىدىسى بىلەن يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان بىر چاغدا، ئۈچتۇرپاندىن بىرنەچچە كىشى كۇچالىق خوجىلارغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، ئاتالىق غازىنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتۈشنى نىيەت قىلىپ، ئاتالىق غازىنى ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئاقسۇدىن ئابدۇراخمان دادخاھ، ئابدۇللا دىۋان بېگىلەر تەكلىپنامە ئەۋەتتى. كۇچادىن توختى ئىشىكئاغا بەگ: «بۇ شەھەرلەرنى مەن ئېلىپ بەرسەم»، دەپ ھۆددە قىلىپ خەت ئەۋەتتى ھەم كۇچالىق

* نىياز بەگ ــ نىياز ھېكىمبەگنى كۆرسىتىدۇ.

خوجىلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق دۈشمەنلىككە ئايلانغانلىقى خوش خەۋىرىنى ئاتالىق غازىغا يەتكۈزدى. ئاقسۇ، كۇچانى ئۆزىگە قارىتىپ بويسۇندۇرۇشنىڭ ئارزۇ - ھەۋىسى ئاتالىق غازىنىڭ كۆڭۈل سەھىپىلىرىدە يېڭىباشتىن پەيدا بولدى.

جانابىي ئاتالىق غازىنىڭ ئۆزىگە خاس مەھرەم ياساۋۇللىرى قوشۇلۇپ 3000 يىگىت، ئەمىرلەشكەر مىرزا ئەھمەد قوشبېگىگە تەۋە 3000 يىگىت، ئەمىر لەشكەر ئۆمەر قۇل دادخاھقا تەۋە 3000 يىگىت، ئەمىر لەشكەر ئابدۇللا پانساتقا تەۋە 3000 ئەسكەر، جامەدار دادخاھقا تەۋە 3000 سەرۋاز ۋە جانبازلارنى دۇمباق، كاناي - سۇناي، توپ - زەمبىرەكلەر بىلەن جابدۇپ تەييار قىلدى ۋە ھەممە ئەمىر لەشكەرلەرگە: «مارالبېشى قورغىنى بۇزۇلغان پېتى تۇرۇپ قالدى. ھەممە غالىب قوشۇنلىرىمىز بىلەن بىللە بېرىپ تۈزىتىپ كەلسەك قانداق؟»، دەپ مەسلىھەت تەرىقىسىدە ئارىغا سالدى. ھەممە ئەمىر لەشكەرلەر بىرلىكتە، ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، دەپ بىرجانىدىل قوبۇل قىلدى.

تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1284 - يىلى* مايمۇن يىلى، مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئىككىسى، ياقۇپبەگ شانۇشەۋكەت بىلەن ئاتلىنىپ مەنزىلمۇ مەنزىل يول يۈرۈپ، مارالبېشىغا يېتىپ كېلىپ، چېدىر - بارگاھلىرىنى تىكىپ ئورۇنلاشتى.

تۆت كۈن ئۆتتى. بۇ ئارىدا ھېچقانداق ئەمر - پەرمان بولمىدى. ئاخىر ئاتالىق غازى ئۆزى ئەمىر لەشكەرلەرنى چاقىرىپ: «ئاقسۇ كۇچاغىچە بېرىپ ئۇلۇغ مازارلارنى زىيارەت قىلىپ كەلسەك نېمە دەيسىزلەر؟» دېدى. ھەممەيلەن: «جان

---

* ھىجرىيىنىڭ 1284 - يىلى مىلادىينىڭ 1867 -، 1868 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. «تارىخىي ھەممىدىيە» دە: «تۆتىنچى كۈنى» دېيىلگەن — مۇھەررىردىن.

دېلىمىز بىلەن خىزمەتلىرىدە،». دەپ خىزمەتكارچىلىقىنى ئىزھار قىلىشتى. ئەمىر لەشكەر مىرزا ئەھمەد قوشبېگىنى ئىلگىرى ماڭغۇردى. غازى پانسات بىلەن ھەمدەم باتۇرنى چىغاۋۇل قىلدى. ھەربىر ئەمىر لەشكەرگە 8 دىن پانسات تەيىن قىلدى. ئۇلارغا تۇغ - ئەلەملەرنى ئىنئام قىلدى. ھەربىر ئەمىر لەشكەرگە ئالتۇن جابدۇقلۇق ئىككى ياۋداق ئات، كۈمۈش جابدۇقلۇق ئالتە ياۋداق ئات، ھەر بىر پانساتقا كۈمۈش جابدۇقلۇق ئىككى ياۋداق ئات مەرھەمەت قىلدى. ئەمىر لەشكەر ۋە پانساتلار ئالتۇن جابدۇق ۋە كۈمۈش جابدۇقلۇق ياۋداق ئاتلارنى ئالدىلىرىدا سۆلەت ئۈچۈن يېتىلەپ، ھەربىر ئەمىر لەشكەر ۋە پانساتلارغا تەيىنلەپ بەرگەن مۇرەتتەپ قارىي①، ئىماملار كالامۇللانى بويۇنلىرىغا ئېسىپ ھەممىدىن ئىلگىرى ماڭدى.

ھەربىر ئەمىر لەشكەرنىڭ دەبدەبىسى گويا كاتتا ئۇلۇغ پادىشاھقا ئوخشىشاتتى. ئەمىر لەشكەر ۋە پانساتلارنىڭ تەرتىپ ۋە سۆلەتلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىشقا قەلەم ئاجىز ئىدى.

ئۇلار مۇشۇنداق سۆلەت ۋە ھەيۋەت بىلەن مارالبېشىدىن ئاتلىنىپ چىقىپ چىلانغا كەلدى. ئۇ يەردە بىر دولاننى② تۇتۇۋېلىپ: «يولدا خوجىلارنىڭ چېرىكلىرى بارمۇ؟» دەپ سورىدى. بۇ كىشى: «يايدى دېگەن جايدا 200، سايئېرىق دېگەن يەردە 50 چېرىكى بار» دەپ جاۋاب بەردى. غازى پانسات بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، كېچىلەپ يايدىنىڭ ئايغى بىلەن ئاقسۇ تەرەپكە ئۆتۈپ، كۇچالىق خوجىلارنىڭ چېرىكلىرى خەۋەرسىز ياتقان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ھەممىنى

---

① مۇرەتتەپ قارىي — قۇرئاننى باشتىن ئاياغ ئۆز تەرتىپى بىلەن يادلىۋالغان كىشى.

② دولان — دولانلىق، يەرلىك كىشى.

تۇتۇپ باغلاپ، چېرىكلەرنىڭ چوڭى توختى خەلپىنى ئۆلتۈردى. باشقىلارنى مارالبېشىغا ئەۋەتتۇەتتى. بۇ چاغدا بىر چېرىك ئېتىنى سۇغارغىلى كەتكەنىكەن، ئۇ قېچىپ بېرىپ خوجىلارغا خەۋەر يەتكۈزدى. غازى پانسات ئۇ يەردىن مېڭىپ سايئېرىقتىكى چېرىكلەرنىمۇ تۇتۇپ باغلىدى. ئاقۋەت ئاقسۇ دەرياسىنىڭ بويىغا كەلتى.

ئاقسۇدىكى جامالىددىن خوجا ئاتلىق غازىنىڭ لەشكەرلىرى بېسىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئوغلى يەھيا خوجىنى 3000 چېرىك بىلەن دەريا بويىغا چىقىرىپ: «كېمىنى تارتىۋېلىپ ئۇرۇشۇپ ئۇلارنى دەريادىن ئۆتكۈزمەڭلار»، دەپ يارلىق قىلدى. ئاتلىق غازىنىڭ يىگىتلىرى كېمىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراپمۇ قويماي قەيەر توغرا كەلسە شۇ يەردىن دەريانى كېچىپ ئۆتۈپ ھۇجۇم قىلدى. كۇچالىق خوجىلارنىڭ چېرىكلىرى بىر ھۇجۇم بىلەن ئارقىسىغا قاراپ قاچتى ۋە جېنىنى ئېلىپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. غازى پانسات بىلەن ھەمدەم باتۇر بېشى ئۇلارنى قوغلىغان پېتى ئاقسۇ شەھىرىگە كىرىپ ئوردىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ: «زامان - زامان، ياقۇپ قۇشبېگىنىڭ زامانى، تىنچ بول، خاتىرجەم بول» دەپ ۋارقىراپ جار سېلىپ ناغرا چالدى. جامالىددىن خوجا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاغىچىسى بىلەن ئوردىنىڭ ئارقىسىدىن قېچىپ چىقىپ ئالتۇن بۇزرۇكۋارغا بېرىپ پاناھلاندى. ئاغىچىسىنىڭ پۇتى چىقىپ كېتىپ ماڭالماي بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇندى.

گۇرۇھ - گۇرۇھ، تۈركۈم - تۈركۈم غالىب قوشۇنلارنىڭ كاناي - سۇناي ساداسى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللا - پاربىكاللا غوۋغىسى، سەرۋاز، جانبازلارنىڭ تاماشىسى بىلەن جانابىي ئاتلىق غازى ئاقسۇ شەھىرىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. شۇ ھالەتتە جامالىددىن خوجىنى تۇتۇپ ئاتلىق غازىنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ كىردى.

ئاتىلىق غازى بىرە ـ ئۈنچە دەشنام ـ ئازار بەرگەندىن كېيىن گۇناھىنى ئەپۇ قىلىپ يەكەنگە ئەۋەتىپ جامالىددىن خوجىنى ھاجى پادىشاھقا ھەمخانە*، ھەمسۆھبەت قىلىپ، بىر لەھەتكە كۆمدى. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇنىڭ پۈتۈن شەھەر ـ سەھرالىرىنى بويسۇندۇرۇپ قولىغا كىرگۈزۈپ خاتىرجەم بولدى. چىلانغا كەلگەندە خوجا نەزەربەگنى باش قىلىپ مۆمىن يۈز بېشىنى ئوتتۇز سەككىز يىگىتى بىلەن قوشۇپ «ئۈچتۇرپان ئەھلى خوجىلاردىن، خوجىلار ئۈچتۇرپان خەلقىدىن زېرىكىپتۇ. بۇرھانىد-دىن خوجىنىڭ بىرگە خېلى ئىشەنچىسى بار. خوجىنى ئوغلى بىلەن ئازار بەرمەي، چىرايلىقچە مېنىڭ بارگاھىمغا ئەۋەتىپ، يۇرتتىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭلار» دېگەن پەرمايىش بىلەن ئۈچتۇرپانغا يولغا سالدى. خوجا نەزەربەگ ئۈچتۇرپانغا يېتىپ بېرىپ قورال ـ ياراق، خەزىنە، ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ ئاچقۇچ-لىرىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئاندىن مۆمىن يۈز بېشىغا بۇرھانىددىن خوجىنى ئوغلى ۋە ئۈچ نەپەر مەھرىمى بىلەن 20 نەپەر كۆچمەننى قوشۇپ ئاقسۇغا يولغا سالدى. ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنى ئۈچ كۈنگىچە مېھمان قىلدى. تۆتىنچى كۈنى بۇرھانىددىن خوجا، جانابىي ئاتىلىق غازىنىڭ دىدارىنى زىيارەت قىلىپ ھەققىگە دۇئا قىلساق، دەپ ئىلتىماس قىلدى ۋە قەدىر-ئەھۋال تارتۇق ـ پېشكەش راسلاپ ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشتى. ئاتىلىق غازى ئۆز بارگاھىغا باشلاپ داستىخان سېلىپ كىمخاب تون، سەللە ـ كۇلالار ئىنئام قىلدى.

ئاتىلىق غازى ئاقسۇغا بېرىپ ئىشنى سەرەمجانلاشتۇرغاندىن كېيىن، ھېكىمخان تۆرەمنى ئاقسۇغا ھاكىم قىلىپ باي ۋە سايراملارغىچە سۈيۈرغال قىلىپ مەرھەمەت قىلدى. ھەمدەم

* ھەمخانە — بىر ئۆيدە ياكى ياندىش ئۆيدە بىللە تۇرماق.

www.uyghurkitap.com

باتۇرنى باتۇر بېشى، خوتەنلىك موللا ئابدۇللا ئاخۇننى قازى كالان قىلىپ يارلىق چۈشۈردى. بۇرھانىددىن خوجىنى ئوغلى بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتىپ مەھمۇد خوجا ھەزرەتنىڭ خانىقاسىغا تاپشۇردى. تاش خوجا پانساتنى بايغىچىلىك چىغاۋۇل قىلىپ 200 يىگىتى بىلەن ئالدىن ماڭدۇردى. بۇلار بايغىچە بىر يېرىم تاش مىقدارى كېلىدىغان سايلەنگەر دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە كۇچا تەرەپتىن ئىبراھىم تۆرە، باقى تۆرە، تالى خەلىپە باشلىق 4000 لەشكەر كېلىپ قوشتام دېگەن يەردە تاش خوجىنى 160 ئادىمى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئىككى ئايدىن كېيىن تاش خوجا بىلەن يەنە بىر مۆتىۋەر كىشىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى تېپىپ دەريادا يۇيۇپ تازىلاپ خالتىغا سېلىپ قەشقەرگە ئاپىرىپ ھەزرىتى ئاپاق خوجا مازىرىغا دەپنە قىلىشتى.

كۇچا لەشكەرلىرى شۇ تەرىقىدە ئاتلىق غازىنىڭ يىگىتلىرىنى ئارقىسىغا ياندۇرۇپ جوغا دېگەن مەنزىلدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئۆزلىرى جوغادا چۈشكۈن قىلىپ ياتتى. نۇرغۇن لەشكەرلىرىنى ياقائېرىقتا توختىتىپ، تاغ ئىچىدىكى جىلغا، غارلارغا بۆكتۈرمە قىلىپ قويۇپ ئۆزلىرىگە دۈشمەن بولغان نۇرغۇن ئادەملەرنى يوقاتتى. تىرىك قولغا چۈشكەنلىرىنى تېرەككە ئېسىپ، ئاستىدىن ئوت قالاپ كاۋاپ قىلىپ ئۆلتۈردى.

ئاتلىق غازى بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ غەزىپى ئۆرلەپ نۇرغۇن سەرۋاز، جانبازلارنى قىل قۇيرۇق بولۇپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە پەرمان قىلدى. ئارقىسىدىن ئۆزى پۈتۈن ئەركان دۆلەت بىلەن غەلىبە ئارغىماقلىرىنىڭ ئۈزەڭگىلىرىگە ئاياغ قويدى، ئەمىر لەشكەر، پانسات ۋە يىگىتلەر ئاتلىق غازىنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ بىردەك ئات سالدى. ئۇلار شۇ مېڭىشىدا جوغانى ئېلىپ ياقائېرىققا يېتىپ باردى. ساينىڭ لېۋىدە شۇنداق قاتتىق

چەڭ بولدىكى، ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنىڭ مۇردىسى سايىنىڭ تېشىدىن زىيادە يېتىپ كەتتى. ئاخىر يەنە نۇسرەتلىك قوشۇن غەلىبە قىلدى. كۇچا لەشكەرلىرىدىن ئىبراھىم تۆرە باشلىق ئازغىنا كىشى جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. قالغانلىرىنى تۇتۇۋېلىپ بەزىلىرىنى سىياسەت قىلىپچىدىن ئۆتكۈزدى. بەزىلىرىنى نەزەربەنت قىلىپ ئاقسۇغا ئەۋەتتى. كۇچا لەشكەرلىرىدىن 3000 دىن كۆپرەك كىشى هالاك بولۇپ، ئاتىلىق غازىنىڭ يىگىتلىرىدىن 800 دىن ئارتۇق كىشى زايە بولدى. بۇ چاغدا ئاتىلىق غازى چېدىر - بارگاهلىرىنى ياقائېرىق يېزىسىغا تىكىپ قارار تاپتى.

كۇچا تەرەپتىن راشىددىنخان خوجام هامىددىن خوجىنى باش قىلىپ يەنە 4000 لەشكەر ئەۋەتتى. هامىددىن خوجام بايغا كېلىپ جەڭ قىلىشنىڭ غەرىزىدە بولماي بەلكى ئەل بولۇپ ئىتائەت قىلىشنى ئۆزىگە لازىم بىلدى ۋە ئاتىلىق غازىنىڭ ئالىي بارگاهلىرىغا ئۆز مەقسەتلىرىنى بايان قىلىپ خەت ئەۋەتتى. ئاتىلىق غازى ئەرزنى كۆرۈپ ناهايىتى خۇشال بولۇپ دەرهال هامىددىن خوجىنىڭ ئالدىغا مەهرەملەرنى چاپتۇردى. مەهرەملەر هامىددىن خوجىنى ئېلىپ كېلىپ ئاتىلىق غازى بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئاتىلىق غازى هامىددىن خوجامدىن ناهايىتى خۇش بولۇپ، تون - سەرۇپاي، سەللە - كۇلا، تەڭگە - تىللالارنى ئىنئام قىلدى. ئاندىن كېيىن: «بىز كۇچانى سەرەمجانلاشتۇرۇپ ئايتقۇچە سىلى قەشقەرگە بېرىپ تۇرسىلا. بىر نان تاپساق تەڭ يەيمىز»، دەپ ۋەدە - قەسەملەر قىلىپ، مۇلازىم خىزمەتچىلەرنى قوشۇپ هامىددىن خوجىنى قەشقەرگە يولغا سالدى، ئىككى يىلغىچە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ هامىددىن خوجىغا تۆردىلەر قاتارىدا ئورۇن، تەمىنات، سەرۇپاي بېرىپ، ئىززەت - ئىكرامىنى بەجا كەلتۈردى. كېيىن ئۇنىڭدىن كايىپ هەزرىتى ئاپاققا تاشلىدى.

جانابى ئاتىلىق غازى ياقائېرىقتىن ئاتلىنىپ مەنزىلمۇ

www.uyghurkitap.com

مەنزىل يول يۈرۈپ قىزىل يېزىسىغا كەلدى. بۇ يەردىن خەيرى مۇھەممەد پانسات توپچىنى چىغاۋۇل قىلىپ كۇچاغا ماڭغۇزدى. كۇچادىن راشىددىنخان خوجا يەنە بىر مۇنچە لەشكەرلىرى چىقارغانىكەن. خەيرى مۇھەممەد توپچى بىر ھۇجۇم بىلەن ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، شۇ ماڭغىنىچە كۇچانى قولغا كىرگۈزۈپ، شامالباغ يېزىسىغا ئورۇنلىشىپ، ئۇ يەردىن ئاتلىق غازىغا ئەھۋالنى بايان قىلىپ خەت ماڭدۇردى. ئارقىدىن جاتابىي ئاتلىق غازى داغدۇغا بىلەن كۇچاغا يېتىپ كەلدى. ئاندىن شامالباغ يېزىسىدىكى بۇلاق بېشىغا چېدىر-بارگاھلىرىنى تىكتى ۋە مۇلازىم يىگىتلەرنى كىرگۈزۈپ راشىددىنخان خوجىنى تۇتتۇرۇپ چىقتى ۋە ئۇنىڭغا بىر مۇنچە غەزەپ، دەشنام-ھاقارەتلەرنى قىلغاندىن كېيىن گۇناھىنى ئەپۇ قىلىپ ئۆز لايىقىدا تون-سەرۇپايلارنى ئىنئام قىلىپ، مۇلازىم يىگىتلەرنى ھەمراھ قىلىپ ئوردىسىغا كىرگۈزۈۋەتتى. راشىددىنخان خوجا ئوردىسىغا كىرگەندىن كېيىن قولىغا قىلىچ ئېلىپ بىر مەھرەمنى چېپىپ تاشلىدى. ئاندىن قولىغا مىلتىق، قىلىچ ئېلىپ سىپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ «مېنىڭ لەشكەرلىرىم نەگە كېتىشتىڭ؟ بۇ ئەنجانلىق قىپچاقلارنى ئورۇپ ئۆلتۈرۈپ شەھەردىن قوغلاپ چىقارمامسەن؟» دەپ ۋارقىراپ-جارقىراپ دىۋانىنىڭ ئىتىدەك ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ يۈردى. بۇ چاغدا لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەنىدى.

ياقۇپبەگ بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ يىگىتلىرىنى كىرگۈزۈپ راشىددىنخان خوجىنى تۇتتۇرۇپ چىقىپ يوقاتتى. راشىددىنخان خوجىنىڭ ئىنىسى جالال خوجا بىر كىشىنىڭ ئەقدى نىكاھىدىكى بىر خوتۇننى ئۆز ئەمرىگە ئالغانىكەن. پەخرىددىن خوجا پولسا شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىگە بويسۇنماي، قازى-مۇپتىلارنى ھاقارەت ۋە دەشنام قىلغانىكەن. ياقۇپبەگ بۇرۇن ئۆتكەن

پېشىۋا ئالىملارنىڭ ھۆكمى بويىچە ئۆلىمالاردىن پەتىۋا ئېلىپ، پەتىۋانىڭ مەزمۇنلىرىنى خوجىلارغا بىلدۈرۈپ، ئۆز ئىقرارى بىلەن گۇناھلىرىنى گەدىنىگە قويۇپ ئامىمىغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن ئۇلارنى قەتلى قىلدى. ئىبراھىم تۆرىنىمۇ قەتلى قىلدى.

ئىشەنچلىك مۇلازىم، خىزمەتچىلەرنى بەلگىلەپ خان خوجىنىڭ خەزىنە - دەپىنە، ياراق - ئەسلىھە، توپ - زەمبىرەك ۋە پۈتۈن پادىشاھلىققا تەئەللۇق نەرسە - كېرەكلىرىنى خەتلەپ دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇردى. قۇمۇلدىن تارتىپ بۇ ئالتە شەھەردىكى خىتايلارنىڭ قورال - ياراقلىرى، خەزىنىلىرى راشىددىنخان خوجىنىڭ خەزىنىلىرىگە يىغىلغانىدى. ئۇنىڭ ھەممىسى جانابىي بەدۆلەتنىڭ خەزىنىلىرىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قەشقەرگە ئېلىپ كەتتى.

ياقۇپبەگ كۇچانىڭ ئىشلىرىنى سەرەمجان قىلىپ تۈگىتىپ، ئىسھاق خوجامغا كۇچا، شايار، بۈگۈرلەرنىڭ مۇستەقىل ھاكىملىقىنى مەرھەمەت قىلدى. كۇچادا ئىككى ئاي مىقدارى تۇرۇپ، ئۇلۇغ مازارلارغا نەزىر - نىيازلار قىلىپ، غېرىب - غۇرۋالارغا سەدىقە - ئېھسانلار بېرىپ، خەتمە - قۇرئان قىلدۇرۇپ ساۋابىنى ئەرۋاھلارغا بېغىشلاپ، ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە قەشقەر دارىسسەلتەنە①گە قاراپ يولغا چىقتى. ئاقسۇغا كېلىپ بىر ئاي مىقدارى تۇرۇپ، ئاقسۇنىڭ كاتتىلىرىدىن باقى مۇپتى ئاخۇنۇم، مۇھەممەد ئابدۇللا ئىشىكئاغابەگ، قاسىم قازى باشلىق 17 ئۆيلۈك ئادەمنى ئاق ئۆيلۈك② قىلىپ يەكەنگە ماڭدۇردى.

جانابىي ياقۇپبەگ ئاقسۇدىكى تەۋەررۇك مازارلارنىڭ ھەققىدە خەتمە - قۇرئان ئوقۇتۇپ، كەگرى نەزىر - چىراغ، خەير -

① دارىسسەلتەنە — پادىشاھ ئوردىسى جايلاشقان شەھەر، مەركەز.

② ئاق ئۆيلۈك — سۈرگۈن قىلىش، يات يەرلەرگە پالاش.

www.uyghurkitap.com

سەدىقىلەرنى بېرىپ، داشلارنى قايىنتىپ، غېرىب ـ غۇرۋالارنىڭ دۇئالىرىنى ئېلىپ ئۈچتۇرپانغا قاراپ ئاتلاندى. ئۈچتۇرپانغا يېتىپ بېرىپ 20 كۈندەك تۇرۇپ، مۇھەممەد بابا توقسابەگكە ئالائىددىن بەگنى سەركار* قىلىپ تەيىنلەپ قويۇپ، ئۆزى قاخشال يولى بىلەن قەشقەرگە قاراپ راۋان بولدى.

ئاتىلىق غازىنىڭ قوشۇنلىرى مەنزىلمۇ مەنزىل يول يۈرۈپ، ئاتۇشقا يېقىنلىشىپ، سۇغۇن قورۇل دېگەن مەنزىلگە كەلگەندە تاغ باغرىدىكى تاشقىن سۇ ئاققان بىر جىلغىغا چۈشۈپ ئارام ئالدى. كېچىسى ھاۋا بۇزۇلۇپ، چاقماق چېقىپ ھاۋا گۈلدۈرلىگىلى تۇردى. شۇ ئەسنادا ئازغىنا يامغۇرمۇ ياغدى. بۇنىڭغا ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى. يېرىم كېچە بولغاندا جىلغىغا تاشقىن سۇ كېلىپ خەزىنە ـ دەپىنە، ئات ـ تۆگە، زەمبىرەك، سەرۋاز ـ جانبازلارنىڭ تولىسىنى ئېقىتىپ كېتىپ چوڭ پالاكەت يۈز بەردى. زايە بولغان خەزىنە، قورال ـ ياراق، يىگىت ـ سەرۋازلارنى ئىزدەپ بەزىلىرى بىر كۈنلۈك ھەتتا ئىككى كۈنلۈك يەردىن تېپىپ كەلدى. كۆپلىرىنى تاپالمىدى. جانابىي ئاتىلىق غازىنىڭ بارگاھى ئېگىز يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. سەلەب سۇ تەسىر قىلالمىدى. جانابىي ئاتىلىق غازى بۇ چوڭ ھادىسە توغرۇلۇق ھېچكىمگە بىلدۈرمىدى. ھايات قالغانلارغا تون ـ سەرۇپاي، سەللا ـ كۇلا، ئات ـ ياراق ئىنئام قىلدى.

كۈز پەسلىنىڭ باشلىرى ئىدى. ئۇلار قەشقەر تەرىپىدىن بىرنەچچە 100 ئېشەكتە قوغۇن ـ تاۋۇز، يەل ـ يېمىشلارنى ئېلىپ چىقتى. ئاتىلىق غازى قوغۇننى ئېلىپ، ئۆز قولى بىلەن پىچىپ بىر تىلىمىنى يەپ، قالغىنىنى چوڭ ـ كىچىك يىگىت، سەرۋاز، مۇلازىم، ياساۋۇللارغا مۇلايىم ۋە ياخشى سۆزلەر بىلەن

* سەركار ـــ ئىش بېشى.

بىر تىلىمدىن بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلدى. بۇ مەنزىلدىن قوزغىلىپ ئاقىۋەت پايتەخت قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى. بۇ چاغ تارىخىي ھىجرىيە-نىڭ 1284 - يىلى① (مايمۇن يىلى) جامادىيەلئاخىرنىڭ 22 - كۈنى ئىدى.

ياقۇپبەگ قەشقەردىكى مازارلاردىمۇ نەزىر - سەدىقە ئۆتكۈ-زۈپ غېرىب - غۇرۋا، تۇل خوتۇن - يېتىم ئوغۇللارنىڭ دۇئالىرىنى ئالدى. ئەمىرلەشكەر، پانسات، يۈز بېشى، يىگىت - سەرۋاز، چوڭ-كىچىك ھەممىسىگە مەنسەپ بېرىپ، تون - سەرۆپاي، تەڭگە - تىللا-لارنى ھەددىدىن زىيادە ئىنئام قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاتىلىق غازى بۇزرۇكخان تۆرەمگە 10 مىڭ تىللا بېرىپ بەدەخشان يولى بىلەن ئىككى ھەرەمنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن پەرغانىگە ئۇزىتىپ قويدى②. 12 ئاي مىقدارى ۋاقىت ئىچىدە خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، كۇچا ۋە كورلىغىچە قولغا كىرگۈزۈپ بۇ موغۇلىستان مەملىكە-تىنىڭ پادىشاھى بولۇپ ھەممىنى ئۆز بۇيرۇقى ئاستىغا ئالدى.

---

① ھىجرىيىنىڭ 1284 - يىلى مىلادىنىڭ 1867 -، 1868 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② بۇزرۇكخان خوجا پەرغانىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قاراۋۇل تۆپە دېگەن يەرنىڭ قاشتۇگمەن كەنتىگە يېقىن كونا ئېغىز كەنتىدە ياشىغان ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان — مۇھەررىردىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 7

### ياقۇپبەگ ئاتىلىق غازىنىڭ يەتتە شەھەر ۋە موغۇلىستاننى ئۆزىگە بويسۇندۇرغانلىقى؛ رۇم خەلىپىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ يارلىقنا ئېرىشكەنلىكى ۋە باشقا ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكى

جانابىي ئاتىلىق غازى ئاقسۇ، كۇچالارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن دارىسسەلتەنە قەشقەرگە قايتىپ بېرىپ خاتىرجەم بولدى. شۇنىڭ بىلەن موغۇلىستان زېمىنى ئىچىدە ئۆزئارا دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت تۈگىتىلىپ، «پادىشاھلارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق ھەممە ئادەم بەللىرىگە ئىتائەت كەمىرىنى مەھكەم باغلىدى. بۇ قىشنى ئۇلار مۇشۇ تەرىقىدە تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئۆتكۈزدى. يىل ئۆرۈلۈپ باھار يېتىپ كەلدى. گۈل رەيھانلار كەڭ زېمىننىڭ قارا تۇپرىقىدىن باش كۆتۈردى.

ياقۇپبەگ ئاتىلىق غازى ئاقسۇ، يەكەن ۋە خوتەنلەردە ھەر تۈرلۈك ھۈنەرۋەنلىك ئىشخانىلىرى قۇرۇشقا پەرمان چۈشۈردى. جۈملىدىن زەرگەرلەر ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن كەمەر، ئوقدان، يۈگەن، قۇشقۇن قاتارلىق ئات جابدۇقلىرى ياسىدى؛ تۆمۈرچىلەر مىلتىق، قىلىچ، شەمشەر، ئۈزەڭگە، يۈگەن قاتارلىق تۆمۈردىن ياسىلىدىغان نەرسىلەرنى تەييارلىدى؛ قازانچىلار چوڭ ـ كىچىك توپ ـ زەمبىرەك، چاچما ئوق قاتارلىقلارنى تەييارلىدى؛ كىيىم تىككۈچىلەر كىمخاب، تەتىللا، تاۋار، بەقەسەم، شايى، ئەتلەس، باناردىس*، چىت، چەكمەنلەردىن تون، يەكتەك، تامباللارنى

---

* باناردىس — يوللۇق يىپ، رەخت.

ئىككىلى تۇردى؛ تۇماقچى ۋە تېرىپۇرۇشلار بۇلغۇن، سۆلەيسۇن،
تۈلكە تېرىلىرى ۋە كۆرپىلەردىن يۇمشاق جۇۋا چاپان، رۇمچە
شاهانە تۇماق، تەلپەكلەرنى هازىرلىدى؛ موزدۇز-سەرراچلار①
تۇرلۇك ئۆتۈك، تووۇرا②، يۈگەن، قۇشقۇن، ئۈزەڭگە بېغى، ئېيىل—
تارتما تىكتى. ياغاچچى، قونداقچى، مىخچى، قۇيمىچى قاتارلىق
كاسىپلارمۇ هۈنەرلىرىدە ئۆز ماهارەتلىرىنى نامايان قىلدى. يەنە
قوقەن خانلىرىنىڭ ئىشخانلىرىدىن تەربىيىلىنىپ چىققان ماهىر،
كامىل ئۇستىلارنى ئەكەلدۇرۇپ، مەللەخانىنىڭ نامىدا تىللا سوقتۇر-
دى. بىر ياقتىن مىس پۇل قۇيۇشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىپ، ۋاڭ-خان
نامىدا مىس پۇل قۇيدۇردى. هەرخىل كەسىپ ئۇستىدە، ئۇستا
بېشى ۋە هەممە ئۇستا بېشىلىرىنىڭ تۆپىسىدە ئىش بېشى تەيىنلىدى.
هەممە كاسىپ-هۈنەرۋەنلەرگە مائاش بەلگىلىدى. هېچقانداق
بىر كىشىگە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلمىدى. هەر ئادەم ئۆز ئىختىيارى
بىلەن كېلىپ، ئۆز هۈنەرلىرىنى قىلىپ، قىلغان ئىشلىرىغا لايىق
هەقلىرىنى ئالدى.

دېمەك، جانابىي ئاتىلىق غازى ئادالەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.
زۇلۇم ۋە زورلۇقلار سۇمرۇغقا ئوخشاش كوهىقاپ تېغىغا يوشۇ-
رۇندى. شۇڭا پۈتۈن پۇقرالار دۆلەتلىرىنىڭ زىيادە بولۇشى ئۈچۈن
قوللىرىنى ئىختىيارسىز كۆتۈرۈپ ئاتىلىق غازىغا دۇئا قىلىشتى.
ياقۇپبەگ ئاتىلىق غازى ئېهتىياتچانلىق بىلەن سىياسەتلەرنى ئادىل
يۈرگۈزدى. لەشكەرلەر ۋە پۇقرالارنىڭ مېلى ياكى جېنىغا قول
ئۇزىتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قاتتىق تەدبىرلەرنى يولغا قويدى. بىر
قېتىم ئاتىلىق غازىنىڭ قوشۇنلىرى يەكەندىن قەشقەرگە كېلىۋاتقان

---

① سەرراچ-ئات جابدۇقلىرىنى تىككۈچى ئۇستا.

② تووۇرا — ئاتقا بوغۇز بېرىدىغان تېرە قاپ.

چېغىدا چۆلدىن چىقىپ، ئاۋات بىر يۇرت* ئىچىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردە بىر كەمپىر بىرنەچچە قاچا قېتىقنى يولغا ئاچىقىپ سېتىۋاتقانىكەن. قوشۇن ئىچىدىكى بىر يۈز بېشى بىر قاچا قېتىقنى ئىچىپ پۇلىنى بەرمەي كېتىپ قالىدۇ. ئارقىدىن ئاتلىق غازى بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە ھېلىقى كەمپىر «بىر سىپاھ بىر قاچا قېتىقىمنى ئىچىپ پۇلىنى بەرمىدى» دەپ يىغلاپ ئەرز قىلىدۇ. ئاتلىق غازى كەمپىردىن «قېتىق ئىچكەن سىپاھنى تونۇمسىز؟» دەپ سورايدۇ. كەمپىر «تونۇيمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كەمپىرنى قوشۇن ئىچىگە ئەكىرىپ كۆرسىتىشكە ئەمر قىلىدۇ. كەمپىر قوشۇن ئىچىگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن قېتىق ئىچكەن سىپاھنى «مانا مۇشۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ سىپاھنى ئاتلىق غازىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىدۇ. ئاتلىق غازى كەمپىرگە قاراپ: «ئەي ئانا! بۇ يىگىتنىڭ قورسىقىنى ھازىر يېرىپ كۆرىمەن. ئەگەر قورسىقىدىن قېتىق چىقمىسا سىزنى ئۆلتۈرىمەن. ئۇ چاغدا ۋابال بولامدۇ، بولمامدۇ؟» دەيدۇ. كەمپىر «ۋابال بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاتلىق غازى دەرھال سىپاھنىڭ قورسىقىنى يېرىشقا بۇيرۇيدۇ. قارىغۇدەك بولسا قېتىق ھېچقانداق بۇزۇلماي ئۆز پېتى چىقىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى كەمپىرگە بېرىدۇ.

يەنە مۇنداق بىر ۋەقە بولغان: ئاتلىق غازىنىڭ قوشۇنلىرى ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەندە قوشۇن ئىچىدىكى بىر يىگىت بىر ئادەمنىڭ ئىككى باغ بېدىسىنى تارتىۋېلىپ ئېتىغا بەرگەنىكەن. بېدىنىڭ ئىگىسى ئەرز قىلغاندىن كېيىن بۇ يىگىتنىمۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قوشۇن ئىچىدىكى يىگىت ۋە سەرۋازلار كىشىلەرنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىگە زورلۇق قىلىشقا ياكى بازار

* يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى خانئېرىق يېزىسى — مۇھەررىردىن.

نەرقىدىن تۆۋەن سوراپ قوپاللىق قىلىشقا ئەيمىنىدىغان بولۇشتى. سودا ـ سېتىقتا ناھايىتى مۇلايىم، شېرىن سۆخەن بولۇپ، ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى.

مۇنداق بىر ۋەقەمۇ يۈز بەرگەن: ياقۇپبەگ ئاتلىق غازى ئاقسۇغا يۈرۈش قىلغاندا قەشقەردىن چىقىپ مارالبېشىغا كېلىدۇ. ئوغلى ھەيدەرقۇلىبەگ باشقا بىر نەرسىگە ئوق چىقارسا ئاتقان ئوقى خاتا كېتىپ شۇ تەرەپتە ئوتلاۋاتقان بىر ئېشەككە تېگىپ ئېشەك ئۆلۈپ قالىدۇ. ئېشەكنىڭ ئىگىسى ئەرز قىلىدۇ. تەكشۈرۈپ كۆرسە بۇ ئىشنى سادىر قىلغان ئۆز ئوغلى ھەيدەر قۇلىبەگ ئىكەن. ئاتلىق غازى قاتتىق غەزەپلىنىپ: «مەن ئاتلىق غازىنىڭ ئوغلى دەپ سەۋەبسىز ئوق چىقىرىپ پۇقرالارنىڭ ئېشىكىنى ئېتىپ ئۆلتۈرەمسەن؟» دەپ ئۇنى تاياققا تۇتۇپ ئەدىبىنى بەرگەنىكەن. شۇ سەۋەب بىلەن ھەيدەر قۇلىبەگ ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولغان. بۇنى كۆرگەن ئەمىر لەشكەر، پانسات باشلىق چوڭ ـ كىچىك ھەممىسىنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ چۈشۈپ يېڭىباشتىن تووا ـ ئىستىغپار ئېيتىشىپ ياقۇپبەگكە بولغان ئىتائەتنى تېخىمۇ زىيادە قىلغانىدى. گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى، پۈتۈن خالايىق ۋە يىگىت ـ سەرۋازلار ئىچىدە بىر ـ بىرىگە زورلۇق ۋە تەئەددى قىلىدىغان ئىشلار تامامەن تۈگىدى.

جانابىي ئاتلىق غازى مەيلى بار بولسۇن ياكى يوق بولسۇن، مەيلى يىراقتا ياكى يېقىندا بولسۇن، مەيلى كېچە ياكى كۈندۈزدە بولسۇن ھېچبىر كىشى بانا ـ سەۋەبسىز ھېچقانداق ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، بەلكى قىلىشنى يادىغىمۇ كەلتۈرەلمىدى. جانابىي ئاتلىق غازى يوق بولسۇن ياكى يىراقتا بولسۇن خۇددى ھازىر قاراپ تۇرغاندەك بىلىدى ھەم يۈز بەرگەن چوڭ ـ كىچىك ۋەقەلەرنى يېزىپ تۇرىدىغان كاتىپلارمۇ ھەر زامان، ھەر ماكاندا تەييار ئىدى.

www.uyghurkitap.com

يىگىت ۋە سەرۋازلارنىڭ سانى 50 مىڭدىن ئاشتى. ئىشخانىلاردا مائاش ئالىدىغان ئۇستا-ھۈنەرۋەنلەر 50 مىڭغا يېقىنلاشتى. خەزىنە-دەپىنلەرنىڭ سانىمۇ تولۇپ تاشتى. بۇ ۋاقىتتا ياقۇپبەگ ئاتلىق غازىنىڭ دۆلەت ھۆكۈمرانلىقى شەرق تەرەپتە ئۇششاقتال ۋە كۈمۈشكىچە، شىمال تەرەپتە مۇز داۋان ۋە زوق داۋانغىچە، غەرب تەرەپتە ئەركەشتام ۋە بەدەخشانغىچە، جەنۇب تەرەپتە قاراڭغۇ تاغ ۋە چەرچەنگىچە كېڭەيدى. بۇ چېگرا ئىچىدىكى تاغ ۋە يايلاق، سەھرا ۋە قىشلاق، جاڭگال ۋە دەشت-تاشلىقلارنى، خۇسۇسەن ئولجا ۋە «خېنى يەر-زېمىن»*لارنى ئىشەنچلىك مۇلازىم-خىزمەتچىلەرنى ئەۋەتىپ سېتىشقا كىرىشتى. بۇ ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن ئاقسۇلۇق موللا ئابدۇللا دىۋان بېگىنى باشلىق قىلىپ مۇھەممەد نەزەر قوشبېگى، مىرزا قاسىم مېھتەر، مىرزا ئېزىز بۇخارىلارنى ئاقسۇغا ئەۋەتتى.

بۇ يۇرتلارغا خىتاي ئەھلى ۋالىي بولغان چاغلاردا خاقانى چىن تەرىپىدىن ئاقسۇنىڭ ھاكىمى ۋە ئىشىكئاغىسى باشلىق 46 بەگكە پادىشاھلىق خەزىنىدىن بېرىلىدىغان مائاش تەممىنات ھېسابىغا چوڭلىرىغا جىق، كىچىكلىرىگە ئازراق يەر-زېمىن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنىكەن. ئاقسۇغا ھاكىم بولغان كىشىگە 100 ئۆيلۈك، ئىشىكئاغا بولغان كىشىگە 60 ئۆيلۈك، مەرتىۋىسىگە قاراپ ئەڭ تۆۋەن بەگكە تۆت ئۆيلۈكتىن دېھقاننى بەگلەرنىڭ دېھقانچىلىقىنى قىلىپ خىزمىتىگە سالسۇن، دەپ ئىنئام قىلىپ يارلىق چۈشۈرگەنىكەن. تا ئىسلامىيەتكىچە شۇ يارلىقنىڭ ھۆكمى بويىچە ھەرقانداق ئادەم بۇ مەنسەپكە ئېرىشسە، مەنسەپ ئۈچۈن ئىنئام قىلىپ بەرگەن يەرنى شۇ ئادەملەرگە تېرىتىپ ئۇلارنى خىزمىتىگە سېلىپ كەلگەنىدى.

---

* خېنى يەر-زېمىن — پادىشاھلىق يەر، دېگەن مەنىدە بولۇپ، «بەگلىك يەر» دەپمۇ ئاتالغان.

بۇ قائىدە يەتتە شەھەرنىڭ ھەممە يېرىدە بىردەك جارى قىلىنغانىدى. بەگلەر ئىنئام قىلىنغان بۇ ئادەملەرنى نەق پۇل بېرىپ سېتىۋالغاندەك ياكى ئاتا مىراس قۇلدەك ھەقسىز ئىشلىتەتتى. ئۇلارنى ئىشلىتىپ يەر تېرىتىپ، ئاشلىق ئالسا ئۇنى ئۆزىگە ھالال دەپ بىلەتتى. بۇنداق كىشىلەر ھەرقانچە پۇل سەرپ قىلىپ يۇرت خەلقىگە ئارىلاشسىمۇ ئەقەللىي كۆك بېشى، يۇن بېشى ياكى مۇئەززىن، جارۇپكەش① قاتارلىق تازىلىق ئەمەللىرىگىمۇ ئىگە بولالمايتتى. خەلق ئىچىدە «تامغىلىق ياپچى» دەپ ئاتىلىپ، ھەرگىز ئېتىبارى يوق ئىدى. بەگلەرگە خاقانى چىن تەرىپىدىن ئىنئام قىلىپ بېرىلگەن يەرلەرنى «خىتەي زېمىن» دەپ ئاتايتتى. يەنە بۇ شەھەرلەر خىتايغا تەۋە بولغاندىن كېيىن خىتاي ئەمەلدارلىرى پۇقرالارنى ئىشلىتىپ سۇ چىقىرىپ ئاۋات قىلغان يەرلەرنىمۇ «خىتەي زېمىن» دەپ ئاتايتتى.

مۇشۇنداق خىتەي يەر، قىشلاق ۋە يايلاقلارنى، ئىگىدارچىلىق قىلىپ تۇرغان كىشىلەرگە ۋە شۇ خىتەي يەرلەر تەۋە بولغان مەھەللە-كەنتلەرنىڭ ئاھالىلىرىگە سودا قىلىپ سېتىپ پۇلىنى ئالىي خەزىنىگە تاپشۇردى. ئاقسۇغا تەۋە ئاقيار، كەلپىن، مىرزا تام ئونباشقىچە بولغان جايلاردىن بەش لەك، 46 مىڭ تەڭگە② پۇل ھاسىل بولدى. باي، سايرامدىن سەل كەم تۆت لەك تەڭگە پۇل كىرىم بولدى. قالغان ئالتە شەھەرنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇ تەرىقىدە بولدى.

ياقۇپبەگ ئاتلىق غازىنىڭ بەخت-دۆلەتلىرى كۆندىن-

---

① جارۇپكەش — مەسچىت-خانىقا قاتارلىق دىنىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ تازىلىق خىزمەتچىسى.

② «تارىخىي ھەممىدىيە» دە «ئەللىك ئالتە مىڭ تەڭگە» دېيىلگەن — مۇھەررىردىن.

www.uyghurkitap.com

كۈنگە يۇقىرى ئۆرلەپ ئەۋجىگە چىقتى. دۈشمەنلىرىنىڭ ئەھۋالى خارلىققا يۈزلەندى. مۇشۇنداق ئادالەت قانات يايغان، تەرتىپ ۋە ئىنتىزام راۋاج تاپقان كۈنلەردە ھەر تەرەپتىن ئەلچىلەر كەلگىلى تۇردى. جۈملىدىن تاشكەنتلىك قازىخانتۆرەم ئىككى ھەرەمنى زىيارەت قىلىپ شەرەپ بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كەلدى.

بۇ زات ئاتىلىق غازىنى «رۇم خەلىپىسى»* گە ئەلچى ئەۋەتىشكە دالالەت قىلدى. ئاتىلىق غازى بۇ پىكىرنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، «رۇم خەلىپىسى بولسا مۆمىنلەرنىڭ پېشىۋاسى، روي زېمىننىڭ يېتەكچىسى. مېنىڭ ئۇ كىشىگە ئەلچى ئەۋەتىپ سالامىمنى يەتكۈزمىكىم زۆرۈر» دېدى. بۇ چاغدا قازىخانتۆرەم مۇنۇلارنى يەتكۈزدى: «تاشكەنتنى ئورۇسلار بېسىۋالغاندىن كېيىن يۇرتنىڭ ئۆلىما، پازىل، ئېتىقادلىق كىشىلىرى، بىزگە بۇ يۇرت ھارام بولدى، دەپ ئورۇسلارغا ئىتائەت قىلىشنى ئۆزلىرىگە نومۇس بىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى جارى قىلىپ ھىجرەت قىلىشنى ئىختىيار قىلدى. شۇ جۈملىدىن مەنمۇ ھىجرەتنى ئىختىيار قىلىپ ئىككى ھەرەمنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن قايتىپ رۇمغا كەلدىم. بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن رۇمنىڭ ئەركان دۆلەت، ئۆلىما، پازىللىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم. ئۇلار: ‹پەرغانە ۋىلايىتىنى ئورۇسلار بېسىۋاپتۇ. خاقانى چىن ۋىلايەتلىرىدىمۇ بىرمۇنچە مۇسۇلمانلار خاقانى چىننىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ، ئىسلام ئېچىپ راۋاج تېپىپتۇ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدۇق› دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن خەلىپە ھەزرەتلىرى شەرق تەرەپتىكى ئىسلام ئاچقان مۇسۇلمانلارنىڭ راۋاجى ئۈچۈن مەسچىت ـ مەسچىتلەردە بەش ۋاق نامازدىن كېيىن دۇئا قىلىنسۇن، دەپ يارلىق قىلدى

---

* ئوسمانلى تۈرك خەلىپىلىكىنى دېمەكچى ــ مۇھەررىردىن.

ۋە ئۆزى باش بولۇپ شەرق تەرەپكە قاراپ دۇئا قىلدى. ئەمما ئىسلام ئېچىشقا باشچىلىق قىلغان ئۇلۇغلارنىڭ نامىنى ھاجىلاردىن سورىسا، بەزىلىرى خوتەن پادىشاھىنىڭ ئىسمىنى ئېيتتى. بەزىلىرى كۇچالىق خوجىلارنىڭ ناملىرىنى ئېيتتى. بەزىلىرى ئىلى سۇلتانىنىڭ نامىنى زىكرى قىلدى. باشلىق بولۇپ ئىسلام ئاچقان كىشىنىڭ نامىنى خەلىپە ھەزرەتلىرى بىلەلمىدى. زېمىن يۈزىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پۇشتى پاناھى بولغان رۇم خەلىپىسى بولغاچقا، بىرەر جايدىكى مۇسۇلمانلار باش كۆتۈرسە، ئۇ خۇشال بولۇپ دۇئا قىلىدۇ. مۇبادا مۇسۇلمانلارغا زىيان - زەخمەت يەتكەنلىكىنى ئاڭلىسا، مالال ۋە غەمكىن بولۇپ، ئۇلىنىڭدىن قۇتۇلۇشقا دۇئا- تەكبىر قىلىدۇ. ھەر تەرەپتە تۆرلۈك يول بىلەن باش كۆتۈرگەن مۇسۇلمانلارنى بىلىپ دەپتەرگە خەتلەپ قويۇش ھەر زاماندىكى خەلىپىلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئىكەن. بۇ موغۇلىستان يۇرتىنىڭ ھەممىسى جانابىڭىزغا قاراپتۇ. ئەلۋەتتە ئۆزىڭىزنى مەلۇم قىلىپ رۇم خەلىپىسىگە خەۋەر قىلمىغىنىڭىز لازىم» دېگەندە، بۇ گەپلەر ياقۇپبەگ ئاتىلىق غازىغا ماقۇل كەلدى. خاقانى چىنىنىڭ مەرغۇب ماللىرىدىن تاۋار - دۇردۇن، پاكىز - ئېسىل چاي، چىنە، ئالتۇن، يامبۇ، بىر توققۇز قالماق ۋە قازاق ئېتى، بىر توققۇز باكىرە پاكىزە گۈزەل بەرنا قىز، بىر توققۇز نەۋ جۇۋان، زىبا ياش يىگىت قاتارلىق تارتۇق پىشكەشلەرنى راسلاپ ھاجى قازىخانتۆرەمنى باش قىلىپ بىرنەچچە ئىشەنچلىك مۇلازىم، خىز- مەتكارلارنى ھەمراھ قىلىپ قۇتلۇق زامان، سائادەتلىك كۈنلەردە رۇمغا سالدى.

شۇ كۈنلەردە پەرغانە ۋىلايىتىدىن سەيىد پازىل ئەھرارخان تۆرەم، قوقەندىن سەيىد ئەردىلاتى داموللىلار قەشقەرگە كەلدى.

كۇچالىق خوجىلارنىڭ زامانلىرىدا كەشمىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئېلىخاننىڭ ئوغلى مۇزەپپەرخان يەكەنگە كەل-

www.uyghurkitap.com

گەنىدى. ئۇ يەردىن كۇچاغا بارغان ۋە كۇچادىن ئۆتۈپ كور-لىغا بارغان چاغدا، ئاتىلىق غازى نۇسرەتلىك قوشۇنلىرى بىلەن كۇچاغا يېتىپ كەلدى. مۇزەپپەرخان كورلىدىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ بىرنەچچە زامان غۇربەتچىلىك بىلەن ئۆمۈر كەچۈرۈپ تۇرغان چېغىدا، ئىلى تەرىپىدىن كەلگەن بەزى مۇساپىر بايلار مۇزەپپەرخان بايىنى تونۇپ ئىززەت - ئىكرامىنى قىلدى. تۇڭ-گانلارنىڭ ئۇلۇغى لورىنجا خەلپىنمۇ* خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭ كۆپ ئىززىتىنى قىلىپ نەچچە ساندۇق چاي ۋە كۈمۈش ھەدىيە قىلدى، باشقا تۇڭگانلارمۇ قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلدى. مۇزەپپەرخاننىڭ قولىغا پۇل كىرگەندىن كېيىن ئەتراپىغا ئادەملەر توپلاندى، مۇشۇ كۈنلەردە خوتەندىن قېچىپ كەلگەن، مۇھەممەد ئېلىخاننىڭ خىزمىتىدە بولغان كونا سىپاھلاردىن مىرزا ئەھمەد قوشبېگى، مۇھەممەد بابا دادخاھ، غازى پانسات قاتارلىقلار: «ئىلاج بولسا ئاقسۇ ۋىلايىتىگە، ھېچ بولمىغاندا كۇچا تەۋەسىگە قەدەم تەشرىپ كەلتۈرسىلە، بىز ئۆزلىرىنى ئالتە شەھەرگە خان قىلاتتۇق. چۈنكى سىلى ھەممىمىزنىڭ ئۇلۇغىمىز، مەۋلانىمىز ۋە خوجىمىز» دەپ ئارقا - ئارقىدىن خەت ئەۋەتكىلى تۇردى. بۇنى كۆرۈپ مۇزەپپەرخاننىڭ ئاتا ۋە ئەجدادلىرىنىڭ كەسىپ - ھۈنەرلىرىنى قىلىپ، يۇرت سوراپ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇش ئارزۇسى كۆڭۈللىرىنى بىئارام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە پاراكەندە - باشباشتاق تۇڭگان ۋە مۇساپىر نامەنگانلىقلارنى ئەتراپىغا توپلاپ جەمئىيەت قۇردى. بىرنەچچە بايلار ھۆكۈمەت تۇتۇپ ئەمەلگە ئىگە بولۇش-نى تەمە قىلىپ قوللىرىدىكى دەسمايىسىنى قەرز بەردى ۋە باشقىلاردىنمۇ قەرز ئېلىپ بەردى. بۇنىڭغا ئات - ياراق، قورال

* تۇ دىلىڭ (داۋۇت خەلىپە)نى دېمەكچى — مۇھەررىردىن.

ئەسلىھە تەييارلاپ بىردىنلا كورلىغا بېسىپ بېرىپ، ناغرا-كاناي چېلىپ كورلىنى قولغا كىرگۈزۈۋالىدى. كورلىنىڭ ھاكىمى ھاجىبەگ قېچىپ كوچاغا كېلىپ بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى. كوچادىن بۇ ۋەقەنى خەۋەر قىلىشقا كېيىنكىتەك چاققان بىر خەۋەرچىنى قەشقەرگە چاپتۇردى.

جانابىي ئاتىلىق غازى مۇزەپپەرخانىنىڭ كورلىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، كونا سىپاھ ۋە يىگىتلەردىن ئەندىشە قىلدى. چۈنكى مۇزەپپەرخان خانزادە بولۇپ، ھەممىسىنىڭ چوڭى ئىدى. ئاتىلىق غازى دەرھال ئىسھاق خوجىغا قارىتىپ: «ئۆز يىگىتلىرىڭىزنى ئېلىپ كورلىغا بېرىپ ئىلاج بولسا مۇزەپپەرخاننى تىرىك قولغا چۈشۈرۈڭ، بولمىسا ھەر تەرىقە بىلەن يوقىتىپ، ماڭا مەلۇم قىلغايسىز»، دېگەن مەزمۇندا نامە ئەۋەتتى. نامە يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ ئىسھاق خوجام قېشىدا تەييار تۇرغان 2000 يىگىتى بىلەن كورلىغا يېتىپ بېرىپ مۇزەپپەرخانىنىڭ بارگاھلىرىنى قورشىۋالدى. بىرمۇنچە قالماقلار مۇزەپپەرخانغا قوشۇلغانىكەن. ئۇلار قېچىپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى. مۇزەپپەرخان ئازغىنا ئادەم بىلەن قېلىپ ئىسھاق خوجىغا تەڭ كېلەلمەي چېدىرلىرىغا يوشۇرۇندى. ئىسھاق خوجىنىڭ باتۇرلىرى تەرەپ-تەرەپتىن ئوق ئېتىپ مۇزەپپەرخوجىنى ھالاك قىلدى. چېدىر-بارگاھلىرىنى غەلۋىردەك تۆشۈك-تۆشۈك قىلىۋەتتى. بۇ ۋەقە تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1285-يىلى* كۈز پەسلىدە بولغانىدى.

ئاقسۇنىڭ ھاكىمى ھېكىمخان تۆرەم بۇيرۇق بويىچە قىزىل يېزىسىغا بېرىپ قارا كۆرسىتىپ ياردەم يەتكۈزۈپ تۇردى.

---

* ھىجرىيىنىڭ 1285-يىلى مىلادىنىڭ 1868-، 1869 يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

مۇساپىر پانسات① ۋە يىگىتلەرنى كۆچاغا كىرگۈزمىدى. ئاتىلىق غازى ناھايىتى ئېھتىيات قىلغانلىقىدىن شۇنداق قىلىشقا پەرمان چۈشۈرگەنىدى. مۇزەپپەرخان بىر تەرەپ بولمىغۇچە قەشقەردىكى ئەمىرلەشكەر ۋە پانساتلارغىمۇ زادى بىلىندۇرمىدى. ئۇ مۇزەپپەرخان بىلەن بىللە كەلگەن نەمەنگانلىق مۇسا كۆلال باي بىلەن يەنە ئىككى نەمەنگانلىقنى قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ مۇزەپپەرخاننىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىپ خاتىرجەم بولدى. ئۇنىڭغىچە قىش پەسلىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى.

جانابىي ئاتىلىق غازىغا تەۋە ۋىلايەتلەرنىڭ ھاكىملىرى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت باشلىقلىرى، ئەمەلدار، ئىش بېشىلىرى توقسان تارتۇق ② نىڭ تەرەددۇتىغا كىرىشتى. ھەرقايسىسى جان - دىلى، پۈتۈن كۈچى بىلەن بىساتلىرىدا بارلىكى نەرسىلەرنى ھەتتا ئۇنىڭ ئۈستىگە قەرز ئېلىپ، زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ قەدىمكى خان، خاقان، پادىشاھ ۋە سۇلتانلارنىڭ رەسىم - قائىدىلىرىدىن تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېراق سوۋغا - سالاملارنى تەييارلاپ پايتەخت قەشقەرگە ئاتىلىق غازىنىڭ دەرگاھىغا قاراپ راۋان بولۇشتى.

شۇ جۈملىدىن خوتەننىڭ ھاكىمى نىياز ھېكىمبەگ، سەككىز چارەك كېپەك ئالتۇن، 1000 يامبۇ، 400 ئات (200 ئاتنىڭ ئىگەر، ئەبزەل، قامچىلىرىغىچە ھەممە جابدۇقلىرى تەييار) 400 ئاتتا سولەيسۇن، تۆلكە تېرىلىرى، كۆرپىدىن

① ئاپتور مۇساپىر پانسات دەپ ياقۇپبەگكە ئەگىشىپ پەرغانىدىن بىللە كەلگەنلەرنى كۆزدە تۇتسا كېرەك.

② توقسان تارتۇق — ياقۇپبەگنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئەمەلدارلار تەييارلىغان تارتۇقلارنى كۆرسىتىدۇ.

قىلىنغان تون، شىم، تۇماق ـ تەلپەك؛ تەتىللا، كىمخاب، تاۋار،
بەقەسەم، شايى ـ ئەتلەس، باتارىس، چەكمەن، كىيىم ـ كېچەك؛
لازىملىق باغ ـ بوغۇچ يانچۇقلىرى بىلەن؛ خۇرۇم، كۆن ئۆتۈك ـ
لەر پايتىمىلىرى بىلەن ۋە يەنە توققۇز ـ توققۇز نەقىشلىك
چۆگۈن، توققۇز ـ توققۇز ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا، توققۇز ـ توققۇز
مىس قازان كەپكۈر ـ چۆمۈچلىرى بىلەن، توققۇز ـ توققۇز قىرمە
لىگەن قاتارلىق تارتۇقلارنى ئاتلىق غازىنىڭ ئالىي نەزەرلىرى ـ
دىن ئۆتكۈزدى. قانچە كۈن تۇرغان بولسا شۇنچە كۈن ئەتى ـ
گەنلىكى ناشتا ۋاقتىدا بىر توققۇز يامبۇ، مەخسۇس تىكىلگەن
تونلارنى بوغچىلىرى بىلەن ئەكىرىپ ئاتلىق غازىغا تەزىم تەۋا ـ
زۇئىلار بىلەن دۆلەتلىرىنىڭ ئەبەدىي بولۇشىغا دۇئالار قىلىپ
ياندى. ھەممە ئەركان دۆلەتلەر بۇ ئىشلارغا ئاپىرىنلار ئوقۇ ـ
شۇپ، بارماقلىرىنى چىشلىشىپ قالدى.

قالغان بارچە ۋىلايەتلەرنىڭ ھاكىملىرىمۇ ئۇشبۇ تەرىقىدە
ئۆز ئەھۋاللىرىغا يارىشا تەييارلىغان تارتۇقلىرىنى ئارقا ـ ئارقى ـ
دىن ياقۇپبەگنىڭ نەزەرىدىن ئۆتكۈزدى. جانابىي ئاتلىق غازى
ھەممە سەركەردىلەردىن خۇشال بولۇپ، ھەر بىرىگە نەچچە
قەۋەت تون، سەللە ـ كۇلا، قورال ـ ياراق، يارلىق، نىشانلار
ئاتا قىلىپ شاھانە ئىنئاملارنى قىلىپ مەرھەمەتلەرنى كۆرسەتتى.
ھاكىم ۋە سەركەردىلەرگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن مەھرەم ـ مۇ ـ
لازىملارغىمۇ سەرۇپاي، خىراجىتىگە تىللالارنى بېرىپ ھەممىسىنى
رازى قىلىپ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىش ئۈچۈن رۇخسەت بەردى.

سوغۇق قىش يېڭى يىل قەدەم تەشرىپ قىلدى. باھار
كۈنلىرى يېتىپ كەلدى. زېمىن يۈزىدىن ئۆسۈملۈكلەر باش
چىقاردى. قۇشلار سايرىشىپ، گۈل ۋە رەيھانلار ئېچىلدى. ھەم ـ
مىگە خۇشاللىق يۈزلەندى. مۇشۇ تەرىقىدە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ
دەرگاھىغا ھەمدۇ ـ سانا ۋە شۈكرىلەرنى قىلىپ دۇئا ۋە ئىلتىجا

www.uyghurkitap.com

بىلەن بولۇپ تۇرغان كۈنلەردە، ھاجى قازىخان تۆرەم مۆمىنـ-
لەرنىڭ پادىشاھى رۇم خەلىپىسىنىڭ ھۇزۇرىدىن پايتەخت قەشـ-
قەرگە يېتىپ كېلىپ جانابىي ئاتلىق غازى بىلەن كۆرۈشتى.

رۇم خەلىپىسى ئابدۇلئەزىزخان ئاتلىق غازى ئەۋەتـ-
كەن سوۋغاتلار ۋە ئەلچىلەرگە ھەددىدىن زىيادە خۇرسەن
بولۇپ، بۇ يەتتە شەھەرنى رۇمغا تەۋە قىلىپ، ئاتلىق غازىغا
«مىراخور باشى»لىق ئەمەل بېرىپ، ئاتلىق غازىنى كاتتا
پادىشاھلار دەرىجىسىدە كۆرۈپ، ئالتۇن تاج، ئالماس، ياقۇت،
جاۋاھىراتلارنى تىزىپ كۆز قويغان شاھانە تۇماق، چۆرىلىرىگە،
ياقا ۋە كۆكرەكلىرىگە ئالتۇن-ئالماس، ياقۇت، لەئەل جاۋاھىـ-
راتلار نەقىشلەنگەن رۇمچە نىمچا* باغ ۋە غىلاپلىرىغا ئالتۇن،
ئالماس، لەئەل-ياقۇت، قىممەت باھا تاشلارنى قاتار-قاتار
تىزىپ كۆز قويغان قىلىچ، سۇمبىلىرىگىچە ئالتۇن-كۈمۈش
بىلەن راسلانغان مىلتىق قاتارلىق قىممەت باھالىق گۈزەل ۋە
مەرغۇب ئىنئاملار ۋە ئالەمشۇمۇل يارلىقلار بىلەن ئەلچىلەرنى
ياندۇرغانىكەن. ئەلچىلەر سائادەتلىك كۈنلەردە يېتىپ كېلىپ
رۇم خەلىپىسىنىڭ ئىنئاملىرىنى ئاتلىق غازىنىڭ نەرەر ئالىيـ-
لىرىدىن ئۆتكۈزدى.

ياقۇپبەگ ئاتلىق غازى ھەددىدىن زىيادە خۇشاللىقىنى
ئىچىگە سىغدۇرالماي غۇنچىغا ئوخشاش گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ
كەتتى. شاھانە ئالتۇن تاجنى بېشىغا، تەۋەررۇك نىمچىنى ئۇچىد-
سىغا كىيىپ، قىلىچىنى بەللىرىگە ئېسىپ، مىلتىقنى قوللىرىغا
ئېلىپ رۇم تەرەپكە قاراپ تەزىملەر بىلەن دۇئا قىلدى. گويا
ئاي بىلەن كۈن ھەتتا يەتتە قەۋەت ئاسماندىكى يۇلتۇزلار
ياقۇپبەگ ئاتلىق غازىنىڭ ۋۇجۇدىدا جىلۋە قىلىپ نۇر چېچىد-

---

* نىمچا — ئۇزۇن تون، ئۇزۇن چاپان.

ۋاتقاندەك بولدى. چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن مۇبارەكلەش سادالىرىنى پەلەكتىن ئاشۇردى. جانابىي ئاتالىق غازى نەچچە كۈن توي-تاماشا ئۆتكۈزۈپ، ئۆلىما ۋە ئەمەلدار-ئۈمەرا، لەشكەر-يىگىت، سەرۋاز، چوڭ-كىچىكلەرنىڭ ھەممىسىگە تون-سەرۇپاي ئاتا قىلىپ مەمنۇن قىلدى. ئاندىن كېيىن خەلپە ئابدۇلئەزىزخاننىڭ ئىسمىلىرىنى خۇتبىدا قوشۇپ ئوقۇيدىغان بولدى. ئابدۇلئەزىز خاننىڭ نامى چۈشۈرۈلگەن تىللا، تەڭگە، چاقا (مىس) پۇللارنى قۇيدۇرۇپ تارقاتتى. بۇ يەتتە شەھەرنى رۇم تەۋەسى دەپ ئاتىدى. بۇ چاغدا تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1286-يىلى* ئىدى.

بۇ يىل ياز ۋە قىش شۇ تەرىقىدە خۇشال-خۇرام، غەم-ئەندىشىسىز، تىنچلىق بىلەن ئۆتتى.

## 8

**ئورۇمچى تۇڭگانلىرىنىڭ كورلا ۋە كۇچا خەلقىنى بىسەرەمجان قىلغانلىقى؛ ئاتالىق غازى غالىب قوشۇنلىرى بىلەن تۇڭگانلارنى يوقىتىش غەرىزىدە شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقى ۋە مۇراد بېغىدىن مەقسەت گۈل-غۇنچىلىرىنى ئۈزۈپ تەختى ئالىيلىرىغا قايتقانلىقى**

جانابىي ئاتالىق غازىنىڭ بەخت-دۆلەتلىرى كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتتى. دۆلەت ۋە سەلتەنەتتە لەشكەر-كەشلىك ۋە سىياسەتتە گويا ئەمىر كەبىر ساھىبقىران تىمۇر

* ھىجرىيىنىڭ 1286-يىلى مىلادىنىڭ 1869-، 1870-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

گوراگان ئىككىنچى بولدى①، يىل ئۆرۈلۈپ باھار يېتىپ كەلدى، بۇ چاغ تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1287 - يىلى② ئىدى.

تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىدىكى تۇڭگانلاردىن يەنشەي، لەنشىڭ يەنشەي باشچىلىقىدىكى 20 مىڭ تۇڭگان ئاتارمەن - چاپارمەنلەر ئۇشتۇمتۇت كورلا تەۋەسىدە پەيدا بولدى.

بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى ئاتلىق غازى پەرمان بېرىپ غازى مۇھەممەت بابا دادخاھ بىلەن ھاجى مىرزىنى كورلىغا ئەۋەتىپ ھاجى مىرزىنى كورلىغا زاكاتخانا③ بىنا قىلىشقا مەسئۇل قىلغانىدى. غازى مۇھەممەت بابا دادخاھنى ئۇششاقتال ئەتراپىغا چوڭ بىر قاراۋۇلخانا سېلىپ، قاراۋۇل بېگى بىلەن قاراۋۇلچى يىگىتلەرنى توختىتىپ، تۇڭگانلار بىلەن بولغان چېگرىنى ساقلاشقا بەلگىلەپ ئەۋەتكەنىدى؛ ئۇلارنىڭ يىگىتلىرى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن تەڭ كېلەلمەي، كورلىنىڭ ھاكىمى ھاجىبەگ باشلىق ھەممىسى كۇچاغا قېچىپ كېلىپ، بۇ يامان خەۋەرنى خۇددى پەلەكتىكى ئاقار يۇلتۇزلاردەك تېز ماڭىدىغان چاپارمەندىن ئاتلىق غازىغا يەتكۈزدى. خەۋەر يېتىپ بارغان ھامان ئاتلىق غازى ھېكىمخان تۆرەمنى ئالدىدىكى 1500 يىگىت، 500 سەرۋازلىرى بىلەن تۇڭگانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا، ئىسھاقخان تۆرەمنى ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇدى. ھېكىمخان تۆرەم يارلىقنى كۆرۈش بىلەن تەڭ، ئاقسۇنى مىرزا بابابەگ زاكاتچى

---

① ئاپتور بۇ يەردە ياقۇپبەگنى 1336 - يىلى تەختكە چىققان ئەمىر تېمۇر كوراگانغا ئوخشاتقان.

② ھىجرىيىنىڭ 1287 - يىلى مىلادىنىڭ 1870 -، 1871 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

③ زاكاتخانا — خەلقتىن يىغىۋالغان ئۆشرە - زاكات، باجلارنى ساقلايدىغان ئورۇن — مۇھەررىردىن.

بىلەن مۇھەممەت سەئىد قۇر بېشىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، يىگىت-
سەرۋاز، توپ-زەمبىرەكلىرىنى ئېلىپ كوچاغا يېتىپ باردى.
ئۇلار كوچادىن بىر پوتەي يىراقلىقتىكى قارايىغاچ دېگەن
مەنزىلدە تۇڭگانلارغا دوچ كەلدى. بۇ يەردە ئۇرۇش ۋە جەڭلەر
بولدى. ئاتلىق يىگىتلەر ۋە سەرۋازلارنىڭ غەيرەتلىرى ئۆرلەپ
توپ-توپ بولۇپ تەرەپ-تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ زەربە بېرى-
ۋاتقان چاغدا، ئۇشتۇمتۇت ئاتلىق سىپاھلار قاچتى. سەرۋازلار
بىر باغنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ پاناھلىنىپ توپلىنىشىپ جەڭ
قىلىپ تۇڭگانلارنى يېقىن كەلتۈرمەي تۇرغان چاغلىرىدا ئوقلىرى
تۈگەپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلار ئىلاجسىز قالدى. بۇ چاغدا
تەرەپ-تەرەپتىن تۇڭگانلار قورشاپ كېلىپ سەرۋازلارنىڭ
ھەممىسىنى يوقاتتى. ئاقىۋەت تۇڭگانلار كوچانى بېسىۋالدى.
2000غا يېقىن يىگىت ۋە سەرۋازلار چىقىم بولدى. ھېكىمخان
تۆرەم ۋە ئىسھاق تۆرەم قاتارلىق باشلىقلار ئاتلىق قېچىپ ئاق-
سۇغا كېلەلمەي بايدا تۇرۇپ قالدى. كوچا خەلقىنىڭ كۆپچىلىكى
بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ يۇلتۇز باغ، موقۇر بىلەن ئاقسۇغا
قېچىپ كەلدى. مىرزا بابا زاكاتچى كوچادىن ئاقسۇغا قېچىپ
كېلىپ ئىغۋا پەيدا قىلغان بىرنەچچە ئادەمنى تۇتۇپ نەزەر-
بەند قىلدى. ئاقسۇدا يىگىت قالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاق-
سۇنىڭ ئىچىدە ئىككىلىنىش ۋە تەۋرىنىش كەيپىياتى پەيدا بولدى.

مىرزا بابا زاكاتچى مۇساپىر سودىگەرلەرنى ۋە ياش سودى-
گەرلەرنى يىغىپ كېلىپ، يىگىت قاتارىدا ياراق-ئەسلىھەلەرنى
بېرىپ كېچە-كۈندۈز يۇرتتىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. بۇ چاغدا
بىر ئادەم «ئاقسۇدىكى تۇڭگانلار بىرەر ئىش تېرىپ قويارمىكىن،
ھازىرلىق كۆرۈپ ھوشيار تۇرۇش لازىم» دېدى. مىرزا بابا
زاكاتچى بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «قەيەردە تۇڭگانلار
بولسا تۇتۇپ كېلىڭلار!» دەپ يىگىتلەرنى بۇيرۇپ، تىنچ-ئامان

www.uyghurkitap.com

ئۆز ھۈنەر-كەسپلىرىنى قىلىۋاتقان، ئۆز ئىشلىرىنىڭ ئاۋارىچىلىكى بىلەن يۈرگەن 19 تۇڭگانىنى ئەكەلدۈرۈپ بىر ئۆيگە سولاپ قويىدى. سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسە ئۇلار تىنچ تۇڭگانلار ئىكەن. سولاپ قويۇپ يەنە قويۇپ بېرىشتىن ئېھتىيات قىلدى. تۇتۇپ كەلمىسەك بوپتىكەن، دەپ پۇشايمان قىلدى. ئەمدى نېمە بولسا بولسۇن، ئېھتىيات ئۈچۈن قەشقەرگە ئەۋەتىپ ئاتلىق غازىغا «تىنچ تۇڭگانلار ئىكەن»، دەپ مەلۇم قىلساق، دېگەن مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى ئىككى ھارۋىغا سېلىپ، ئىككى يىگىتنى قوشۇپ يولغا سالدى.

مۇشۇ كۈنلەردە ئاتلىق غازىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ قەشقەردىن يولغا چىقىپ قاراقىلچىن دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە ئاقسۇ تەرەپتىن ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىككى ھارۋىدىكى تۇڭگانلار ئۇچرىشىپتۇ. ياقۇپبەگ: «نېمە تۇڭگانلار ئىكەن؟» دەپ سوراپتۇ. بىللە ئېلىپ ماڭغان يىگىتلەر: «ئاقسۇدىكى تۇڭگانلار ئىكەن، مىرزا بابا زاكاتچى قولىڭىز ئەۋەتتى»، دەپ مەلۇماتنامىنى تۇتۇپ بەرگۈچىلىك، بىر ھارۋىدىكىنى يولنىڭ ماۋۇ تەرىپىگە، بىر ھارۋىدىكىنى يولنىڭ ئاۋۇ تەرىپىگە ئاچىقىپ، سويىۋەت (ئۆلتۈر)! دەپ پەرمان قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن گۇناھسىز 19 تۇڭگاننى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئەرز-مەلۇماتنى ئوقۇپ كۆرمەكتە يوق، ھەتتا قولىقىغىمۇ ئالماپتۇ. بۇ ۋەقەنى ھېكايە قىلىشتىن مەقسەت، پادىشاھنىڭ غەزەپ ئاتەشلىرىنى بايان ۋە مەلۇم قىلىش ئۈچۈندۇر. ئەزىز يارانلار، پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن ھەزەر ئەيلەپ، يۈز قېتىم ۋە مىڭ قېتىم پاناھ تىلىمەك ھەممىمىزگە زۆرۈر ۋە لازىمدۇر.

شۇنىڭغىچە، تۇڭگانلار كۇچادا توققۇز كۈن تۇرۇپ خەلقنى بۇلاپ-تالاپ، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ دائىرىسىدىن تاشقىرى پۈتۈنلەي يامان ئىشلارنى قىلىپ، بىر كېچىدە چىقىپ تۇرپانغا قاراپ كېتىپتۇ. بۈگۈر ۋە كورلىنىمۇ شۇ تەرىقىدە بۇلاپ-تالاپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ،

دېگەن خەۋەر كەلدى.

ئاتالىق غازى مارالبېشىنىڭ ھاكىمى دەرۋىش مىراخورغا يىگىتلىرىنى ئاپىرىپ ھېكىمخان تۆرەمگە ياردەم بېرىشكە پەرمان چۈشۈرگەنىدى. ئاقسۇلۇق ھېكىمخان تۆرەم ۋە دەرۋىش مىراخورلار كۇچاغا يېتىپ بېرىپ، ۋاپات بولغان يىگىت-سەرۋازلارنى دەپنە قىلىش بىلەن بولدى. ئاتالىق غازى بۇ كۈنلەردە ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى ۋە تۇڭگانلارنىڭ يېنىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ غەزەپ ئاتەشلىرى بىر ئاز پەسكويغا چۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما تۇڭگانلار ئۆلتۈرۈپ ۋەيران قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ جان ۋە پۇل-ماللىرىغا ئىچى كۆيۈپ ناھايىتى خاپا بولدى، ئاقسۇلۇق شەمسىددىن ئەلەم ئاخۇنۇم ۋە ئوغلى باھاۋىددىن ئاخۇن، ھادى خەلىپە، مۇھەممەد خېتىپ ئاخۇنۇم قاتارلىق كىشىلەرنى ئاق ئۆيلۈك قىلىپ قەشقەرگە ماڭدۇردى. ئاقسۇنى موللا ھىيان مىرزا بېشىغا مەرھەمەت قىلىپ بەردى. ئاقسۇدا كاتتا ئالىي ئوردا بىنا قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى ۋە بۇ يەردە ئون كۈن مىقدارى تۇرۇپ بىرنەچچە ئەمىرلەشكەرنى ئالدىن ماڭدۇرۇپ، ئارقىسىدىن غەلىبە ئارغىماقلىرىغا مىنىپ ئۆزى راۋان بولدى. ھېكىمخان تۆرەمگە كايىپ تۇرپانغا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭدى. ھەمدەم باتۇر بېشى، مىرباب دادخاھلارغا غەزەپ قىلىپ تاپا قىلدى.

جانابىي ئاتالىق غازى سەككىز ئەمىرلەشكەر، ھەر بىر ئەمىرلەشكەرگە تەيىن قىلىنغان سەككىزدىن پانسات ۋە ئۇلارغا قاراشلىق يىگىت-سەرۋازلار ئۆزىگە خاس مەھرەم-ياساۋۇللار قوشۇلۇپ تىزىمغا ئېلىنغان 25 مىڭ يىگىت-سەرۋاز، توپ-زەمبىرەكچى بولۇپ زەبەردەس چوڭ قوشۇن بىلەن يولغا چىقتى. قوشچى، پىلتىرچى، بازارچىلارنىڭ ھېسابى يوق ئىدى.

ئەمىر-لەشكەرلەرنىڭ ھەربىرى گويا شانۇشەۋكەتلىك

www.uyghurkitap.com

پادىشاھقا، پانساتلارنىڭ سۆلەتلىرى بىر ۋىلايەتنىڭ ھاكىمىغا ئوخشىشاتتى. ئارقىلىرىدا قور بېشى، جاللاتلار، جازا ئىجرا قىلغۇچى يىگىتلەر، نەچچە ھارۋىدا گەدەنلىرىگە غول ـ زەنجىر سېلىنغان، تۆمۈر ھالقىلار بىلەن ھارۋىغا باغلانغان، سىم تورلۇق ھارۋىغا سولانغان ۋە بەزىلىرى پىيادە گۇناھكارلار، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئاي پالتىلىرىنى كۆتۈرگەن مىرشەپلەر ماڭدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر پانسات، قوشۇن مىقدارى كېلىدىغان دىۋانە ـ قەلەندەر، بەڭگىلەر توپ بولۇپ ماڭدى. بۇ دىۋانىلار توپى بايراق ـ ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ، چۈشكۈن مەزگىلدە بىر چەت ياقىغا ئورۇنلىشىپ، ھەر ئەتىگەنلىكى قوشۇننىڭ ئارىلىرىغا كىرىپ «شەيئى لىللاھ» دەپ ئاجىز ـ بىناۋالىقىنى بىلدۈرۈپ، خەير ـ سەدىقە ئېلىپ ئۆز جايلىرىغا قايتىپ ئۆز ئولۇغلىرىنىڭ ئىتائىتىدە بولاتتى. ئاتلىق غازى بوش ـ ئازادە ۋاقىتلىرىدا بولارغىمۇ جەندە كولا، تەڭگە، تىللا ئاتا قىلىپ، ھەرقايسىسىغا ئۆز لايىقىدا خۇلقى ـ مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ دۇئالىرىنى ئالاتتى. ئۇلار مۆھتىسىپلارنىڭ تەكشۈرۈشلىرىدىن ئازاد قىلىنغانىدى.

قوشۇنغا ئەگىشىپ يۈرىدىغان بازارچىلار چېدىر ـ بارگاھنى تىكىدىغان جايغا بىر كۈن بۇرۇن بېرىپ رەستە ـ بازارلارنى تۈزەيتتى. گۆش ـ ياغ، گۈرۈچ، يەم ـ بوغۇز، بېدە، نان ـ توقاچ، ھالۋا ـ مۇراببا، قەنت ـ قەندالات، كۆكتات ـ ئوتياشلار، نازۇ ـ نېمەتلەر، ھەر تۈرلۈك دورا ـ دەرمان، مەجۇن، شاراب ـ شەربەتلەرنى تەييار قىلاتتى.

ئاتلىق غازىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن مەخسۇس ھارۋىلاردا توخۇ ـ تۇخۇم، نەچچە ھارۋا قوي يېغى، سۇ يېغى، نەچچە ھارۋا تونۇر، نەچچە ھارۋا كەتمەن، پالتا ـ كەكە، چىراغ ـ شامدان، نەچچە ھارۋا چوڭ ـ كىچىك سوپۇرگە، نەچچە ھارۋا كاتتا تۇغ ـ ئەلەم قاتارلىق نەرسىلەر بىللە ئېلىپ مېڭىلاتتى. ئەمىرلەشكەر،

پانساتلارنىڭ قوشۇلۇپ 200 مىشكاپچى ساقلار يوغان مىشكاپلاردا① سۈنى ئاتقا يۈكلەپ ئېلىپ يۈرەتتى. مەيلى سەپەردە ياكى جەڭدە، كۆلدە ياكى چۆلدە، مەيلى دەريا مەيلى دەشتتە بولسۇن مىشكاپلاردا سۇ زادى كەم بولمايتتى. قاچان بارگاھ تىكىلسە ئاشقان سۈنى بارگاھنىڭ ئالدىغا سېپەتتى. 4 - 5 مىڭ قوي، سېغىن كالا، موزاي-توپاقلارنى بىللە ئېلىپ يۈرەتتى. چوڭ باشلىقلارغا ھەر ئەتىگەنلىكى يېڭى قايماق بىلەن تەييارلانغان ناشتىلىق مەززىلىك شىرى چاي②، ئىسسىق نان، تاتلىق توقاچ، ھالۋا-رىشالە، تەملىك شېرىن تاماقلار، پاكىز خۇش بۇي سىنچايلار بېرىلەتتى. چايخانا ۋە ئاشخانىلىرى ئىككى گۇرۇپپا ئىدى. ھەر مەنزىلگە يېتىپ بارغۇچە ئاشپەزلەر بىرنەچچە قازانلاردا قوي يېغى بىلەن دۇملەنگەن ئاشلارنى (پولۇ) تەييارلاپ تۇراتتى. ھەر كۈنى بىر گۇرۇپپا ئاشپەزگە نۆۋەت كېلەتتى. ئەمما ئاتلىق غازىنىڭ خاس ئاشخانىلىرىغا ھەر كۈنلۈكى 50 چارەك گۈرۈچ سەرپ بولاتتى. مەنزىلگە يېتىپ بارغان ھامان ھەممە چوڭ-كىچىك، مەھرەم-ياساۋۇللارغا باراۋەر ئاش تارتىلاتتى. ئەمىرلەشكەر ۋە پانساتلارنىڭ ئاشخانا-چايخانىلىرىمۇ شۇنداق قىلاتتى.

يۇرت ھاكىملىرى، ۋىلايەت ۋالىيلىرىدىن ھەر كۈنلۈكى 200—300 ئېشەكتە گۈرۈچ، 400—500 ئېشەك ياكى ھارۋىدا ئۇن-بوغۇز ئۆكسىمەي كېلىپ تۇراتتى.

دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا قابىل بولغان ياقۇپبەگ ئاتلىق

---

① مىشكاپ — سەپەردە سۇ قاچىلاپ ئېلىپ يۈرىدىغان تېرىدىن قىلىنغان قاپ-تاغار.

② شىرى چاي — سۈت قايماق بىلەن تەييارلانغان سۈتلۈك چاينى شىمالىي شىنجاڭدا «ئەتكەن چاي» دېسە، جەنۇبىي شىنجاڭدا «شىرى چاي» دەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

غازى مۇشۇنداق ھەيۋەت ۋە داغدۇغا بىلەن مەنزىلمۇ مەنزىل يول يۈرۈپ كۇچاغا يېتىپ كېلىپ، چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تىكىپ ئورۇنلاشتى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تا ھازىرقى كۈنگىچە بۇ يەتتە شەھەر موغۇلىستان يۇرتىدا ئىسلام پادىشاھلىرىنىڭ بۇ تەرىقە ھەيۋەت، داغدۇغىلار بىلەن بۇ يوللاردا يۈرۈش قىلغانلىقىنى ئىنسان قۇلىقى ئىشىتمىگەن، پەلەك كۆزى كۆرمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

ياقۇپبەگ ئىسھاق خوجامنى كۇچانىڭ ھاكىملىقىدىن ئېلىۋېتىپ، تەئەللۇقاتلىرى بىلەن يەكەنگە ئاپىرىپ شاغاۋۇل دادخاھغا تاپشۇرۇپ مائاش بەلگىلەپ بەردى. توختى ئىشىكئاغا ـ بەگلى بىكار قىلىپ ئادەتتىكى يىگىتلەر قاتارىغا چۈشۈرۈپ قويدى. نارمۇھەممەد پەرۋانىچىنى كۇچاغا ھاكىم قىلدى. ئاندىن ئۇيەردىن يۈرۈپ كورلىغا يېتىپ باردى. ھاجى مىرزىنى كورلىغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى.

مۇشۇنداق ئادالەت ۋە تەرتىپ ـ ئىنتىزام كۈچەيگەن كۈنلەردە كۇچا ۋە كورلىدا بۇلىنىپ ـ تالىنىپ، پۇل ـ ماللىرىدىن ئايرىلىپ پاراكەندىچىلىك كوچىسىغا كىرىپ قالغان سودىگەرلەر ياقۇپبەگكە يىغلاپ ئەرز ـ ھالىنى مەلۇم قىلدى. ئاتالىق غازى مەرھەمەت قىلىپ بەزىلىرىگە تون ـ سەرۇپاي، بەزىلىرىگە پۇل ـ تىللا ياردەم قىلىپ: «سىلەرگە ئۇۋال بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار، مەن مىرزا ئەۋەتىمەن. شۇ چاغدا زىيانغا ئۇچرىغان دەسمايىلىرىڭلارنى راستى بىلەن تىزىملاپ بېرىڭلار، شۇنىڭغا قاراپ پۇلۇڭلارنى خەزىنىدىن بېرىمەن»، دېدى. پازىل زەينىلئابىدىدىن مەخدۇمنى مىرزىلىققا بەلگىلەپ پەرمان قىلدى. سودىگەرلەرنىڭ تالانغان دەسمايىلىرىنى مىرزا زەينىلئابىدىدىن سودىگەرلەرنىڭ ئاغزىدىن چىققىنى بويىچە تىزىملاپ ئاتالىق

غازىنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا سۇندى. بەزىلىرى راستى بىلەن خەتلەتتى. بەزىلىرى بىرنى ئون قىلىپ كۆرسەتتى. ئاتىلىق غازى رويخەتكە نەزەر سېلىپ بەزىلەرنىڭ يالغاندىن كۆپەيتىپ خەتلەتكەنلىكىنى بىلىپ، تۇرپان پەتھ بولغاندىن كېيىن بىردىمىز، دۇئا قىلىپ تۇرۇڭلار، دەپ پەرمان قىلدى.

شۇنداق قىلىپ تۇرپان پەتھ بولغاندىن كېيىن سودىگەرلەرنىڭ قولىدىكى دۆلەت خەزىنىسىگە زاكات تاپشۇرغان خېتىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ بەرگەن زاكاتلىرىنىڭ مىقدارىدىكى پۇلنى بەردى.

ئاتىلىق غازى تۇرپانغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ ئۇششاقتالدىن ئۆتۈپ قاراقچىلىغا* بارغاندىن كېيىن ئەمىرلەشكەر ئۆمەر قۇل لەشكەربېشىنى ئۆزىگە قاراشلىق پانسات ۋە يىگىتلىرىنى ئېلىپ ئارغىبۇلاق يولى بىلەن، ئەمىرلەشكەر ئابدۇللا لەشكەر بېشىنى ئىلالىق يولى بىلەن توقسۇنغا بېرىشقا پەرمان قىلدى. ئىككى ئەمىرلەشكەر بىرلا ۋاقىتتا يولغا چىقىپ، ئىككىلى تەرەپتىن تەگلا توقسۇندىكى تۇڭگانلارنىڭ ئۈستىدىن چۈشتى. ئىككى ئوتتۇردا جەڭ - جېدەللەر يۈز بېرىپ ئاخىر ئاتىلىق غازىنىڭ لەشكەرلىرى غەلىبە قازىنىپ توقسۇننى ئالدى. توقسۇندا 2000 چە تۇڭگان بولۇپ، 200 چىسى قېچىپ تۇرپانغا كەتتى. قالغانلىرى هالاك بولدى. جانابىي ئاتىلىق غازى يېتىپ كېلىپ، چېدىر - بارگاهلىرىنى داۋۇڭ دېگەن يەرگە تىكىپ ئورۇنلاشتى. بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن تۇرپاندىن 6000 تۇڭگان قورال - ياراق بىلەن يەمشى دېگەن يەرگە چىقىپ ئۇرۇش باشلىدى. بۇ قېتىم ناهايىتى قاتتىق جەڭ بولدى. ئاخىر، تۇڭگانلار مەغلۇپ بولۇپ كۆپچىلىكى يوقىتىلدى. ئاز بىر قىسمى قېچىپ

* قارا قىزىل بولسا كېرەك — مۇھەررىردىن.

www.uyghurkitap.com

تۇرپان شەھىرىگە كىرىۋالدى.

دادۇڭ شامالىنىڭ كانى بولغانلىقتىن بۇ يەردە تۇرۇش مۇمكىن بولماي قالدى. شۇڭا ئاتلىق غازى چېدىر-بارگاھلىرىنى يار دېگەن جايغا يۆتكەپ تىكتى.

ئۈرۈمچىدىكى لاۋ رىنجا خەلپە ئاتاقلىق 17 مىڭ تۇڭگاننى تۇرپاندىكى تۇڭگانلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى. تۆت كۈندىن كېيىن بۇلار يېتىپ كېلىشتى. تۇرپان شەھىرىدىكى تۇڭگانلارمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ، 8000 تۇڭگان شەھەردىن چىقتى. تۇڭگانلار ئىككى تەرەپتىن ئاتلىق غازىنىڭ غالىب قوشۇنلىرىنى قىستاپ ئوتتۇرىغا ئالدى. ئۆمەرقۇل ئەمىرلەشكەر بىلەن ئابدۇللا ئەمىرلەشكەر ئىككى قاناتقا ئۆتۈپ جەڭگە كىرىشتى. بارلىق پانسات، يۈز بېشى ۋە يىگىتلەرنىڭ ھەربىرى گويا رۇستەمى داستان ۋە سام نەرىماندەك① پالۋانلىق-باتۇرلۇق ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىپ غەلىبە قازاندى. ئىككى تەرەپتىن كەلگەن تۇڭگانلارنىڭ ئازغىنىسى جانلىرىنى ئېلىپ، كەلگەن يېرىگە قاچتى. كۆپىنچىسى غالىب قوشۇننىڭ قولىغا ئەسىر چۈشتى، ئۇلارنىمۇ ئالدىدا ماڭغانلارنىڭ ئارقىسىدىن بارسا كەلمەس يولغا ئۇزىتىپ قويدى. ياقۇپبەگ قوشۇنى ئۇ يەردىن ئۆتۈپ تۇرپان شەھىرىگە بەش يول مىقدارى يىراقلىقتىكى جايغا چېدىر-بارگاھلىرىنى تىكىپ ئورۇنلاشتى. چۆرە-ئەتراپىنى خەندەك كولاپ سېپىل-قوختىلار②نى ياساپ، دەرۋازىلارنى ئورناتتى. چوڭ-كىچىك پۈتۈن قوشۇن شەھەرنىڭ ئىچى-

---

① رۇستەمى داستان، سام نەرىمان — قەدىمكى ئىران رىۋايەتلىرىدىكى داڭلىق پالۋانلارنىڭ نامى.

② خوقتا — سېپىلنىڭ ئۈستىگە بەلگىلىك ئارىلىقتا سىرتقا مىلتىق، توپ-زەمبىرەك ئېتىش ئۈچۈن ياسالغان كەڭ ئورۇن.

گە ئورۇنلاشتى. ھەر كېچىسى 500 ئاتلىق يىگىت شەھەرنى ئايلىنىپ پاسىبانلىق قىلدى. بىر قىسىم بازارچىلار شەھەرنىڭ ئىچىگە، تولىراقى قار - يامغۇر، بوران - چاپقۇن، سوغۇق - شىۋىرغاندىن پاناھ بولغۇدەك ماكان تېپىپ شەھەرنىڭ سىرتىغا ئورۇنلاشتى. تۇرپان شەھىرى پەتھ بولماي مۇھاسىرىسى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى. ھەپتە - ئون كۈندە بىر قېتىم شەھەردىن تۇرغۇن تۇڭگانلار چىقىپ، ئۇرۇشۇپ تەڭ كېلەلمەي، يەنە قېچىپ شەھەرگە كىرىپ كېتىپ تۇردى.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۇرغان كۈنلەردە، لۈكچۈنلۈكلەر تۇڭگانلار بىلەن بىرلىشىپ ئاتلىق غازىغا ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈدى. ئاتلىق غازى ئۆمەرقۇل ئەمىرلەشكەر بىلەن ئابدۇللا ئەمىرلەشكەرنى پانسات ۋە يىگىتلىرى بىلەن لۈكچۈنگە ئەۋەتتى. بۇلار يېتىپ بېرىپ قاتتىق جەڭلەرنى قىلىپ ئاخىر غالىب كېلىپ لۈكچۈننى تارتىۋېلىپ خاتىرجەم بولدى ۋە ئەمدى غىزا - تاماقنا ئېغىز تېگىپ تۇرغان چاغدا «ھايال بولماي دەرھال قايتىپ كېلىڭلار»، دەپ ئاتلىق غازىدىن پەرمان كەلدى. چۈنكى ئۇرۇمچى تەرەپتىن 12 مىڭ تۇڭگان يېتىپ كەلگەنىكەن. ئەمىرلەشكەر، پانساتلار قايتىپ كېلىپ تۇڭگانلار بىلەن جەڭ قىلىپ ئاخىر غالىب كېلىپ بۇ تۇڭگانلارنىمۇ يوقاتتى.

بۇ كۈنلەردە ئاۋغان خەيرى مۇھەممەد توپچىدار پانسات ئاتلىق غازىدىن يۈز ئۆرۈپ تۇرپان شەھىرىگە قېچىپ كىرىپ تۇڭگانلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. تۇڭگانلارمۇ باتۇرلۇق ۋە پالۋانلىق بىلەن جەڭ قىلىپ تۇرغۇن ھەرىكەتلەرنى قىلىپ كۆردى. بىر كېچىدە خەيرى مۇھەممەد توپچىدار تۇرغۇن تۇڭگانلارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ شەھەردىن چىقتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاتلىق غازىنىڭ چېدىر-بارگاھلىرىنىڭ ئەتراپىغا بىناقىلىنغان سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاتقاندا، جامەدار دادخاھ بىلىپ قېلىپ ئالدى-

راشلىقتا توپ-زەمبىرەكلەرگە (ئوق يېتىپ كەلگۈچە) ئاق تەڭگە، چاقا پۇللارنى سېلىپ ئېتىپ بىرمۇنچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، بىرمۇنچىسىنى تىرىك قولغا چۈشۈردى. ئەمما خەيرى مۇھەممەد توپچىدار قېچىپ تۇڭگانلار ئارىسىغا ئۆزىنى ئالدى. لېكىن بۇ قېتىم ئاتلىق غازىنىڭ غالىب قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىشقا يېقىن قالغانىكەن. كەرەملىك تەڭرىم ئۆز مۇھاپىزىتى بىلەن ئۇنى يەنە ساقلاپ قالغاندى. ھەممىسى نەزىر - چىراغ، خەير - سەدىقىلەرنى بېرىپ تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا شۈكرىلەر قىلىشتى.

تۇرپاننىڭ ئېسىل ئادەملىرىدىن ئابدۇقاھاربەگ، خوجا ئابدۇللابەگلەر ئاتلىق غازىنىڭ قوشۇنلىرىغا ئۆز مەھسۇلاتلىرىدىن نۇرغۇن ئاق - قارا ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىپ جىق خىزمەت قىلدى. بۇلارنىڭ خىزمىتى ئاتلىق غازىنىڭ نەزەر ئىلتىپاتلىرىغا ئېرىشىپ، ھەر بىرىنى يارلىق ۋە پەرمانلار بىلەن رازى قىلدى.

گەپنىڭ خۇلاسىسى، تۇرپان شەھىرى تولۇق توققۇز ئاي مۇھاسىرە ۋە قورشاۋدا بولدى. تۇڭگانلار قامال ئىچىدە قېلىپ ھالى تەڭ بولدى. ئۇلار ھەممىسى خانىقالىرىغا يىغىلىپ، ئەھدۇ پەيمان، قەسەمياتلار قىلىشىپ، ئاتلىق غازىنىڭ قوشۇنلىرىغا پەرۋانىدەك ئۆزلىرىنى ئۇرماقنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشىپ تۇرغاندا، جامەدار دادخاھ چاچما ئوقى قازانىدەك كېلىدىغان، تۇرپاندا قۇيدۇرغان كاتتا توپقا ئوق سېلىپ شەھەرگە قارىتىپ ئاتقاندى. چاچما ئوق بېرىپ تۇڭگانلار مەسلىھەت قىلىشىپ تۇرغان خانىقانىڭ ئىچىگە ۋە ئۇ يەردىن ئۆتۈپ خانىقانىڭ ئەتراپىغا چۈشۈپ، نۇرغۇن تۇڭگانلارنى نابۇت قىلىپ، بىرمۇنچىلىرىنى يارىدار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تۇڭگانلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ ۋە ئەندىشە چۈشتى. ئۇلار: «بۇ پادىشاھ ئۇلۇغ كىشى ئىكەن. بىزنىڭ يامان نىيەت بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ تۇرغانلىقىمىزنى

بىلىپ ئوپ ئاتتى، ئەمدى بولمىدى، ئامانلىق تىلەپ كىشى
چىقىرايلى» دەپ، مەسلىھەت قىلىشتى ۋە مۇددىئالىرىنى بايان
قىلىپ كىشى چىقاردى. ياقۇپبەگ ئۇلارنىڭ ئىلتىماسلىرىنى
قوبۇل قىلدى. تۇڭگانلارنىڭ ئۇلۇغى سۇ يەنشەي باشلىق پۈتۈن
تۇڭگانلار ئوق - ياراق، ئەسلىھەلىرىنى تاشلاپ ئاتلىق غازىنىڭ
بارگاھىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلارنى مەھرەم ۋە مۇلازىملار ئېلىپ
كىرىپ جانابىي ئاتلىق غازى بىلەن كۆرۈشتۈردى. جانابىي ئات-
لىق غازى سۇ يەنشەي باشلىق ھەممە تۇڭگانلارغا زىياپەتلەر
بېرىپ، تون - سەرۇپاي، سەللە - كۇلالار ئىنئام قىلىپ رازى قىلدى.
بۇنىڭ بىلەن تۇڭگانلارنى ئۆزلىرىدىكە مىراس قالغان قول - دېھ
دەكلىرىدەك ئىتائەتچان ۋە پەرمانبەردار قىلىۋالدى.
ياقۇپبەگ تۇرپاننى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن ھېكىم-
خان تۆرەمنى ھاكىم، ھەيدەر قۇل پانساتنى ئەمىرلەشكەر،
تۇرپانلىق خوجا ئابدۇللابەگنى سەركار، قازى سۇرخ ئابنى
قازى كالان قىلىپ تەيىنلەپ ئىشلارنى بىر قۇر رەتكە سالدى.
تۇرپانلىق ۋايىت خەلىپىنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىدا بىرىنچى
داستاندا بايان قىلىنغانىدى. ئۇ تۇڭگانلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ
ئۇلارغا كۆپ خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن ۋە نۇرغۇن يىگىتلەرنى
نابۇت قىلغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ياقۇپبەگ ۋايىت خەلىپىنى
گۇناھكار قىلىپ باينىڭ ھاكىمى ئەھمەد بەگكە ئەۋەتىپ «ۋايىت
خەلپە يېتىپ بارغان ھامان ئۆز قولۇڭ بىلەن يوقات!» دەپ
بۇيرۇق بەردى. بۇيرۇق ئىجرا قىلىندى.
بىر كېچىسى ئەھمەدبەگ چۈشىدە ئۆلگەن ۋايىت خەلپە
قولىغا پىچاق ئېلىپ قوغلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى ۋە قورقۇپ
ئويغىنىپ كەتتى. ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتكەندە ئەھمەد بەگمۇ
ئۆلدى. ئاتلىق غازىنىڭ پەرمان ئالىيلىرى بىلەن ئەھمەد
بەگنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ ئورنىغا ھاكىم بولۇپ باي بىلەن

www.uyghurkitap.com

سايرامنى 16 ئاي سوردى. ئۇنىڭدىن كېيىن بابىغا مۇھەممەد ئىمىنبەگ توقسابە ھاكىم بولدى.

## 9

### بەدۆلەت ئاتالىق غازى ئۈرۈمچى تەرەپكە ئاتلىنىپ، ئۈرۈمچىنى پەتھ قىلغانلىقى ۋە نەنسەندىكى خىتاي شى شىكۈڭنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىقى؛ ئۇرۇش - جېدەللەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ۋە ئاخىر غەلىبە بىلەن ئۆز پايتەختىگە قايتىپ كەلگەنلىكى

جانابىي ئاتالىق غازى تۇرپان ۋە لۈكچۈننىڭ ئىشلىرىدىن پارىغ ۋە خاتىرجەم بولۇپ، ئون ئاي تۇرپاندا تۇرۇپ قالدى.

ئۈرۈمچىدىكى لاۋرىنجا يەنى داۋۇت خەلىپە بولسا تۇڭگانلار ئارىسىدا ۋە ئۈرۈمچى، تۇرپان ۋىلايەتلىرىدە گويا شانۇشەۋكەتلىك پادىشاھ ئىدى. ئاتالىق غازى بىلەن بىرنەچچە قېتىم لەشكەر ئەۋەتىشىپ جەڭ ۋە ئۇرۇشلار قىلىشقانىدى. بىرنەچچە مەرتىۋە ئۆزئارا خەت، ئەلچىلەر ئەۋەتىشىپ بېرىش-كېلىشلەرمۇ بولغانىدى. شۇ مۇناسىۋەتلەردە بىر - بىرلىرىگە دوستلۇق ئالاقىلىرىنى ئىزھار قىلىشقانىدى. شۇ ئەسنادا ئاتالىق غازى ئەزىم قۇل پانسات باشچىلىقىدا تۆت پانسات بىلەن 1500 يىگىتنى ئۈرۈمچىگە داۋۇت خەلىپىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. داۋۇت خەلىپە پانساتلارنىڭ ئالدىغا كىشى چىقىرىپ ئىززەت ۋە ھۆرمەت بەجا كەلتۈرۈپ شەھەرنىڭ سىرتىغا چۈشۈردى. قونالغۇ تەمىناتلىرىنى كەڭرى چىقارتىپ خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ، نامازشام ئارىلىقىدا پانساتلارنىڭ ئۈستىگە ئوق - ياراقلار بىلەن قوراللانغان نۇرغۇن تۇڭگانلارنى چىقىرىپ تۇيۇقسىز تۇرغان يىگىتلەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە جەڭگە قول قويدى. نۇرغۇن يىگىتلەر ھالاك بولدى. پانساتلار 400 يىگىت بىلەن جانلىرىنى جايلاپ قوشۇنغا

ئاران قېچىپ كېلىۋالدى.

يەنە بىر ۋەقە، ئۈرۈمچى بىلەن يۇلتۇز ئارىسىدىكى نەنسەن دېگەن جايدا 6000 ئۆيلۈكتىن كۆپرەك خىتاي بولۇپ، بۇلار كۇچالىق ئىسھاق خوجىنىڭ قەتلىئام قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ قالغانىدى. بۇلارنىڭ چوڭىنى شى شىكۇڭ دەپ ئاتايتتى. ئۇ دائىم تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇراتتى، گاھى تۇڭگانلار غالىب كېلىپ، گاھى شى شىكۇڭ غالىب كېلىپ تۇرغانىدى. شۇ ئەسنادا شى شىكۇڭ ئاتالىق غازىنىڭ تۇرپانغا كەلگەنلىكىنى ۋە تۇڭگانلارنى يوقاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنىسى ماشويىنى ھەمراھ قىلىپ قورال - ياراق بىلەن قوراللانغان 2500 خىتاي چېرىكىنى باشلاپ ئاتالىق غازىنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىپ، 9000 قوي، 800 ئات، 800 كالا، نەچچە يۈز تۆگە، يامبۇ - كۈمۈش قاتارلىق سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ تۇرپانغا كەلدى. ئاتالىق غازى بۇلارغا ھەددىدىن زىيادە مەرھەمەتلەر كۆرسەتتى. شى شىكۇڭ تۇرپاندا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، ئىنىسىنى 1500 چېرىك بىلەن ئاتالىق غازىنىڭ خىزمىتىدە قويۇپ، ئۆزى 1000 ئادىمى بىلەن نەنسەنگە قايتىپ كەتتى. بۇ خىتاي چېرىكلىرى تۇرپاندىكى تۇڭگانلار بىلەن بولغان جەڭدە نۇرغۇن خىزمەت كۆرسەتتى. ئاتالىق غازىنى ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىشقا كۆپ دالالەت قىلدى ھەم جىق تىرىشچانلىقلار كۆرسەتتى. ئاتالىق غازىمۇ تۇرپاننى بېسىۋالغان بىلەن ئۈرۈمچىنى قولغا كىرگۈزمىگۈچە ھېساب بولمايدىكەن، دەپ ئويلاپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىش قارارىغا كېلىپ يولغا چىقتى. بۇ تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1287 - يىلى، ماھى رەجەپنىڭ 4 - كۈنى* قىش پەسلى ئىدى.

---

* ھىجرىيىنىڭ 1287 - يىلى مىلادىنىڭ 1870 -، 1871 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. «تارىخىي ھەممىدىيە» دە: «ئون تۆتىنچى كۈنى» دېيىلگەن — مۇھەررىردىن.

ئابدۇللا ئەمىرلەشكەرنى چىغاۋۇل قىلىپ ئالدىدا ماڭدۇردى. ئارقىسىدىن ياقۇپبەگ غەلىبە ئۇزەڭگىسىگە ئاياغ قويدى. داۋان چىلىك تۇڭگانلىرى تارتۇق ـ پىشكەشلەر بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئىشەنچ بىلدۈرۈپ ئامانلىق تىلىدى. ئۇلار بۇ يەردىن مېڭىپ ئۈرۈمچى تەۋەسىگە بېرىپ، ئۈرۈمچىگە سۇ كىرىدىغان دەريانىڭ بېشىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان «دەقيانۇسنىڭ شەھىرى» دەپ ئاتالغان جايغا ئورۇنلاشتى ۋە ئەتراپىغا سېپىل ـ خەندەكلەر بىنا قىلىپ ياتتى. بۇ يەردىن ئۈرۈمچى شەھىرىگە 30 يـول كېلەتتى. ئەمما قىش پەسلى بولـغاچقا سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقى، قار ـ شىۋىرغاننىڭ ئازابىدىن يىگىتلەر قىيىنچىلىقتا قالدى. بىرنەچچە پىلتىرچى، بازارچىلار ھالاك بولدى. مۇشۇ ئەھۋالدا 27 كۈن ئۆتتى. لاۋ رىنجا داۋۇت خەلىپىنىڭ يارلىقى بىلەن 60 مىڭ تۇڭگان تەييار بولۇپ، كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش نىيىتى بىلەن ناماز شام ۋاقتىدا ئاتىلىق غازىنىڭ قوشۇنـ لىرى ئورۇنلاشقان تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلدى. شۇ كېچىسى قار يېغىپ كېچە ناھايىتى قاراڭغۇ بولدى. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن ئاتىلىق غازىنىڭ قوشۇنلىرى ئورۇنلاشقان جاينىڭ ئارىلىقىدا تاغ ۋە ئېدىرلار كۆپ بولغاچقا تۇڭگانلار يولدىن ئېزىپ بىرمۇنچىـ سى بىر تاغنىڭ ئېغىزىغا، بىرمۇنچىسى يەنە بىر تاغنىڭ ئېغىزىغا كىرىپ كېتىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ يول ئاپالماي ۋەيران بولدى. ئۇلار ئۈچ ھەتتا تۆت بۆلەك بولۇپ ھەرقايسىسى بىر تاغنىڭ جىلغىسىغا كىرىپ كەتكەچكە، شۇنچە ئۇزۇن كېچىدە 30 يول ئارىلىققا يېتىپ بارالمىدى. بۇمۇ قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن.

جانابىي ئاتىلىق غازى ناماز بامداتتىن يانغاندا تاغنىڭ ئۈستىدىن ئەلەم ـ بايـراقلار كۆرۈندى. قوشۇننىڭ ھەممىسى ئاتلىنىپ بېرىپ ئورۇشۇپ تۇڭگانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى.

دەل شۇ چاغدا يەنە بىر تەرەپتىن بايراقلار كۆرۈندى. بۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ تۇرغان چاغدا باشقا تەرەپتىن يەنە نۇرغۇن تۇڭگانلار بايراقلىرىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كېلىشتى. ناھايىتى قاتتىق جەڭ بولدى. بۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا تۇڭگانلار غالىب كېلىپ سەر-ۋازلار قاچقىلى تۇردى. ئاتلىق غازىغا ھەمراھ بولۇپ بارغان 16 مىڭ يىگىت، سەرۋازلارنىڭ ھەممىسى جەڭگە كەتكەن بولۇپ، ئاتلىق غازىنىڭ قېشىدا 100 نەپەر مەھرەم، 100 نەپەر ياسا-ۋۇل، 100 نەپەر يىگىت قالغانىدى.

ياقۇپبەگ ئاتلىق غازى تۇرپاندىكى چاغدا مىرزا ئەھمەد قوشبېگىنى نىسار مەسۇم ھەزرىتىم ئەكىلىپ ئاتـلىق غازىغا دۇئا قىلدۇرغانىدى. مىرزا ئەھمەد قوشبېگى ئاتلىق غازىنىڭ قېشىدىكى يىگىتلەرنىڭ قاتارىدا ئاددىي يىگىت دەرىجىسىدە تۇراتتى. ئاتلىق غازى قېچىپ كېلىۋاتقان سەرۋازلارنى كۆرۈپ مىرزا ئەھمەد قوشبېگىگە: «قېچىپ كەلگەن سەرۋازلارنى چاپ»، دەپ بۇيرۇق قىلدى. مىرزا ئەھمەد قوشبېگى دەرھال بېرىپ تۆت - بەش سەرۋازنى چېپىپ تاشلىدى. بۇنى كۆرۈپ قېچىپ كەلگەن مەيلى سەرۋاز، مەيلى يىگىت بولسۇن ئارقىسىغا يېنىپ بېرىپ تۇڭگانلار بىلەن جەڭ قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئاتلىق غازى ئۆز يېنىدىكى مەھرەم، ياساۋۇل، يىگىتلەرگە مىرزا ئەھمەد قوشبېگىنى باشلىق قىلىپ سوقۇشقا ئەۋەتـتى. ئۇلار شۇنداق جەڭ قىلدىكى، بۇ جەڭنى تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

تۇڭگانلارنىڭ تولىسى پىيادە ئىكەن. سوغۇقنىڭ قاتتىق-لىقىدىن ئۇلارنىڭ ھالى خاراب بولدى. شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن تۇڭگانلار ھالاك بولدى. بۇ جايدا بىر ئېگىز تاغ بولۇپ، بىر-مۇنچە تۇڭگانلار شۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ تۆۋەنگە قارىتىپ ئوق ئاتقىلى تۇردى. يىگىت - سەرۋازلار تۆۋەندىن يۇقىرىغا

www.uyghurkitap.com

قارىتىپ ئاتتى. تۇڭگانلار تاغنىڭ ئۈستىدىن ئۆلۈكلەرنى يۇمىلىتىپ پەسكە چۈشۈرگىلى تۇردى. يىگىت - سەرۋازلارمۇ تۇڭگانلارنىڭ ئۆلۈكىنى دالدا قىلىپ ئۇرۇشۇپ ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقاتتى.

بۇنداق ئۇرۇش ئاتالىق غازىنىڭ دەۋرىدە ئەسلا كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ تەڭرى ئۆزىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئاتالىق غازىنى غالىب قىلىپ، دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. ئاتالىق تۇڭگانلارنىڭ ئازغىنىسى جېنىنى ئېلىپ لاۋرىنجا داۋۇت خەلىپىنىڭ ھوزۇرىغا ئاران ئۇلاشتى. قالغانلىرى ھالاك بولۇپ قار ئاستىدا توڭلاپ قاتتى. بۇ غەلىبىنىڭ شۆھرىتى مىرزا ئەھمەد قوشبېگىگە بولدى. ئاتالىق غازى مىرزائەھمەد قوشبېگىگە ھەددىدىن زىيادە ئىلتىپاتلار قىلدى.

ئۈرۈمچىدىن چىققان تۇڭگانلار «بارىمىز، ئالىمىز، ئۆلتۈرىمىز، ئات - ئۇلاغ، ئالتۇن - كۈمۈش، ياراق - ئەسلىھەلەرنى ئولجا ئالىمىز» دەپ خام- خىيال بىلەن چىققانىكەن. ھەتتا بالا - چاقىلىرىغا: «ئەتە ئات باغلايدىغان ئارغامچا ئېلىپ ئالدىمىزغا چىقىڭلار»، دەپ يولغا چىققانىكەن. ئاتالىق غازىنىڭ يىگىت- سەرۋازلىرى غالىب بولۇپ، قاچقان تۇڭگانلارنى قوغلاپ كېتىپ بارسا، قوللىرىدا بىردىن، ئىككىدىن ئارغامچا تۇتقان ئون ياشتىن 15 ياشقىچە بولغان 10 مىڭدىن ئارتۇق تۇڭگان بالىلىرىنى ئۇچراتتى. بۇ بالىلار دادىلىرى ئولجا ئالغان ئاتنى باغلاپ مېنىپ كېلىش ئۈچۈن چىققانىكەن. ياقۇپبەگنىڭ يىگىتلىرى بۇلارنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

لاۋرىنجا داۋۇت خەلىپە قېچىپ بارغان تۇڭگانلاردىن بولغان ھادىسىلەرنى ئاڭلاپ، 10 مىڭدەك تۇڭگان ئوغۇل - قىز نارەسىدە مەكتەپ بالىلىرىغا قۇرئان شېرىپنى كۆتۈرتۈپ غالىب قوشۇننىڭ ئالدىغا چىقاردى. تۇڭگانلارنى قوغلاپ ئىلگىرىلەپ ئات چېپىپ

كېلىۋاتقان ئەمىر لەشكەر ئابدۇللا پانسات ۋە پەيزى يۈز بېشى باشلىق باتۇر يىگىتلەر بۇ نارەسىدە مەكتەپ باللىرىغا قاراپمۇ قويماي ئۇلارنى ئاتلىرىغا دەسسىتىپ ئۆلتۈرۈپ، شەھەر دەرۋازىسىغا كېلىپ ئوق چىقىرىۋاتقان چاغدا، ئاتلىق غازىدىن «شەھەرگە كىرمىسۇن»، دەپ ئالىي پەرمان چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن شەھەرگە كىرمەي ئاتنىڭ جىلاۋلىرىنى تارتىپ ئارقىغا ياندى. بىرمۇنچە يىگىت ـ سەرۋازلار تۇڭگانلارنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئولجا ئالغانىـ كەن، ئاتلىق غازى بۇنى كۆرۈپ: «دۈشمەننىڭ باللىرىنى نېمە ئۈچۈن تىرىك ئېلىپ چىقتىڭ؟» دەپ غەزەپلىنىپ ئولجا ئالغان يىگىت ـ سەرۋازلارنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. باللارنى بولسا ئۆلتۈرگۈزىۋەتتى. شۇ باھانە بىلەن گۇناھلىق ۋە گۇناھسىز، چوڭ ـ كىچىك، رەسىدە ۋە نارەسىدە، ئوغۇل ـ قىز بولۇپ ناھايىتى كۆپ تۇڭگانلار قىرىلىپ كەتتى.

بۇ چاغدا داۋۇت خەلىپە يەنە لاۋ رىنجا: «ياقۇپبەگ پادىشاھ باشلىق غالىب قوشۇن شەھەر ئىچىگە كىرسە، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىمىز قوزغۇپ كېتىدۇ، بىز ياقۇپبەگكە ئىتائەت قىلىپ بويسۇنساق، ھەرقانداق يارلىق قىلسا بىجانىدىل قوبۇل تۇتساق»، دەپ ئەلچى چىقاردى. ئاتلىق غازى ماقۇل كۆرۈپ ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك قىلدى.

داۋۇت خەلىپە ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئېسىل چاي، چىنە ـ قاچا، تاۋار ـ دۇردۇن قاتارلىق خاقانى چىنىدىن چىقىدىغان گۈزەل ـ نەپىس نەرسىلەر ۋە بارلىق خەزىنە ـ دەپىنىلىرىنى تارتۇق قىلىپ ئاتلىق غازىنىڭ بارگاھى ئالىيلىرىغا چىقاردى. ئەمما ئۆزرە بايان قىلىپ ئۆزى چىقمىدى. ئىتائەت ۋە قۇللۇق كەمەرـ لىرىنى بېلىگە مەھكەم باغلىدى. «ئەگەر سىياسەت تىغىدىن ئۆتكۈزسەڭ دېسىلە، جان ۋە مېلىم جانابىي پادىشاھ ئۈچۈن پىدا بولسۇن ياكى كەمىنە كەمتەر، قېرى قۇللىرىغا ئەپۇ قەلىمىنى

www.uyghurkitap.com

سۈرسىلە. كەرەملىك پادىشاھ ئىختىيار ئۆز ئىلكىلىرىدە...»، دەپ ئەرز قىلدى. جانابىي ئاتىلىق غازى ئۇنىڭ شۇنچىلىك قىلغىنىغا رازى بولۇپ ئامانلىق بەردى.

ئاتىلىق غازى ئۈرۈمچى تەرەپكە يۈرۈش قىلغاندا، تۇرپاندىكى تۇڭگانلارنىڭ چوڭى شاۋيەنشەينى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. شاۋيەنشەي بۇرۇن قىلغان گۇناھلىرىنىڭ بەدىلىگە ناھايىتى چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى. شۇڭا جانابىي ئاتىلىق غازى ئۇنىڭغا ئۈرۈمچىنىڭ دايەنشەيلىكىنى مەرھەمەت قىلدى ھەم ئالتۇن كەمەر، مىلتىق، ياراق - ئەسلىھەلىرىنى ئىنئام قىلدى. ئۈرۈمچىگە قۇتۇبى، سانجى، ماناس، داۋانچىڭ قاتارلىق ئالتە شەھەر قاراشلىق ئىكەن. شاۋيەنشەيگە ھەممىنى قوشۇپ بېرىپ رازى قىلدى. بۇ ئالتە شەھەرنىڭ ھەر بىرىگە دايەنشەي كىمنى لايىق كۆرسە شۇنى يەنشەيلىككە تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈردى. يەنشەيلەر دايەنشەينىڭ ئىتائىتىدە بولۇپ، بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ پەرمانبەردارلىق قىلدى.

دايەنشەي: «مەن ئىسلام پادىشاھلىرىنىڭ رەسىم - قائىدىلىرىنى بىلمەيمەن. جانابىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىدىكى مۇلازىم، ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن بىرىنى تىلەيمەن. ئۇ كىشى ماڭا قائىدە - قانۇنلارنى ئۆگىتىپ تەلىم بەرسە»، دەپ جانابىي ئاتىلىق غازىغا مەلۇم قىلدى. ياقۇپبەگ ئۇنىڭ ئەرزىنى قوبۇل كۆرۈپ، مىرزا بېشى زەينىلئابىدىن مەخدۇمنى سالام ئاغىسى قىلىپ تەيىنلەپ دايەنشەينىڭ قېشىدا ئۈرۈمچىدە قالدۇردى. شۇ يىلى ئۈرۈمچىنىڭ سوغۇقى ئادەتتىن تاشقىرى ناھايىتى قاتتىق بولغانىدى، شۇ قىشتا نەنسەندىكى شى شىڭكۇڭ ھەر كۈنلۈكى ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنلىرىغا ئۆز ئادەملىرىدىن 100 تۈگە، 50 — 60 ھارۋىدا تاشكۆمۈر يەتكۈزۈپ بېرىپ ناھايىتى كۆپ خىزمەت قىلدى. ئىنىسىمۇ چېرىكلىرى بىلەن ئالاھىدە خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى. مۇشۇ كۈن-

لەردە شى شىڭكۇڭ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن كې-
لىپ ئاتىلىق غازىنى كۆپ خۇرسەن قىلدى. شۇڭا شى شىڭكۇڭغا
كىمخاب تاشلىق ئىمچا، جۇۋا قاتارلىق ئېسىل كىيىم ـ كېچەك،
قىممەت باھا تۇماق، مىلتىق ـ ياراق، كەمەر، ئالتۇن جابدۇقلۇق
ئارغىماق ئات قاتارلىقلارنى ئىنئام قىلدى. ئىنىسىغىمۇ شۇ
تەرىقىدە غايەت زور ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى. قالغان چېرىكلە-
لەرگىمۇ سۆلەيسۈن، تۆلكە، كۆرپە قاتارلىق ئېسىل تېرىلەردىن
قىلىنغان كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئېھسان قىلىپ خۇشال قىلدى.
شۇنىڭ بىلەن شى شىڭكۇڭنىڭ نەنسەنگە قايتىپ كېتىشىگە رۇخ-
سەت قىلدى. دايەنشەي ئۈرۈمچىدىن 12 مىڭ تاغار ئاشلىق
ئەۋەتتى.

مۇشۇنداق ئەھۋاللار بىلەن جانابىي ئاتىلىق غازى ئۈچ
ئايدەك ۋاقىت ئىچىدە ئۈرۈمچى ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە
يۇرتلارنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئىشلارنى سەرەمجان قىلغاندىن
كېيىن غالىب قوشۇننى باشلاپ قايتماقچى بولدى. ئۇلار مەن-
زىلمۇ مەنزىل يول يۈرۈپ باش باھاردا قاراشەھەرگە يېتىپ
كەلدى. بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇشنى ئىختىيار قىلىپ،
قاراشەھەر دەرياسىنىڭ لېۋىدە بىر شەھەر بىنا قىلدۇردى.
جانابىي ئاتىلىق غازى ئۆزى باش بولۇپ خىش كۆتۈرۈپ، خاك
سوقۇپ ئەمگەك قىلدى. بۇنى كۆرگەن ئەمىرلەشكەر، ئۆلىما،
ياش ـ قېرى ھەممە كىشى جىم تۇرالماي سېپىل سوقۇش قاتارلىق
شەھەر قۇرۇلۇشىغا كىرىشىپ كەتتى. پات پۇرسەتتە شەھەر
قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈزۈپ تاماملىدى.

بۇ كۈنلەردە قالماقلارنىڭ خاقانى خوتۇنخان
قاراشەھەرگە يېقىن قارامودۇن دېگەن بىر جايدا ئولتۇرۇش-
لۇق ئىكەن. ئاتىلىق غازى بۇلارنىمۇ ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇپ
بويسۇندۇرۇش نىيىتى بىلەن خوتۇنخاننى تەكلىپ قىلىپ ئادەم

www.uyghurkitap.com

چىقاردى. ئەلچىلەرنى كۆرۈپ خوتۈنخان ئۆزى قاراشەھەرگە كېلىشكە ئېھتىيات قىلىپ لاما، گەيگەن* دېگەنلەرنىڭ باشچىلىقىدا بىرنەچچە مەنسەپدارى بىلەن 500 قالماقىنى ئاتلىق غازىنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتتى. ئاتلىق غازى كەلگەن قالماقلارنى بىرنەچچە كۈن توختىتىپ چوڭ زىياپەت قىلدى. ھەركۈنلۈكى رىشالە، ھالۋا، قەنت - شېكەر بىلەن تەييارلانغان نازۇنېمەتلەر، قوي يېغىدا ئەتكەن پولۇ، شويلا - شورپا قاتارلىق ئالنىي يېمەك-ئىچمەكلەر بىلەن مېھمان قىلدى. قالماقلار ئۈچۈن سېرىق لانكا، سېرىق دابالاردىن قالماقچە تون، كىيىم - كېچەك تىكتۈرۈپ تەييارلاپ قويغانىكەن. ھەممىسىگە تون - سەرۇپايلارنى ئىنئام قىلىپ قايتىپ كېتىشكە رۇخسەت بەردى.

شۇ ئارىدا بىر مۇنچە يېگىتلەر بىلەن مۇھەممەت توقسابەنى ئەۋەتىپ، خوتۇن خاقاننى ئەكەلدۈرۈپ باشقا يول بىلەن كورلىغا ئاپىرىپ ئاخۇن چىغانىنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈرۈپ شۇ يەردە تۇتۇپ قالدى. خوتۇنخانغا تەلىمناتلارنى بەلگىلەپ ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاشنى ھاجى مىرزىغا تاپشۇردى. ئاتلىق غازىنىڭ ھوزۇرىغا كەلگەن قالماقلار خوتۇنخاننى كورلىغا ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئۆز يۇرتلىرىغا كەتتى.

شۇ ئەسنادا ئۈرۈمچىدىن خەت كېلىپ: «نەنسەندىكى شى شىكۇاڭ تۇرغۇن چېرىك بىلەن ئۈرۈمچىگە بېسىپ كېلىپ دايەنشەي بىلەن ئۇرۇشۇپ، دايەنشەينى ئۆلتۈرۈپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنى بۇلاپ - تالاپ يەنە ئۆز جايىغا قايتىپ كەتتى»، دېگەن يامان خەۋەر ئاتلىق غازىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. بۇ خەۋەردىن سەل كېيىن جايابېي زەيتۇللابەگدىن مەخدۇم مىرزا بېشى 50 تەك تۆگىگان بىلەن 30 تۆگە چاي، چىنە قاتارلىق تارتۇق-

* يەنى گېگەن.

پىشكەشلەرنى ئەكىلىپ ئاتلىق غازىنى زىيارەت قىلىپ پاتىھە ئوقۇدى.

مەزكۇر مىرزا بېشى زەينىلئابىدىدىن مەخدۇم، دايەنشەي تەرىپىدىن شى شىڭكۇگا ئەلچى بولغان ۋە شى شىڭكۇڭ ئانچە مايقۇل تۇتمىغانىكەن. مىرزا بېشى زەينىلئابىدىدىن مەخدۇم شى شىڭكۇڭنىڭ ئالدىدىن يېنىپ كەلگەندىن كېيىن: «ماڭا ئۈرۈمچىنىڭ ئابى-ھاۋاسى ياقمىدى، ئاتلىق غازىنىڭ خىزمەتلىرىگە تارتۇق-پىشكەشلەرنى ئېلىپ بارغاچ دۇئا-پاتىھە ئوقۇپ يانسام»، دەپ دايەنشەيدىن رۇخسەت ئېلىپ سوۋغا-سالاملار بىلەن يولغا چىقىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ھېلىقى ۋەقەلەر يۈز بېرىپتۇ. ۋەقەدىن مىرزا بېشىنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەن. جانابىي ئاتلىق غازى ئۈرۈمچىدە دايەنشەي بىلەن شى شىڭكۇڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ۋەقەلەرنى مىرزا بېشىغا مەلۇم قىلدى. ئىسكەندەرىم ئۆز قۇدرىتى بىلەن زەينىلئابىدىدىننى مۇھاپىزەت قىلىپ، بىر باھانە-سەۋەب بىلەن خەتەردىن ساقلاپ سالامەت قايتىپ كېلىشكە نېسىپ قىلغانلىقىغا شۈكرىلەر بەجا كەلتۈردى. مىرزا بېشى زەينىلئابىدىدىن مەخدۇم موللا، ئەخلاق-پەزىلەتلىك، شائىر، ئىش بىلەرمەن، بىرنەچچە خان-پادىشاھلارنىڭ ھۇزۇرىدا مىرزا بېشى بولۇپ كۆپ ئىززەت-ئابروي تاپقان، ئاتلىق غازىنىڭ ھۇزۇرىدىمۇ قەدىر-قىممىتى ئۈستۈن، كاتىبات ئىشلىرىدا لاياقەتلىك كىشى ئىدى، ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئەقىل-پاراسىتى ۋە زېھىن-ئىدراكىنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن «دىۋان فۇزۇلى»نىڭ ئۇسلۇبىدا مەھجۇرى* تەخەللۇسى بىلەن بىر توم شېئىرىي دىۋان يېزىپ چىقاردى. دىۋانىنىڭ مەزمۇنىغا نۇرغۇن پەند-نەسىھەت،

* مەھجۇرى — بۆلۈنۈپ كەتكەن، ئاجرالغان، ئايرىلىپ كەتكەن دېگەن مەنىدە.

ھەقىقەت، مائارىپ ۋە مەرىپەتلەر كىرگۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئەسەر ھەممە پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ يىغىلىش سورۇنلىرى ۋە مەرىكە ـ ئولتۇرۇشلىرىدا ئوقۇلاتتى. ئىشىتكۈچى ۋە كۆرگۈچىلەر ھەيرانلىق چىشلىرىدا تەئەججۈپ بارماقلىرىنى چىشلىشەتتى. مىرزا بېشى زەيىنلىئابىدىدىن مەخدۇمنىڭ پەزىلىتى ئۇنىڭ شېئىر، ۋەزن، قاپىيىلىرىگە ئىنساپ كۆزى بىلەن نەزەر سالسا ئاندىن مەلۇم بولىدۇ. تۆۋەندىكى مىسرا مەزكۇر دىۋاندىن بىر پارچىدۇر:

نەزم

گەر نەسىب ئولسا بۇ مەھجۇرە تەۋاپى كەئبەم،
باش ئۇرۇپ ئۆتكەن ئىشنە تەۋبە تەزەررۇئەيدەلىم*

جانابىي ئاتىلىق غازى: «ئۈرۈمچى يۈز ئۆرۈپ ئىتائىتتىن مىزدىن چىقسا، لەشكەر ئەۋەتىپ ئىككىنچى قېتىم ئىتائەت قىلدۇرۇپ بويرۇقىمىزغا كىرگۈزگىلى بولىدۇ. دايەنشەي ئۆلۈپ كەتسە يەنە بىر تۇڭگاننى دايەنشەي قىلىپ تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈرسەك دايەنشەي بولۇپ كېتىۋېرىدۇ. ئەمما سىز مىرزا بېشىغا خەتەر يەتسە سىزدەك كىشىنى تاپقىلى بولمايتتى» دەپ، مىرزا بېشىغا كۆپ مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ ئېھسانلارنى مەرھەمەت قىلدى.

جانابىي ئاتىلىق غازى قاراشەھەر ۋە كورلىلاردا ئۈچ

---

* ئەگەر (تەڭرىم) مېنى كەئبىنى تاۋاپ قىلىشقا مۇيەسسەر قىلسا، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمغا بېشىمنى ئۇرۇپ تۇۋۋا قىلىپ يىغلايتتىم.

ئايدەك تۇرۇپ قالدى. ئاندىن چوڭ ھەشەمەتلەر بىلەن قوزغىلىپ ئەركان دۆلەتلەر بىلەن ئاقسۇغا يېتىپ كېلىپ يېڭىدىن بىنا قىلغان ئالىي ئوردىغا چۈشۈپ ئورۇنلاشتى. بۇ ئوردا پەرغانە ۋىلايىتىدىكى خانلارنىڭ ئوردىلىرىغا ئوخشىتىپ ياسالغانىدى. ئاتالىق غازى يېڭى ئوردىدىن رازى بولۇپ، ئىش بېشى نىياز باقى ۋە قالغان ئۇستىلارغا تۇرغۇن ئىنئام ۋە مۇكاپاتلارنى بەردى. بۇ تارىخى ھىجرىيىنىڭ 1288 - يىلى* ياز پەسلىنىڭ ئاخىرى ئىدى.

## 10

**جانابىي ياقۇپبەگ ئاتالىق غازىنىڭ پەرمانى بىلەن ھېكىمخان تۆرەم ئۈرۈمچى تۇڭگانلىرىنىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتقانلىقى ۋە ياقۇپبەگ ئۆز پەرزەنتى بەگقۇلىبەگنى ياردەم ئۈچۈن ئارقىسىدىن ئەۋەتكەنلىكى؛ ھېكىمخان تۆرەم مەقسەت گۈلىنى قولغا كەلتۈرۈپ قايتىپ، كېلىپ بارگاھنى تاۋاپ قىلغانلىقى**

جانابىي ئاتالىق غازى ئاقسۇغا يېتىپ كېلىپ سەلتەنەتلىك ئوردىدىكى پادىشاھلىق تەختىگە چىقىپ ئولتۇردى. ئاقسۇغا ئىككى مەنزىل قالغاندا كورلىدىكى ھاجى مىرزىدىن: «بىر كېچىدە ياراق - ئەسلىھەلەر بىلەن قوراللانغان 2000 دەك قالماق كورلىغا بېسىپ كىرىپ سوقۇشۇپ 200 چە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ خوتۇنخانىنى ئەپقېچىپ كەتتى»، دېگەن مەزمۇندا مەلۇمات كەلدى. ۋەقە مۇنداق بولغانىدى: ھاجى مىرزا قالماق-

* ھىجرىيىنىڭ 1288 - يىلى مىلادىنىڭ 1871 -، 1872 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

لارنىڭ يامان نىيىتىنى بىلىپ قېلىپ قالماقلار كېلىدىغان يول ۋە تاغ جىلغىلىرىنى توسۇش ئۈچۈن ئادەم ۋە يىگىتلىرىنى ئېلىپ، 30 يول يىراقلىقتىكى «قالقىمان» دېگەن مەنزىلگە چىقىپ ياتقانىكەن. قالماقلار باشقا يول بىلەن كورلىغا كېلىپ خوتۇنخاننى ئېلىپ كېتىپتۇ.

يەنە بىر ۋەقە، نەنسەندىكى شى شىكۇڭ لەشكەر تارتىپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ دايەنشەيىنى ئۆلتۈرۈپ، بۇلاپ - تالاپ چىقىپ كەتكەنلىك خەۋىرى ئاتىلىق غازىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەنىدى. بۇ ۋەقەنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: سۇ يەنشەي بىلەن شى شىكۇڭنىڭ ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ ئاداۋەت بار ئىدى. شى شىكۇڭنىڭ ئۇرغۇن چېرىكلىرىنى ئاپىرىپ ئاتىلىق غازىغا ياردەم بېرىپ خىزمەت كۆرسىتىشتىكى غەرىزى، سۇ يەنشەيىنى يوقىتىش ئىكەن. ئىش ئۇنىڭ مۇددىئاسىدەك بولماي ئاتىلىق غازى شاۋيەنشەيىنى ئۈرۈمچىگە دايەنشەي قىلغانلىقى ئۈچۈن شى شىكۇڭنىڭ ھەسەت ۋە دۈشمەنلىكى تېخىمۇ ئاشقانىكەن. يەنە بىرى، جانابىي ئاتىلىق غازى شى شىكۇڭدىن 10 مىڭ تاغار ئاشلىق ئېلىپ دايەنشەيگە مەرھەمەت قىلغانىدى. شى شىكۇڭ دايەنشەيىنى «ئاشلىقنى ھازىر بېرىسەن»، دەپ قىستىدى. دايەنشەي: «ھازىر پۇقرالارنىڭ قولىدا ئاشلىق يوق. خامان ئالغاندا بېرەي»، دېسە ئۇنىماي ئىككى ئوتتۇرىدا ئۇرۇش - جېدەل يۈز بەرگەنىكەن.

بۇ چاغدا ئاتىلىق غازى كۇچادىكى نارمۇھەممەد پەرۋانىچىنى ئەمىر لەشكەر دەرىجىسىدە 1500 يىگىتى بىلەن، كورلىدىكى ھاجى مىرزىنى 500 يىگىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىشقا پەرمان چۈشۈردى. كورلىغا شۇ يەرلىك تاشلان قازىبەگنى ھاكىملىققا تەيىنلىدى. تۇرپاندىكى ھېكىمخان تۆرەمگىمۇ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن پەرمان قىلدى.

ھېكىمخان تۆرەم، نارمۇھەممەد پەرۋانىچى، ھاجى مىرزا، مەھمۇدبەگ ئۆرگەنجى، ھەيدەر قۇل دادخاھ قاتارلىقلار 8000 ئادەم بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

ئۈرۈمچىدىكى تۇڭگانلار دايەنشەي ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى تالىپ ئاخۇننى ئۆزلىرىگە چوڭ قىلىپ ئۇنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا بويسۇنۇپ تۇرغانىكەن، جانابىي ئاتلىق غازىدىن تالىپ ئاخۇننىڭ نامىغا دايەنشەيلىك مەنسەپ ئۈچۈن يارلىق كەلگەنىدى. ھېكىمخان تۆرەم باشلىق سەركەردىلەر بىلەن تۇڭگانلار كېڭەش - مەسلىھەت قىلىشىپ ئىتتىپاق بولۇپ شى شىكۇڭدىن ئىنتىقام ئېلىش قارارىغا كەلدى ۋە قوشۇنلارنى باشلاپ نەنسەندىكى خىتايلارنىڭ ئۈستىگە بېسىپ بېرىپ جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. خىتايلار تەڭ كېلەلمەي، كىچىك نەنسەننى تاشلاپ چوڭ نەنسەنگە قېچىپ كەتتى. ھېكىمخان تۆرەم باشلىق سەركەردىلەر نەنسەندە تۇرۇپ، بولغان ۋەقەنى جانابىي ئاتلىق غازىغا مەلۇم قىلدى. ئاتلىق غازىدىن: «نەنسەندىكى خىتايلار قاچقان بولسا كارىڭلار بولمىسۇن، ئەمدى ئۈرۈمچىگە كىرىپ قىشنى شۇيەردە چىقىرىڭلار»، دېگەن جاۋاب كەلدى.

بۇ كەچكۈز پەسلى ئىدى. پەرمانغا بىنائەن غالىب قوشۇن ئۈرۈمچىگە كەلسە، تۇڭگانلار تالىپ ئاخۇن دايەنشەينى بىر ئۆيگە قاماپ قويۇپ، داۋۇت خەلىپە لاۋ رېنجانى ئۆزلىرىگە باش قىلىۋاپتۇ. شۇڭا ھېكىمخان تۆرەم باشلىق غالىب قوشۇن-نى ئۈرۈمچىگە كىرگۈزمىدى. ئىككى ئوتتۇرىدا ئۇرۇش بولۇپ ئاخىر تۇڭگانلار غالىب كەلدى. ئەھۋالنى ئاتلىق غازىغا مەلۇم قىلىپ دەرھال مەلۇمات ماڭدۇردى. ئەمما قوشۇن ئىچى-دىكى پەيزى يۈز بېشى، ئاسرانقۇل قىپچاق ۋە تاغايى قىر-شىقلار باتۇرلۇقتا رۇستەمى داستان ۋە سامى نەرىماندىن زىيادە

www.uyghurkitap.com

قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئەگەر بۇ باتۇر پالۋانلار بولمىغان بولسا، قوشۇن ئىچىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئاسان ئەمەس ئىدى.

مەلۇمات جانابىي ئاتىلىق غازىنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ بارغان ھامان، ئاقسۇدىكى ئۆمەرقۇل دادخاھ ئەمىرلەشكەر ۋە ئەزىم قۇل پانسات باشچىلىقىدىكى 7000 لەشكەرنى ھېكىمخان تۆرەم ۋە نارمۇھەممەد پەرۋانىچىلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن دەرھال ئاتلىنىشقا يارلىق چۈشۈردى. بۇلار يېتىپ بېرىپ تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇشۇپ داۋۇت خەلىپە لاۋ رىنجانىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىنى قولغا كىرگۈزدى. داۋۇت خەلىپە بىرمۇنچە تۇڭگانلار بىلەن قېچىپ چىقىپ ماناسقا جېنىنى جايلىدى.

جانابىي ئاتىلىق غازى ئاقسۇدا توققۇز ئايدەك تۇرۇپ ئاندىن پايتەختى قەشقەرگە قايتتى.

شۇ ئەسنادا لاۋ رىنجا داۋۇت خەلىپە ماناستىن نۇرغۇن چېرىكنى باشلاپ كېلىپ ھېكىمخان تۆرەم، نارمۇھەممەد پەرۋانىچى، يېڭىدىن كەلگەن ئەمىرلەشكەر باشلىق ھەممە قوشۇننى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىچىگە قامىۋالدى. ئۈرۈمچى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئالتە شەھەردىكى تۇڭگانلارنىڭ لاۋ رىنجا داۋۇت خەلىپىگە ئەقىدە - ئىخلاسلىرى ناھايىتى زىيادە ئىكەن. 16 مىڭ تۇڭگان جەم بولۇپ كېلىپ ئۈرۈمچى شەھىرىنى قورشاپ تۆت ئاي قامال قىلىپ ئاتىلىق غازىنىڭ لەشكەرلىرىنى شەھەر- دىن تاشقىرى چىقارمىدى. ئەمما قامالدا قالغانلار تۈرلۈك ئىلاج ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بولۇۋاتقان ئەھۋاللاردىن ئاتىلىق غازىنى خەۋەردار قىلدى. ئاتىلىق غازى ئۆزىنىڭ مېھرىبان پەرزەنتى، دىل رىشتىسى بېكقۇلىبەگنى باش قىلىپ مۇھەممەد كېرىم دادخاھ، ئېلىبەگ پانسات، مۇھەممەد سېيىت پانسات، نورۇز پانسات، خالمان پانساتلارنى قوشۇپ 5000 يىگىتنى،

تۆرە قول ۋە مۇھەممەد رەھىم پالۋانلارنى باش قىلىپ 2000 سەرۋازنى، ئۆمەرخان ئىشانغا تۆت چوڭ توپنى بېرىپ ھەممىسىنى قوشۇپ ئۈرۈمچىگە ماڭدۇردى.

بېكقۇلىبەگ دۆلەت ئىشلىرىنى ۋە لەشكەركەشلىك تەرتىپىنى جاڭابىي ئاتلىق غازىنىڭ قانۇن - قائىدىلىرى بويىچە تەييارلاپ سەپ - سەپ بولۇپ داغدۇغا بىلەن توقسۇنغا يېتىپ باردى. توقسۇننىڭ ھاكىمى جاھان دادخاھ سوۋغا - سالاملار بىلەن ئالدىغا چىقىپ قونالغۇلارنى تەييارلاپ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە خىزمىتىنى قىلدى. جاڭابىي بېكقۇلىبەگ بەش كۈن ئارام ئېلىپ، ئۇ تەرەپنىڭ ھال - ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ ئاندىن ئۈرۈمچى تەرەپكە ئاتلاندى.

داۋانچىڭلىقلارمۇ ئاتلىق غازىدىن يۈز ئۆرۈپ داۋۇت خەلىپە لاۋرىنجاغا ئىتائەت قىلغانىكەن. داۋانچىڭنى ئالماي تۇرۇپ ئۈرۈمچىگە بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نائىلاج داۋانچىڭنى قولغا ئېلىش جېڭىنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. قىرىق كۈن ئۆتكەندە ئاندىن غەلىبە شامىلى نامايان بولۇپ، مەقسەت گۈللىرى بېكقۇلىبەگنىڭ قولىغا كەلدى. تۇڭگانلاردىن 1500 دىن كۆپرەك ئادەم يوقىتىلدى. يىگىتلەردىن 200 چىسى ئۆلدى، بىرنەچچىسى يارىدار بولدى.

داۋانچىڭ ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇلار ھېكىمخان تۆرەم ۋە نارمۇھەممەد پەرۋانىچىلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ باردى. بېكقۇلىبەگ شەھەرنىڭ تېشىدىن ھېكىمخان تۆرەم ۋە پەرۋانىچىلار شەھەرنىڭ ئىچىدىن ھەرىكەت قىلدى. قاتتىق جەڭ ۋە سوقۇشلار بولدى. ئاخىر ياقۇپبەگ قوشۇنى غالىب كېلىپ تۇڭگانلارنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ تارىخىي

ھىجرىيىنىڭ 1289 - يىلى① ئىيى. 15 مىڭدىن ئارتۇق تۇڭگان ھالاك بولدى. 1000 دەك يىگىت چىقىم بولدى. 400 چىسى ياردار بولدى. بۇ ئۇلۇغ غەلىبە خەۋىرىنى «پەتنامە»① قىلىپ ياقۇپبەگنىڭ دەرگاھىغا ئەۋەتتى. جانابىي ئاتىلىق غازى ھېكىمخان تۆرەم باشلىق ھەممىسىگە تون - سەرۇپاي، تەڭگە - تىللا، ئات - ياراق ئىنئام قىلدى.

قوشۇن ئۇرۇمچىدە قامىلىپ تۇرغان كۈنلەردە يىگىتلەرنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى ناچار بولۇپ كۆپ قىيىنچىلىقلارنى تارتتى. قىممەتچىلىكمۇ چېكىگە يەتتى. بىر جىڭ ناننى بىر سەر كۈمۈشكە ئالدى. ھەتتا ئۇنىڭغىمۇ تېپىلمىدى. ئاتلارغا تامنىڭ سۇۋاقلىرىنى سويۇپ، سۇدا يۇيۇپ سامىنىنى ئايرىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەنمۇ ئىلاج بولماي ئاتلار ئۆلدى.

ئۇرۇمچى قولغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، بېكقۇلىبەگ ھېكىمخان تۆرەمگە ئۆز ۋەتىنى تۇرپانغا قايتىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلدى.

بېكقۇلىبەگ قالغان ئەمىر لەشكەر، پانساتلار بىلەن ئىككى ئاي ئۇرۇمچىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كومادىنغا③ ئاتلاندى. كومادىدا جەڭ ۋە ئۇرۇشلار بولدى. بۇ ئۇرۇشتا خالىبباي پانساتقا ئوق تېگىپ شېھىت بولدى. تۇڭگانلار ئاقىۋەت تەڭ كېلەلمەي تارتۇق - پىشكەشلەر بىلەن چىقىپ ئەمىر - پەرمانلارغا بويسۇنىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ ئامانلىق تىلىدى. بېكقۇلىبەگ قوبۇل كۆرۈپ يۇرتلىرىنى ئۆزلىرىگە بېرىپ بىر-

---

① ھىجرىيىنىڭ 1289 - يىلى مىلادىنىڭ 1872 -، 1873 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② پەتنامە — غالىبىيەت خېتى، خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش خېتى.

③ يەنى گۇمۇدى، ھازىرقى مىچۇەن ناھىيىسى.

نەچچە كۈندىن كېيىن قايتتى.

بۇ كۈنلەردە جانابىي ئاتالىق غازى قەشقەردىن ھەرغىلانلىق يەھيا يۈز بېشىنى مۇلايىم، شېرىن سۆخەن، قەنت ـ ناۋاتتەك تاتلىق گەپلەر بىلەن يېزىلغان خەت ۋە سوۋغاتلار بىلەن ئەلچى قىلىپ ماناستىكى داۋۇت خەلىپە لاۋرىنجانىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنىدى. يەھيا يۈز بېشى داۋۇت خەلىپىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەلچىلىك رەسمىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈردى. ئەمما لاۋرىنجا ئەنجانلىقلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلىمايمەن، ئەلچىسىنىمۇ كۆرمەيمەن، دەپ غەزەپ ئاچچىقى ۋە جاھىللىقىدىن يەھيا يۈز بېشىنى دارغا ئاستى. بىللە بارغان ئۈچ ئادىمىنى يوقاتتى. ئاتالىق غازى داۋۇت خەلىپىنىڭ بۇ خىل قىلمىشلىرىنى ئاڭلاپ، غەزىپى ئۆرلەپ ئاللابەگ پانسات، ھىسامىددىن پانسات، ئاخۇن پانسات، باقى پانساتلارنى باش قىلىپ 2000 لەشكەرنى ماناسقا ماڭدۇردى. بۇلار يېتىپ بېرىپ بېكقۇلىبەگكە ئۇچرىشىپ ئۇلار بىرلىكتە ئاتلىنىپ ماناسقا يېتىپ بېرىپ شەھەرنى مۇھاسىرە قىلدى ۋە جەڭلەر بولدى. ئۇلار نەچچە قېتىم مەغلۇپ، نەچچە قېتىم غالىب بولۇپ ئۇرۇشتى. ئاقىۋەتتە ماناسمۇ ئېلىندى. شۇ كۈنى داۋۇت خەلىپە زەھەر يەپ ئۆز جېنىنى ئۆزى ئەزرائىلغا تاپشۇردى. پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى غالىب قوشۇن تاپشۇرۇۋالدى. بۇ ئۇرۇشتا 300 دىن كۆپرەك يىگىت ئۆلدى. 2000 دىن ئارتۇق تۇڭگان يوقىتىلدى.

تۇڭگانلارنىڭ شەھەرلىرى ئىككىنچى قېتىم ياقۇپبەگ ئاتالىق غازىغا تەۋە بولدى. ئۇرۇمچىگە تەۋە ئالتە شەھەردىكى پۈتۈن تۇڭگانلارنى چوڭ ـ كىچىك، باي ـ كەمبەغەل دەپ ئايرىماي ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ خەتلەپ، بايلىرىغا 1000 سەردىن كۈمۈش، ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەكلىرىگە 800 سەر، ئەڭ

www.uyghurkitap.com

كەمبەغەللەرگە 10 سەردىن كۈمۈش سېلىق سېلىپ زورلۇق بىلەن يىغىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە تۇڭگانلار ئاجىز ۋە خارابلىققا يۈز تۇتتى.

بېكقۇلىبەگ كەنجى ئاخۇن دېگەن بىر سالا تۇڭگاننى ھەممە تۇڭگانلارغا دايەنشەي قىلىپ، ئۈرۈمچى ئالتە شەھەر تۇڭگانلىرىنى شۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بۇ تەرەپنىڭ ئىشلىرىنى سەرەمجان قىلىپ ھەممە غالىب قوشۇنلار بىلەن تۇرپانغا قايتتى. تۇرپاندىكى مازار ـ ماشايىخ، شېھىتلەرگە قۇرئان شېرىپنى خەتمە قىلدۇرۇپ، ئاجىز ـ بىچارە، كەمبەغەللەرگە نەزىر ـ چىراق، سەدىقىلەرنى بېرىپ دۇئاسىنى ئالدى.

كورلا ھاكىمى ھاجى مىرزا بىپەرۋالىق قىلىپ قالماقلارنىڭ خانى خوتۇنخانىنى قولىدىن چىقىرىپ قويدى ۋە بىرنەچچە ئادەملەر زايە بولدى. بۇ گۇناھلىرىنى گەدىنىگە قويۇپ كورلىنىڭ ھاكىملىقىدىن ئېلىۋېتىپ قەشقەرگە ئاپىرىپ ئۈچ يىل تۇختىتىپ قويدى. كورلىغا نىياز مۇھەممەد توقسابەنى ھاكىم قىلدى. ياقۇپبەگ نارمۇھەممەد پەرۋانىچىنى كونا سىپاھ دەپ قاراپ ئىلگىرى ھېكىمخان تۆرەم ئىككىنىسىنى ئۈرۈمچىگە بۇيرۇغاندا نارمۇھەممەد پەرۋانىچىنى ئەمىر ـ لەشكەر دەرىجىسىدە قىلىپ، مۇھىم ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا ھېكىمخان تۆرەمنى نارمۇھەممەد پەرۋانىچىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشنى بەلگىلەپ پەرمان چۈشۈرگەنىدى. ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن نارمۇھەممەد پەرۋانىچى دايەنشەينىڭ ئوغلى تالىپ ئاخۇندىن بىرمۇنچە نەقدىنە* ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى مەخپىي ئېلىپ جانابىي ئاتىلىق غازىغا، «تالىپ ئاخۇننى ئۈرۈمچىگە دايەنشەي قىلىپ بېرىلسە، تۇڭگانلار تالىپ ئاخۇننى خالايدىكەن»، دەپ

* نەقدىنە ـ نەقپۇل، ئالتۇن ـ كۈمۈش مەنىسىدە.

ئەرز بەرگەنلىكتىن تالىپ ئاخۇننى دايەنشەي قىلىپ يارلىق چۈشۈرگەنىدى. ئەمما تۇڭگانلارنىڭ چوڭلىرى تالىپ ئاخۇنغا ئىتائەت قىلىشنى نومۇس بىلىپ ئىككىنچى قېتىم داۋۇت خەلپەنى ئۆزلىرىگە باش قىلىپ ئاتلىق غازىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانىكەن. شى شىكۈڭنىڭمۇ سۈيەنشەيگە قەدىمىدىن تارتىپ ئاداۋىتى بولغانلىقتىن ئاتلىق غازى تۇرپاندا سۈيەنشەي بىلەن سوقۇشۇۋاتقان چاغدا تۇرپانغا بېرىپ ئاتلىق غازىغا ياردەم بېرىپ خىزمەت كۆرسەتكەنىدى. بۇ ۋەقە يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى.

چوڭ ـ كىچىك پۈتۈن تۇڭگانلارنىڭ داۋۇت خەلپە لاۋرىنجاغا بولغان ئەقىدە ـ ئىخلاسلىرى ھەددىدىن زىيادە ئىدى. نارمۇھەممەد پەرۋانىچى داۋۇت خەلپىنى تۇڭگانلارغا چوڭ قىلىپ بېرىلسە، دەپ ئەرز قىلغان بولسا، ئاتلىق غازى يارلىق چۈشۈرۈپ داۋۇت خەلپە تۇڭگانلارغا باشلىق بولغان بولسا، بۇ جېدەل ـ ماجىرالارنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئىدى. يىگىت ۋە تۇڭگانلارنىڭ خۇنلىرىمۇ تۆكۈلمەس ئىدى. جانابىي ئاتلىق غازى، بۇ ئەھۋاللارنى بىلىپ، نارمۇھەممەد پەرۋانىچىغا كايىپ قەشقەرگە ئاپىرىپ سوغۇق ئۆيگە سولاپ قويۇپ مۇزلىتىپ ئۆلتۈردى. كۇچاغا ئاملىخان تۆرەمنى ھاكىم قىلدى. ئورۇمچى ۋە ماناسلاردا باتۇرلۇق كۆرسەتكەن ئاسرانقۇلنى پانسات قىلدى. تاغايى قەرشىقنى ياساۋۇللارغا يۈز بېشى قىلدى. پەيزى يۈز بېشى ئۆزىنىڭ پانساتى مەھمۇد ئۆرگەنچىگە گەدەنكەشلىك قىلغانىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن كايىپ مۇز داۋانغا كەلگەندە ئەمىلىدىن بوشاتتى، پەيزى يۈز بېشى مۇز داۋاندىن قاچقانىدى، تۇتتۇرۇپ كېلىپ گۇناھلىرىنى گەدىنىدە قويۇپ شۇ يەردىلا يوقاتتى. ئورۇمچىنى كەنجى ئاخۇنغا تاپشۇردى. يۇسۇپ ئاخۇن تۇڭگاننى يىگىتلەرگە ياساۋۇل بېشى قىلىپ تەيىنلىدى. ئورۇمچى كوناشە ـ

هەرگە تۇردي قۇلى دادخاهنى ئەمىرلەشكەر قىلىپ تۆت پانسات بىلەن 1000 يىگىتنى قويدى. تۆت پانسات هەريىسلى ئۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ تۇردي. تۇڭگانلار تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئۆز هۈنەر ـ كەسىپلىرىگە مەشغۇل بولدى. بۇ چاغ تارىخىي هىجرىيىنىڭ 1290 ـ يىلى* ئىدى.

جانابىي بېكقۇلىبەگ غەلىبە بىلەن پايتەخت قەشقەرگە قايـ ـتىپ ئاتىلىق غازى بىلەن كۆرۈشتى. تۇڭگانلاردىن ئولجا ۋە ئالۋانغا ئالغان يامبۇ، كۈمۈش، چىنە، چاي قاتارلىق ئېسىل ماللارنى بىرمۇ بىر تىزىملاپ دۆلەتلىك خەزىنىگە تاپشۇرۇپ بەردى. تۇڭگانلارنىڭ شەهەرلىرىدە بولغان ۋەقەلەرنى ياقۇپبەگكە تەپسىلىي مەلۇم قىلدى. ئاتىلىق غازى خۇرسەن بولۇپ ماختاپ ئاپىرىنلار ئوقۇدي. بېكقۇلىـ بەگنى پۈتۈن غالىب قوشۇننىڭ ئۈستىگە ئەمىرلەشكەر، ئەمىرلئۇمەرا قىلدى. قالغان ئەمىر لەشكەر، پانسات، يىگىت ـ سەرۋازلارغىمۇ ئۆز لايىقىدا ئىنئاملار قىلىپ هەممىنى خۇرسەن ۋە رازى قىلدى. بۇنىڭ شۇكرانىسىگە چوڭ توي قىلىپ بۆلىما، سەيىد ئەمىرلەشكەر، پانسات، يىگىت ـ سەرۋاز، پۈتۈن ئاهالە، پۇقرا، بارلىق غېرىب ـ غۇرۋالارغا تون ـ سەرۇپاي، تىللالارنى بېرىپ، تۇل خوتۇن ـ يېتىم ئوغۇللارغا نەزىر ـ چىراق، سەدىقىلەرنى بېرىپ بىرنەچچە قارىيلار خەتمە ـ قۇرئان قىلىپ، بۇلارنىڭ ساۋابىنى ئەرۋاهلارغا بېغىشلىدى.

ئاتىلىق غازى دەسلەپ تۇرپان، ئۈرۈمچىلەرنى ئېلىپ ياندى. ئىككىنچى قېتىم بېكقۇلىبەگ بېرىپ يېڭىباشتىن بويسۇندۇردى. بۇ ئارىدا تولۇق ئۈچ يىل ۋاقىت ئۆتتى. نۇرغۇن خەزىنە ـ دەپىنە بايلىقلارغا زىيان بولدى. بۇ شەهەرلەرنىڭ باج ـ خىراجـ ـلىرى يەتمىدى. بولۇپمۇ نۇرغۇنلىغان قىممەت باهالىق كاتتا

---

* هىجرىيىنىڭ 1290 ـ يىلى مىلادىنىڭ 1873 ـ، 1874 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ئارغىماق ئاتلار ھالاك بولدى. قىممەتچىلىك بولۇپ كېتىپ يىگىت - سەرۋازلار ئات گۆشىنى يېگەلىلىكتىن، قورساق ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ ئىچى سۈرۈش سەۋەبى بىلەن بىر مۇنچىسى ئۆلدى. تۇڭگانلاردىن قەھرىمانلارنىڭ تىغى، پادىشاھنىڭ سىياسىتى، بەلكى قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ ئىرادە - تەقدىرى بىلەن 200 مىڭدىن كۆپرەكى پالاكەت دەرياسىغا غەرق بولۇپ، ئۇ دۇنيانىڭ بازىرىنى ئاۋات قىلدى.

ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتكەن چوڭ - كىچىك، ئوغۇل - قىز نارەسىدە بالىلارنىڭمۇ ھېسابى يوق. خىتاي، قالماق ۋە تۇڭگانلارنىڭ بالىلىرىنى سودىگەرلەر ئۇلجا تەرىقىسىدە ئەسىر ئالدى. بەزىلىرىنى ئاتا - ئانىلىرى ئازغىنا ئاش - ئوزۇق، نان - توقاچقا ساتتى. بەزىلىرىنى قورسىقىنى بېقىپ خىزمىتىگە سېلىش ئۈچۈن كىشىلەرگە بىكارغا بەردى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى چوڭ قىلىپ ئۆز ئەمرىگە ئالدى ياكى بىرىگە نىكاھ قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق، بالا - پەرزەنتلىك بولدى. بۇلاردىن تۇغۇلغان بالىلار چوڭ بولۇپ ئادەم قاتارىغا كىرىپ مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. بۇ بالىلارنى مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتۇپ خەت - ساۋادىنى چىقىرىپ موللا قىلدى. بەزىلىرىنى ھۇنەرگە بېرىپ كەسىپدار قىلدى. بەزىلىرى مۇرەتتەپ قارىي بولۇپ كامالەتكە يەتتى.

شۇ چاغلاردا بۇ ئالتە شەھەردىكى ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆيىدە يېڭى مۇسۇلمان بولغان خىتاي، قالماق، تۇڭگانلارنىڭ بالىلىرىدىن تۆت - بەشى، ئاز دېگەندە بىر - ئىككىسى بار ئىدى. بۇ ئالتە شەھەردىن ئېشىپ - تېشىپ پەرغانە ۋىلايىتى، بۇخارا، تۈركىستان، بەدەخشان ھەتتا رۇم، ھىندىستانلارغىچە ئەپكەتكەنىدى. ئۇلار مۇسۇلمانچىلىق قائىدە - يوسۇنلىرىدا چىڭ ۋە مۇستەھكەم بولۇپ، بارغان جايلىرىدا يەر - سۇ، جاي - مۈلۈك ئېلىپ ئۆمۈر ئۆتكۈزدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۇلۇغ مېھرىبان تەڭرىم: ئۆز قۇدرىتىڭ ۋە رەھمىتىڭ بىلەن شۇ يېڭى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە «لائىلاھە ئىللەللاھۇ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن كەلىمە شېرىپىنى تىلىغا جارى قىلغان ھەممە بەندىلىرىڭنىڭ چوڭ-كىچىك گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلغىن. «چىن ئىخلاسى بىلەن لائىلاھە ئىللەللاھۇ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ دېگەن كىشى جەننەتكە كىرىدۇ»، دېگەن ھەدىسىنىڭ مەزمۇنى بويىچە قىيامەت كۈنى سوئال-سوراقسىز جامالىڭغا مۇشەررەپ قىلىپ، يۈزىمىزگە جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتمەك، سېنىڭ دەرگاھىڭدا ھېچقانچە ئىش ئەمەس. چۈنكى سەن كەرەملىك سېخىيسەن. بەندىلىرىڭگە مېھرىبان ۋە شەپقەتلىكسەن.

## 11

### بەدۆلەت ياقۇپبەگ ئاتلىق غازىنىڭ ئىككىنچى قېتىم تۇرپانغا يۈرۈش قىلغانلىقى ۋە دۆلىتى ئالىيلىرىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقى؛ بەلكى دۆلەت قۇياشىنىڭ غەربكە قاراپ پەسلىگەنلىكى

تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1288-يىلى* (چاشقان يىلى) ياز پەسلىنىڭ ئاخىرىدا ياقۇپبەگ ئۇرۇمچى ۋە تۇرپاننىڭ جەڭلىرىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ھەيۋەت ۋە سۆلەت بىلەن قايتىپ ئاقسۇ شەھىرىگە كەلدى ۋە موللا جىيان مىرزا بېشىنى گۇناھكار قىلىپ ئاقسۇدىن يۆتكىۋېتىپ، ئورنىغا كۇچالىق ئابدۇراخمان دادخاھنى قويۇپ، مۇھەممەد مۇسا توقسابەنى سالام ئاپ-

---

* ھىجرىيىنىڭ 1288-يىلى مىلادىنىڭ 1871-، 1872-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

نىسى قىلىپ ئەۋەتكەنىدى.

تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1289 - يىلى ① (كالا يىلى) باش باھار پەسلى پەرزەنتى بېكقۇلىبەگنى ھېكىمخان تۆرەمگە ياردەم بېرىپ ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇمچىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى. بېكقۇلىبەگ ئۇرۇمچى تەۋەسىنى قولغا كىرگۈزۈپ 14 ئاي بولغاندا يەنى تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1290 - يىلى② ياز پەسلىدە يېنىپ كېلىپ ئاتىلىق غازى بىلەن كۆرۈشكەنىدى، 1291 - يىلى③ بىر يىل يۇرت ئىچى تىنىچ، خاتىرجەملىك بىلەن ئۆتتى، ئەمما تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1292 - يىلى ④ قۇمۇل، لەنجۇ تەرەپلەردىن، داخۇ، شياۋخۇ⑤ ئىسىملىك ئىككى تۇڭگان (بۇلارنىڭ ئەھۋالى مۇشۇ كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە بايان قىلىندى) 30 مىڭدىن كۆپرەك ئاتارمەن - چاپارمەن تۇڭگانلارنى باشلاپ تۇرپان تەۋەسىدە پەيدا بولدى. بۇلارنىڭ مەقسىتى ياقۇپبەگ ئاتىلىق غازىنىڭ خىزمىتىگە كىرىپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلساق ۋە ھەممىمىز ئىتتىپاقلىشىپ بېيجىڭنىڭ خىتايلىرىغا تاقابىل تۇرساق، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئەسلىدە بۇ داخۇ،

---

① ھىجرىيىنىڭ 1289 - يىلى مىلادىنىڭ 1872 -، 1873 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1290 - يىلى مىلادىنىڭ 1873 -، 1874 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

③ ھىجرىيىنىڭ 1291 - يىلى مىلادىنىڭ 1874 -، 1875 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

④ ھىجرىيىنىڭ 1292 - يىلى مىلادىنىڭ 1875 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

⑤ شەنشى، نىڭشيا، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردا 1862 - يىلى پارتلىغان خۇيزۇ خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مەشھۇر يولباشچىسى بەي يەنخۇ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ — مۇھەررىردىن.

شىۋاۋخۇ دېگەن تۇڭگانلار بېيجىڭ تەرەپتىن چىققان نۇرغۇن خىتاي چېرىكلىرىگە تەڭ كېلەلمەي قېچىپ بۇ تەرەپكە كەلگەندى. ھېكىمخان تۆرەم نۇرغۇن تۇڭگانلارنىڭ تۇرپان تەۋەسىگە كەلگەنلىكىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ئالدىغا نۇرغۇن قوشۇن چىقىرىپ ئۇلارنى تۇرپانغا كىرگۈزمىدى ۋە تۇرپاننىڭ سىرتىدىنلا ماناس، ئۈرۈمچى تەرەپكە ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئۇلارغا شۇ ئەتراپتا تېرىقچىلىق قىلىپ ھوسۇل ئالغۇدەك كەڭرى زېمىن-يايلاقلارنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلارمۇ دېھقانچىلىق قىلىپ كۈن كۆچۈرۈشنىڭ تەرەددۇتىغا كىرىشتى. بۇ تۇڭگانلار قۇمۇلنىڭ شەھەر-سەھرالىرىدىكى ئاھالىنى بۇلاپ-تالاپ، ئۇلارنى ئەر-ئايال، خوتۇن-بالىلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆز ماكانلىرىدىن ئايرىپ پىيادە، ئاچ-يالىڭاچ ھالدا ئالدىلىرىغا سېلىپ ھەيدەپ بىللە ئېلىپ كەلگەنىكەن. ھېكىمخان تۆرەم بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ئۇلارغا رەھىم-شەپقەتلىرى تۇتۇپ، بۇلار جايلاشقان سەھرالارغا ئاش-ئوزۇق چىقىرىپ بەردى. بۇنىڭدىن بۇرۇن يەنى تۇرپاننى ئاتىلىق غازى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئۈرۈمچىدىكى دايەنشەي، سۇيەنشەي دېگەن تۇڭگانلارمۇ قۇمۇلغا 30 مىڭ تۇڭگان بىلەن بېرىپ، قۇمۇل ۋاڭىنى ئۆلتۈرۈپ، يۇرتىنى تالان-تاراج قىلىپ بىر مۇنچە قۇمۇل خەلقىنى ۋاڭنىڭ ئاغىچىسى بىلەن قوشۇپ ئېلىپ كەلگەنىدى.

جانابىي ئاتىلىق غازى بۇرۇن لوندونغا — پەرەڭ مەملىكىتىگە دوستلۇق ئالاقىسىنى ئورنىتىش مەقسىتىدە نۇرغۇن تارتۇق-پىشكەشلەر بىلەن ئابدۇسەمەت ئىشىكئاغىنى ئەۋەتكەنىكەن، بۇ سوۋغا-سالاملار پەرەڭ مەملىكىتىگە بەكمۇ يارىغانلىقتىن، ياقۇپبەگكە 20 مىڭ پىستانلىق مىلتىق سوۋغات قىلغانىكەن. بۇ مىلتىقلارنى ئاتىلىق غازى ئۆزىنىڭ يىگىت-سەرۋازلىرىغا تارقىتىپ بەرگەنىدى.

يەنە بىر ۋەقە، ئەھرارخان تۆرەم ۋە مۇھەممەد جان باي-



www.uyghurkitap.com

لارنى نۇرغۇن تارتۇق ـ پىشكەشلەر ۋە كۆپلىگەن تىللا ـ تەڭگىلەر بىلەن مىلتىق ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يەنە ئەۋەتكەنىدى. 40 مىڭ دومىلە① ۋە كالتۇس② مىلتىق، 100 ئاتتا ھەر شىرەسى 100 جىڭدىن كېلىدىغان 200 شىرە ئېسىل چاي ئەكىلىپ ئاتلىق غازىنىڭ نەزەرىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. ئاتلىق غازى بۇ 200 شىرە چاينىڭ شىرەلىرىنى ياردۇرۇپ ئوردىنىڭ سەھنىسىگە خامان قىلىپ تۆكتۈرۈۋىدى، يوغان بىر دۆۋە بولدى. بۇ چايلارنى ئەمىرلەشكەر، پانسات، يىگىت ـ سەرۋازلار، چوڭ ـ كىچىك ئەمىر ـ ئەمەلدار ھەتتا باللارغىچە دەرىجىسىگە قاراپ ئون لىگەن، بەش لىگەندىن ئەقەللىي ئەڭ تۆۋەنلىرىگە بىر لىگەندىن ئىنئام قىلدى. مۇلازىملارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ئىنئامدىن قۇرۇق قالمىدى. بۇ چاي شۇنداق پۇراقلىق چاي ئىكەنكى، ئوردا ئىچى، بەلكى شەھەر ئىچىنى مۇشكى ـ ئەنبەردەك خۇش بۇي قىلىۋەتتى.

مۇشۇ كۈنلەردە ئاتلىق غازىنىڭ كۆڭلىدە يەنە بىر قېتىم سەپەر قىلىش ئارزۇسى پەيدا بولغانىدى. ئۇشتۇمتۇت پەرغانە ۋىلايىتىدىكى قىپچاق ئاپتابەچىدىن «قورال ـ ياراق، توپ ـ زەمبىرەك بىلەن 2000 تۇڭگان ئەۋەتسىڭىز، ئورۇسلار بىلەن سوقۇشۇپ پەرغانە ۋىلايىتىنى ئورۇسلاردىن تارتىۋالسام» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ ئەلچى كەلدى. ئەسلىدە بۇ ئاپتابەچى ئۆز ئەتراپىغا بىرمۇنچە قىپچاقلارنى يىغىپ روسىيىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، چەت ـ ياقىلاردا كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈرگەنىدى. ئاتلىق غازىغا تەڭرىدىن تۇيۇقسىز بىشارەت بولغاندەك ئاپتا ـ بەچىگە: «ماڭا ئۈرۈمچى تەرەپتىن دۈشمەن پەيدا بولدى. شۇڭا

① دومىلە ــ قوشئاتار مىلتىق.

② كالتۇس ـ تاپانچا.

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈم ئاتلانماقچى بولۇپ تەييارلانغانىدىم. خۇدا خالىسا پات-يېقىندا قايتىپ كېلىپ نۇرغۇن قوشۇن بىلەن بېرىپ سىزگە ئۆزۈم ياردەم بېرەي. 2000 ئادەم بىلەن روسىيىدەك بۇ چوڭ يۇرتنى كۆتۈرگىلى بولمايدۇ»، دېگەن تاتلىق گەپ، مۇلايىم سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ ئەلچىلىرىنى يولغا سالدى.

جانابىي ئاتىلىق غازىنىڭ دۆلەت ئاپتىپىنىڭ نۇرى زاۋالغا، بەخت-دۆلەتلىرى راۋاجلىقتىن چۈشكۈنلۈككە يۈز كەلتۈرگەنىدى. ئۇ تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1292-يىلى* كۈز پەسلىدە يېكەنسارغا كەلدى. يولغا چىقىدىغان چاغدا: «خاقانى چىن تەرەپتىن نۇرغۇن قارا چېرىك قۇمۇلغا كەپتۇ»، دېگەن خەۋەرمۇ كەلگەنىدى. بۇ چاغدا ئۆمەر قۇل دادخاھ، جامەدار دادخاھلار باشلىق بىرنەچچە سادىق، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر: «جانابىي ئالىي پايتەختتىن قوزغالمىسا، ھەرقانداق خىزمەت بولسا بىز كەمىنە قۇللىرىغا پەرمان بەرسە، بېرىپ بىجانىدىل ئادا قىلىپ كەلسەك»، دەپ ئىلتىماس قىلدى. ئاتىلىق غازى: «سىلەر قەشقەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، ئۆزۈم بېرىپ كېلەي» دەپ قوبۇل قىلمىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئۆمەر قۇل دادخاھ ۋە جامەدار دادخاھلار «بىر بارماي ھېچقانداق شەھەر ئېلىنغىنى يوق» دېگەنىكەن. مۇشۇ ۋەجىدىن بولارنى قەشقەردە بېكقۇلىبەگنىڭ قېشىدا قويۇپ، ئۆزى ئاتلىنىپ ماڭغانىدى. ئۇ يېكەنساردىن يولغا چىقىپ يەكەنگە كېلىپ چۈشتى. يەكەننىڭ قازى رەئىسى موللا نىئمان ئاخۇن ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىن ئارتۇق ئۇشۇقچە ئىشلارنى قىلغانىكەن. خۇسۇسەن ئالىي ئوردا تەقلىدىدە قىلىپ بىر كاتتا ھويلا-ئىمارەت ياساتقانىكەن. بۇ ئىش ئاتىلىق

* ھىجرىيىنىڭ 1292-يىلى مىلادىنىڭ 1875-، 1876-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

غازىنىڭ سەمى-قولىقىغا ئاڭلانغاندىن كېيىن بىر كېچىدە ئۆزى مەخپىي بېرىپ ئەيىنى ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن قازى رەئىسنى چاقىرتىپ كېلىپ ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاپ نەزەربەند قىلدى ۋە مال-مۈلكىنى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇۋالدى. 200 سەرۋازغا مەزكۇر ئىمارەتنى چېقىپ-بۇزۇپ ئورنىغا تەرەتخانا سېلىشقا پەرمان بەردى. سەرۋازلار بۇ ئىمارەتنى 15 كۈندە ئاران-ئاران بۇزۇپ بولدى.

جانابىي ئاتىلىق غازى يەكەندە 20 كۈن تۇرغاندىن كېيىن يولغا چىقىپ ناھايىتى داغدۇغا ۋە ھەشەمەتلەر بىلەن ئاقسۇغا يېتىپ باردى. بۇ دەل كۈز پەسلى ئىدى. ئۇ بۇ يىلقى قىشنى ئاقسۇدا چىقاردى. ئەمما ئۇرۇمچى تەرەپكە ئارقا-ئارقىدىن لەشكەر ماڭدۇردى.

خوتەندىن نىياز ھېكىمبەگ 90 تارتۇق ئېلىپ سالامغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي توختىتىپ قويدى. قىش ئۆزاپ باھار كەلدى. بۇ چاغ تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1293-يىلى* باھار پەسلى ئىدى.

ياقۇپبەگ ئەمدى ئۆزىنىڭ ئەسلى مەقسەت ۋە نىشان تەرىپىگە يۈرۈش قىلىش قارارىغا كەلدى. نىياز ھېكىمبەگنى ھەمراھ قىلىپ بىللە ئېلىپ ھەيدەر قۇل دادخاھ، كېرىمباي مىرزا پانسات، شاغاۋۇل دادخاھنىڭ ئوغلى ئىسھاقجان پانسات، ئابدۇراخمان دادخاھنىڭ ئوغلى ھاپىزبەگ پانسات باشلىق 10 مىڭ يىگىت، 3000 سەرۋاز ۋە توپ-زەمبىرەك قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى ئېلىپ ھەيۋەت ۋە داغدۇغىلار بىلەن ئارغىماقلىرىغا مىنىشىپ ئاستا-ئاستا كۇچاغا يېتىپ باردى. بىرنەچچە كۈن

---

* ھىجرىيىنىڭ 1293-يىلى مىلادىينىڭ 1876-، 1877-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

تۇرغىنىدىن كېيىن ئۇ يەردىن كورلىغا باردى. شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىكى تۇڭگانلارنىڭ چوڭى كەنجى ئاخۇندىن: «خاقانى چىن تەرىپىدىن بىرمۇنچە خىتايلار چىقىپ گۇچۇڭغا كەلدى»، دېگەن مەلۇمات يېتىپ كەلدى. ئاتىلىق غازى بۇ مەلۇماتنى كۆرگەندىن كېيىن راست - يالغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، تاغاي ياساۋۇلنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. تاغاي ياساۋۇل ئۈرۈمچىگە بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن: «بىرمۇنچە پاراكەندە، تېرىندى خىتايلارنىڭ گۇچۇڭغا كەلگەنلىكى راست ئىكەن»، دەپ خەۋەر ئەكەلدى. ئۇنىڭغىچە ئاتىلىق غازى كورلىدىن قوزغىلىپ چىقىپ، قاراشەھەردىن ئۆتۈپ ئۇششاقتالنى چۈشكۈن قىلىپ ئورۇنلاشقانىدى. تاغاي ياساۋۇل: «پاراكەندە تېرىندى خىتايلار ئىكەن»، دەپ مەلۇمات بەرگەنلىكتىن ئۇششاقتالدىن چىقىپ ئۇدۇل توقسۇنغا بېرىپ چېدىر - بارگاھلىرىنى تىكىپ ئورۇنلاشتى.

ئاتىلىق غازى كورلىدىكى چېغىدا ئاقسۇدىكى ئوغلى ھەققۇلىبەگكە: «پالانى - پالانى پانساتلارنى ئېلىپ دەرھال يېتىپ كېلىڭ»، دەپ يارلىق ئەۋەتكەنىدى. ھەققۇلىبەگ يارلىق بويىچە مۇھەممەدكېرىم دادخاھ، ۋاللابەگ، باتۇر پانسات، ئالىمباي پانسات باشلىق 7000 يىگىت، 3000 سەرۋاز، جەمئىي 10 مىڭ لەشكەر بىلەن توقسۇنغا يېتىپ كېلىپ ئاتىلىق غازى بىلەن كۆرۈشتى. ئاتىلىق غازى توقسۇندا بىر شەھەر بىنا قىلدۇرغانىدى. ھەققۇلىبەگنى يىگىت سەرۋازلىرى بىلەن شۇ شەھەرگە چۈشۈردى. بۇ يازنىڭ باشلىنىش ۋاقتى ئىدى.

ياقۇپبەگ تۇڭگان مادالىيغا ئەزىمقۇل پانسات قاتارلىق تۆت پانساتنى قوشۇپ، 1500 تۇڭگان لەشكىرى بىلەن ئۈرۈمچى كوماندىغا ئەۋەتتى. ئۇلار ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن ئەزىمقۇل

پانسات يىگىتلىرى بىلەن كومانداغا باردى قالغان پانساتلار ئۇرۇمچىدە تۇردىقۇل دادخاھنىڭ ئىشىدا قالدى. مۇشۇ ئەھۋالدا گۇچۇڭ تەرەپتىن ئۇرغۇن خىتاي چېرىكلىرى كېلىپ، ئەزىم-قۇل پانسات بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇلارنى شەھەرگە قامىۋالدى. ئەزىمقۇل پانسات بىرنەچچە كۈن قورشاۋدا قالدى. ئاخىر خىتاي چېرىكلىرى غەلىبە قىلىپ كوماندىنى ئالدى. ئەزىمقۇل پانسات بۇ ئۇرۇشتا شېھىت بولدى. يىگىتلىرىنىڭ تولىسى زايە بولدى. ياردار بولغان يىگىتلەر ئاتلىق غازىنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ياقۇپبەگ بۇلارغا قىلچە ئەھمىيەت بەرمىدى. ما دالويە تۇڭگان لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئەزىمقۇل پانساتقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ماڭغانىدى. چىداۋانغا بارغاندا خىتاي چېرىكلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ ئۇرغۇن جەڭلەرنى قىلدى. ئاخىر خىتايلارنى ئارقىسىغا چېكىندۈردى. مۇشۇ چاغدا ياقۇپبەگدىن: «خىتايلار بىلەن ئۇرۇشماڭلار، ما دالويە يېنىپ كەلسۇن»، دېگەن پەرمان يېتىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ ما دالويىنى ئەكەلدۈرۈپ: «تۇڭگانلاردىن 5000 يىگىت تەييارلاپ تۇرۇڭ. ۋاقتى كەلگەندە پەرمان ئەۋەتىمەن. شۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلغايسىز»، دەپ 100 چە تۇڭگان يىگىتى بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتىۋەتتى. نىياز مۇھەم-مەد توقسابە ۋە ھەيدەرقۇل دادخاھنى ئالتە پانسات بىلەن داۋانچىڭغا بېرىپ شەھەر بىنا قىلدۇرۇشقا ئەۋەتتى. تېز پۇرسەتتە شەھەر بىناسى پۈتۈپ ھەممە قوشۇنلار كىرىپ ئورۇنلاشتى. بۇ ۋاقىتتا داخۇ، شياۋخۇ دېگەن تۇڭگانلار ئۈرۈمچى ۋە ماناس تەرەپتىن كېلىپ ئاتلىق غازىنى زىيارەت قىلدى. ئاتلىق غازى بۇ تۇڭگانلارغا بىرنەچچە كۈن زىياپەتلەر قىلىپ ئۆز لايىقىدا تون-سەرۇپاي، تەڭگە-تىللا ئىنئام قىلىپ ھەممىسىنى رازى قىلىپ، كۆڭۈللىرىنى ئۆزىگە رام قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇمچى تەرەپكە ياندۇردى.

جانابىي ئاتىلىق غازى ئەمىر لەشكەر، پانساتلارغا: «خىتايلار بىلەن ئۇرۇشماڭلار!» دەپ پەرمان قىلىپ قايتا - قايتا تەكىتلىدى. ئاتىلىق غازىنىڭ لەشكەرلىرى ئۇرۇشماي جىم تۇرۇسىمۇ خىتاي چېرىكلىرى ئۇرۇش باشلىدى. يىگىتلەر ئۆز جېنىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن نائىلاج ئۇرۇشۇپ ئۆزىنى قوغدىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئاتىلىق غازى: «نېمە ئۈچۈن ئۇرۇشىسەن؟» دەپ كايىپ خاپا بولدى. مۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب، ئاتىلىق غازىنىڭ خاقانى چىن بىلەن يارىشىپ، سۈلھ قىلىپ ئەھدە - تۈختاملار تۈزسەم، دېگەن مەقسىتى بار ئىدى. بۇ قېتىم خىتايلارنىڭ بىرمۇنچە چوڭ مەنسەپدارلىرى قولغا چۈشكەنىدى. ئۇلارغا دەخلى - تەرۈز قىلماي ھەممىسىنى ئاقسۇ، كۇچا، بايىنىڭ ھاكىملىرىغا ئەۋەتىپ بىرنەچچە زامان ئوبدان ئاسراپ باقتى. كېيىن «يۇيرۇق كەلدى»، دەپ ئۇلارنى يوقاتتى.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا خىتايلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئىبنىئام خوجا ئىشانىنى ئەۋەتتى. ئىبنىئام خوجا ئىشان: «خىتايلار ھەددى - ھېسابسىز كۆپ ئىكەن. ئەلەم - بايراقلىرىنىڭ ئۇرغۇنلىقىدىن بېشى بىلەن ئايىغى زادى كۆرۈنمەيدۇ. ئۇلار خاقانىي چىنىنىڭ پەرمانى بىلەن چىققان چېرىكلەر ئىكەن»، دەپ مەلۇمات ئەكەلدى.

ھېكىمخان تۆرەمنىڭ يىگىتلىرىدىن ئاقسۇلۇق باقىشبەگ ۋەسىدىقبەگ، يۈسۈپبەگلەر باشلىق ئاتتە شەھەرلىك يىگىتلەرنىڭ بىرنەچچىسى خىتايلارنىڭ ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتتى. تۇرپانلىق بەگلەردىن ئابدىقاھاربەگ، مۇقبۇلبەگ، شەھبازبەگ قاتارلىق يۈز بېشىلار خىتايلارغا مەخپىي خەت ئەۋەتكەنىكەن، قولغا چۈشۈپ قالدى. گۇمانلىق بولۇپ قالغان بۇ بەگلەرنى

ۋە يەنە خىتايلار تەرىپىگە مايىل بىرمۇنچە ئادەملەرنى ئۆ-ئۆيلۈك قىلىپ يەكەنگە ماڭدۇردى.

جانابىي ئاتالىق غازى: «مۇبادا خىتايلار بىلەن ئۇرۇشۇپ غەلىبە قىلسام ناھايىتى ياخشى ئىش بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولماي ئىش ئەكسىچە بولۇپ مەغلۇپ بولسام، ئۇنداق كۈنلەردىن تەڭرىم ئۆزى ساقلىسۇن، نەگىمۇ يېتىپ بارغىلى بولار؟ بۇ يوللار ساپ چۆل تۇرسا، نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشۇم مۇمكىن...»، دەپ توقسۇندىن كورلىغا يېنىپ كەتتى. بۇ كەچكۈز پەسلى بولۇپ، بۇ قېتىم توقسۇندا تۆت ئايدەك تۇرغانىدى.

ئەسلىدە كورلىدىن قوزغالماي تۇرمىدى①. ئۇنىڭ قىلغان تەدبىرلىرى تەقدىرگە مۇۋاپىق كەلمەي ئۆز ئايىغى بىلەن خەتەرلىك جايغا باردى. ئۇ ئەقىل ـ ئىدراك، پەم ـ پاراسەتتە شۇ قەدەر دانا ئىدىكى، بۇنداق خۇسۇسىيەت ھېچقانداق پادىشاھلارغا نېسىپ بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بۇ يەتتە شەھەر، موغۇلىستان يۇرتلىرىغا 14 يىل پادىشاھلىق قىلدى. ھەممە ئىشنى ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن قىلدى. ياكى بىر دىيانەتلىك ۋەزىر ساقلىمىدى، يا بىرەر كىشى ساداقەت بىلەن بىرەر مەسلىھەتنى ئۇنىڭ سەمىگە سالالمىدى. ئاتالىق غازىنىڭ ھاكىمىيىتىدە بۇنداق ئىشلار ئەسلا بولمىدى.

گەپنىڭ قىسقىسى، دۆلەت ـ بەخت يۈز كەلتۈرگەندە ھەممە ئىش ئۆز ـ ئۆزىدىن تەييار بولىدىكەن. دۆلەت يانغاندا ئەبۇزەر جەمھۇر② دەك دانا ۋەزىر ۋە تەدبىرلىك كىشى بولغان بىلەنمۇ

① ئەسلىسى شۇنداق. توقسۇن بولسا كېرەك — مۇھەررىردىن.

② ئەبۇزەر جەمھۇر — رىۋايەتلەردە ھارۇن رەشىد دېگەن داڭلىق پادىشاھنىڭ پاراسەتلىك ۋەزىرى دېيىلىدۇ.

بالا ـ قازا ئۆز ئىشىنى ئۆز خاھىشى بويىچە قىلىۋېرىدىكەن.

جانابىي ئاتىلىق غازى پەزەنتى ھەققۇلىبەگنى يىگىت ـ سەرۋاز، ئەمىر ـ لەشكەر، پانسات بولۇپ 10 مىڭ كىشى بىلەن توقسۇندا قويۇپ ئۆزى كورلىغا قايتتى. ھېكىمخان تۆرەم ۋە ھەققۇلىبەگلەرگىمۇ: «خىتايلارغا ئوق چىقىرىپ ئۇرۇشمەن، دېمەڭلار»، دەپ تاپىلاپ ئەكەتتىلدى.

ئاتىلىق غازى توقسۇندىن يولغا چىققاندىن بىر كۈن كېيىن يېڭىسارلىق ئۇشۇربەگ خەزىنىچى ① خەزىنىلەرنى قوزغاپ ئېلىپ مېڭىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، خەزىنىدىكى ئالتۇنلارنى ئېلىپ، بىرمۇنچە ئادەملەرنى ئەگەشتۈرۈپ خىتايلار تەرىپىگە قاراپ قاچتى. بىرمۇنچە يىگىتلەر ئارقىسىدىن قوغلىدى. يېقىن بارغاندا ئۇشۇربەگ خەزىنىچى تىللا ـ تەڭگىلەرنى يولغا چېچىۋەتتى. قوغلاپ بارغان يىگىتلەر تىللا ـ تەڭگىگە ئولىشىپ يىغىۋېلىشنىڭ كويىدا بولدى، بۇ پۇرسەتتە ئۇشۇربەگ ئۇزاپ بېرىپ خىتايلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالدى. ئاتىلىق غازى باشلىق ھەممە ئەربابلار لەۋلىرىنى چىشلىشىپ قالدى. ئىلاجىنى تاپالمىدى. ئاخىر سەۋر قىلىپ پەسكويىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇشۇربەگ خەزىنىچى خىتاي تۇغقانلىرىغا ئاتىلىق غازىنىڭ ھەممە سىر ـ ئەسرارلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن خىتاي چېرىكلىرىنىڭ يۈرىكى يوغىناپ كۆچلەندى.

شۇ كۈنلەردە خىتايلار داۋانچىڭغا يېتىپ كەلدى. مۇھەممەد نىياز توقسابە نەچچە كۈن سەۋر قىلىپ ئوق چىقارمىدى. ئاخىر بولمىدى. داۋانچىڭدا 2000 چە يىگىت بار ئىدى②.

---

① باشقا مەنبەلەردە «ئۇشۇرخىتاي» دېيىلگەن — مۇھەررىردىن.

② شۇچاغدا، داۋانچىڭدا ئاتىلىق غازىنىڭ 3000 دەك ئەسكىرى بار ئىدى — مۇھەررىردىن.

بۇلارنىڭ 400 ى دەرۋازىدىن ئېچىقىپ مەشق قىلىۋاتقان كاپىرلارنى ئاتتى. ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە مىڭغا يېقىن خىتاينى يوقاتتى. ئاتلىق غازىدىن: «ئوق چىقارماڭلار»، دەپ ئارقا-ئارقىدىن پەرمان كەلگىلى تۇردى. ئەمىر لەشكەر، پانسات ۋە يىگىتلەرنىڭ كۆڭۈللىرى بۆلۈنۈپ، ئىشەنچلىرى سۇۋۇدى. ئاخىر خىتاي چېرىكلىرى كۆپلىگەن تىلوپ-زەمبىرەكلەر بىلەن ھۇجۇم قىلىپ داۋانچىڭنى تارتىۋالدى. ئەسىر چۈشكەنلەردىن ئالتە شەھەرلىكلەرنى قورال-ياراقلىرىنى ئېلىۋېلىپ ئۆزىنى قويۇپ بەردى. نىياز مۇھەممەد توقسابە باشلىق يەتتە پانساتنى ۋە بىرنەچچە مۇساپىر يىگىت ۋە يۈز بېشىلارنى تۈرمىگە سالدى. بۇ چاغدا ھەققۇلىبەگ توقسۇندا ئىدى. ئۇ ئامبارىدىكى غەللە-ئاشلىق ۋە ئەكەتكىلى بولمايدىغان ئېغىر نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئوت قويۇۋېتىپ كورلىغا قاراپ قاچتى.

خىتاي چېرىكلىرى تۇرپانغا 70 يول كېلىدىغان يەمشى دېگەن جايغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ھېكىمخان تۆرەم تۇرپاندا تۇرالماي توقسۇنغا يېنىپ چىقتى. شۇ كۈنى خىتايلار تۇرپاننى بېسىۋالدى. ئەگەر ئاتلىق غازى ئۇرۇشمەن دېسە يېنىدا 30 مىڭ يىگىت بار ئىدى. تۇرپان، توقسۇندا 30 مىڭ يىگىتكە 30 يىل يەتكۈدەك غەللە-ئاشلىق يىغىلغانىدى. توقسۇندىكى ئاشلىقلار كۆيۈپ نابۇت بولدى. تۇرپاندىكىسى خىتاي چېرىكلىرىگە نېسىپ بولدى.

خىتاي چېرىكلىرى توقسۇننىڭ بىكار بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ بەش كۈندىن كېيىن توقسۇنغا بېرىپ ئورۇنلاشتى.

ھېكىمخان تۆرەم ۋە ھەققۇلىبەگ باشلىق ئەمىرلەشكەر، پانسات، يىگىت-سەرۋازلار قارا شەھەرگە كەلدى. ئاتلىق غازىدىن ئۇلارغا: «كورلىغا كەلسۇن»، دەپ پەرمان كەلدى. ئۇلار قورقۇپ بارالماي، «پەرمان بېرىلسە غازات قىلساق»، دەپ

ئەرز ئەۋەتتى. ئاتىلىق غازى نائىلاج: «ئىلگىرى بىنا قىلىنغان شەھەر دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە بولۇپ قالغانىكەن. مەزكۇر شەھەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، دەريانىڭ بۇ تەرىپىگە باشقىدىن شەھەر بىنا قىلىڭلار!»، دەپ پەرمان قىلدى. پەرمانغا بىنائەن دەريانىڭ بۇ تەرىپىگە يېڭىدىن شەھەر بىنا قىلىندى. ھېكىمخان تۆرەم ۋە ھەققۇلىبەگكە 30 مىڭ يىگىت ھەمراھ ئىدى. ئاتىلىق غازىنىڭ ئالدىدا 3000 يىگىت بار ئىدى. بۇ دەل باھار كۈنلىرى بولۇپ، ھېكىمخان تۆرەم ۋە ھەققۇلىبەگلەر قارا شەھەردە ئىككى ئايدىن كۆپرەك تۇرۇپ قالدى.

ئاتىلىق غازى بارغانسېرى قاتتىق غەزەپلىنىشكە باشلىدى. بىر كۈنى موللا كامالىددىن مىرزىغا كايىپ ئۇنى تاياققا باستى. ياساۋۇللار ناھايىتى كۆپ ئۇردى. ياقۇپبەگ غەزىپىنى باسال-ماي ئۆزى بېرىپ ئۇردى - تەپتى. چارچاپ كېتىپ ھالسىراپ، سوغۇق چاي ئىچىمەن، دېدى. بىر مەھرەم سوغۇق چاي كەلتۈرۈپ بەردى. چاينى ئېلىپ كۆتۈرۈپ ئىچتى. سوغۇق چاي ئىچمىدى، بەلكى ئەجەلنىڭ شەربىتىنى ئىچتى. شۇنىڭ بىلەن ئاتىلىق غازى يىقىلدى، قاتتى ۋە رەڭگى كۆكەردى. بەدەنلىرى چاك - چاك يېرىلدى. «ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن»①. بۇ زور ھادىسە تارىخىي ھىجرىيىدىنىڭ 1294 - يىلى② ياز پەسلى، رەبىئۇلئاخىر ئېيىنىڭ 14 - يەكشەنبە كۈنى يۈز بەرگەنىدى.

بەزىلەر مۇنداق دېگەنىدى: ئاتىلىق غازى نىياز ھېكىم-

---

① تەڭرى بىزنى يوقتىن بار قىلدى، يەنە تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن بارلىقتىن يوق بولىمىز.

② ھىجرىيىنىڭ 1294 - يىلى مىلادىنىڭ 1877 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

بەگدىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. نىياز ھېكىمبەگمۇ ئاتىلىق غازىدىن ئارتۇقراق تەشۋىشتە ئىدى. ئۇلار بىر-بىرىنى قەستلەپ پەيتىنى تاپالماي يۈرۈشكەنىدى. نىياز ھېكىمبەگ چارە-تەدبىرى-نىڭ كۆپلۈكىدىن جېنىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانىدى. ۋاقتىنى غەنىيمەت تاپتى.

نىياز ھېكىمبەگ ئاتىلىق غازىنىڭ يېقىن مەھرەملىرىدىن بىرىنەچچىسىگە: «ئىنسان، ياخشىلىقنىڭ قۇلى»، دېگەن ئايەت-نىڭ مەزمۇنى بويىچە ئالتۇن، تىللالارنى بېرىپ ئۆزىگە يېقىن سىرداش قىلىۋالغانىدى.

ئاتىلىق غازىنىڭ مەھرەملىرىدىن تېگى پەس بىرى ئۇزۇن-دىن بېرى نىياز ھېكىمبەگدىن تەمىنات ۋە ئىنئام ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ نىياز ھېكىمبەگدىن ئاتىلىق غازىنى يوقىتىلىدىغان تەدبىرلەرنى تەلىم ئېلىپ ئۆگەنگەن. نىياز ھېكىمبەگ ئۇنىڭغا نۇرغۇن تىللالارنى بەرگەن ۋە: «بىر چىنە چايغا ئۆزۈڭ بىلە-دىغان، ئاتىلىق غازى كىشىلەرگە بېرىپ تەجرىبىدىن ئۆتكەن زەھەردىن سېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاپ قوي. ئاتىلىق غازىنىڭ قاتتىق غەزىپى كەلگەندە ئاچچىقىدا بەرسەڭ ئاچچىقىدا بىلەلمەي ئىچىۋېتىدۇ. ئۇ مۇشۇ چارە بىلەن بىر تەرەپ بولسا ئەجەب ئەمەس...»، دەپ ئۆگەتكەنىدى. ئۇ پۈتۈن ھىيلە-مىكىرنىڭ پېشىۋاسى، يامانلىقنىڭ ئۇستازى نىياز ھېكىمبەگدىن پىتنە-ئىغۋانى تەلىم ئېلىپ ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتىلىق غازىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، ئاچچىقى كەلگەندە زەھەر ئارىلاشتۇرۇلغان چاينى ئاچىقىپ بەردى. ياقۇپبەگ پەرق ئېتەلمەي ئىچتى. شۇنىڭ بىلەن تۈگەشتى. يەنە بەزىلەر: شۇ چاغدا ياقۇپبەگ چاينى قولىغا ئالدى. ئەقىل-پاراسىتىنىڭ نۇرى بىلەن زەھەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. لېكىن قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ ئۈچ قېتىم «ياروسۇلىللاھ» دەپ كۆتۈرۈپ بىر يولى ئىچىپ تۈگەتتى. ئادەتتە

www.uyghurkitap.com

چاي ئىچكەندە روسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۈچكە بۆلۈپ ئىچەتتى، دەيدۇ. مەيلى قايسى يول بىلەن بولسا بولسۇن، خاھى دۇنيانى تىترەتكەن شانۇ شەۋكەتلىك پادىشاھ، خاھى غېرىب - بىچارە، خار - زار كىشى بولسۇن، ئەجەلنىڭ شەربىتىنى ئىچمەي، جان ئاچچىقىنى تېتىماي ئىلاجى يوق. ئەجەلنىڭ ۋاقتى يەتكەندە ھەممە ئوخشاش يەكسان بولىدۇ ۋە يوقىلىدۇ. «ئەجەل كەلسە، ئۇنىڭ ۋاقتى ھەرگىز ئىلگىرى ياكى كېيىن بولمايدۇ»، دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق بولىدۇ. بىرەر باھانە - سەۋەب بىلەن بۇ ۋاپاسىز ئالەمدىن ئۇ ئالەمگە كەتمەي قۇتۇلالمايدۇ. «پۈتۈن شەيئى ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ»، دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئەزەلدىن جارى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ھەقىقىي سىرىنى قۇدرەتلىك تەڭرىدىن ئۆزى بىلىدۇ. چۈنكى ئۇ «نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ ۋە نېمىنى خالىسا شۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىدۇ» (ئايەت).

## رۇبائىي

پادىشاھا سايەئى لۇتفى ئىلاھ،
يۈزى شەمئىدىن پەلەك تېپىپ زىيا.
تالئى نۇرى تېپىپ ئەفسۇس زەۋال،
كەتتى بۇ پانى جەھاندىن ئاھ - ئاھ*.

ئەزەلدىن بار بولغان، ھۆرمەت ۋە ئىبادەتكە لايىق بولغان

---

* پۈتۈن ئالەمنىڭ پادىشاھى بولغان ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ لۇتپى ۋە مەرھەمىتى بىلەن ئۇنىڭ نۇرىدىن بۇ دۇنيا يورۇدى. تەلىيىنىڭ نۇرى زاۋال تاپقانلىقتىن ئۇ بۇ پانىي جاھاندىن كەتتى. ئەپسۇس!

ئۇلۇغ تەكرىم ــ «خالىغان كىشىنى پادىشاھ قىلىدۇ»، دېگەن ئايەت بويىچە ھەرقاچان، ھەر ماكاندا ئىنسانلاردىن بىر كىشىنى خالاپ ئۇنىڭ بېشىغا تاج كىيدۈرۈپ پادىشاھلىق تەختىدىن ئورۇن بېرىپ: «بىز سىلەرنى زېمىنغا خەلىپە قىلدۇق»، دېگەن ئايەتكە مۇۋاپىق ئۇنى ئىنسانلارغا پادىشاھ قىلىدۇ. ئاقىۋەت ئۇ پادىشاھنى مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشقا قولى يەتمەيدىغان قىلىپ، «مەخسۇس چېدىرلار ئىچىدە ھۆرلەر بولغان» ۋە «ئاستىدا ئېرىق - ئېرىقلاردا سۇلار ئاقىدىغان»* ئالىي جايغا يەنى جەننەتكە ئاپىرىپ راھەت - پاراغەتكە سازاۋەر قىلىدۇ.

مەسنەۋى

ئۇمۇر كۆرمەك ئۇزۇن ئەمرى مەھالدۇر،
بۇ دۇنيانىڭ بەقاسى پات زەۋالدۇر.

ھەمىشە بولمىغايلار پادىشاھلىق،
ئۇمىد يوق مۇلكى دۇنيادىن ۋەفالىق.

ھەمىشە يوق تىرىكلىك ھېچ كىشىگە،
ۋەفا يوق دۇنيانىڭ نېئمەتلىرىگە.

جاھان فانى دۇرۇر ئەي خوجە زىنھار،
كى سەن باقى تەسەۋۋۇر ئەتمە ئەي يار.

كى ھەق باقى دۇرۇر دۇنيا ئەرۇسى،
ئېرۇر فانى نەچە كۆرگۈزسە ئانى.

* قوش تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەر ــ ئايەتنىڭ تەرجىمىسى.

× × ×

## مەسنەۋى

بىۋەفادۇر فەلەك بۇقەلەمۇن،
ساز ئاھەڭىدە يوق قانۇن.
يوق بەقا جاھ ئىلە شەۋكەتىغە داغى،
يوق ۋەفا ئۇمر ئىلە دەۋلەتىغە داغى.
كۆركى ھەر شەھكى يۈرۈپ ئالدى جەھان،
بارچە باردۇرمۇ قارا يەرگە نىھان.
ھەم كىيۇمۇرس ئىلە ھۇشەنگ قانى،
ئىككىنە تاج ئەۋرەڭگى قانى.
قانى جەمشىد، فەرىدۇن ئاخىر،
بىرىنى قويمادى گەردۇن ئاخىر.
نى كىيانى، بارۇنى، ساسانى
نى ئىسكەندەر داغى نى ئىشكانى.
قالمادى رۇستەم ئىلە سام داغى،
يەزدۇ جەرد ئۆتتى بەھرام داغى.
قانى خاقانلار خانى ئول چىڭگىزخان،
ئۇگتاي قانى كىم ئىبردى قائان.
قانى تىمۇر شەھ ئىسلام پەناھ،
كى جەھان ئالدى چېكىپ خەيلى سىپاھ.
تا فەلەك بىلدى تەئەددى فەننى،
قايسىدىن ئالمادى ئۆز بەرگەنىنى.
كىمگە بەردى قەباي ئەۋجىغە نەشئەت،
كىم يەنە قىلمادى تۇفراقغە پەست.

كىمگە بىر نۇش ئىلە يەتكۈردى بەھر،
كىم يانا تۇتمادى بىر ساغەر زەھر.
چۈن بۇ مەئنا بۇ سۈفەت تاپتى ئەدا،
كىم نە شەھ قالغۇسى باقى نە گەدا.
لۇتفى قىلغاي ئاڭا كىم ھەيىي غەفۇر،
دۇنياۋى ۋە ئاخىرەتنى مەئمۇر.

## 12

**يەتتە شەھەرنىڭ پادىشاھلىغى، دىنىنىڭ ھىمايىچىسى ياقۇپبەگ ئاتىلىق غازىنىڭ ياخشى ئەخلاقلىرى دۆلەتنىڭ گۈللىنىشىگە، يامان سۈپەتلىرى دۆلەتنىڭ بەختسىزلىكىگە سەۋەب بولغانلىقى**

شەرىئەتنى راۋاجلاندۇرغۇچى، ئۆلىما ۋە دانالارنى دوست تۇتقۇچى، پۇقرالارنىڭ تەربىيەتچىسى، يامان ئىش ۋە زۇلۇمنى يوق قىلغۇچى. ئاھالىنىڭ شەپقەتلىك مېھرىبان ئاتىسى مۇھەممەت ياقۇپبەگ ئاتىلىق غازىنىڭ ياتقان جايى ۋە قەبرىلىرى تەڭرىنىڭ نۇرىغا تولسۇن.

تەڭرىم ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتى بىلەن ئاتىلىق غازىنى ياراتقاندا ئەقىل ـ پاراسىتىنى يۇقىرى قىلغانىكەن. شۇڭا پەم ـ پاراسەتتە، ئەقىل ـ ئىدراكتا تەڭدىشى يوق، ئېسىدە ساقلاش قابىلىيىتىدە يەككە ـ يېگانە ئىدى. ھېچقانداق پادىشاھلارنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇنداق خۇسۇسىيەتلەر كۆرۈلمىگەنىدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئاتىلىق غازىنىڭ پەم ـ پاراسەتلىرىنى ئەۋلىيالارنىڭ كارامەتلىرىگە ئوخشىتاتتى.

جانابىي ئاتىلىق غازى ئۆز قول ئاستىغا كىرگۈزگەن يۇرتلارنىڭ شەرق تەرىپى كومادىدىن غەرب تەرىپى سېرىققۇلغىچە

بولۇپ 100 كۈنلۈك يول، شىمالىي چېگرىسى مۇز داۋانىدىن ئارتىپ، جەنۇب تەرىپى قاراڭغۇ تاغقىچە بولۇپ 80 كۈنلۈك يول ئىدى. ئۇ بۇ چېگرا ئىچىدىكى يەتتە شەھەرگە تەۋە چوڭ ـ كىچىك 34 شەھەرگە 14 يىل مۇستەقىل ھاكىم بولدى. بۇ جەرياندا ئەسلىدىكى ئادەت ۋە مىجەزلىرىنى ئۆزگەرتمىدى. ناھايىتى ئېغىر ـ بېسىقلىقى ۋە كەمتەرلىكىدىن، ئىلگىرىكى مەنسىپىگە «بەدۆلەت غازى» سۆزىنى قوشۇپ ئاتىغاندىن باشقا ئۆزىنى يا پادىشاھ، يا سۇلتان، يا خان دەپ ئاتىمىدى. غەيرىي يول تۇتۇپ دۆمباقنى باشقا پەدىگە چالغان، ئۆزىدىن باشقا پادىشاھلارنى كۆزگە ئىلمىغان تۆت پادىشاھ ۋە خاننى ئۆز بۇيرۇقىغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ خەزىنە، سىپاھ، ئەمەلدار پۇقرالىرىغا ئىگە بولدى. ئالدى بىلەن ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ، ھەمىشە ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈپ، شەرىئەتنىڭ ئۆلچىمى ۋە مىزانى ئىچىدە تۇتتى. ئۇنىڭ خۇلق ـ پېئىلى تەقۋادار ئىشان ياكى ئۆلىماغا ئوخشاشاتتى. تون ـ سەرۇپاي، كىيىم ـ كېچەكلىرى بىر سودىگەردىن پەرقى يوق ئىدى. ئات ـ ياراق، ئەسلىھەلىرى ئەللىك بېشىچىلىك بار ئىدى. ھەمىشە ئاق كىگىز جايناماز ياكى بورا ئۈستىدە سەللە چاپان بىلەن نامازدا ئولتۇرغاندەك يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. بېلىدىن كەمەرنى يېشىپ ئېلىنۋەتكەنلىكىنى، يا چازا قۇرۇپ ئولتۇرغانلىقىنى ھېچ كىشى كۆرمىگەنىدى. ئېگىز يەردە ياكى كارىۋات ئۈستىدە ئولتۇرمايتتى. تولا چاغلاردا چېدىر ـ بارگاھلىرىنىڭ ئالدىدا پەس يەردە ئولتۇراتتى. تەرەتسىز يەرگە دەسسىمەيتتى. «پادىشاھ قايسى دىندا بولسا، خالايىقمۇ شۇ دىندا بولىدۇ»، دېگەن ھەدىسكە مۇۋاپىق، ھەممە چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەر ۋە يىگىت ـ سەرۋازلارمۇ دائىم تەرەت بىلەن يۈرەتتى. نامازنىڭ ۋاقتى كېلىپ ئاتلىق غازىنىڭ مەسچىتىنىڭ مەزىنى ئەزان ئېيتىشى بىلەن

تەڭ ھەممە يەردە باراۋەر ئەزان ئېيتىلاتتى. ئاتلىق غازى
ھەر ۋاقىت سەپەر قىلسا ئاز دېگەندە 7000 چېدىر قوشۇن
بىللە يۈرەتتى. ھەر چېدىردا بىر ئادەم ئەزان ئېيتاتتى. ھەتتا
بازارچىلار ئىچىدە ھەر بىر دۇكاندىن بىر ئادەم ئەزان ئېيتاتتى.
شەھەر سەھرالاردىكى مەسچىتلەرنىڭ مەزىنلىرى بىرلا ۋاقىتتا
تەڭ ـ باراۋەر ئەزان ئېيتاتتى. ھەرگىز ئىلگىرى ـ كېيىن
قىلمايتتى. مەزىنلەر پەشتاقلارغا چىقىپ ئاتلىق غازىنىڭ
مەسچىتىنىڭ مەزىنىنىڭ ئەزان ئېيتىشىغا ئىنتىزار بولۇپ
قاراپ تۇراتتى. كېچىلىرى بولسا سەھەر قوپۇپ تەرەت بىلەن
مەسچىتلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە چىقىپ سالاۋات ئېيتىپ، دۇئا ۋە
تۆۋە ئىستىغپار بىلەن قاراپ تۇراتتى. چوڭ ـ كىچىك ھەرقانداـ
داق كىشى سەللە يۆگىمەي كوچىلاردا يۈرەلمەيتتى. رەئىسلەر*
كوچا ـ بازارلاردا ھەمىشە شەرىئەتكە خىلاپ ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى
سۈرۈشتۈرۈپ تەكشۈرەتتى. تۇماق ياكى دوپپا بىلەن يۈرگەن
كىشىنى كۆرسە، تۇماق ـ دوپپىلىرىنى يىرتىپ ياكى قايچا بىلەن
كېسىپ پارچە ـ پارچە قىلىپ تاشلايتتى. شاراب، بوزا،
تاماكا ۋە نەغمە ـ ناۋا، ئۇسسۇل ـ ساما قاتارلىق ئىشلار مەنئىي
قىلىنغانلىقتىن مەخپىي ياكى ئاشكارا كۆرگىلى بولمايتتى.
بەلكىم خالايىق ئارىسىدا مۇنداق ئىشلار تۈگىگەن ۋە ئۇنتۇلغان
بولۇشى مۇمكىن. بويسۇنمايدىغان، گەدەنكەشلىك قىلىدىغان
ئادەملەر، پىتنە ـ پاسات پەيدا قىلىپ، ئۇرۇش ـ تالاش قىلىدىـ
غان باشباشتاقلار، ئوغرى، قىمارۋاز، لۈكچەك، كەپتەرۋازلارمۇ
ئاتلىق غازىنىڭ قەھرى ـ غەزەپ ۋە قىلىچلىرىدىن قورقۇپ تۆۋاـ
ئىستىغپار ئېيتىپ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولاتتى. مۇبادا

* رەئىس ـــ شەرىئەت قائىدىلىرىنى تەكشۈرۈپ، خىلاپلىق
قىلغۇچىلارنى جازالايدىغان دىنىي ئەمەلدار.

ئۇرۇش - تالاش قىلغان، يالغان تۆھمەت ۋە خۇسۇمەت قىلغان ئادەملەر ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالسا، دەرھال يۈز بېشى، پانسادلارغا ياكى جاللاتلارغا تاپشۇرۇپ قاتتىق جازالايتتى. ھەر كۈنى ئىككى قېتىم پۇقرالارنىڭ ئەرز - دادلىرىنى سورايتتى. تېگىشلىكلىرىنى ياساۋۇل يىگىتلەرنى قوشۇپ قازى مەھكىمىسىگە ئەۋەتىپ بېرەتتى. ھەرقانچە چوڭ جېدەل، چىرماش دەۋا ۋە خۇسۇمەت بولسىمۇ شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بويىچە بىر سائەتتە بىر تەرەپ بولاتتى. ئىلگىرىكى ۋاقىتتا بىر يىلدا تۈگىمەيدىغان دەۋالار ياقۇپبەگ زامانلىرىدا شەرىئەت ھۆكمى بويىچە بىر كۈندە تۈگەيتتى. تەكەببۇر ئەمەلدارلار، بەگ ۋە بەگزادىلەر، يانچى، كانچى، پۇقرا ۋە خالايىقلارنىڭ ھەممىسى تەڭ - باراۋەر ئىدى. شۇ زامانلاردا بۆرە بىلەن قوي بىر كۆلچەكتە سۇ ئىچەتتى. كەپتەر بىلەن لاچىن بىر دەرەختە چۈجە چىقاردى، دېيىشكە بولاتتى.

ئېتىبارلىق تارىخ كىتابلىرىدا بۇرۇن ئۆتكەن پادىشاھلار- نىڭ - جۈملىدىن ئەمىر كەبىر تېمۇر ساھىبقىران كوراگان ۋە مىرزا سۇلتان ھۈسەيىن بىننى بايقارا كوراگان (قەبرىلىرى تەڭرىنىڭ نۇرىغا تولسۇن) لارنىڭ تەرتىپ ۋە تەۋسىپلىرىنى بايان قىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ يۇرت ۋە لەشكەرلىرى كۆپ بولسىمۇ بولغاندۇ، ئەمما دۆلەت ۋە ھەشەمەتتە جانابىي ئاتالىق غازى ھەرگىز ئۇلاردىن كەم ئەمەس ئىدى. مەزكۇر ئۆتكەن پادىشاھ- لار شارابتىن خالىي ئەمەس ئىكەن، ھەتتا ھەقىقىي خەلىپە بولغان ئابباسىيە خەلىپىلىرىمۇ شارابقا ئوخشاش شەرىئەت مەنئى قىلغان ئىشلارغا ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئۇنى دوست تۇتقانىكەن. لېكىن جا- نابىي ئاتالىق غازىنىڭ ئۆزى ياكى پۇقرا - رەئىيەلىرىدە بۇنداق مەنئى قىلىنغان ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھېچكىمنى ئىشىتكەن ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن ئاتالىق غازىنى ئۆتكەن پادىشاھلاردىن يۇقىرى

ۋە ئۇستۈن تۇرىدۇ، دېيىلسە ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ.

ئاتىلىق غازى ئىسلامنىڭ راۋاجىغا كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، شەرىئەت ئۆلىمالىرى، ئەمىرلەر ۋە يىگىت - سەرۋازلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەرىئەتلىرىگە ئازراقمۇ خىلاپلىق قىلمايتتى. ئەگەر ئۆلىمالار تەرىپىدىن سەل - پەل خاتالىق سادىر بولسا، قاتتىق ئازاب ۋە جازاغا مۇپتىلا بولاتتى. شەھەرلەردە كىمكى موللا - ئۆلىما، شەرىئەت قائىدىلىرىنى چوڭقۇر بىلىدىغان، ئېتىقادى مۇستەھكەم كىشى بولسا، ئۇنىڭ ئاتا - بوۋا، ئەجداد - نەسەبلىرىگە قارىماي، «ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى»، دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق شۇ كىشىنى قازى ئەلەم، مۇپتى، رەئىس ۋە مۇدەررىس قىلىپ يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇلارنى رازى قىلاتتى. قوشۇنلىرى ئىچىدىمۇ ئالاھىدە قازى ئەسكەر، مۇپتى ئەسكەر، رەئىس، مۇھتەسىپ*لەر تەييار ئىدى. جېدەل - ماجىرالار كۆرۈلسە شەرىئەت ھۆكمى بويىچە كەسكىن بىر تەرەپ قىلىناتتى.

«ئىسلام دىنى ئۆزىدىن بۇرۇنقىلارنى ۋەيران قىلىدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىپ، ئاتىلىق غازى بۇ يەتتە شەھەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇزۇن زامان كاپىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئۆتكەن چاغلاردا نۇرغۇن بىدئەت يامان ئىش، ناچار ئادەتلەر خالايىقنىڭ كۆزىگە ئوبدان كۆرۈنۈپ، ئادەتلىنىپ، خۇددى قىلمىسا گۇناھ بولىدىغان سۈننەتتەك قائىدە بولۇپ كەتكەنىدى. «كىم بىلەن ھەمسۆھبەت بولساڭ شۇنىڭ تەسىرىدە بولىسەن»، دېگەندەك، ئادەتكە ئايلىنىپ، خەلق ئارىسىدا جارى بولۇپ كېلىۋاتقان يامان ئىش، ناچار

---

* مۆھتەسىپ — جىنىڭ - ئۆلچەملەرنى تەكشۈرۈپ، خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالايدىغان ئەمەلدار.

ئەخلاقلارنى، شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ ئۆلىمالارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەت-لىرىگە تەتبىقلاپ تامامەن يوقاتتى.

بۇ يەتتە شەھەردە ھامام يوق ئىدى. ئاتىلىق غازى قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇدا ھامام بىنا قىلدۇردى. زاكىرجان قارىينى مەككە مۇكەررەمگە ئەۋەتىپ يەتتە شەھەر نامىدا «تەكيەخانا» (مېھمانخانا) بىنا قىلدۇرۇشقا تۇتۇش قىلغاندى، پۈتكىچە ئۆمرى يار بەرمىدى. شەھەر ـ شەھەرلەردىكى ئەمەل-دارلارغا بۇيرۇق بېرىپ، ئۇستا بېشىلارنى تەيىنلەپ، بۇ يەتتە شەھەر دائىرىسىدىكى ئۇلۇغ مازارلارنىڭ سەھنىلىرىنى كېڭەي-تىپ، بىنالىرىنى يېڭىباشتىن ياسىتىپ چىقتى. مەسچىت ـ خانى-قالارنىڭ پەشتاقلىرىنى ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك قىلىپ كاھىش ـ رەڭلىك خىشلار بىلەن زىننەتلەپ، گۈل نەقىشلەرنى چىقىرىپ جۇلالىق قىلىپ ياساتتى. شەھەر ئىچىدىكى مەسچىت ۋە خانىقا-لارنىڭ كۆپچىلىكىنى پۇختا، مۇستەھكەم خىشلار بىلەن قايتىدىن رېمونت قىلدۇردى. يوللاردىكى مەنزىل ـ ئۆتەڭلەرگە پۇختا خىشلار بىلەن ئالىي، گۈزەل ئىمارەتلەرنى ياسىتىپ، قورغان ۋە چۆشكۈنخانىلارنى بىنا قىلدى. شۇ جۈملىدىن قەشقەردىكى ھەز-رىتى ئاپاق خوجا يەنى ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ مازار، خانىقا ـ مەسچىتلىرىنى ياساتتى. خۇسۇسەن گۈمبەزلىرىنى بۇزۇپ كېڭەيتىپ، پۇختا خىش، گۈزەل كاھىشلار بىلەن قايتىدىن گۈمبەز بىنا قىلدى. بۇ يەتتە شەھەر ئىچىدە بەلكى موغۇلىستان ئۆلكىسىدە بۇنداق ئالىي گۈمبەز ھېچ زاماندا ياسالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ھەممە شەھەرلەردىكى مەسچىت، خانىقا، پەشتاقلارنى ياساپ پۇختا، مۇس-تەھكەم قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن قەرنە ـ قەرنە*، زامان ـ زامانلار-غىچە شۇنداق مۇستەھكەم تۇرۇشى ۋە بۇزۇلماسلىقى مۇمكىن.

---

* قەرنە — بىر قەرنە 30 يىل بولىدۇ.

جانابىي ئاتىلىق غازىنىڭ دەبدەبە-داغدۇغىسى، سۆلەت ۋە ھەشەمەتلىرى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن غايىب بولدى. ئەمما بىنا قىلغان ئىمارەتلىرى خالايىقنىڭ كۆز ئالدىلىرىدا ھازىر ۋە ئاشكارا تۇرۇپتۇ. ئاتىلىق غازىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا بىنا قىلغان ئىمارەتلىرى گۇۋاھ ۋە شاھىتتۇر.

جانابىي ئاتىلىق غازى ھەر شەھەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغاندا، شۇ شەھەرگە بىر مەنزىل يېقىن قالغاندا ئىشەنچلىك بىر مەھرەمدىن شۇ شەھەردىكى مەكتەپ ئوقۇتىدىغان موللىلارغا تون-سەرۇپاي، بىردىن قىزىل تىللا ھەدىيە كىرگۈزۈپ مەكتەپ بالىلىرىنى ئازاد قىلىشنى ۋە دۇئا قىلىشنى ئىلتىماس قىلاتتى. مەھرەم يېتىپ بېرىپ مەكتەپ موللىسىغا، ئاتىلىق غازىنىڭ سوۋغا-ھەدىيەلىرىنى تاپشۇرۇپ، مەكتەپ بالىلىرىنى ئازاد قىلدۇرۇپ، ئاتىلىق غازى ھەققىدە دۇئا ئېلىپ ياناتتى. بۇ مەكتەپ موللىلىرى شەھەرنىڭ تېشىغا مەكتەپ بالىلىرىنى ئاچىقىپ ئاتىلىق غازىنى قارشى ئالاتتى ۋە دۇئا قىلاتتى. ئاتىلىق غازى ئېتىدىن چۈشۈپ مۇلايىم خۇلق، ئوچۇق چىراي بىلەن مەكتەپ بالىلىرىنى كۆرەكتىن ئۆتكۈزۈپ، بالىلارغا ئىككى تەڭگە، بەش تەڭگە، ئون تەڭگىدىن ئاق تەڭگە ئىنئام قىلاتتى. قۇرئان ئوقۇيدىغان بالىلارغا قۇرئان، ھەپتىيەك ئوقۇيدىغان بالىلارغا ھەپتىيەك ھەدىيە قىلاتتى. ئاندىن ئاتلىنىپ شەھەرگە ياكى بارگاھ ئالىيلىرىغا بېرىپ چۈشەتتى.

جانابىي ئاتىلىق غازى ھەرقاچان غەلىبە ئۆزەڭگىلىرىگە ئاياغ قويۇپ سەپەرگە چىققانلىرىدا ئەمىر، مەھرەم، يىگىت، سەرۋازلار بولۇپ ئاز دېگەندە 10 مىڭ كىشى بىلەن ئاتلىناتتى. ھەر قېتىم ئاتلانغاندا مەيلى كۈندۈز، مەيلى كېچە بولسۇن كاناي چېلىپ قوزغىلاتتى. مۇشۇنچە نۇرغۇن قوشۇندىن جاراڭ-جۇرۇڭ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋاز چىقمايتتى. قوشۇننى شۇ قەدەر قاتتىق ئىدارە

قىلاتتىكى، يىگىت ـ مەھرەملەر مەيلى پەس، مەيلى چىڭ ئاۋازدا سادا چىقىرالمايتتى. ھەتتا ئاتلارمۇ كىشنىمەيتتى. ئاتلىق غازى قوشۇنىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىدىن بىر دەقىقە خەۋەرسىز ئەمەس ئىدى. راھەت ۋە ئاسايىشنى ئۆزىگە ئەسلا راۋا كۆرمىگەنىدى.

نەزم

گەر خاھىش ئەتسەڭ ئۆز ئاسايىشىڭ،
دىيارىڭدا ئارام ئالالماس ھېچ كىشىڭ.

بۇ نەزم ئاتلىق غازىنىڭ ئەھۋالىغا تولىمۇ مۇۋاپىق ئىدى. ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرى شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىگە تەتبىق قىلىنغانىدى. خۇسۇسەن چۈشۈرگەن يارلىق، پەرمان، بۇيرۇقلىرى گويا خانىقادا ئولتۇرغان ماشايىخ، پېشىۋالارنىڭ تەلىمى ۋە بىر ئۇلۇغ ئۆلىمانىڭ ئەمىر ـ مەرۇپلىرىدەك باشتىن ـ ئاياغ نەسىھەت، ۋەز، شەرىئەتنىڭ راۋاج ـ روناقلىقىنى تەرغىپ ۋە تەشۋىق قىلىدىغان ئىبارىلەر بىلەن تولۇپ تاشاتتى.

ئاتلىق غازىنىڭ يارلىقلىرى جۈملىسىدىن ئىككى پارچە پارسچە، بىر پارچە تۈركىي يارلىقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا نەمۇنە ئۈچۈن كەم ـ زىيادە قىلماي، ئۆز ئەينى بىلەن، كېيىنكى زاماندىكى ئادىل، ھەققانىيەتچى، دىيانەتلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ دۇئا قىلىشىغا سەۋەب بولارمىكىن دېگەن ئارزۇدا بۇ سەھىپىگە كۆچۈرۈپ يازدىم.

پارسى تىل بىلەن يېزىلغان، خۇش پۇراق
چاچىلىدىغان ئىنايەتنامە*

---

* ئىنايەتنامە ــ ئۇقتۇرۇش، ئۇنۇشتۇرۇش خېتى؛ ئالاقە، تەقدىرنامە دېگەن مەنىلەردە.

دۇئاگويىمىز سەممىي سادىق قازى ئەسكەرگە:
سالامدىن كېيىن مەلۇم بولسۇنكى، پادىشاھ ھەزرەتـلىرىنىڭ دادخاھلىرىدا بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەردىن شۇنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇكى، بەزى جايلاردا زۇلۇمـنىڭ ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقى، غەيرىي ئىشلارغا قەلەم تەۋرىتىلىۋاتقانلىقى، بەزى ئىشلاردا تەڭرىنىڭ ئەمرى ۋە شەرىئىتىنى تونۇشنىڭ يېتەرسىزلىكىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىنايەتنامىنى گۇمىدىكى مۇھەممەد ئەزىمبەگنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىش لايىق كۆرۈلدى. ئالىي پەزىلەتلىك، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگۈدەك خىسلەتـلىك مۇھەممەد ئەزىمبەگ ئىنايەتنامىنى خۇرسەنـلىك بىلەن قوبۇل قىلغايلار.

بۇ دۇنيانىڭ پانىيلىقى ھەممىگە ئاشكارىدۇر. زۇلۇم ۋە زۇلۇم قىلغۇچىلارغا تەڭرىم دائىم قاتتىق قەھرى ـ غەزەپ قىلىدۇ. تەڭرىم بەندىلىرىنىڭ ھەر زامان، ھەر ماكاندا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئاشكارا كۆرۈپ تۇرىدۇ. ھېچقانداق ئىش تەڭرىنىڭ نەزەرىـدىن يىراق ئەمەس. بۇنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. ھەقىقەت ۋە راستچىللىق نىجاتلىقنىڭ سەۋەبچىسىدۇر. ئۆلمەكلىك ھەق. ئۆلگەندە بىزنى پادىشاھ ھەزرەتـلىرى بىلەن بىر گۆردە قويمايدۇ. زۇلۇمغا مادارا قىلىش خەلققە ۋاپا قىلغانلىق بولمايدۇ. ھەقنى سۆزلەش، ھەقنى ئىزدەش، ھەقىقەتكە ئەگىشىش تەڭرىنى رازى قىلىدۇ. ئۆتكەن ئۇلۇغلارنىڭ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ ھەرـقانداق ئىش، ھەرىكەتتە زۇلۇمنى رەت قىلىپ، ھەمىشە زۇلۇمدىن يىراق بولۇشقا ئەستايىـدىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشلىرىنى، ساداقەت بىلەن

ئىش كۆرۈشلىرىنى ئەگىشتۈرەيمىز، ۋەسسالام.
هىجرىيە 1289 - يىلى (مىلادى 1872 - 1873 - يىللار).

## پارسى تىل بىلەن يېزىلغان ئىككىنچى ئىنايەتنامە:

شەرىئەتنى قوغدىغۇچى موللا ئىبراھىم قازى ئەسكەرگە: سانسىز سالاملىرىمىزدىن كېيىن مەلۇم بولسۇنكى، ياخشى زامان، گۈزەل ئىنتىزام روناق تاپقان چاغدا مۇھەممەد روسۇل مەرگەننىڭ ۋاسىتىسى بىلەن سىيىت موللا تۆپە ئوغلى ۋە لۇتپۇللا ياساۋۇللارنىڭ پۇقرا - رەئىيەلەرنى قائىدە - يوسۇن بويىچە ياخشى ئىدارە قىلىۋاتقانلىقىدىن ۋاقىپ بولدۇق. گۇما①، زانگۇي②، دوۋا③، پىيالما④ قاتارلىق جايلارنىڭ پۇقرالىرى مەرھەمەتلىك ئۇقتۇرۇش، مۇبارەك يارلىقلارنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىپ دۇئا ۋە تەلەپتە تۇرۇۋاتقانلىقى مەلۇم. لاياقەتلىك قازى، ئىبراھىم ئۆزىگە قاراشلىق جايلاردىكى پۇقرالارنىڭ ھەق ۋە ھوقۇقلىرىنى جارى قىلىشنى مەسئۇلىيەتلىك بىلەن ئىجرا قىلدى. ھەقنى ھەق ئىگىسىگە يەتكۈزۈپ، ئىككى تەرەپنى باراۋەر رازى قىلدى. پۇقرالار ئارىسىدىكى ھەق تەلەپ، خۇسۇمەت، ئاداۋەت، جېدەل - ماجىرالار ۋە كونا دەۋالار تامامەن تۈگىتىلدى. مۇھەممەد كېرىم مىرزا، لۇتپۇللا ياساۋۇللار يەكەن شەھىرىنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلدى.

---

①②③④ — خوتەن تەۋەسىدىكى يۇرتلارنىڭ نامى.

ئىككىسۇ* تەۋەسىدىكى مۇھەممەد ئەزىم ئاتلىق بىر كىشى مۇنداق بىر ئەھۋالنى يەتكۈزدى: ئەھمەديار ئىشبېشى پۇقرالارغا جەبىر - زۇلۇم قىلغانلىقتىن، بۇ جايدىكى پۇقرالار پادىشاھ ھەزرەتلىرىگە ئىتائەت قىلىپ شەرىئەت ھۆكمىگە مۇۋاپىق تەكشۈرۈپ كۆ - رۈشلىرىنى ئىلتىماس قىلىپ ئەرزلىرىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ ياخشى سائەتتە يېتىپ كېلىپ پادىشاھ ھەزرەتلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ ئەرزنىڭ مەزمۇنىدىن ئالدىنئالا خەۋەردار بولغان - لىقىمىز ئۈچۈن چەكسىز خۇرسەن ۋە مەمنۇن بولدۇق. چۈنكى جەبىر - زۇلۇمنى تۈگىتىش، پۇقرا - لارنى زۇلۇم ۋە ئازابتىن خالاس قىلىش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك مۇھىم ئىشتۇر.

ئىككىنچى سۆزىمىز، شەرىئەتنىڭ راۋاجى ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكلىرى لازىم. ئەگەر بىر ئادەم شەرىئەتنىڭ راۋاجى ئۈچۈن ۋاپات بولسا، ئۇنداق كىشىنى چوقۇم شېھىتلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ بولدى، دەپ تونۇماق كېرەك. غەيرەت ۋە ھىممەتنى سەرپ قىلغاندا ئاساسىي مەقسەتتىن چەتنىمەسلىك لازىم. باشتىن - ئاياغ شەرىئەت ھۆكمىدىن چىقماسلىق كېرەك. كىشىلەر شەرىئەتكە رىئايە قىلىشنى ئادەت ۋە كەسىپ قىلىشى لازىم.

ئەرزنىڭ مەزمۇنىنى يەتكۈزگەن مۇھەممەد

---

* ئىككىسۇ — ھازىر پوسكام ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر يېزىنىڭ نامى.

ئەزىمگە كىيىم-كېچەك، يول خىراجەت مەرھەمەت قىلدۇق، ۋەسسالام.
ھىجرىيە 1289-يىلى (مىلادى 1872-،
1873-يىللار).

## تۈركىي تىل بىلەن يېزىلغان ئىنايەتنامە

شەرىئەتنىڭ پاناھى بولغان ئابدۇللا قازى كالانغا: مەرھەمەتلىك ۋە سائادەتلىك سالاملىرىمىزدىن كېيىن مەلۇم بولسۇنكى، مۇشۇ كۈنلەردە بۇ ئىسلام دۆلىتىدە تەگۈردىنىڭ پەزلى بىلەن پۈتۈن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمىزنىڭ خاتىرجەملىكىنى،دۆلەتنىڭ كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم، خەلقنىڭ ئىنائەتمەن بولۇشىنى، مىللەتنى ھەر تۈرلۈك ئاپەت ۋە مەنىۋى بالالاردىن پاك ساقلاپ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا غەلىبە ئاتا قىلىشىنى تەگرىگە ئىلتىجا قىلىپ، داۋاملىق بەش ۋاق نامازدىن كېيىن دۇئا ۋە تەلەپتە بولغانلىقىمىزنى ئىزھار قىلىش، غېرىب، ئاجىز، كۆڭلى سۇنۇق پۇقرالارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى شەرىئەت ھۆكمىنى ئىجرا قىلىش بىلەن خۇرسەن قىلىپ، ياخشى دۇئاسىنى ئېلىشۋاتقانلىقىمىزنى، ئۆزىمىزنىڭمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بىنىشىدىن بۇ دۆلەتنىڭ نۇرىنىڭ ئۈچىمەسلىكىگە دۇئا ۋە تەلەپ بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىمىزنى خەۋەر قىلىپ، خەت يېزىپ پادىشاھ ھەزرەتلىرىنىڭ قوبۇللۇق نەزەرىگە مۇشەررەپ بولۇشنى ئۈمىد ۋە ئارزۇ قىلىپ، ئىنىمىز موللا ئابدۇكېرىمنى بىر بوغچا ۋە بىر ئات

بىلەن سالامغا ئەۋەتكەن ئىكەنسىز. مۇھەررەم ئېيىنىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى جۈمە نامىزىدىن كېيىن سائادەت ۋە شاراپەت بىلەن قوبۇللۇق نەزەرىگە مۇشەررەپ بولدى. ئەرزىڭىزگە يېزىلغانلارنىڭ ھەممىسىدىن ۋاقىپ بولۇپ قانائەت ھاسىل قىلدۇق، كۆپ خۇرسەن بولدۇق.

تەڭرىم دۇنيانىڭ ئەھۋاللىرىنى ھەممىشە بىلىپ تۇرىدۇ. ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ خوجىسى بولغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەرىئىتىنىڭ ئۆتكۈر نۇرى بۇ يەتتە شەھەر خەلقىنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدە يېنىپ تۇرغان مەشئەلدۇر. ئېتىقادلىق ۋە دىيانەتلىك كىشىلەر، خۇسۇسەن شەرىئەت ئىلمىنىڭ ئۆلىمالىرى بۇ دۆلەت ۋە شەرىئەتنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن دائىم دۇئا ۋە تەلەپتە بولۇشنى ئۆزلىرىنىڭ زۆرۈر مەجبۇرىيىتى دەپ تونۇيدۇ. ئۇلاردا پەيغەمبىرىمىز-نىڭ شەرىئەتلىرىنىڭ راۋاجى، پۇقرالارنىڭ خاتىرى-جەم-پاراۋانلىقىدىن باشقا نىيەت ۋە مەقسەت يوق. ئۆممەتلىرىگە چەكسىز مېھرىبان پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەرىئەت نۇرلىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشىنى مەقسەت قىلىپ شەرىئەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەممىشە مەشغۇل بولۇشىڭىز لازىم. بۇ نۇرنىڭ روناق تېپىشىنىڭ خاسىيىتى ۋە نەتىجىسى پۇقرالارنىڭ ئاسايىشلىقىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز لازىم. بۇ بەش كۈنلۈك ئالەم ئۆتۈپ كېتىدۇ، قىيامەت كۈنى مۇشەققەتلىكتۇر. تاپشۇرۇلغان مەجبۇرىيەتنى ياخشى ئادا قىلىپ ئاخىرەتلىكىڭىز ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭ.

دۆلىتىڭىزنىڭ زىيادە بولۇشى ئۈچۈن تەڭرى-
نىڭ دەرگاھىغا ھەقىقىي سادىقلىق بىلەن دۇئا ۋە
ئىلتىجانى زىيادە قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.
موللا ئابدۇكېرىم-غا سەرۆپاي ۋە خىراجەت
ئىلتىپات قىلدۇق. ئۆزلىرىگە كىيىم-كېچەك، سەللە-
كۆلا، رومال مەرھەمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق، ۋەسسالام.
ھىجرىيە 1294-يىلى (مىلادى 1877-يىلى).

يۇقىرىدا ھەربىر ۋەقەلەر بايان قىلىنغاندا جانابىي ئاتىلىق غازىنىڭ ياخشى ئەخلاقلىرى ئاز-تولا زىكرى قىلىنغانىدى. بۇ يەردىمۇ ئازراق يازدۇق. تەپسىلىي يازساق ئوقۇغۇچى ۋە ئىشىتكۈچىلەرگە مالال كېلىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنچىلىك زىكرى قىلىش بىلەن قانائەتلەندۇق.

ئەخلاقىي ھەمىدە ① بار يەردە ئەلۋەتتە ئەخلاقىي زەمىمە ②مۇ بولىدۇ، پايدا بار جايدا زىيانمۇ بولىدۇ. گۈل تىكەنسىز، ھەسەل ھەرىسىز بولمايدۇ. ھەر بىر مەخلۇقاتتا ياخشى خىسلەت بولغىنىدەك، يامان ھەرىكەتمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدۇ. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق قوشكېزەك بىر تۇغقان بولۇپ بىر-بىرىدىن ئايرىلماسلىق ئادىتى ئەزەلدىن جارى بولۇپ كەلمەكتە.

ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىشى بىلەن رەھمەت يامغۇرىمۇ ئەلۋەتتە بىللە كېلىدۇ. بۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئاتىلىق غازىنىڭ ئەخلاق زەمىمەلىرىنىمۇ ئازراق بايان قىلىپ ئۆتسەك، ئىسكەنجىبىنگە③ ئوخشاش سۆزىمىزگە ئاچچىق-چۈچۈك-

① ئەخلاقىي ھەمىدە — ياخشى ئەخلاق، گۈزەل ئەخلاق.
② ئەخلاقىي زەمىمە — يامان ئەخلاق، ناچار ئەخلاق.
③ ئىسكەنجىبىن — شېكەرنىڭ قىيامى بىلەن ئۈزۈم سىركىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدىغان مۇز دوغ.

لۇك تەمىنى بېرىپ، ئوقۇغۇچى ۋە ئىشىتكۈچىلەرگە زوق ۋە لەززەت بېغىشلىشى مۇمكىن.

تارىخ كىتابلىرىدا ئىلگىرى ئۆتكەن مۇئەللىپ - ئاپتورلار - نىڭ بۇرۇنقى پادىشاھلارنىڭ ياخشى خىسلەت، يامان سۈپەتلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىشتىكى مەقسەتلىرى «كېيىنكى زاماندا ئۆتكەن پادىشاھلار ۋە ھاكىم ئەمەلدارلار، ياخشى ئىش قىلغان پادىشاھلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، دۆلىتى زىيادە بولۇپ، پەرزەنت ۋە نەۋرىگىچە دۆلىتى قولىدىن كەتمەي ئەل ئارىسىدا نامى ساقلىنىپ، خالايىق ئۇلارنىڭ روھلىرىغا دۇئا قىلىدىكەن. يامان ئىشلارنى قىلىپ، كىشىلەرگە زۇلۇم - ئازاب قىلسا، ئۆمرى قىسقا، دۆلەتلىرى كۆتاھ* بولۇپ يەر يۈزىدە يامان سۈپەت بىلەن مەشھۇر بولىدىكەن. بۇنداق پادىشاھلارغا خالايىق زامان - زامانلارغىچە لەنەت ئوقۇيدىكەن»، دەپ بىلىپ ئۆزلىرىنى ياخشىلىق يولىغا مايىل قىلىپ ياخشىلار قاتارىغا قوشۇلسا ئەجەب ئەمەس، دېگەندىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. شۇ ۋەجىدىن مەنمۇ ئاتىلىق غازىنىڭ يامان سۈپەت ۋە نالايىق ھەرىكەتلىرىنى ئازغىنا يېزىپ كۆرسىتىشنى زۆرۈر دەپ بىلدىم.

ئاتىلىق غازى شۇ قەدەر ئۇلۇغ پادىشاھ بولغان بولسىمۇ، بىرەر دىيانەتلىك، سادىق، دانا، پەزىلەتلىك كىشىنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلمىدى. مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى ئۆزى يالغۇز قىلدى. ھېچقانداق كىشىگە ئىشەنمىدى. شۇنداق دۆلەتپەرۋەر، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا تەدبىرلىك كاتتاخان تۆرەم ۋە كىچىكخان تۆرەملەرگە ئاخىرقى ئۆمرىدە ئۆزى ئىچكەن شەربەتتىن ئىلتىپات قىلدى. ئۇلار ئىچكەن ھامان تەسىر قىلىپ بۇ ئالەمدىن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. ۋەلىخان تۆرەمنى

---

* كۆتاھ ـ قىسقا.

يېڭىساردا تامىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ ئۆلتۈردى. بۇزرۇكخان تۆرەمنى بولسا دەسلەپ «مەن تۆرەمنىڭ ئەمرى بىلەن كەلگەن»، دەپ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ بىللە ئېلىپ يۈرۈپ يەتتە شەھەرنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، ھەجگە بېرىپ كەلسىلە، دەپ يۇرتتىن چىقىرىۋەتتى.

دەسلەپكى چاغلاردا، ئاتلىق غازى باشقىلار چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزسە، نەسىھەت قىلىپ ئەپۇ قىلىمەنى سۈرۈپ كەچۈرۈم قىلدى. ئاز خىزمەت قىلسا، كۆپ ئىنئام ۋە ئېھسانلارنى قىلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا كىچىك گۇناھ سادىر قىلسىمۇ چوڭ غەزەپ قىلىپ ئېغىر جازا بەردى، بەلكى يوقاتتى. چوڭ خىزمەت كۆرسەتسە ئاز ئىلتىپات قىلدى، بەلكى بىرەر باھانىنى قويۇپ قاتتىق غەزەپ ۋە ئازاب قىلدى. ئىلگىرى بىر باغ بېدە، بىر تاۋاق قېتىق ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈردى. كېيىن نەچچە-نەچچە ئادەملەر خانىۋەيران بولۇپ تۈگىشىپ كەتسە ھېچكىمنىڭ دادىغا يەتمىدى. ئىش بېشى، ھاكىم، ۋىلايەت ئەمەلدارلىرىنى قوللاپ، ئۈستۈرۈپ زۇلۇمنى راۋاجلاندۇردى، بىر تەرەپتىن مۇساپىر ۋە مۇجاۋۇر* سودىگەرلەر كەلسە ماللىرىنى دۆلەت ئوردىسىغا ئېلىۋالدى. مال ئىگىسى ئارغامچا-توقۇناق، ئورۇما، كىگىز، پالاسلىرىنى قولتۇقلاپ قالدى. ئارقىسىدىن «زاكىتىنى بەر» دەپ زاكاتچى، مۇلازىم قوشۇپ قويدى: مال ئىگىسى، پۈتۈن مېلىمنى ئوردىغا ئالدى، دېسە، مېلىڭنى ئوردىدىن ئال، ھازىر زاكىتىنى بەر، دەپ قىستىدى. نائىلاج جازانىگە پۇل ئېلىپ زاكاتنى بېرىپ، ئۆزى قەرز ئېلىپ جېنىنى ساقلىدى. ئوردىدىن پۇلىنى بەرسە ئالدى، بەرمىسە شۇنەۋەبە

---

* مۇجاۋۇر — باشقا يۇرتتىن كېلىپ، شۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان كىشى.

بىلەن سەرگەردانلىق كوچىسىغا كىرىپ ۋەيران بولدى.

يېزا-سەھرا، كەنت-قىشلاقلارغا غەللە-تاناپنىڭ① پۇلىنى يىغىش ئۈچۈن بارغان مۇلازىملار 10 مىڭ، 20 مىڭ پۇل بولسىمۇ، كېچە بارسا كېچە، كۈندۈز بارسا كۈندۈز تەخىر قىلماي يىغىۋالاتتى. ھەرگىز مۆھلەت ۋە پۇرسەت بەرمەيتتى. ئاتلىق غازىنىڭ ھۆكۈمىنىڭ ئىتتىكلىكى مۇشۇ دەرىجىدە ئىدى. خۇسۇسەن خوتەن خەلقىنى نىياز ھېكىمبەگ، ئاقسۇنى ئابدۇراخمان دادخاھ، باي ۋە سايرامنى مۇھەممەد ئىمىن توقسابە ناھايىتى خاراب قىلدى. «ھەر ياغاچنىڭ پاتىسى ئۆزىدىن» دېگەن تەمسىل ھەممىگە مەشھۇر بولغىنىدەك، بۇ ھاكىملار پۇقرادىن پۇلنى ئېلىپ ئوردىغىمۇ بەردى، ئۆزىنىڭ يانچۇقلىرىغىمۇ سالدى. لېكىن ئەيىبنى ئاتلىق غازىنىڭ گەدىنىگە ئارتتى. ئاتلىق غازىنىڭ ئەيىبى شۇ ئىدىكى، كىرىم-چىقىمنى ئەسلا سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمىدى.

ھەر بىر ۋىلايەت ھاكىملىرىنىڭ 500 دىن، ئەڭ ئازلىرىدا 60 — 70، بىرەر 100 دىن دىۋانبەگلىرى② بار ئىدى. ھەر يىلى ھەر بىر كەنتكە شۇ كەنت ئىچىدىن بىر بايىنى تۇتۇپ خالىسۇن-خالىمىسۇن دىۋانبېگى قىلىپ بەلگىلەپ نىشان-دەستەك③ بېرەتتى ۋە دەرھال دىۋانغا مۇلازىملارنى قوشۇپ پۇل، ئۆشرە-زاكات يىغىشقا باشلايتتى. دىۋانبېگى بىر يىل تامام بولغۇچە ئۆشرە-زاكات، دېھقانچىلىق بېجى قاتارلىقلارنى پۇقرالاردىن

---

① تاناپ — يەر ئۆلچىمى بولۇپ، ئىلگىرى دېھقانچىلىق بېجى بىر تاناپ يەرنى بىرلىك قىلىپ بەلگىلەنگەن. بۇ يەردىكى تاناپ — دېھقانچىلىق بېجى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

② دىۋانبەگ — ئۆشرە-زاكات، باج يىغقۇچى.

③ نىشان-دەستەك — بۇيرۇق، خىزمەتكە تەيىنلەش بۇيرۇقى.

www.uyghurkitap.com

شەرىئەتكە مۇۋاپىق يىغىۋېلىپ، ئوردا خەزىنىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ پالاكەت باسقان دېۋانبەگلىرىنى تەھقىقلەپ تەكشۈرۈش ئۈچۈن جاللات سۈپەت مۇلازىم، زالىم مىرزىلارنى چىقىراتتى. بۇ مۇلازىم، مىرزىلار بىردى ئون، ئوننى يۈز قىلىپ خەتلەپ «ھەقىقەتلەپ» تەكشۈرگەنلىكتىن، دېۋانبەگلىرىنىڭ زىممىسىگە 20 مىڭ، 30 مىڭ تەڭگە پۇل چۈشەتتى. ئات ـ ئۇلاغ، كىگىز ـ كېچەك، يەر ـ سۇ ھەتتا قازان ـ قوشۇقىغىچە سېتىپ مۇلازىم ۋە مىرزىلارغا تاپشۇراتتى. مۇبادا مال ـ مۈلكى چىقىشماي قالسا دېۋانبەگلىرى: «ئوردا خەزىنىسىگە مۇنچە مىڭ تەڭگىگە قەرزدارمەن» دەپ ھۆججەت بېرەتتى. دېۋانبەگلىرى پۇقرالاردىن يىغىۋېلىپ ئوردا خەزىنىسىگە تاپشۇرغان پۇللارنى «شەرىئەت توغرىسىدىن»، دەپ ئاتايتتى. دېۋانبەگلىرىنىڭ ئۆزىدىن ئالغان پۇلنى «ھەقىقەت توغرىسىدىن» دەپ ئاتايتتى. ئەرز ـ داد قىلسا يەنە شۇ ھاكىم، مۇلازىم، مىرزىلارغا چىقىرىپ بېرەتتى. بۇلار ئۆزىنىڭ خاھىشى، قولىدىن كېلىشىچە قىلمىغان زۇلۇملىرىنى قىلىپ يەنە ئالاتتى، قازىلارنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق ئىدى.

ئىككىنچى قېتىم خىتايلارنىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئوتتۇغات* ۋە قالپاقلىرىنى ساقلاپ كەلگەن، كۆڭۈللىرى دۈشمەنلىك ۋە ئىنتىقام ئوتى بىلەن تولغان قەدىمىي بەگ ۋە بەگزادىلەرگە ئەجەلنىڭ ۋاقتى يېتىپ ئۆلۈپ كەتسە ئۇنى ئاتىلىق غازى ئۆزىنىڭ پاراسەت نۇرى بىلەن دەرھال بىلەتتى. ئۇلارنىڭ مىراس باجلىرىنى يىغىپ كېلىش ئۈچۈن زالىم، پەس تەبىئەت مىرزىلارنى چىقىراتتى. مىسال ئۈچۈن ئېيتقاندا، مىرزا قاسىم

---

* ئوتتۇغات ــ مەنچىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە يەرلىك ئەمەلدارلار كىيىدىغان، ئەمەل ـ دەرىجىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مەخسۇس باش كىيىم.

مىھتەر، مىرزا ئابدۇللا بۇخارىلارنى ئاقسۇلۇق ئابدۇللا دىۋانبېگىنىڭ مىراس بېجىنى ئەكىلىشكە ئەۋەتتى. بۇ مىرزىلار ئابدۇللا دىۋانبېگىنىڭ ئۇتۇغات چەشمەدارىنى① 5000 تەڭگە، دىك قالپاق خىتايىنى② 10 مىڭ تەڭگە، دەپ باھا قويدى. يەنى بىر ئۇتۇغات ۋە بىر قالپاقنىڭ باھاسى 15 مىڭ تەڭگە بولدى. قالغان مال-مۈلۈكلىرىنىمۇ مۇشۇ تەرىقىدە باھالىدى. 40 تەڭگىدىن بىر تەڭگىنى مىراس بېجى دەپ ھېسابلىغاندا 46 مىڭ تەڭگە بولدى، ئابدۇللا دىۋانبېگىنىڭ پۈتۈن مال-مۈلۈكلىرىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 28 مىڭ تەڭگە بولدى. مىراس بېجىنىڭ قالغىنىنى ئۇرۇق-تۇغقان، يار-بۇرادەر، مۇلازىم، خىزمەتكارلىرىدىن قەرز ئېلىپ بەردى.

ئابدۇللا دىۋانبېگىنىڭ قىزى ئالىي ئوردىدا خانىشلار قاتارىدا ئاتىلىق غازىنىڭ نىكاھىدا ئىدى. بەخت-دۆلەت يۈز ئۆرۈپ زاۋاللىققا يۈزلەنگەندە، پادىشاھ ۋە ئۇلۇغلارنىڭ پېئىل-خۇيلىرىمۇ يۆتكىلىپ قالىدىكەن. پۇقرا-رەئىيە، ئەمەلدار-سىپاھ، خىزمەتچى، چاكارلارنىڭمۇ ھال-ئەھۋالى ئۆزگىرىدىكەن. يىگىت-سەرۋاز، ئەمىر، سىپاھلار تون-سەرۇپاي، كىيىم-كېچەكلىرىنى كىيىپ، ئاتلىرىنى مىنىپ، پۇللىرىنى خەجلەپ، ئاغىچە-خوتۇنلارنى ئېلىپ كۆڭۈللىرى خالىغان غىزا-تاماقلارنى ئېتىپ يەپ، ئېغىزلىرىدا چىشلەپ، چىشلىرىدا چايناپ تۇرۇقلۇق، ئاتىلىق غازىنىڭ شىكايىتىدىن تىللىرىنى ئەسلا يىغمىدى. تۈز ھەققىگىمۇ يۈز خاتىرە قىلمىدى. ئاخىر جازاسىنى تارتتى.

---

① ئۇتۇغات چەشمەدارى — قىممەت باھالىق تاشلاردىن كۆز قويغان، يەرلىك ئەمەلدارلار كىيىدىغان باش كىيىم.

② دىك قالپاق خىتايى — خىتاي نۇسخىسىدا ياسالغان ئەمەلدارلار كىيىدىغان تاج.

ئۈز كورلۇق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىنى كۆردى،

شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ، قەشقەرنىڭ پەيزىۋات يېزىسىدا بىر ئادەم ئېتىزغا ئۇرۇق چېچىپ قوش ھەيدەۋاتقانىكەن. يەنە بىر كىشى كېلىپ، «ئەي بۇرادەر، نېمە تېرىدىڭىز؟» دەپ سوراپتۇ. «نېمە تېرىماقچىدىم، خىتاي تېرىدىم»، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ سورىغۇچى كىشى ھەيران بولۇپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئالتە - يەتتە ئايغا قالماي، دېڭىزدەك خىتايلار كېلىپ ھېلىقى ئېتىزلىقتا چۈشۈپ گازارما قىلىپ يېتىپتۇ. ئىككى پۇقرا بىر يەردە بولسا خىتايلارنىڭ كېلىدىغان خەۋەرلىرىنى ئېيتىشىپ، راست - يالغان سۆزلەرنى توقۇشۇپ ئۆزلىرىنى خۇش قىلاتتى. بۇ سۆزلەرنىڭ راستلىقىغا ئىسپات بولسۇن ئۈچۈن ئېسىمگە كەلگەن مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلىپ ئۆتەي: بۇرۇنقى چاغلاردا زامانىنىڭ زاھىت، دەۋرانىنىڭ ئابىدلىرىدىن، قىلغان دۇئالىرى ئىجابەت بولىدىغان ئۈچ زاھىت بىر تەرەپكە سەپەر قىلغانىكەن. بىر يەرگە بارغاندا يول ئۈستىدە ياتقان بىر مۇنچە چىرىگەن ئۈستىخانلارغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇلار: بۇ كونا سۆڭەكلەر قانداق مەخلۇقنىڭ سۆڭىكىدۇ؟ ئەھۋالىدىن ۋاقىپ بولساق، دېيىشىپتۇ. بىرى دۇئا قىلسا، شامال چىقىپ سۆڭەكلەرنى يىغىپ بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپتۇ. يەنە بىرى دۇئا قىلسا سۆڭەككە گۆش، پەي، تومۇر پەيدا بوپتۇ. ئۈچىنچىسى دۇئا قىلسا، سۆڭەككە جان كىرىپتۇ ۋە ئېچىرقاپ كەتكەن زور بىر شىر سەكرەپ قوپۇپتۇ. ئەسلىدە بۇ شىر ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغانىكەن. تىرىلگەندىن كېيىن ئۈچ زاھىتنى پارە - پارە قىلىپ يەپ كېتىپتۇ. تىلەپ تاپقان خىتايلار ھېلىقى قايتا جان كىرگەن، ئاچ قالغان شىرغا ئوخشاش بولدى.

ئەزىز بۇرادەرلەر، تارىخ كىتابلىرىدا بۇرۇنقى ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ مېھىر - شەپقەت بىلەن قەھرى - غەزەپ، گۈزەللىك



www.uyghurkitap.com

بىلەن سەتلىك، ياخشى ئەخلاق بىلەن يامان ئەخلاقلىرىنى بىرلىكتە تەسۋىرلىنىپ بايان قىلىنىپ كەلدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى پادىشاھ، ۋىلايەت ھاكىملىرىدىمۇ يۇقىرىقى سۈپەتلەر بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى پادىشاھ، ۋىلايەت ھاكىملىرىنىڭ مېھىر - شەپقەت، ئېھسان ۋە ئىنئام ئاتا قىلماي چارىسى يوق. غەزەپ ۋە سىياسەت ئىشلەتمەي يەنە ئىلاجى يوق. پادىشاھ بولغان كىشى ياۋاش، رەھىمدىل بولۇپ، سىياسەت ئىشلىتىشنى ئۆزىگە لازىم ۋە راۋا كۆرمىسە، پۇقرالاردا بەخت ۋە خۇشاللىق، ھوزۇر ۋە پاراۋانلىق ھاسىل بولمايدۇ. يۇرتتا بۆلۈنۈش، ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا بولۇپ ھالاكەتكە يۈز تۇتىدۇ. ئەگەر پادىشاھ زالىم، قەھرى - غەزەپلىك بولۇپ، ئادالەت ۋە ھەقىقەتنى لازىم تۇتمىسا، پۇقرالاردا تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق بولماي زۇلۇم قىلىنغۇچىلار-دىن بىرەر سەگەك، سەھەر قوپىدىغان كىشىنىڭ قىلغان دۇئاسى تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇپ قالسا، ئۇنداق كىشىنىڭ ئاھ دەپ يىغلىغان كۆز ياشلىرى مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان قانلىق دەرياغا ئايلىنىپ، ھېلىقىدەك زالىم پادىشاھلارنى، ئۇنىڭغا تەۋە خىزمەتچى - خادىم، چاكار - مۇلازىم، تۇغ - بايراق، كاناي ۋە ئەلەملىرى بىلەن قوشۇپ غەرق قىلىپ نابۇت قىلىشى مۇمكىن. بۇ ئالەمنىڭ ھادىسىلىرىدىن ۋە ئۆتمۈش ۋەقەلىرىدىن تەجرىبە ھاسىل قىلىپ ئىبرەت ئېلىش لازىم. چۈنكى «ئەقىل - پاراسەت-نىڭ ئىگىلىرى، ئىبرەت كۆزى بىلەن چوڭقۇر قاراڭلار!» دېگەن ئايەت بار.

## پارچە

تەكىيە قىلما ئەي ئەزىزلەر دەۋلەتى ئىلدامىغە،
باش يانىڭدىن پات ئالۇرلەر دەۋلەتى ئىقبالىنى.

ياتقۇزۇپ جىسمى لەتىفىگىنى بۇ ئىيرە خاك ئۈزرە،
يوق ئېتىپ سەۋلەت ھەشەمنى پەس قىلۇرلەر نايىنى*.

كەرەملىك تەگىرىم، ئۆزىگە خاس قۇدرىتى ۋە ھېكمىتى بىلەن دۆلەت ۋە نېمەت ئىگىلىرىدىن، ئۆزى بەرگەن دۆلەت ۋە نېمەتلىرىنى ئېلىشنى ئىرادە قىلسا، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ خۇي ـ پېئىلىدىكى ياخشىلىقنى ئېلىپ تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا نالايىق ئىش، يامان ئەخلاقلارنى كىرگۈزۈپ، دۆلەت ۋە نېمەتلەرگە شۈكرى قىلىشتىن ياندۇرۇپ، كۆپرانى نېمەت قىلدىغان قىلىپ، ئاندىن دۆلىتىنىڭ ئاپتىپىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ، بەخت ـ تەلەيىنىڭ نۇرىنى خىرە قىلىپ بەلكى ئۆچۈرۈپ يوق قىلىدىكەن. يەنە بىر دۆلەتكە لايىق كىشىنى بەلەن پەرۋاز قىلدۇرۇپ، بېشىغا پادىشاھلىقنىڭ تاجىنى كىيدۈرۈپ، نۆۋەتنى ئۇنىڭغا بېرىپ كاناي ـ سۇنايلىرىنى ساداغا كەلتۈرىدىكەن. ئۇلۇغ تەگىرىم، خاھى پادىشاھ، خاھى گاداي بولسۇن بەش كۈنلۈك بۇ دۇنيادا ياخشى ئىشلارنى بەرپا قىلىپ، ياخشى نام بىلەن كېتىشنى نېسىپ قىلغايسەن، ئامىن.

## پارچە

بۇ ئالەم ئىچرە ياخشى ئەت ئىمارەت،
كى قالغاي نىك نام ھەم باقالىق.

---

* ئەي ئىزىزلار! تېز كەلگەن دۆلەتكە ئىشەنمە. چۈنكى ئۇنداق بەخت ـ دۆلەت بېشىگەدىن پاتلا كېتىدۇ. نازۇك بەدەنلىرىڭنى قارا تۇپراق ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، سۆلەت ـ ھەشەمەتلىرىڭنى يوق قىلىپ، قومۇشتەك پەس ۋە خار قىلىدۇ.

ۋەرەق ئىچرە قېلىپتۇر ياخشى ئاتلار،
ئەگەر كىسراغە ئوخشە قىلسە شەھلىق*.

## 13

يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلەر ۋە ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ھەل قىلالايدىغان لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى بىلەن سېيىت ھېكىمخان تۆرەمنى پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزغانلىقى؛ لېكىن پەلەك يار بەرمىگەنلىكتىن ئۇلار «ۋەتەن سۆيۈش ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىن» دېگەن ھەدىسنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەتكەنلىكى

دېمەك، جانابىي ئاتىلىق غازى پانىي دۆلەتنى تاشلاپ، باقىي دۇنيانى خالاپ، جېنىنى ئەزرائىلغا، مال - مۈلكىنى ئوغۇللىرى بىلەن قىپچاقلارغا، بەلكى خىتاي بىلەن قالماقلارغا تاپشۇردى.

نىياز ھېكىمبەگ بىلەن ئەھرارخان تۆرەم ئاتىلىق غازىنىڭ جەسىتىنى ئىچكىرى ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ قاراشەھەردىكى ھەققۇلىبەگكە بولغان ۋەقەنى بايان قىلىپ تېزلىكتە خەت ماڭدۇردى. ھەققۇلىبەگ ئۈچىنچى كۈنى قاراشەھەردىن يېتىپ كەلدى. ئاڭغىچە نىياز ھېكىمبەگ ئۆزىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئەرز - داد بولسا ئاتىلىق غازى ھايات ۋاقتىدىكىدەك ئەكىرگەن بولۇپ كىرىپ - چىقىپ، يارلىق - پەرمانلارنى بېرىپ تۇردى.

---

* بۇ ئالەمدە ياخشى ئىش قىلساڭ، ياخشى دېگەن نامىڭ مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، كىسراغا ئوخشاش پادىشاھلارنىڭ نامى قەغەز يۈزىدە قېپقالدى.

www.uyghurkitap.com

«جانابىي ئالىيىنىڭ مىجەزلىرى سەل خاپا ئىكەن. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن چىقىدۇ»، دەپ كىشىلەرنى يېنىپ بارغۇزماي ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزدى. ھەققۇلبەگنىڭ ئارقىسىدىن ھېكىمخان تۆرەم باشلىق ئەمىرلەشكەر، پانساتلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىپ كەلدى، ئەھۋالمۇ ئاشكارا بولدى.

نىياز ھېكىمبەگ، مۇھەممەد كېرىم دادخاھ، تاشباي دادخاھ ۋە ئاتاباي پانساتلار باشلىق ئەمىرلەشكەرلەر مەسلىھەتلىشىپ، بۇرۇنقى پادىشاھلارنىڭ رەسىم ـ قائىدىلىرى بويىچە ھېكىمخان تۆرەمنى ئاق كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ «خان» قىلىپ كۆتۈردى. خەزىنىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ ئەمىر، دادخاھ باشلىق چوڭ ـ كىچىكلەرگە، يىگىت ـ سەرۋازلارغا تون ـ سەرۇپاي، پۇل ۋە تىللا، ئات ۋە جابدۇقلارنى بەرگىلى تۇردى. مۇشۇ ئەھۋالدا يەتتە كۈن ئۆتتى. بىر كېچىدە ھەققۇلبەگ ئاتلىق غازىنىڭ جەسەت ـ تاۋۇتىنى ئېلىپ ئاقسۇ تەرەپكە ناھايىتى تېز يۈرۈپ كەتتى.

دادخاھلار باشلىق چوڭلار «ھەققۇلبەگ ئاتلىق غازىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئاقسۇغا بېرىپ خەزىنىلەرنى قولىغا ئېلىپ سەرەمجان قىلىپ، قەشقەرگە بېرىپ ئۇ يەردىكى خەزىنە ـ دەپىنىلەرنى قولىغا كىرگۈزۈپ، ئاندىن كېيىن بىزلەرگە قارىماي ئەنجان، تاشكەنتلەرگە چىقىپ كېتىدۇ، خەزىنە بولمىسا بىز خىتايلار بىلەن قانداق ئۇرۇشىمىز؟ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ خەزىنىلەرنى بەرمەسلىكىمىز كېرەك»، دەپ ھېكىمخان تۆرەمنى ماقۇل قىلدى. كورلىنى داخۇ تۇڭگانغا تاپشۇردى. ئۇنىڭغا ئاقسۇلۇق كوچىر ۋاڭنىڭ ئوغلى ئاقنىيازبەگنى تۇڭچى ۋە ياساۋۇل بېشى قىلىپ، باي مۇھەممەد جارچى بېشىنى 500 سەرۋازغا باشلىق قىلىپ كورلىدا قويۇپ، ھېكىمخان تۆرەم باشلىق قوشۇنلار ئاقسۇغا راۋان بولدى ۋە ئالدىراپ ـ

ھولۇقۇپ ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى.

ھەققۇلىبەگ ئالدىدا يېتىپ كېلىپ، ئاقسۇدا ئىككى كۈن تۇرۇپ، بىرمۇنچە خەزىنىلەرنى يىغدىشتۇرۇپ، يىگىت ۋە قىپ- چاقلار بىلەن ئاتلىق غازىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ قەشقەرگە يۆرۈپ كەتكەندى. ھەققۇلىبەگ «دادامنىڭ جەسەت-تاۋۇتىنى قەشقەرگە ئاپىرىپ ھەزرىتى ئاپاق خوجام مازىرىغا دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاكام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ يا مەن كېلەر- مەن، يا ئاكام كېلەر. ئاندىن خىتايلار بىلەن غازات قىلارمىز»، دېگەن مۇستەھكەم نىيەت بىلەن يولغا چىققانىدى. ئەمما نىياز ھېكىمبەگ: «كىچىك بېگىم (ھەققۇلىبەگ) قەشقەرگە يۆرۈپ كەتتى. غەرىزى باشقىچىدەك قىلىدۇ. ئەلۋەتتە ئېھتىيات قىلغاي- لار ۋە خەۋەردار بولغايلار. ۋەسسالام»، دەپ بىرنەچچە پىتنە-پاسات گەپلەرنى يېزىپ مەخپىي ھالدا چوڭ بەگكە (بېكقۇلىبەگ) خەت ماڭدۇرغانىدى. چوڭ بەگ خەتنى كۆرۈپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن: «ھەققۇلىبەگنى ئۇچرىغان يەردە ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋېتىپ نەرسە-كېرەكلىرىنى ئەكىلىڭلار»، دەپ پەرمان بېرىپ مۇھەممەد زىيا پانساتنى باش قىلىپ بىر- نەچچە مەھرەم، يىگىت-سەرۋازلارنى ھەققۇلىبەگنىڭ ئالدىغا چىقارغانىدى. بۇلار لونكۇ دېگەن يەردە ئۇچراشتى. ئاتتىن چۈشۈپ بىر پىيالە چاي ئىچىشكەندىن كېيىن ئاتلىرىغا مىنىپ يولغا چۈشتى. ھەققۇلىبەگ بولغان ۋەقەلەرنى بىر-بىر بايان قىلىپ سۆزلەپ بېرىپ، بۇلارنىڭ يامان غەرەزلىرىدىن خەۋەرسىز، خالىس، توغرا نىيەت بىلەن كېتىپ بارغان چاغدا، قەمبەر مەھرەم دېگەن ھەققۇلىبەگكە قارىتىپ ئوق چىقىرىدۇ. ئوق بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەققۇلىبەگ «بۇ نېمە پوق يېگىنىڭ»، دەپ قىلىچلىرىنى تارتىپ چىقىرىپ چاپماقچى بولغاندا يەنە بىر يىگىت ئوق چىقىرىدۇ. ھەققۇلىبەگ ئاتتىن

يىقىلىپ جان بېرىدۇ. ئۇنى شۇ جايدىكى بىر جىلغىغا دەپنە قىلىدۇ. ئۇ جاي «ھەققۇلبەگ جىلغىسى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى.

تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1294 - يىلى① جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ 2 - كۈنى ھېكىمخان تۆرەم ئاقسۇغا كېلىپ خانلىق تەختىگە چىقىپ ئولتۇردى. ھەممە يىگىت - سەرۋاز، قىرغىز - قىپچاقلار ئاتلىق غازىنىڭ ئاقسۇدىكى خەزىنە - دەپىنىلىرىنى تالان - تاراج قىلىپ بۇلاپ كەتتى. بۇنداق بۇلاڭ - تالاڭ «خان تالىڭى» دېيىلىدىكەن. مۇشۇنداق پاراكەندە كۈنلەردە نىياز ھېكىمبەگ بىرنەچچە مۇلازىملىرىنى ئېلىپ خوتەنگە قاراپ قېچىپ كەتتى.

ھېكىمخان تۆرەم ئالاھىدە يارلىق - پەرمان بىلەن ئابدۇراخمان دادخاھنى ئاقسۇغا ھاكىم قىلدى. ئامىلخان تۆرەمنى كۇچانىڭ ھاكىملىقىدىن ئېلىۋېتىپ، كۇچانى مۇھەممەد رېھىمخان تۆرەمگە سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. ئۇچتۇر پانىنى ھېكىم پانساتقا، باي ۋە سايرامنى مۇسامىس بېگكە تاپشۇردى. مۇھەممەد مۇسا تۇقسابە، ئاتاباي پانساتلارنى ھۇدەيچى② قىلىپ يارلىق چۈشۈردى. بەچچە باتۇر پانساتنى ھەممە لەشكەر ئۈستىدە ئەمىر لەشكەر قىلدى. كېرىم قۇل دادخاھ، موللا ئالىم قۇلىنىڭ ئوغلى شىر مۇھەممەد مىرزىنى ئەمىرلەشكەر قىلدى. كېپەك لاۋۇر ۋە مۇھەممەد ئەپەندىنى 2000 سەرۋازغا ئەمىرلەشكەر قىلدى.

دېمەك، سەككىز ئەمىرلەشكەرگە يارلىق ۋە نىشان بېرىپ، تۇغ - بايراق، داپ - دۇمباق، قورال - ياراق، ئات - توپچاقلارنى

---

① ھىجرىيىنىڭ 1294 - يىلى مىلادىنىڭ 1877 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

② ھۇدەيچى — جارچى، پادىشاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئېلان قىلغۇچى، جاكار قىلغۇچى ئەمەلدار.

بېرىپ، پادىشاھلارچە مەرھەمەت، سېخىيلارچە ئىلتىپات كۆر-
سەتتى. شۇ پەيتتە قەشقەردىن «بېكقۇلىبەگ، جامەدار دادخاھ
ئۆمەرقۇل ئەمىرلەشكەر ۋە ئالاش دادخاھلار باشچىلىقىدا تۇر-
غۇن قوشۇن بىلەن ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى»، دېگەن يامان
خەۋەر يېتىپ كەلدى. ھېكىمخان تۆرەم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ
بەچچە باتۇر ئەمىرلەشكەر باشلىق ھەممە لەشكەر بېشى، پاد-
سات، يىگىت-سەرۋاز بولۇپ جەمئىي 25 مىڭ قوشۇن بىلەن
ئاتلىنىپ، مەنزىلمۇ مەنزىل يول يۈرۈپ ئاقسۇدىن تۆت مەنزىل
يىراقلىقتىكى يايدى دېگەن جايغا يېتىپ كېلىپ چۈشۈپ
ئورۇنلاشتى.

بېكقۇلىبەگ قوشۇنىنىڭ چىغاۋۇلى ئالاش دادخاھ چۆل-
قۇدۇق دېگەن يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى. ھېكىمخان تۆرەم
مۇھەممەد سىيىت پانسات، ھاپىز پانساتلارنى پەرمان بىلەن
چىغاۋۇل قىلىپ ماڭدۇرغانىدى. ئىككى چىغاۋۇل ئۇچرىشىپ
ئالاش دادخاھ ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرىنى ئارقىغا ياندۇرۇپ ۋە بىر-
نەچچە ئادەملىرىنى تۇتۇپ باغلاپ ئەكەتتى. قەشقەرلىك ئاخۇن
پانسات ھېكىمخان تۆرەم تەرىپىگە قېچىپ ئۆتتى. ھېكىمخان
تۆرەمنىڭ لەشكەرلىرى ئاخۇن پانساتنى مۇبارەكلىدى. بۇنىڭ
بىلەن زور خۇشاللىق يۈز كەلتۈردى. ئۇلار شۇ كۈنى ئارام
ئالدى. سىرتتا قاراۋۇل ۋە پايلاقچىلارنى قويدى. ئەتىسى بۇ
ئىككى خۇنخور چوڭ قوشۇن يۈزمۇيۈز بولۇپ سەپلىرىنى راسلاپ
جەڭگە كىرىشتى. ھەر ئىككى تەرەپتىن ئەسكەرلەر ئۆلۈشكە باش-
لىدى. ئەجەلنىڭ بازىرى جۇش ئۇرۇپ راسا قىزىدى. ھېكىم-
خان تۆرەمنىڭ باتۇرلىرى بېكقۇلىبەگنىڭ يىگىتلىرىنى ئارقىغا
چېكىندۈرۈپ مەغلۇپ قىلىۋاتقان چاغدا، ئاتاباي پانسات ھۇدەيچى
ھېكىمخان تۆرەمدىن يۈز ئۆرۈپ يىگىتلىرىنى ئېلىپ بېكقۇلىبەگ
تەرەپكە قېچىپ ئۆتۈپ توپنى بۇزۇپ كىرىپ كەتتى. بۇنىڭ

بىلەن بېكقۇلىبەگ تەرەپكە كۆچ قوشۇلۇپ، ھېكىمخان تۆرەم ئاجىزلاشتى. مۇشۇ ئەھۋالدا ھۇسەيىن مەھرەمنىڭ بېشىغا ئوق تەگدى. ھېكىمخان تۆرەم ئارقىغا چېكىندى. كېرىم قول ئەمىر لەشكەر، كېرىم باي مىرزا ۋە ئېلىبەگ پانساتلارمۇ ئارقىسىغا ياندى. مۇھەممەد مۇسا توقسابە، كېپەك لاۋۇر، مۇھەممەد رېھىم پالۋانلار كەلپىن قاشقال، قارابۇلاق بىلەن ئۆتۈپ ئەنجانغا قاراپ راۋان بولدى. بۇلارغا يىگىت - سەرۋازلار قوشۇلۇپ 1500 گە يېقىن ئادەم بولۇپ بىللە كەتتى. ئىككى قوشۇن ئالتە سائەت ئۇرۇشتى. 1500 چە لەشكەر چىقىم بولدى.

ئاتاباي پانسات بېكقۇلىبەگنىڭ ئالدىغا بېرىپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن «يايدىدا نۇرغۇن خەزىنە بار ئىدى. زايە بولۇپ كېتەرمىكىن»، دەپ مەلۇم قىلدى. بېكقۇلىبەگ ئاتاباي پانساتقا تون - سەرۇپاي مەرھەمەت قىلىپ، «سىز ئىلگىرىلەپ بېرىپ خەزىنىنى مۇھاپىزەت قىلىڭ!»، دەپ پەرمان قىلدى. ئاتاباي پانسات تېز بېرىپ خەزىنىنى ئۆز تەرىپىگە تارتىۋاتقاندا، ھېكىمخان تۆرەم يېتىپ كەلدى. ئاتاباي پانسات قاچتى. ھېكىمخان تۆرەم تۇتتۇرۇپ كېلىپ «مەندىن نېمە يامانلىق كۆردۈڭ؟ سېنى ھۆدەيچى قىلسام سەن ماڭا تۇزكورلۇق قىلدىڭ. ئاتا - بوۋا ئەجدادىمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆردۈڭمۇ؟ سېنى ماڭا تۇتۇپ بەردى. ئۆزۈڭنىڭ تارتىشقا تېگىشلىك جازاسى»، دەپ يالىڭاچلاپ، شاش، توسۇن ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ قويۇپ بەردى. ئۇ ئاتنىڭ كەينىدە دەشت - باياۋانلاردا سۆرۈلۈپ پارچە - پارچە بولۇپ يوقالدى. ھېكىمخان تۆرەم خەزىنىلەرنى تالان - تاراج قىلىشقا ھۆكۈم قىلدى. ئاخىر باشقىلار بۇلاپ تۈگەتتى.

نەزم

نالە قىلما غەيرىدىن ئۆزۈڭ ئىشىدىن بول مولۇل،
كىم زەرەرنى تېرىپ ئەردىڭ ھەم زەرەر تاپتىڭ ھوسۇل①.

شەمئى پەرۋانەنى كۆيدۈردى،
كۆيگۈسى داغى ئۆز ئاياغى بىلە.②

ھېكىمخان تۆرەم ئايكۆلگە كەلدى. ئايكۆلدىن ئارالنى ئارىلاپ ئۆتۈپ ئۇچتۇرپانغا باردى. ئۇ يەردىمۇ تۇرماي بەدەل داۋىنىدىن ئېشىپ ئىسسىق كۆلگە بېرىپ، ئۇ يەردىمۇ توختى- ماي پەرغانە ۋىلايىتى، مەرغىلان شەھىرىگە تەۋە ئابا ۋە ئەج- دادلىرىنىڭ قەدىمكى مەھەللىسى «ئەسكە» دېگەن جايغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. ھېكىمخان تۆرەم بىلەن مۇھەممەد توقسابا باشلىق 5000 دىن ئارتۇق ئاتارمەن-چاپارمەن يىگىتلەرمۇ بىللە چىقىپ كەتتى. بەچە باتۇر باشلىق بىرنەچچە پانسات ۋە 10 مىڭدىن ئوشۇقراق يىگىتلەر ھېچ تەرەپكە يۆتكەلمەي تۇرۇپ بېكقۇلى- بەگكە ئىتائەت قىلدى. بېكقولىبەگمۇ بۇلارغا ئىلتىپاتلار كۆر- سەتتى. بېكقۇلىبەگكە ئىشەنچ ۋە ئىخلاسى يوق يىگىتلەر ھەر تەرەپكە قېچىپ، سەرگەردان بولۇپ تاراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلامدىن روناق كەتتى.

جانابىي ياقۇپبەگ ئاتىلىق غازىنىڭ لەقىمى «بەدۆلەت» ئىدى. بۇ لەقەم ئاسماندىن چۈشكەن، تەڭرى ئاتا قىلغان لەقەم

---

① باشقىلاردىن ئاغرىنما، ئۆزۈڭ قىلغان ئىشتىن خاپا بول، چۈن- كى زەرەرنى تېرىغانىدىڭ، ئۇنىڭدىن ئالغان ھوسۇلۇڭمۇ زەرەر بولدى.

② شام پەرۋانىنى كۆيدۈرىدۇ، ئاقىۋەت ئۆزىمۇ كۆيۈپ تۈگەيدۇ.

ئىدى. بەدۆلەت كەتتى، ئىسلامنىڭمۇ دۆلىتى كەتتى. ئۇلۇغ تەڭرىم، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىدىن ئىسلامنىڭ مۇھەببىتىنى يوق قىلمىغايسەن. قىيامەت كۈنى مۇسۇلمانلار قاتارىدا باش كۆتۈرگىلى نېسىپ قىلغايسەن، ئامىن! ئىككىلا ئالەمنىڭ پەيغەمبىرى — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققى-ھۆرمىتىدىن دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلغايسەن.

## 14

## جانابىي بېكقۇلىبەگ ئىبنى مۇھەممەد ياقۇپبەگ ئاتىلىق غازىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى؛ ئاقسۇ بىلەن خوتەننى بېسىۋالغانلىقى ۋە دۆلىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى

ھەققۇلىبەگ ئاتىلىق غازىنىڭ جەسىتىنى كورلىدىن قەشقەرگە ئېلىپ ماڭغاندا، بېكقۇلىبەگ پىتنە-پاسات گەپلەر ۋە يالغان ھېيلە-مىكىرلەرگە ئىشىنىپ ئۆزىنىڭ بىر قورساق بىگۇناھ ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ قولىنى قانغا بوياپ، بۇ دۇنيا-ئاخىرەتتە مالامەت ۋەتاپا-تەنىگە قالدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ ئاقسۇغا بېرىپ ھېكىمخان تۆرەم بىلەن جەڭ قىلىش قارارىغا كەلدى ۋە ئەمىر لەشكەر ئۆمەرقۇل دادخاھ جامەدار دادخاھ ۋە ئالاش بى دادخاھلار باشلىق 15 مىڭدىن كۆپرەك لەشكەرنى ئېلىپ تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1294-يىلى* جامادىيەلئاخىرنىڭ 18-كۈنى سۆلەت ۋەھەشەمەت بىلەن ئاقسۇغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، چۆلقۇدۇق ۋە يايدى دېگەن جايلاردا ھېكىمخان تۆرەم بىلەن

---

* ھىجرىيىنىڭ 1294-يىلى مىلادىنىڭ 1877-يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇچراشتى. ئىككى ئارىدا ئۇرۇش - جەڭلەر بولدى. بېكقۇلىبەگ-
نىڭ ئادەملىرىدىن مۇھەممەد قابىل ياساۋۇل بېشى ۋە پوسەر
پانسات باشلىق مىڭغا يېقىن يىگىت ئابۇت بولدى. جامەدار
دادخاھنىڭ باشماللتاق قولىنى ئوق ئۈزۈۋېتىپ قولى كېرەكتىن
چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بېكقۇلىبەگكە مەغلۇبىيەت يۈز كەلتۈرۈ-
ۋاتقان چاغدا، ھېكىمخان تۆرەم باشلىق يىگىت - سەرۋازلار
ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ ئارقىسىغا چېكىندى. بېكقۇلىبەگ غەلد-
بە قىلىپ ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچتۇرپانلارنى قولغا كىرگۈزۈشكە مۇ-
يەسسەر بولدى ۋە ئەركانى دۆلەتلىرى بىلەن يايدىدىن چىقىپ
ئاقسۇغا يېتىپ بېرىپ ئاتا مىراسى تەخت بارگاھلىرىغا چىقىپ
ئولتۇردى. ئۇ ھېكىمخان تۆرەمگە تەۋە چوڭ - كىچىك يىگىت
سەرۋازلارغا كايىپ، ئەيىبلەپ بەزىلىرىنى نەزەبەند قىلدى. بەزد-
لىرىنى يەكەنگە ۋە قەشقەرگە ھەيدىۋەتتى. ئاقسۇنىڭ ئىشلىرد-
نى بىرتەرەپ قىلغاندىن كېيىن ئابدۇراخمان دادخاھنى ئاقسۇ-
غا ھاكىم قىلىپ يارلىق چۈشۈردى، مۇھەممەد رېھىمخان
تۆرەمنى كۇچانىڭ ھاكىملىقىدىن ئېلىۋېتىپ ئورنىغا قايتىدىن ئامىل-
خان تۆرەمنى بەلگىلىدى. ئۇچتۇرپاننى مۇھەممەد بابا توق-
سابەگكە، باي ۋە سايرامنى مۇسا مىس بېگىگە تاپشۇردى، شۇنىڭدىن
كېيىن ئاقسۇدا بىر ئايدەك تۇرۇپ پايتەختى قەشقەرگە قايتىپ كەلدى.
ئامىلخان تۆرەم كۇچاغا بېرىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن
كۇچالىق قادىر پانسات، شايارلىق مەئمۇر پانسات، ئالاش دادخاھ-
نىڭ ئىنىسى يولداشبەگ پانسات قاتارلىق بەش پانساتنى
بۈگۈرگە بېرىپ تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى، بۇلار بۈگۈر-
گە بېرىپ جاھاننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ھەم-
مىسى بىرلىشىپ مەسلىھەتلىشىپ مۇنداق قارارغا كېلىشتى:
«دەسلەپتە كۇچادىكى خىتايلارنى بىز ئۆلتۈرگەنىدۇق. ھازىر يەنە
خىتايلار تۇرپانغا يېتىپ كېلىشتى. بۈگۈن - ئەتە كۇچاغا يېتىپ

www.uyghurkitap.com

كېلىش ئېھتىمالى بار، تۇڭگان داخۇ، شاۋخۇلار خاقانى چىننىڭ چوڭ دۈشمىنى ئىكەن. كۇچانى ئەنجانلىقلاردىن ئاجرىتىۋېلىپ ئۆزىمىز سوراپ تۇرساق ۋە داخۇ، شاۋخۇلارنى قولىمىزغا كەلتۈرۈپ ئۇلارنى خىتاي مەنسەپدارلىرىغا سوۋغات قىلساق، مۇشۇ سەۋەب بىلەن ئىلگىرىكى گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىۋەتسە ئەجەب ئەمەس»، دېيىشىپ بىر كېچىدە بۇزۇلۇپ، كۇچاغا قاراپ يولغا چىقتى. كۇچاغا بىر مەنزىل يىراقلىقتىكى ياقاتوقاي دېگەن ئۆتەڭگە كېلىپ، تاغ ئېرىدىق يېزىسىدىن 2000 ئالامانى يىسخىپ تۆت تەرەپتىن قورشىۋالدى. بۇ ئەھۋالنى ئامىلخان تۆرەمگە خەۋەر قىلسا ئۇ: «قادىر پانساتنىڭ ھەددى ئەمەس، بىھۇدە، ئۇششۇق گەپنى قىلماڭلار»، دەپ بىپەرۋالىق قىلىپ ئۇيقۇغا كىرىشىپ كەتتى. شۇچاغدا كۇچادا توپ، زەمبىرەكلىرى بىلەن 1000 تۇڭگان سەرۋاز بار ئىدى. قادىر پانسات تۇڭگانلارغا مەخپىي كىشى كىرگۈزۈپ ئۇلارنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى. ئاڭغىچە تاڭ ئاتتى. ئامىلخان تۆرەم ئويغىنىپ، كۆزلىرىنى ئېچىپ قارىسا ئىش باشقىچە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇرۇشقا تەييارلاندى. ئىككى تەرەپ ئۇق چىقىرىشىپ جەڭ قىلىشتى. ئامىلخان تۆرەم تەرىپىدىن ئابدۇللابەگ باشلىق 180 كىشى ھالاك بولدى. ئاخىر تەڭ كېلەلمەي ئامىلخان تۆرەم ئاقسۇغا قاراپ قاچتى. كۇچانى قادىر پانسات ئۆزىگە قاراتتى. ئېيخى بىرئاي ئۆتمىگەندى، كورلىدىكى داخۇ، شاۋخۇلارنىڭ قوزغىلىپ كۇچاغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ خەۋىرى كەلدى. قادىر پانسات 5000 ئادەم راسلاپ قاراياغاچ دېگەن يەرگە ئالدىغا چىقىپ، توسۇپ جەڭ قىلدى. 300 ئادەم نابۇت بولدى. ئاخىر تۇڭگانلار غالىب كەلدى. قادىر پانسات باشلىق كۇچا لەشكەرلىرى ھەر تەرەپكە قاچتى.

ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ھېكمەت ۋە قۇدرىتىنى شۇنىڭدىن كۆ-

رۇڭلاركى، بىرئاي ئىچىدە كۇچانى ئامىلخان تۆرەمدىن قادىر پانسات ئالدى. قادىر پانساتتىن تۇڭگانلار ئالدى. تۇڭگان-لاردىن خىتايلار ئالدى.

نىياز ھېكىمبەگ ئاقسۇدىن قاچقان پېتى خوتەنگە بېرىپ دۈشمەنلىك ۋە خۇسۇمەتلىك دۇمبىقىنى چېلىپ باشقىچە يول تۇتتى. بۇ خەۋەرنى بېكقۇلىبەگ ئاڭلاپ قەشقەرنىڭ ئىشلىرىنى سەرەمجان قىلغاندىن كېيىن نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن خوتەنگە يۈرۈش قىلىشقا تەييارلاندى. ئۇ ئۆمەرقۇل دادخاھ ئەمىرلەشكەر، جامەدار دادخاھ، ئالىمباي پانسات، شىر-مۇھەممەت مىرزا پانسات، ئوبۇلقاسىم پانسات، مىرزا ئەھمەت قوشبېگى ئەمىرلەشكەر، ئۇنىڭدىن باشقا ما دالويە باشلىق 2000 تۇڭگان قوشۇلۇپ توپ-زەمبىرەك، دۇمباق-كانايلىرىنى ئېلىپ 25 مىڭ يىگىت بىلەن يولغا چىقتى. ئاتلىق غازىنىڭ قائىدە ئۇسلۇبلىرىنى جارى قىلىپ، مەنزىلمۇ مەنزىل يول يۈرۈپ يەكەنگە كېلىپ چۈشتى. بېكقۇلىبەگ شاغاۋۇل دادخاھنى يىگىت-لىرى بىلەن ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ يەكەندىن يۈرۈش قىلىپ خوتەن ۋىلايىتىگە تەۋە زاۋا دېگەن جايغا يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەرنى نىياز ھېكىمبەگ ئاڭلاپ ئىنىسى مۇھەممەد ئىمىن-بەگنى ئەمىرلەشكەر قىلىپ توپ-زەمبىرەكلىرى بىلەن 10 مىڭ لەشكەر، 30 مىڭ پاراكەندە-باشباشتاق چوماقچىلار-نى ئەۋەتكەنىدى. ئىككى تەرەپتىن سەپ تارتىپ ئۇرۇش باشلاندى. تولا ئادەملەر نابۇت بولدى. ئاخىر بېكقۇلىبەگ غالىب كەلدى. مۇھەممەد ئىمىنبەگ مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. نىياز ھېكىمبەگمۇ تەييارلا تۇرغانىكەن. مۇھەممەد ئىمىنبەگ-نىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ كېرىيە ۋە نىيە تەرىپىگە قاراپ قاچتى. ئۇردا ئىچى ۋە خەزىنىلىرىنى يىگىت-سەرۋاز، ئالامانلارغا بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا ئەمر قىلدى.

بېكقۇلبەگ چوڭ غەلىبە قازاندى. ئۇ نىياز ھېكىمبەگنىڭ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ ئوبۇلقاسىم پانسات، مىرزائېلى پانساتلارنى 880 يىگىت بىلەن نىياز ھېكىمبەگنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇق بېرىپ يولغا سالدى. زابا (زاۋا) دىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، بېكقۇلبەگ مۇھەممەد يۇنۇس شاغاۋۇل دادخاھ، ئۆمەرقۇل ئەمىرلەشكەر، جامەدار دادخاھلارنى چاقىرىپ «ھازىر خوتەننى ئالدۇق، ئەمدى خىتايلار بىلەن ئۇرۇشساق، خوتەندىن كېرىيە يولى بىلەن ئاقسۇغا چىقىپ بارىمىزمۇ ياكى يەكەندىن ئۆتۈپ قەشقەرگە بېرىپ ئاندىن بارىمىزمۇ؟ قانداق مەسلىھەت بېرىسىلەر؟» دېدى. ھەممىسى باشلىرىنى تۆۋەن سېلىۋالدى، ھېچقايسىسىدىن بىرەر ئېغىز سۆز چىقمىدى. ئاخىر مۇھەممەد يۇنۇس شاغاۋۇل دادخاھ: «خاقانى چىنىنىڭ ئىقلىمى① بولسا ھەممە ئىقلىملاردىن چوڭ، دادىلىرىمۇ بۇنى بىلىپ خىتايلار بىلەن ئۇرۇشمىغان. نۇرغۇن ياخشى يىگىتلەر يايدى جېڭىدىن كېيىنلا ئۆز يۇرتىغا كېتىپ قالدى. مەسلىھەتنىڭ ئوبدانراقى شۇكى، خاقانى چىن بىلەن ئۇرۇشمىز دېمەيلى، مۇسۇلمانلارنىڭ خۇنىغىمۇ زامىن بولمايلى، قەشقەردىن ئايىملارنى② ئەكەلدۈرسە، ياركەنت بىلەن ئۆتۈپ خەلىپەئى رۇمنىڭ③ خىزمىتىگە بارساق ياكى ئىككى ھەرەمنى④ زىيارەت قىلىپ كەلسەك» دېدى.

بېكقۇلبەگ باشقىلارغا قاراپ: «سىلەر نېمە دەيسىلەر؟»

---

① ئىقلىم — دۆلەت، مەملىكەت دېگەن مەنىدە.

② ئايىم — ئايال، ئايالى، خوتۇنى.

③ خەلىپەئى رۇم — شۇ زاماندىكى تۈركىيە سۇلتانى. «رۇم» ھازىرقى ئىستامبۇل شەھىرى.

④ ئىككى ھەرەم — مەككە بىلەن مەدىنە.



www.uyghurkitap.com

دەپ سورىدى. ئۇلار: «دادخاھ ئاكىمىزنىڭ مەسلىھەتى ناھايىتى
ياخشى مەسلىھەت بولدى. بىزلەرگىمۇ ماقۇل كېلىدۇ» دېدى.
بېكقۇلىبەگ، «ئۇنداق بولسا بىز خوتەندىن يانغۇچە ئايىما-
لارنى يەكەنگە ئەكەلسۇن» دەپ مۇھەممەد سەركارنى
قەشقەرگە ئەۋەتتى. ئۆزلىرى خوتەن شەھىرىگە كىرىپ ئورۇن-
لاشتى ۋە خوتەننىڭ ھاكىملىقىنى كۇچالىق سەئىد ھاكىم بەگ-
كە بەردى. خوتەننىڭ ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلغاندىن كېيىن
بارات ئېيىنىڭ 16 - كۈنى يەكەنگە كېلىپ چۈشتى. قەشقەر-
دىن ئايىملارنىمۇ ئەكەلدى.

قەشقەردىن بېكقۇلىبەگنىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئاچىقىپ
كەتكەندىن كېيىن، قەشقەردىكى يېڭى مۇسۇلمان بولغان خۇ دا-
لويە بېكقۇلىبەگكە ئىتائەت قىلىشتىن ياندى ۋە قاراۋۇللاردىكى يېڭى
مۇسۇلمانلارنى شەھەرگە ئەكىرىپ، خەزىنە - دەپنە، ياراق - ئەسلىھە،
ئايىم - ئاغىچىلارغا ئىگە بولۇپ، دۈشمەنلىشىشكە تەييار بولدى.

نىياز ھېكىمبەگنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن بېكقۇلىبەگ زابا-
دىن ئوبۇلقاسىم، مىرزا ئېلى قاتارلىق پانساتلارنى يىگىتلىرى
بىلەن ئەۋەتكەندى، بۇلار نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئارقىسىدىن
قوغلاپ تۆت كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە بېسىپ 16 كۈنلۈك
يىراقلىقتىكى نىيە دېگەن شەھەردە ئۇلارغا يېتىشتى. نىياز
ھېكىمبەگنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد ئىمىنبەگ لەشكەرلىرى
بىلەن توختاپ تۇرۇپ قوغلاپ كەلگەنلەر بىلەن جەڭ قىلدى.
ھەر ئىككى تەرەپتىن 200 دەك يىگىت چىقىم بولدى. مىرزا
ئېلى پانساتمۇ ئەجەل شەربىتىنى ئىچتى. شۇنىڭ بىلەن قوغلاپ
كەلگەنلەر كەينىگە يېنىپ كەتتى. نىياز ھېكىمبەگ خىتايلار
كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئوبۇلقاسىم پانسات
خوتەنگە يېنىپ كېلىپ سەئىد ھېكىمبەگنىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇل-
غانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيەردىمۇ تۇرماي يىگىتلە-

www.uyghurkitap.com

رىنى ئېلىپ يەكەنگە كېلىپ بېكقۇلىبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ دۇ-
ئا قىلدى ۋە سەئىد ھېكىمبەگنىڭ ئەھۋالاتىنى بىر-بىرلەپ
بايان قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ بېكقۇلىبەگ سەئىد ھېكىمبەگنى
خوتەندىن ئەكىلىپ نەزەربەند قىلدى. بايىنىڭ ئىلگىرىكى ھا-
كىمى مۇھەممەد ئىمىن توقسابەنى قارىقاشقا ھاكىم قىلغانىدى،
ئەمدى ئۇنى خوتەنگە ھاكىم قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن جانابىي بېكقۇلىبەگ ئاقسۇدىكى ھەممە
يىگىتلىرىگە بەچە باتۇر پانساتنى ئەمىرلەشكەر، پۈتۈن سەر-
ۋازلارغا ھاجى مىرزىنى ئەمىرلەشكەر قىلىپ توپ-زەمبىرەك-
لەر بىلەن جەمئىي 5000 لەشكەرنى بېرىپ، ئۆزى قەشقەرگە
قايتىپ كەلگەنىدى. كۇچادا قادىر پانسات يۈز ئۆرۈدى. كامىل-
خان تۆرەم ئاقسۇغا يېنىپ كەلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ
ئۇچتۇرپاندىكى مۇھەممەد توقسابەنى ئاقسۇغا چاقىرتىپ كېلىپ
«قادىر پانساتنى تۇتۇپ، كۇچانى بويسۇندۇرۇش» نىڭ مەسلى-
ھىتىنى قىلىشتى. ھېسامىددىن پانسات قاتارلىق تۆت پانساتنى
كىچىك يول بىلەن، يەنە تۆت پانساتنى چوڭ يول بىلەن كۇچاغا
يولغا سالدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت، ئىككى تەرەپلەپ كۇچاغا
بېسىپ كىرىپ، بويسۇندۇرغاندىن كېيىن قادىر پانساتنى تۇتۇپ
ئەدىبىنى بېرىش ئىدى. مۇشۇ مەسلىھەت ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان
چاغدا خىتايلار كېلىپ كۇچانى بېسىۋالدى. تۇڭگانلار سايرامغا
قېچىپ چىقتى. كۇچادىكى مۇساپىر پانساتلار تۇڭگانلارنىڭ
ئالدىدىراق قېچىپ چىقىپ ياقائېرىقتىكى پانساتلار بىلەن ئۇچ-
راشتى. ھەممىسى ئىتتىپاقلىشىپ خىتايلار بىلەن جەڭ قىلدى.
خىتايلار غالىب كېلىپ چوڭ يول بىلەن ئاقسۇغا راۋان
بولدى. پانساتلار قىزىلبۇلاق يولى بىلەن ئاقسۇغا بالدۇرراق
كېلىپ، مۇھەممەد بابا توقسابە، بەچە باتۇر ئەمىرلەشكەرلەرگە
خەۋەر يەتكۈزدى. مۇھەممەد بابا توقسابە ۋە بەچە باتۇر ئە-

مىرلەشكەرلەر ئابدۇراخمان دادخاھتىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئابدۇراخمان دادخاھنى ياساۋۇل بېشى بىلەن قوشۇپ تۇتۇپ، مەھكەم باغلاپ قەشقەرگە ئەۋەتتى. بۇچاغدا بۇلار ھەر-تۈرلۈك مەسلىھەتلەرنى قىلىشىپ باقتى، ئەمما ھېچ ئىشنىڭ باش - ئايىغىنى تاپالماي ھەيران قالدى.

بېكقۇلىبەگ ئاقسۇغا ناماز خۇپتەن بىلەن مۇقىمجان ئىشى بېشىنى ھاكىم قىلدى. كېچىسى خەزىنىلەرنى خەتلەپ رويخەتكە ئالدى. تاڭ ئېتىشى بىلەنلا يىگىتلەر پاراكەندە بولغىلى تۇردى. ئەمىرلەشكەر ۋە پانساتلار تۇڭگان ۋە خىتاي-لار بىلەن ئۇرۇشىمىز دەپ يولغا چىقتى. «تۇڭگانلار خىتاي-لاردىن قېچىپ كېلىۋاتىدۇ. خىتايلار تۇڭگانلارنىڭ ئارقىسىدىن قەدەممۇ قەدەم ئىز بېسىپ قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ»، دېگەندەك خەۋەرلەر ئۈزلۈكسىز كەلگىلى تۇردى. ئەمىرلەشكەر ۋە پانساتـ-لار يولغا چىققان بولسىمۇ، يۇقىرىقىدەك خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ پەيتىنى تاپالماي، نائىلاج قەشقەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. چۈشكە يېقىن بولغاندا، تۇڭگانلار ئاقسۇغا گويا چۈمۈلىدەك بېسىپ كەلدى. بېكقۇلىبەگنىڭ ئادەملىرى شەھەردە تۇرالماي ئۈچتۇرپان تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئاقسۇ شەھىرى-دىن ئوتتۇز يول يىراقلىقتىكى بىر مەنزىلگە كېلىپ چۈشتى. شۇكۈنى كېچىسى ئاقسۇنى تۇڭگانلار ئالدى. سۈبھى يورۇپ تاڭ ئاتقانىدى. شەرق تەرەپتىن خىتاي چېرىكلىرى كۆرۈندى. تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1294 - يىلى* شەۋۋال ئېيىنىڭ 17 - كۈنى (چارشەنبە) خىتاي قارا چېرىكلىرىنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇ-ۋىقى ئاقسۇ شەھىرىگە دەسسىدى.

---

* ھىجرىيىنىڭ 1294 - يىلى مىلادىنىڭ 1877 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

ئەمىرلەشكەر ۋە يىگىتلەر ئاقسۇدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، تەڭرىنىڭ پەرمانىغا بويسۇنۇپ، بەزىلىرى ئۇچتۇرپان بىلەن ئىسسىق كۆل تەرىپىگە ئۆتۈپ جېنىنى قۇتۇلدۇردى، بەزىلىرى قەشقەرگە ۋە بەزىلىرى يەكەن تەرەپكە كەتتى.

جانابىي بېكقۇلىبەگ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ تۇرغان چاغلىرىدا يەكەندىكى يىگىتلەر ئارىسىدا باشباشتاقلىق، پارچىلىنىش پەيدا بولۇپ، بەزىلىرى پېچىسارغا، بەزىلىرى قەشقەرگە قېچىپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ بېكقۇلىبەگنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ ئۆزى ئاتلىنىپ پېچىسارغا كەلدى. قاچقانلاردىن ئاخۇن پانساتنى ئۆلتۈردى. ئىككى مەھرەمنى دارغا ئاستى ۋە بىرنەچچە يىگىتلەرنى يوقاتتى. مۇشۇنداق قاتتىق تۇتقانلىقتىن يىگىتلەر ئىككىنچى قېتىم يىغىلىپ جەم بولدى. بېكقۇلىبەگنىڭ مەسلىھەتى، «ئالدى بىلەن قەشقەردىكى يېڭى مۇسۇلمان خۇ دالويە تۈزكورلۇق قىلغانلىقتىن شۇنى بىرتەرەپ قىلىپ، ئاندىن خىتايلار بىلەن جەڭ قىلىش» قا قارار تاپتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قەشقەرگە ئاتلاندى. قەشقەردە ئالاش دادخاھ خۇ دالويەنى مۇھاسىرە قىلىپ ئۇرۇشۇپ تۇرغاندى. بېكقۇلىبەگ باشلىق ھەممەيلەن ئەمىرلەشكەر، يىگىت ۋە سەرۋازلار قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ بىجانىدىل جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. چۈنكى خەزىنە، توپخانا، لوندوندىن ئەكەلگەن نەچچە مىڭ قوش ئاتار، يەككە ئاتار مىلتىق، چوڭ-كىچىك ئەمىر ۋە يىگىتلەرنىڭ خوتۇن-بالا-چاقىلىرى، ئۆي تەئەللۇقاتلىرى ھەممىسى يېڭىشەھەردە ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە خۇ دالويە ئىگە بولۇۋالغانىدى. شەھەرنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەممەيلەن بارلىق چارىلەرنى قىلدى. شۇ تەرىقىدە 28 كۈن ئۆتتى. زۇلھەججە ئېيىنىڭ توققۇزى هارپا كۈنى ئىدى. «سېپىلنىڭ ئاستىغا دورا كۆمۈپ تەييار قىلىپ ئەتىسى دورىغا ئوت يېقىپ سېپىلنى



www.uyghurkitap.com

بۇزۇپ شەھەرنى ئالىمىز» دەپ مەسلىھەتلىشىپ تۇرغاندا، ئەتە-
سى خىتاي چېرىكلىرى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. سېيىتل
ياكى شەھەرگە قارشىلى پۇرسەت بولمىدى. بېكقۇلىبەگ
باشلىق ئەمىر، يىگىت، سەرۋازلار ھېچنېمىگە قارىماي ئەنجان
يولىغا قاراپ راۋان بولدى.

مىرزا ئەھمەد قۇشبېگى مىڭدىن ئارتۇق يىگىت بىلەن
كوناشەھەرنىڭ قوم دەرۋازىسىدا تۇرۇپ، يىگىت، سەرۋازلارنىڭ
چېكىنىشىنى، بايلار ۋە مۇساپىر سودىگەرلەرنىڭ ئالامانلارنىڭ
زىيان - زەخمەتلىرىگە يولۇقماي تىنچ - ئامان شەھەردىن چىقىۋې-
لىشىنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇردى. خىتاي چېرىكلىرى شەھەرگە
كىرىشى بىلەن تەڭ مىرزا ئەھمەد قۇشبېگى يىگىتلىرى بىلەن
قوشۇلۇپ شەھەردىن ئايرىلىپ پەرغانە تەرىپىگە راۋان بولدى.
خىتايلار ئاتا ۋە ئەجدادلىرىنىڭ مۈلكى - مىراسلىرىغا ئىككىنچى
قېتىم ئىگە بولدى. شۇنداق سەلتەنەت ۋە شەۋكەتلىك پادى-
شاھتىن ئېغىزدىكى ھېكايەتتىن باشقا بىرەر نەمۇنە - نىشان
يادىكار قالمىدى. «ئەقىل - ئىدراكىنىڭ ئىگىسى بولغۇچىلار ئىب-
رەت كۆزى بىلەن چوڭقۇر قاراڭلار»، دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى
بويىچە ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالماقلىق لازىمدۇر.

بۇ تارىخنى ھىجرىيىنىڭ 1294 - يىلى زۇلھەججە (قۇربان
ھېيت) ئېيىنىڭ 10 - كۈنى قىش پەسلىنىڭ دەسلەپكە مەزگىلى
ئىدى.

### پارچە

خۇدايىم ئىرۇرلەر مالىكۇلمۇلك،
كى ھەركىمگە بەرسە تۇتىيەلمۇلك.
نە ھەد بولغاي كىشىگە مۈلك ئالماق،
شەھەنشاھلىق ئۇلدۇر تەنزىئۇلمۇلك.

## مەسنەۋى

گادايىنى شاھ ئېتەردىن يوق ھەر ئاسان،
ئاڭا شاھنى گادايي قىلماق ھەم ئاسان.

## نەزم

ھەرچە خالىق خالىغانى ئول بولۇر،
ئانچە مەخلۇق خالىغان قايدا بولۇر.

دېمەك، ئىككىلا ئالەمنىڭ پادىشاھى بولغان ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ غەزىپى قوزغالدى. بۇ يەتتە شەھەر ئاھالىسىنىڭ باشلىرىدىن ئىسلام چىرىغىنىڭ نۇرىنى ئۆچۈردى. مەشرىق تەرىپىدىن قارا چېرىكلەرنىڭ كۇپۇر - زۇلمىتىنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ئۆرلەپ، گويا قارا پالاستەك يەتتە شەھەرئەھلىنىڭ باشلىرىغا يېپىلدى. ھەقىقىي مۇسۇلمان - دىيانەتكارلارغا بىر مۇسىبەت، ئەلەم، غەم ۋە كۆڭۈلسىزلىك يۈز كەلتۈردى. لېكىن مۇسۇلمان سۈرەتلىك مۇناپىقلارغا خۇددى بىر توي - مەرىكە، شاد - خۇراملىق ھاسىل بولدى. ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ تەڭرىم تەقدىرىنىڭ ئەمر - پەرمانى شۇ تەرىقىدە جارى بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بويسۇنماي ئىلاجىنىڭ يوقلۇقى ھەممە ئىنسانلارغا قۇياشنىڭ نۇرىدەك روشەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇلۇغ ئۆلىمالار، دىيانەتلىك مۆتىۋەرلەر بېلىنى مەھكەم باغلاپ ئۆز خىزمەتلىرىگە مۇستەھكەم بولدى.

مەسنەۋى

خۇدا بەرگەنگە سەن ھەرگىز ئۆچەشمە،
ئاتا ئەيلەپ ئۆزى بەردى خۇداۋەند.

## 15

## قارايۈز نىياز ھېكىمبەگنىڭ ۋەقەلىرى، قىلمىش - ئەتمىشلىرى ۋە ئاقىۋەت پۈتۈنلەي تۈگەشكەنلىكى

نىياز ھېكىمبەگ ئەسلىدە يەكەنلىك ئاددىي بىر دېھقاننىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. كىچىكىدىن تارتىپ خىتاي مەنسەپدارلىرىغا خىزمەت قىلىپ كەلگەنلىكتىن، ئاتىلارنىڭ «دوستۇڭ قارىغۇ بولسا بىر كۆزۈڭنى قىس» دېگەن سۆزىنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق، خىتايلارنىڭ خۇي - پەيلىنى ئادەت قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئېلىپ، مەنسەپ ۋە مەرتىۋىسى دەرىجىمۇ دەرىجە ئۆسۈپ يەكەنگە ئىشىكئاغا بولغان. بۇ چاغدا يەتتە شەھەردە پاراكەندىچىلىك يۈز بەرگەنىدى. بۇ ۋاقىتلاردا نىياز ھېكىمبەگ يەكەندە ئابدۇراخمان ھەزرىتىمنىڭ خىزمىتىنى قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇڭگانلارنىڭ خىزمىتىدە بولدى. كۇچالىق خوجىلار يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارغا خىزمەت قىلدى. قەشقەردە ياقۇپبەگ ئاتلىق غازى باش كۆتۈرگەندە، ئاتلىق غازىغا خىزمەت قىلدى. ھەممىسىگە ئوخشاش مادارا قىلىپ ئاشكارا ۋە مەخپىي خىزمەت ۋە خۇشامەت قىلىپ كەلگەنىدى. كۇچالىق ياقۇپ دىۋانبېگى نىياز ھېكىمبەگنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلگەندىن كېيىن، «سىلى ھەممە دەۋردىكى ئۇلۇغلار بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرىدىكەنلا، بىرەر

ئۇلۇغنىڭ خىزمىتىدە مۇقىم بولالمايدىغانلىقى بۇ ئىشلىرى ئوبدان بولماپتۇ»، دەپ نارازىلىق بىلدۈرگەندە، نىياز ھېكىمبەگ «بۇ يۇرت كىمنىڭ قولىدا تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. شۇ سەۋەبتىن ھەممىسىگە خىزمەت قىلىمەن. ئەگەر سىلى بىلمەن دېسىلە، جەزم قىلىپ ئېيتىپ بەرسىلە، مەن شۇ كىشىنىڭ ئىشىكىدىن بۆلەك ئىشىككە بارمايمەن» دەپ تىلىنى چايناپ زەيپانە جاۋاب بەردى. يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بولىدىكى، نىياز ھېكىمبەگنى پۈتۈن ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى ئۇلۇغ تەڭرىم ياراتقان چاغدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تۈزكورلۇقنى قوشۇپ ياراتقانىكەن. تۈزكورلۇقنىڭ مۇكاپاتىنى بۇ دۇنيادا كۆردى. تەپسىلىي ئەھۋالى تۆۋەندە سۆزلىنىدۇ.

ئاتىلىق غازى يەكەننى قولغا ئالغاندىن كېيىن، يەكەننىڭ ھاكىملىقىنى يۇنۇسجان شاغاۋۇلغا تۇتقۇزۇپ نىياز ھېكىمبەگنى يۇنۇسجان شاغاۋۇلغا شاغاۋۇل قىلىپ بەردى. بۇنداق قىلىشتىن مەقسىتى ئىسلامنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىنىپ ئادەتلەنسۇن، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئاتىلىق غازى خوتەننى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، نىياز ھېكىمبەگنى خوتەنگە مۇستەقىل ھاكىم، ئىنىسى مۇھەممەد ئىمىنبەگنى ئەمىرلەشكەر قىلىپ، سەككىز پانساتنى قوشۇپ بەردى. نىياز ھېكىمبەگ 12 يىل خوتەنگە ھاكىم بولدى. ھاكىم بولغاندىن ئارتىپ 12 يىلغىچە ھەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىدىن كېيىن نىياز ھېكىمبەگنىڭ بىر دوكلاتچىسى سەككىز يامبۇلۇق ئالتۇن ئەكىلىپ ئاتىلىق غازىغا دۇئا قىلدۇراتتى. ھەر يىلدا ئىككى نۆۋەت چوڭ ئارتۇق قىلاتتى. قىلغان ئارتۇقلىرىنىڭ خىلى ۋە سانىنى يۇقىرىدا ئازراق بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە تەكرارلىمايمىز.

ئاتىلىق غازىنىڭ زامانىدا خوتەندە ئىشخانا قۇرۇشقا ئەمىر بولغانىدى. نىياز ھېكىمبەگ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ

ئەقىل - پاراسەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ تۇرغۇن ھۈنەر ۋە تەدبىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇردى. خۇسۇسەن گىلەمچى ئۇستىلارغا ھېچ زاماندا بولمىغان يېپەك گىلەملەرنى توقۇتتى. ئاتلىق غازىغا قىلىدىغان تارتۇق - پېشكەشلەردىن ئاشۇرۇپ، ھەربىرى توققۇز مېھراپلىقتىن تۆت پارچە يېپەك گىلەم جايناماز تەييارلاپ، ئۇلۇغ مەككە مۇكەررەمگە، ھەر بىرى توققۇز مېھراپلىقتىن تۆت پارچە يېپەك گىلەم جايناماز تەييارلاپ مەدىنە مۇنەۋۋەرگە ھەدىيە قىلدى. ھەر بىر پارچە گىلەمنىڭ ئېغىرلىقى يۈز جىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى. ۋە يەنە بىر پارچە توققۇز مېھراپلىق يېپەك گىلەم، بىر پارچە توققۇز مېھراپلىق يۈك جايناماز گىلەم تەييار قىلىپ ئەسھابۇلكەبكە ھەدىيە قىلدى. خوتەندىكى پۈتۈن ئۇلۇغ مازار، مەسچىت، خانىقالارنىڭ پەشتاقلىرىنى بۇزۇپ قايتىدىن ياساتتى. شەھەر ئىچىدىكى جامە، ھېيتگاھ، مەھەللە مەسچىتلىرىنى پۈختا خىش ۋە گەچ بىلەن زىننەتلەپ ياسىتىپ چىقتى. خوتەنگە تەۋە ئۆتەڭ، مەنزىللەرگە كۆل كولاپ، قۇدۇق قېزىپ، توققۇز گۈمبەزلىك مەسچىت، مېھمانخانا، ئاشخانا ۋە ئاتخانىلارنى بىنا قىلىپ، ئادەملەرنى ئولتۇرغۇزۇپ ئاۋات قىلدى. ئاتلىق غازىمۇ نىياز ھېكىمبەگنى ئۆزىگە قاراشلىق ھەممە مەنسەپدار ۋە سەركارلاردىن ئارتۇق كۆرۈپ، ناھايىتى كۆپ ئىززەت - ئىكرامىنى قىلاتتى. گويا پەرغانە ۋىلايىتىدە ياقۇپبەگ ئاتلىق غازى، موغۇلىستان زېمىنىدا نىياز ھېكىم ئىشىكئاغابەگ تۇغۇلغاندەك، چارە - تەدبىردە، مەسلىھەت ۋە پاراسەتتە بىر - بىرىدىن كەم ياكى زىيادە ئەمەس ئىدى. «ئادەم خىلى بىلەن، ھايۋان تۈرى بىلەن»، دېگەن كونىلارنىڭ سۆزى بۇلارنىڭ شەنىگە تەتبىق قىلىنسا بەل مۇۋاپىق ئىدى.

ئاتلىق غازى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ بىر - بىرلىرىنى كۆرگەندە ھەسەل بىلەن سېرىق ياغدەك كەمتەر ۋە مۇلايىم

www.uyghurkitap.com

بولۇشۇپ كېتەتتى. ئەمما ھەممىشە بىر-بىرىنىڭ قەستىدە يۈرەتتى.

ئاتىلىق غازى بۇ يەتتە شەھەرنى قولغا كىرگۈزۈش، ئىدارە قىلىش ۋە قوغداشقا ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، مېھنەت-مۇشەققەتلەرنى تارتتى. بۇ ئەھۋاللارنى تەپسىلىي بايان قىلىشقا بۇ ئىككى تىللىق قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئەمما ھەممە دۆلەت ۋە راھەتنى، ئەيش-ئىشرەت ۋە پاراغەتنى نىياز ھېكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ بالا-چاقىلىرى كۆردى. گويا پەرغانە ۋىلايىتىدىن ئاتىلىق غازى نىياز ھېكىمبەگنىڭ ھالاۋىتى ئۈچۈنلا كەلگەندەك ئىدى.

نىياز ھېكىمبەگ پۇختا خىشلار بىلەن 12 يەردە ئوردا-ئىمارەت، كەڭرى باغ، كاتتا كۆل بىنا قىلدى. ھەر كۈنلۈكى بالا-چاقىلىرى ۋە خاس مۇلازىم خىزمەتچىلىرى بىلەن بىر باغقا چىقىپ سەيلە-تاماشا قىلىپ نەغمە-ناۋا بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ يېنىپ كېلەتتى. ئالاھىدە بىر باغ بىنا قىلدۇرۇپ ئۇنىڭغا «جىكەتلىك ئوردا» دەپ ئات قويدى. ئىككى ئاغار ئۇرۇق چاچقۇدەك يەرنى نەيزە بويى كولاپ توپىسىنى ئېلىپ تاشلاپ پەسلىتىپ، ئەتراپىغا ئېگىز قورۇ تام سالدۇردى. شۇ باغنىڭ چوڭلۇقىدا يىپەكتىن تور توقۇتتى. ئېگىز تۈۋرۈكلەرنى قاداپ ئۈستۈۋرۈكتىن بۇ تۈۋرۈككە يىپەك تاناپ-ئارغامچىلارنى تارتىپ ئۈستىنى يىپەك تور بىلەن ياپتۇردى. چەرەندە-پەرەندە، تۆت ئاياغ، ئۇچار قانات، ياۋايى ھايۋان، ئۆي ھايۋانلىرى دەپ ئايرىماي پۈتۈن جان-جانىۋارلاردىن بىر جۈپ ئېلىپ كېلىپ مەزكۇر باغنىڭ ئىچىگە سولىدى. مېۋىلىك، مېۋىسىز، باغدىكى، جاڭگالدىكى، چۆلدىكى يا يۇرتتىكى دەپ ئايرىماي، رەيھان، سېرىدىن، رەنا گۈلگىچە ھەتتا چىغ، تىكەن، يانتاقىچە پۈتۈن گىياھ-ئۆسۈملۈكلەرنى باغنىڭ ئىچىدىگە كۆچەت قىلىپ تىكتى. جاڭگال ۋە سەھرالاردا تېپىلمايدىغان دەرەخ ۋە گىياھلار بۇ

باغ ئىچىدىن تېپىلاتتى. ھەر كۆنلۈكى نەچچە تاغار ئاشلىقنى
پەرەندە ئۇچار قاناتلارنىڭ ئوزۇقى ئۈچۈن چېچىپ بېرەتتى. نەچچە
ئىت - ئېشەكلەرنى يولۋاس، بۆرە، توڭگۇز، تۈلكە قاپارلىق
چەرەندىلەرنىڭ يېمەكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ بېرەتتى.
قاچان كۆڭلى خالىسا شۇ چاغدا چىقىپ تاماشا قىلىپ قايتىپ
كېلەتتى. دېمەك، كۆڭلى خالىغاننى ئۆز مۇددىئا - مەقسەتلىرىد-
دىكىدەك قىلدى.

نىياز ھېكىمبەگ خوتەننى شۇنداق قاتتىق ئىدارە قىل-
دىكى، ھېچ كىشىنىڭ غىدىڭ - پىدىڭ قىلىشقا قۇدرىتى يوق
ئىدى. ئەمما شۇنداق تەرىپلەشكە بولاتتىكى، ئەقىل - پاراسەت-
لىرى دانا ئاقىللاردىن، پىكىر - تەپەككۇرلىرى ھۆكۈما - پەي-
لاسوپلاردىن ئۈستۈن ئىدى. ھەرقانچە تەدبىرلىك، ئىش بىلەر-
مەن، يىراقنى كۆرەر، تەجرىبىلىك كىشى تەپەككۇر بېشىنى
خىيال دەرياسىغا چۆمدۈرۈپ، جەۋلان قىلىپ ئۈزسىمۇ، ئۇنىڭ
مۇراد قىرغىقى ۋە مەقسەت كانارىسىنى كۆرەلمەيتتى. بۇ قەلەم
دۆۋەت دەرياسىغا چۆمگىنىچە بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرەلمەيتتى.
نىياز ھېكىمبەگنىڭ بېشىدا بار بولغان ئەقىل - پاراسەت، دۆلەت-
نىڭ ھەممىسى، ئاتىلىق غازىنىڭ دۆلەت ئاپتىپىنىڭ نۇرىدىن
ھاسىل بولغان بىر نىشانە ياكى بىر زەررە ئىدى. ئاتىلىق
غازىنىڭ نىياز ھېكىمبەگكە بولغان ئېتىقاد ۋە ئىلتىپاتلىرى
قانچە چوڭ بولسا، نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئاتىلىق غازىغا بولغان
خىيانەت ۋە يامان نىيەتلىرى ئۇنىڭدىن يۈز ھەسسە زىيادە
ئىدى. بۇنىڭ مىسالى شۇكى، نىياز ھېكىمبەگ بىر تاغىسىنى
لەنجۇ تەرەپكە خىتاي مەنسەپدارلىرىدىن ھال سوراپ ئۇلارنىڭ
ئەھۋال - ۋەزنىيەتلىرىنى بىلىپ كېلىشكە، توغرىراقى، تەكلىپ
قىلىپ ئەكىلىشكە ئەۋەتكەنىكەن. ئۇ ئادەم نەچچە ئاي يول
مېڭىپ خىتاي مەنسەپدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلاردىن خەت-

خەۋەر ئېلىپ يېتىپ كەلگەنىكەن. نىياز ھېكىمبەگ خەتنى كۆرۈپ ۋاقىپ بولۇپ ھەم تاغىسىنىڭ ئاغزىدىنمۇ ئاڭلاپ ئوبدان بىلىپ بولغاندىن كېيىن بىر ئۆيىنىڭ ئىچىدىگە قۇدۇق كولاپ، ئاغزىنى بىلىنمىگۈدەك قىلىپ يېپىپ، ئۈستىگە كىگىز سېلىپ قويغانىكەن. تاغىسىنى شۇ ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ قۇدۇق تەرەپكە باشلاپتۇ. تاغىسى قەدىمىنى قويغان ھامان قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپتۇ. دەرھال زەمبىلدە توپا - قۇم ئەكىلىپ قۇدۇقنى كۆمدۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى بىلىپ قالغان بىر مەھرەم ئاتىلىق غازىغا ئەرز بېرىپ ۋەقەنى مەلۇم قىپتۇ. ئاتىلىق غازى: «پالانى مەھرەم شىكايىتىڭىزنى قىلىپ ئەرز بەرگەنىكەن، مەن قۇلاق سالمىدىم. شۇ مەھرەمنىڭ جازاسىنى بەرگەيسىز»، دەپ نىياز ھېكىمبەگكە ئىنايەتنامە ئەۋەتىپتۇ. بۇ ئىنايەتنامىنى كۆرگەن ھامان مەزكۇر مەھرەمنى يوق قىپتۇ. يەنە بىرى، ئاتىلىق غازى باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغاندىن كېيىن نىياز ھېكىمبەگ خوتەنگە قايتىپ كېلىپلا ئەسلى ۋۇجۇدىدىكى ئىسيانكارلىق مىجەزى باش كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىك، ئاداۋەت دۇمبىقىنى چېلىپ بىراقلا يۈز ئۆرۈدى. بېكقۇلىبەگ خوتەنگە بارغاندا 30 مىڭ لەشكەر بىلەن ئىنىسى مۇھەممەد ئىمىنبەگ ۋە ئوغلىنى چىقىرىپ بېكقۇلىبەگ بىلەن جەڭ قىلدى. بۇ لەشكەرلەر بېكقۇلىبەگكە تەڭ كېلەلمەي قاچتى. نىياز ھېكىمبەگ قالغان لەشكەرلىرىنى توپلاپ، توپ - زەمبىرەكلىرىنى تەييارلاپ تۇرغان چاغدا، چىقارغان لەشكەرلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدى. توپ - زەمبىرەكلەرنىڭ پىلتىسىغا ئوت يېقىپ پۈتۈن خوتەن ئەھلىنى ۋە قېچىپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنى قەتلىئام قىلىشنى قەستلىدى. بۇ ئەھۋالدىن ئىشەنچلىك مۇلازىم ۋە ياخشى نىيەتلىك ئەمىرلەر خەۋەر تېپىپ قېلىپ، ھەممىسى يىغىلىشىپ بۇ يامان نىيەتتىن قايتىشنى ئىلتى-

ھاس قىلدى. نىياز ھېكىمبەگ بۇنداق نالايىق ھەرىكەتتىن قولىنى تارتىپ «مەيلى لەشكەر ياكى پۇقرا بولسۇن خەزىنىلەرنى بۇلىۋالسۇن»، دەپ ئەمىر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن خالايىق تالان - تاراجغا كىرىشىپ كەتتى.

مۇشۇ ئەھۋالدا نىياز ھېكىمبەگ مەخسۇس ساندۇق، تۇلۇم-لارغا قاچىلانغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئېلىپ ئىشەنچلىك مۇلازىم ۋە ياساۋۇللىرى بىلەن خىتايلاردىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلىپ كېرىيە يولى بىلەن كورلىغا قاراپ قاچتى. بۇ مەنزىل-لەردە بۇرۇنلا مەخسۇس ئاتلارنى قويۇپ بېقىپ تۇرغانلىقتىن، 16 كۈنلۈك يولنى تۆت كېچە - كۈندۈزدە بېسىپ يېتىپ باردى. مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن مىنىپ بارغان ئاتلىرىنىڭ پېيىنى كېسىۋەتتى. قېچىپ كېتىپ بارغان يولدا مەيلى يىگىت-سەرۋاز، مەيلى سودىگەر بولسۇن پەرغانە تەرىپىدىن كەلگەنلا كىشى بولسا ئۇچرىغان يېرىدە يوقاتتى. قاراۋۇلدا تۇرغان تاش بەچە باشلىق 30 دەك مۇساپىر يىگىت بار ئىدى. ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئوبۇلقاسىم پانسات ۋە مىرزا پانساتلار نۇرغۇن يىگىتلەر بىلەن كەينىدىن قوغلاپ بارغان بولسىمۇ، يول قۇم-لۇق بولغانلىقتىن ئاتلارنىڭ تولىسى ماگالماي توختاپ قالدى. 200 چە يىگىت نىيە دېگەن يەردە يېتىشىۋالدى. خوتەن بىلەن نىيەنىڭ ئارىلىقى قاتتىق 16 كۈنلۈك يول ئىكەن. ئىككى ئوتتۇرىدا جەڭ ۋە جېدەل بولدى. ئىككى تەرەپتىن 150 تەك ئادەم زايە بولدى. قوغلاپ بارغان يىگىتلەر ئاز بولغانلىقتىن نىياز ھېكىمبەگنى تۇتۇۋالالمىدى. نىياز ھېكىمبەگ قېچىپ كەتتى.

نىياز ھېكىمبەگ مۇشۇ تەرىقە بىلەن كورلىغا بېرىپ خىتاي مەنسەپدارلىرى بىلەن ئۇچراشتى. بۇ كۈنلەردە خىتاي مەنسەپ-

دارلىرىنىڭ چوڭى لوشەي دارىن بايدا، زۇڭدۇ دارىن* ئاقسۇدا ئىكەن. نىياز ھېكىمبەگ كورلىدىكى خىتاي ئەمەلدارلىرىغا ئاپارغان ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى بەردى. بۇلار لوشەي دارىن ۋە زۇڭدۇ دارىنلارغا خەۋەر يەتكۈزدى. ئۇلاردىن «كەلسۇن»، دېگەن پەرمان كەلدى. ئاڭغىچە زۇڭدۇ دارىن قەشقەرگە كەتكەنىدى. يەكەنگە دۇك دارىن كەلگەنىدى. نىياز ھېكىمبەگ قەشقەرگە بېرىپ زۇڭدۇغا «مەن خوتەنگە 12 يىل ھاكىم بولغانىدىم. خوتەن ئەھلىنىڭ ئۇلۇغ خان چېرىكىگە بېرىدىغان 12 يىللىق غەللە-پاراق مەھسۇلاتىنى يىغىۋېلىپ مەخپىي ساقلاپ قويغانىدىم. ئىلگىرىكى پادىشاھقا پۇقرالاردىن ئارتۇق ئالغان قىسمىنى بېرىپ ئالداپ كەلگەنىدىم. شۇ مەخپىي ساقلىغان خەزىنىلەرنى ئېچىپ ئۇلۇغ خان چېرىكلىرىگە تاپشۇرسام»، دەپ مەلۇم قىلدى. زۇڭدۇ دارىن نىياز ھېكىمبەگنى چاقىرتىپ كېلىپ: «سەن ھاكىم بولۇشتىن ئىلگىرى نېمە ئىش قىلغان؟» دەپ سورىدى. نىياز ھېكىمبەگ «مەن يەكەندە تۆتىنچى ئىشىكئاغا بولغانىدىم» دەپ جاۋاب بەردى. زۇڭدۇ دارىن: «سەن نىيىتى يامان ئادەم ئىكەنسەن. سېنى ئادەم قىلىپ بىر چوڭ شەھەرگە 12 يىل ھاكىم قىلغان، تۇز بەرگەن ئۇلۇغۇڭغا خىيانەت قىپسەن...» دەپ ئانچە ئېتىبار قىلمىدى. ئۇ ئاخىر خىتاي مەنسەپدارلىرىنى خوتەنگە باشلاپ ئاپىرىپ مەخپىي جايلاپ قويغان خەزىنىلىرىنى ئېچىپ بىر-بىرلەپ تاپشۇرۇپ بەردى.

نىياز ھېكىمبەگنىڭ شەھەردىكى ئوردا بېغىنىڭ بىر تەرىپىدە ئېگىز-پەس دۆڭلۈك زېمىن بار ئىدى. بۇ يەردە شېھىتلەرنىڭ مازىرى بار ئىكەن، دەپ ئەتراپىغا ئېگىز قورۇ تام سالدۇردى. تامنىڭ ئىچىگە مەسچىت، ھۇجرا، قارىيخانا، ئېتىكاپخانا،

* ليۇ جىنتاڭ، تۆۋەندە «زۇڭتۇڭ» دەپمۇ ئېلىنغان — مۇھەررىردىن.

ئاشخانا، ئاتخانا بىنا قىلدۇرۇپ يەنە ئىككى قەبرە بەرپا قىلدۇردى. ھەر بىر قەبرىنىڭ ئىچىگە 1500 دىن يامبۇ، بىرنەچچە چارەكتىن ئالتۇننى قاچىلاپ ئاغزىنى چاپلىدى. ئۈستىگە توغ-شەددە، ئەلەم-بايراقلارنى قاداپ كاتتا ئالىي مازار قىلدى. بىرمۇنچە يەر-زېمىن، دۇكانلارنى ۋەخپە قىلىپ ھوسۇلىنى قارىي ۋە ئېتىكاپ قىلىپ ياتقان كىشىلەرگە بېرىشنى تەيىن قىلدى. ھەر دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى قويلارنى سويۇپ كەگرى نەزىر-نۇزۇراتلار قىلىپ غېرىب-غۇرۋا، مىسكىنلەرگە بېرىپ تۇردى. مەيلى تۈركىستان ۋە ھىندىستان ياكى پەرغانە ۋىلايىتى ۋە بەدەخشان تەرىپىدىن كەلگەن ئەپەندى ھەزرەت، شەيخ ۋە ئىشانلارنى مەزكۇر مازاردا بىر ھەپتە، ئەقەللىي ئۈچ كۈن ئېتىكاپ قىلىپ دۇئا تەلەپ قىلىشقا قويىاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ «بۇ مازار شېرىپىنىڭ پەيزى-كارامىتى قانداقراق ئىكەن؟»، دەپ سورايتتى. بۇ دۇئاگۇي تەمەخورلار: «ناھايىتى ئۇلۇغ مازار ئىكەن. ھېچقانداق مازاردا بۇ مازاردىكىدەك پەيزى بولمىغانىدى. بۇ مازار مەخپىي بولۇپ كەلگەنىكەن. جانابىي ئالىيلىرىنىڭ دۆلەتلىرىنىڭ ئالىيلىقىدىن ئاشكارا بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھاجىتى راۋا بولۇپ مۇرادى ھاسىل بولدى»، دەپ جاۋاب بېرەتتى.

بۇ جايغا ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ، يەرنى كولاپ كۆمگەن ھاشارچى-مەدىكار، يىگىت-مەھرەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئالتۇن-كۈمۈشلەر بىلەن قوشۇپ كۆمۈپ يوق قىلدى، بەلكى بۇ سىردىن ئازراق خەۋىرى بولغانلارنىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ يوقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خەزىنىنىڭ ئىس-پۇرىقىنى ھېچكىم بىلەلمىگەنىدى. ئاقىۋەت نىياز ھېكىمبەگ خىتاي مەنسەپدارلىرىنى خوتەنگە ئۆزى باشلاپ بېرىپ، مازارنىڭ توغ-شەددە، ئەلەم-بايراقلىرىنى يۇلۇپ

تاشلاپ، ئالتۇن ـ كۆمۈشنى كۆمۈپ قويۇپ «ئۇلۇغ مازار» دەپ خالايىقنى ئالداپ يۈرگەن قەبرىنى ئېچىپ ئىچىدىن ئالتۇن ـ كۆمۈشلەرنى ئېلىپ «ئۇلۇغ خان چېرىكلىرىنىڭ ھەققى» دەپ تاپشۇرۇپ بەردى.

## نەزم

ئىنسان ئەگەر ئاچسىلەر تەلىپىسىغە ئېغىز،
بىچارە بولۇر ئىبلىس لەئىن بىتەمىز.

مانا بۇ شېئىر نىياز ھېكىمبەگنىڭ قىلمىشلىرىغا دەل مۇۋاپىق كېلىدۇ.

نىياز ھېكىمبەگ يەنە بىر بېغىغا مىڭ يامبۇنى كۆمۈپ ئۈستىگە ئانار، ئۈزۈم، شاپتۇل كۆچەتلىرىنى تىكىپ باغ قىلدۇرىۋەتكەنىدى. بۇ كۆچەتلەرنىمۇ قومۇرۇپ ئېچىپ يامبۇنى ئېلىپ خىتاي مەنسەپدارلىرىغا بەردى. باغدىكى كۆلنىڭ تېگىدىن بىرمۇنچە پاكىز، چىرايلىق قاش تېشىنى سۈزۈۋېلىپ مەنسەپدارلارنىڭ ئالدىدا قويدى. باغنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن 700 يامبۇنى كولاپ ئەكىلىپ «چېرىكلەرنىڭ ھەققى»، دەپ تاپشۇردى. مۇشۇ تەرىقىدە نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۆمۈش ۋە خىتايلار ياخشى كۆرىدىغان مەرغۇپ تاشلارنى يوشۇرۇپ قويغانىكەن. ھەممىنى تاپشۇردى. چوڭ ـ كىچىك خىتايلار بۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ ماختاپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىنلار ئوقۇدى.

نىياز ھېكىمبەگنىڭ بۇنداق ئەقىدە ـ ئىخلاسلىرى ۋە خىزمەتكارچىلىقى تۈپەيلىدىن خىتايلار ئۇنى يەكەنگە ھاكىم قىلدى. ئەمما نىياز ھېكىمبەگ خىتاي مەنسەپدارلىرىنىڭ ناھايىتى چوڭ مەنسەپ بېرىشىنى كۆزلىگەنىدى. يەكەننىڭ

ھاكىملىقىنى نەزەرگە ئىلمىدى. «مەن ئەقىدە ۋە ئارزۇ قىلغان خىتايلار بۇ ئەمەسكەن»، دەپ نىيىتىنى بۇزۇپ كونا ئادىتىنى تەكرارلىدى. يەكەندە مەخپىي ئىشخانا قۇرۇپ، يوشۇرۇن قورال-ياراق تەييارلىدى. شەھەر، سەھرالاردىن تونۇش-بىلىش-لىرىنى بىر-بىرلەپ قىچقىرىپ، مېھمان قىلىپ ۋەدە-قەسەملەر بىلەن خۇش قىلىپ ئۆزىگە تارتىپ ئۈمىدۋار قىلدى ۋە ۋاقىت-مۇددەتنى تەيىن قىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ئورنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشىدۇ» دېگەن ھەدىسلىرى ئىجرا بولدى. نىياز ھېكىمبەگدىن بىر قوندافچى ئۈستىنىڭ كۆڭلى ئاغرىغانىدى. ئۇ بېرىپ ۋەقەنى دۇڭ دارىنغا ئېيتىپ قويدى. دۇڭ دارىن كىشى ئەۋەتىپ مەخپىي تەكشۈردى. تەكشۈرگۈچى راستلىقىنى مەلۇم قىلدى. دۇڭ دارىن شۇ زامان بىر خان ئوقى بىلەن 20 چېرىكنى ئەۋەتتى. خان ئوقىنى نىياز ھېكىمبەگ ئولتۇرغان ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە قاداپ قويدى. ئۆز ئۆيى ئۆزىگە گويا بىر زىندانغا ئوخشاش تۈرمە بولدى.

يەكەننى كۈچالىق قادىر ئىشىكئاغا بەگكە تاپشۇردى. شۇ ئارىدا 23 كۈن ئۆتتى. قەشقەردىن بىر مەنسەپدار كېلىپ نىياز ھېكىمبەگنى قۇرۇق ھارۋىغا سېلىپ خار ۋە ئېتىبارسىزلىق بىلەن قەشقەرگە ئېلىپ ماڭدى. نىياز ھېكىمبەگنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان ئاداۋەت ۋە خۇسۇمەتلىرى ئەسلى زاتىدا بىللە يارىتىلغانىكەن.

نىياز ھېكىمبەگنىڭ قاراڭغۇ ۋۇجۇدى بۇ يورۇق ئالەمگە كېلىشتىن ئىلگىرى، مەرھۇم شائىر كارامەت قىلغاندەك بۇ شېئىرنى مۇشۇ بەگنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇناسىپ يازغانىكەن:

www.uyghurkitap.com

نەزم:

گەر قارا تۇقۇلسا ئەزەلدە كىشىنىڭ گىلىمىنى،
ئابى زەمزەم بىرلە ئاقارماس ھەرقانچە يۇغان بىلەن①.

دېمەك، ئاۋۋال كۆچالىق خوجىلارنىڭ دۆلەت چىرىغىنىڭ خىرە بولۇپ ئۆچۈشىگە نىياز ھېكىمبەگ سەۋەبچى بولدى. ئاندىن ئاتىلىق غازىنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن قىلغان پەرمانلىرى بويىچە خوتەندەك ئالتە ھاكىملىق كاتتا يۇرتقا يۈز دىۋان②، 40 كۈنلۈك سەھرا ۋە قىشلاقلىرى بىلەن قوشۇپ مۇستەقىل ھاكىم قىلىپ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى بەردى. خالىغىنىچە بۇيرۇق بېرىپ ئىش يۈرگۈزۈشكە ئىختىيارنىڭ تىزگىنىنى قولىغا تۇتقۇزدى. شۇنداق ئۇلۇغ دۆلەت ۋە مەنسەپكە قانائەت قىلماي، ئىسلام دائىرىسىدە ئۆتكەن ئۆمۈر ۋە تۇرمۇشلىرىنىڭ قەدرى - قىممىتىنى بىلمەي، شۈكرانە نېمەتنى كۇپرانە نېمەتكە ئۆزگەرتىپ، خىتايلاردىن مەنسەپ تەمە قىلىپ ۋاپا ئۈمىد قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ناھايىتى ھاماقەت ۋە ئەقىلسىزلىكىنى ئاشكارا قىلدى.

نەزم

نېمەتنىڭ ئارتار ئەگەر شۈكرانە نېمەت ئەيلىسەڭ،
قولىدىن كەتكەي پاتى كېتەر كۇفرانە نېمەت ئەيلىسەڭ.

---

① بىر كىشىنىڭ گىلىمى ئەزەلدىن قارا توقۇلغان بولسا، زەمزەم سۈيى بىلەن ھەرقانچە يۇغان بىلەن ئاقارمايدۇ. دېمەك، بىر كىشى ئەزەلدىن قارا كۆڭۈل، ئالانىيەت يارىتىلغان بولسا، ئۇ ھەرقانچە قىلغان بىلەن توغرا يولغا ماڭمايدۇ.

② دىۋان — ئۆشرە - زاكات، غەللە - پاراق يىغقۇچى.

بۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپراقى شۇكى، بەخت-دۆلىتىگە سەۋەب بولغان ئۆز ئۇلۇغىغا خىيانەت قىلىپ يوقاتتى. بۇ ۋەقەلەر يۇقىرىدا بايان قىلىندى. يەنە بىرى، كىچىكبەگ بەچە (ھەققۇلىبەگ) نىڭ ئۆلۈشى ئۈچۈن ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، چوڭ بەگ بەچە (بېكقۇلىبەگ) گە خەت يېزىپ ئۆز قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ناھەق قان تۆكۈپ خالايىقنىڭ مالامەت ئوقىغا نىشان بولۇشىغا سەۋەبچى بولدى.

نىياز ھېكىمبەگ ئاتلىق غازىغا بەرگەن زەھەردىن ئۆزۈكىنىڭ كۆزى ئاستىدا ئازغىنا مەخپىي ساقلىغانىكەن. خىتايلارنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ ئۆزۈكىدىكى ئاشۇ زەھەرنى چىقىرىپ ئاغزىغا سالدى ۋە بۇ پانىي ئالەمدىن خوشلاشتى*. قىلغان يامان ئىش، يامان ھەرىكەتلىرىنىڭ جازاسىنى بۇ ئالەمدە ئاشكارا كۆردى.

## نەزم

يامان قىلماق يامان پەيدا قىلۇر ھەم ياخشى ئىش يامان،
كى ئارپادىن ئۈنەر ئارپا، كى بۇغدايدىن ئۈنەر بۇغداي.

دېمەك، نىياز ھېكىمبەگ ھوقۇق تۇتقان كۈنلىرىدە خالايىقنىڭ خۇنلىرىنى ناھەق تۆكتى. ھوقۇقى قولدىن كەت-

---

* نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە گەپ خىلمۇ خىل، «زو زۇڭتاڭ ھەزرەتلىرىنىڭ خانغا يوللىغان مەلۇماتنامىلىرى» دېگەن كىتابتا دېيىلىشىچە، ئۇ قەشقەرگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، زىندانغا تاشلانغان ۋە ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزىگە يېگۈزۈش جازاسى بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن — مۇھەررىردىن.

كەندىن كېيىن ئاقسۇەت ئۆزىنىڭ خۇنىنى ئۆز قولى بىلەن تۆكتى.

يەكەنگە مۇھەممەد يۇنۇس شاغاۋۇل دادخاھ 12 يىلدىن كۆپرەك مۇستەقىل ھاكىم بولدى. دۆلەتلىرى نىياز ھېكىمبەگنىڭ دۆلىتىدىنمۇ زىيادە ئىدى. شاغاۋۇل دادخاھ ئالىم، ئىقتىدارلىق كىشى ئىدى. يۇرتدارچىلىق ئىشلىرى، غەللە-پاراق، باج-خىراج توغرىسىدا شەرىئەت ھۆكمىدىن قىلچە چىقمايتتى. ھەممىشە ھەرقانداق ئەھۋالدا مۇستاپا* نىڭ شەرىئىتىگە تولۇق رىئايە قىلىپ قاتتىق ئېھتىيات قىلاتتى. ئۆز ۋاقتىدا ھېچقانداق بىر كىشىگە زۇلۇم-تەئەددى قىلمىغانىدى. ئەمما بېيجىڭ ئەھلى يېتىپ كەلگەندە قورقۇپ سېرىق قول تەرەپكە نۇرغۇن ئەمىر ۋە سەركەردىلىرى بىلەن قاچتى. سوغۇقنىڭ يامانلىقىدىن داۋانغا قار يېغىپ يول توسۇلۇپ قالغاچقا، ئۆتەلمەي يەكەنگە يېنىپ كەلدى. بۇ چاغدا خىتاي مەنسەپدارلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. خىتايلار بىرنەچچە ئەمىر ۋە سەركەردىلەرنى شېھىت قىلدى. خىتاي مەنسەپدارلىرى يۇنۇسخان شاغاۋۇل دادخاھقا ئىززەت-ئىكرام كۆرسىتىپ، «سىز تولا ئۇبدان ئادەم ئىكەنسىز، ئەمما ئەيىبىڭىز 〈异人〉 ئىكەن يەنى يات كىشى — باشقا يۇرتنىڭ ئادىمى ئىكەنسىز. مۇشۇ يەردە تۇرسىڭىز مائاش بەلگىلەپ بەرسەم، يۇرتۇڭغا كېتىمەن دېسىڭىز ئادەم قوشۇپ، يول خىراجىتى بېرىپ يولغا سېلىپ قويسام»، دەپ ئىلتىپات قىلغاندا، شاغاۋۇل دادخاھ يۇرتۇمغا كەتسەم، دېگەن ئەرزنى بايان قىلدى. دۈشمەنلىكى شۇنداق ئاشكارا تۇرسىمۇ، زۇڭدۇ 500 سەر كۈمۈش ۋە ئات-ئۇلاغ بېرىپ، ئادەم قوشۇپ، ئىززەت-ئابرويى بىلەن پەرغانە

* مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام.

ۋىلايىتىگە يولغا سېلىپ قويدى. ياراتقان تەڭرىم ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ نەتىجىسىنى بۇ ئالەمدە ئوچۇق كۆرسەتتى. بۇ ۋەقەلەرنى بۇ يەردە تەپسىلىي بايان قىلىشتىن مەقسەت، ۋىلايەت ۋە شەھەرلەرگە بۇنىڭدىن كېيىن ھاكىم بولغانلار ۋە مەملىكەتنىڭ پۈتۈن ئەمەلدارلىرىغا، نىياز ھېكىمبەگ بىلەن مۇھەممەد يۇنۇسخان شاغاۋۇل دادخاھنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇلار-نىڭ ئاقىۋەتلىرىنى بىلدۈرۈش زۆرۈر كۆرۈلدى.

مۇھەممەد يۇنۇسخان شاغاۋۇل دادخاھ بىلەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر پادىشاھنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ، بىر دەۋردە ئوخشاش ئىككى چوڭ شەھەرنىڭ مۇستە-قىل ھاكىملىرى ئىدى. ھەر ئىككىسىگە بۇيرۇق، پەرمان، يارلىق ئوخشاش چۈشەتتى. بۇلارنىڭ ھال-ئەھۋالى ۋە ئاقىۋەتلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەندە، بىرىدگە قەدىمىي دۈشمەنلىرى سەممىمىي دوست بولۇپ، ئاسراپ، ئىززەت-ھۆرمە-تىنى قىلىپ، مەقسەت ۋە ئارزۇلىرىغا يەتكۈزۈپ، جان ۋە ماللىرىغا ئامانلىق بېرىپ، ھەتتا ئالتۇن-كۈمۈش خىراجەت-لەرنى ئىنئام قىلىپ ئەل-يۇرتى، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە قوۋم-قېرىنداشلىرىغا ئۇلاشتۇردى. يەنە بىرىنىڭ جان-دوستلىرى ۋە ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيالىق بۇرادەرلىرى دۈشمەن بولۇپ، ئىززەت ۋە ئېتىبارىدىن ئايرىپ، خار-زار قىلىپ، مال-مۈلۈكلىرىنى ئېلىۋېلىپ نائۈمىد قىلدى. ئۇنى ئەل-يۇرتى ھەتتا قوۋم-قېرىنداش، پەرزەنت-ئەقرىبالىرىدىنمۇ جۇدا قىلىپمۇ جېنىغا ئامانلىق بەرمەي زېمىننىڭ ئاستىغا تاپشۇردى.

دېمەك، پۇقرا-رەئىيەلەرنىڭ ئاسايىشلىقىنى كۆزلەپ، ئەدلى-ئادالەتنى ئۆزىگە لازىم تۇتقانلار ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ۋە ئەجرىنى مۇشۇ ئالەمدىلا ئاشكارا كۆردى. پۇقرالارنىڭ پۇل-ماللىرىنى سەل چاغلاپ ئېلىۋېلىپ، جەبىر-زۇلۇم قىلغان،

پۇقرالارنىڭ كۆز يېشىدىن ئېھتىيات قىلمىغانلارمۇ نەتىجىسىنى مۇشۇ ئالەمدە ئاشكارا كۆردى. ئۇلۇغ تەڭرىم، بىزنى رەھىم-شەپقەت قىلىپ توغرا يولغا باشلىغايسەن، ئامىن.

## 16

### ئالىي مەرتىۋىلىك جانابىي ئاتىلىق غازىنىڭ دەۋرىدىكى مۇشتىرى تەلئەت① دىيانەتلىك ئۆلىمالار، مۇكەممەل تەربىيە كۆرگەن كاتىپ - مىرزىلار ۋە سۆلەتلىك لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ ئەھۋالاتى

بۇ يەتتە شەھەر ئىقلىمىدىكى ئالىي دەرىجىلىك مازار-لارنىڭ ئۇلۇغ روھلىرىنىڭ مەدىتى ۋە ياردىمى، پەزىلەتلىك دۇئاگۇيلارنىڭ ئىجابەتلىك دۇئالىرىنىڭ بەرىكىتىدىن ئاتىلىق غازى بۇ يەتتە شەھەر ئاھالىسىگە 14 يىل ھۆكۈمران بولدى. ئۇلۇغ ئەرۋاھلارنىڭ مۇقەددەس روھلىرى، قۇتبۇل-ئەقتاب② ۋە چىلتەنلەرنىڭ مەدىتى بولمىسا بۇنداق دۆلەتكە مۇيەسسەر بولمىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «نەفھا-تۇلئۇنس»③ دېگەن كىتابتا مۇنداق دەيدۇ: «ئاسماندىن يامغۇرنىڭ يېغىشى، يەر - زېمىندا ئۈسۈملۈك - گىياھلارنىڭ

---

① مۇشتىرى تەلئەت — چىرايى يۇلتۇزدەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان دېگەن مەنىدە.

② قۇتبۇلئەقتاب — يېتەكلىگۈچى، توغرا يولغا باشلىغۇچى دېگەن مەنىدە.

③ نەفھاتۇلئۇنس — كىتابنىڭ نامى. سوفىزمنىڭ پېشىۋالىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىدىغان كىتاب.

ئۈنمەكلىكى، ئۇلۇغ ئەۋلىيالارنىڭ قەدەملىرىنىڭ بەرىكىتىدىندۇر.
مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئەنە شۇ
ئەۋلىيالارنىڭ ھىممەت ۋە مەدەت قىلىشىدىندۇر. بۇنداق
زاتلار 4000 بولۇپ، ئالەمنىڭ ئىگىلىرى شۇلاردۇر. بۇلار بىر-
بىرىنى تونۇمايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلمەيدۇ. پۈتۈن
ئەھۋالى خالايىقتىن مەخپىيدۇر. پۈتۈن چىگىشلەرنى يەشكۈچى
ۋە ھەل قىلغۇچى تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا ئۇلۇغ سانالغۇچىلار
300 دۇر. بۇلارنى «ئەخيار»①، دەيدۇ. بۇ زاتلاردىن 40
تەننى «ئابدال»② ئاتايدۇ. يەنە يەتتە كىشىنى «ئەبرار»③،
تۆت كىشىنى «ئەۋتار»④، ئۈچ كىشىنى «نەقىبا»⑤، بىر كىشىنى
«قۇتب» ۋە يەنە بىرىنى «غەۋس»⑥ ئاتايدۇ. بۇلار بىر-
بىرلىرىنى تونۇيدۇ. ھەر بىر ئىشتا بىر-بىرلىرىنىڭ رۇخسەت
قىلىشىغا ۋە ياردەم بېرىشىگە موھتاجدۇر، دەپ زىكرى قىلىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەرنى بايان قىلىشتىكى مەقسىتىمىز شۇكى،
ئاتىلىق غازىنىڭ دەۋرىدە سەئىد⑦ پەزىلەتلىك ئۇلۇغ ئۆلىما-
لار تولا ئىدى. ئۇنىڭ غالىب قوشۇنلىرى 80 مىڭدىن ئارتۇق
بولۇپ، لەشكەر باشلىقلىرى، تۆھپە ياراتقان كىشىلەر ئارىسىدا
پازىل، ئالىم، ئېتىقادلىق كىشىلەرمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ

---

① ئەخيار — ئەڭ يېقىن دوست دېگەن مەنىدە.
② ئابدال — ئۆزگەرمەك ياكى ئۆزگەرتمەك.
③ ئەبرار — پاك-گۇناھسىز كىشى. گۇناھىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىغا ياردەم بەرگۈچى.
④ ئەۋتار — مىق، قوزۇق، دۇنيانى تۇتۇپ تۇرغۇچى.
⑤ نەقىبا — يېتەكچى، يول باشلىغۇچى، يول كۆرسەتكۈچى.
⑥ غەۋس — قوتۇلدۇرغۇچى، قۇتۇلۇشقا ياردەم بەرگۈچى.
⑦ سەئىد — پەيغەمبەر ئەۋلادى دېگەن مەنىدە.

قىلغان ئىبادەتلىرى ۋە تارتقان رىيازەتلىرىنىڭ ئوندىن بىرىنى شۇ زاماننىڭ ئۇلۇغ ماشايىخلىرى ئادا قىلالمايتتى. ئەمما يامان ئادەملەرمۇ بار ئىدى. قىسقىسى، ئۇلۇغ سەئىدلەر، ئۆلىما ۋە ھەقىقەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ قاتارىدا ياكى لەشكەر باشلىقلىرى ۋە خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمىرلەر گۇرۇھىدا ۋە ياكى پۇقرا-رەئىيەلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇلۇغ ئەۋلىيا ئەخيارلار، ئۇلۇغ ئەبرارلار بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇنداق زاتلار مەخپىي ۋە يوشۇرۇندۇر. ئۇلۇغ تەڭرىم بۇنداق ئالىي دەرىجىنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. بۇنداق كاتتا سائادەتنىڭ ئىشىكىنى خالىغان كىشىگە ئاچىدۇ. قۇرئان كەرىمدە: «ئاللاھ ئۆزى خالىغان كىشىگە پەزلەت ئاتا قىلىدۇ»، دېيىلگەن. بۇنداق سەئىد، پېشىۋالار، پەزىلەتلىك، ئادالەتلىك ئۆلىمالار، شەرىئەت ئىلمى ۋە پەرمان-قائىدىلىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن زاتلارنىڭ بەزىسى، ئاتىلىق غازىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە ھاياتلىق بىلەن خوشلاشقان بولسىمۇ، بەزىلىرى ھاياتلىق دائىرىسىدە ياشاپ كېلىۋاتاتتى. شۇلاردىن بىرى جاھانگىرخان تۆرەمنىڭ ئوغلى بۇزرۇكخان تۆرەم بولۇپ، ئۇ بىرنەچچە يىل بۇ دىياردا تۇرغاندىن كېيىن پەرغانىگە قايتىپ كەتتى. بۇ توغرىدا يۇقىرىدا ئازغىنا بايان قىلىپ ئۆتتۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا جانابىي كاتتاخان تۆرەم ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ قىچقىرىشىغا بىنائەن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىپ جەننەتكە مۇشەررەپ بولۇپ قەشقەردە دەپنە قىلىندى. ئىنىسى كىچىكخان تۆرەم ۋاپات بولۇپ ئاقسۇدا دەپنە قىلىندى. ئىسرائىلخان تۆرەم كونا تۇرپاندا ۋاپات تاپتى. مۇھەممەد رېھىمخان تۆرەممۇ قايتىپ كەتتى. كاتتا خان تۆرەمنىڭ ئوغلى ھېكىمخان تۆرەم ئىدى، ئۇمۇ قايتىپ كەتتى. بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللارنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. ھېكىمخان تۆرەمنى تارىخىي ھىجرىيىنىڭ

1321 - يىلى① بۇ ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى دېگەن
خەۋەر قۇلىقىمىزغا يەتتى. بۇ سەئىدلەرنىڭ پەزىلەتلىرى پۈتۈن
ئىنسانلارغا ناھايىتى ئاشكارىدۇر.

يەنە ئىشان تەبىقىلىرىدىن جانابىي مەھمۇد خوجام ھەز-
رەت بولۇپ، ئۇ پەزلى كامالەتتە ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى.
ئۇ ئاتىلىق غازىنىڭ پىرى بولۇپ، ئاتىلىق غازىنىڭ زامانىدىلا
باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىپ قەشقەرگە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ-
دىن باشقا يەنە ئەھمەد خوجا شەيخۇلئىسلام دېگەن ناھا-
يىتى پەزىلەتلىك كىشى بار ئىدى. ئۇ ئىككى ھەرەمنى زىيا-
رەت قىلىشقا كەتتى. ئەكمەلخان تۆرەم بولسا پازىل، ئۆلىما،
ئىنساپلىق بىر ئادەم بولۇپ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق كامالەتكە
يەتكەنىدى. سەئىد ئەردىلانى — چوڭقۇر بىلىم ئىگىسى ۋە زور
ئۆلىما بولۇپ، ئۇ ھەزرىتى ئاپاقتا دەرس ئۆتۈپ نۇرغۇن
ئوقۇغۇچىلارغا تەلىم بەرگەنىدى. يەنە سەئىدلەردىن جانابىي
ئەھرارخان تۆرەم ناھايىتى پازىل، ئېتىقادى مۇستەھكەم،
تەقۋادار كىشى ئىدى.

ھىندىستانلىق دىۋانە ئاتانا غەۋسۇلئەزەم② تەرىقەت-
لىرىدىكى ئاددىي، كەمتەر ۋە ياشانغان ئادەم بولۇپ ئاتىلىق
غازىنىڭ پىرلىرىنىڭ قاتارىدىكى كىشى ئىدى. كىشىلەر ئۇنى:
ئۇ ھازىر 114 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ئۆزى ناھايىتى قۇۋ-
ۋەتلىك بولۇپ، قاتتىق ئىبادەت، مۇشەققەتلىك تۇرمۇشقا
ئادەتلەنگەن، دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئۇ ھېلىمۇ ھايات بولۇپ،

① ھىجرىيىنىڭ 1321 - يىلى مىلادىنىڭ 1903 -، 1904 -
يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② قادىرىيە سۇلۇكىنىڭ پىرى ئابدۇلقادىر جىلانىي قاتارلىقلارغا
بېرىلگەن نام — مۇھەررىردىن.

www.uyghurkitap.com

ئۇچتۇرپاندا غەۋسۇلئەزەمنىڭ داشلىرىنى قايىنتىپ، غىرىب-غۇرۋالارغا ئاش بېرىپ، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل بىچارىلەرگە باشپاناھ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

ئاتىلىق غازىنىڭ زامانىدا نۇرغۇن مۇرەتتەپ قارىيلار جەم بولغان بولۇپ، ھېچ زاماندا مۇنداق يىغىلمىغان بولغىيدى. شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قاريي موللا سالىھ پازىل، خۇش ئاۋاز، ئېتىقادى كۈچلۈك ۋە مۆمىن مۇرەتتەپ قاريي ئىدى. يەنە قەشقەرلىك ئۆلىمالارنىڭ ئۇستازى موللا مۇھەممەد شېرىپ خەلىپىتىم 50 — 60 يىل مۇدەررىسلىك قىلىپ، تالىپ ۋە ئوقۇغۇچىلارغا تەلىم بېرىش بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن كىشى ئىدى. نۇرغۇن تالىپلار ئۇنىڭدىن زور مەنپەئەت ئالغانلىقتىن ئۇ «مەنپەئەتلىك ئۆلىما» دەپ نام ئالغانىدى. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن 300 گە يېقىن كىشى خەتمەكەردىلىكتە① ئىرىشىپ ئۆز ئالدىغا مۇدەررىس بولۇپ دەرس ئۆتۈشكە رۇخسەت ئېلىپ، قوللىرىغا شاھادەتنامە ئالدى. موللا مۇھەممەد شېرىپ خەلىپىتىم 85 ياشقا كىرىپ تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1310-يىلى② رامزان ئېيىنىڭ 17- كۈنى ۋاپات بولدى. يەنە بىرى موللامىر مۇھەممەدى ئاخۇنۇم قازى كالان③ ئۇ ئېتىقادلىق، شەرىئەت ئىلمىنى پۇختا ئىگىلىگەن، ئىنساپلىق كىشى ئىدى. يەنە بىرى موللا ئابدۇرىشىت ئاخۇن ئەلەم ئۆلىما ۋە مۆمىن كىشى ئىدى. يەنە موللا مۇھەممەدى ئاخۇن، ئالىم،

---

① خەتمەكەردە — ئىمتىھان بەرمەك. ئىمتىھاندىن ئۆتمەك.

② ھىجرىيىنىڭ 1310 - يىلى — مىلادىنىڭ 1892 -، 1893 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

③ قازى كالان — سوراقچىلار باشلىقى، سوتچىلارنىڭ چوڭى.

خۇش خۇي، شېئىر ۋە مۇئەممادا① داڭلىق كىشى ئىدى، يەنە ئابدۇخالىق ئىشان دېگەن بىر زات بار ئىدى. ئۇ مىر مۇھەممەدى قازى كالاننىڭ ئىنىسى بولۇپ، غەۋسۇلئەزەم تەرىقىتىنىڭ يېتەكچىسى، كەمتەر، ئاددىي - ساددا كىشى ئىدى. ئاتىلىق غازى ئۇنىڭغا بەك ئېتىقاد قىلاتتى. يەنە يەكەندىكى ئۆلىما-لارنىڭ ئۇستازى ۋە كاتىپى زىيائىددىن داموللا قازى كالان ئىسلامنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغان، «ھۆكمى ھەممە ئىنسانلار ئارىسىدا ئىجرا بولىدۇ»، دېيىشكە بولىدىغان ئۇلۇغ كىشى ئىدى. ئۇ ئامان - ئېسەن ئۆز يۇرتىغا چىقىپ كەتتى. ئۇلاردىن باشقا يەنە موللا قاسىم ئاخۇن ئەلەم، موللا نېمان ئاخۇن قازى رەئىسلەرمۇ بار ئىدى. ئىشانلاردىن، خۇددى زامانىنىڭ پادىشاھى، دەۋرىنىڭ ھۆكۈمرانىدەك ئابرويلۇق كەبىر ساھىب ھەزرەت ۋە مىسكىن شاھ ساھىب② ھەزرىتىملەر بار ئىدى.

خوتەندىكى بالا ئىبراھىم قازى كالان ئاخۇنۇم، ئالىم، دىيانەتلىك، شەرىئەت ئىلمىدە ھەممە ئۆلىمالاردىن ئۇستۇن ۋە مۇكەممەل، شەرىئەت ھۆكمىنى ئىجرا قىلىشتا پۈتۈن قازىلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان غەيرەتلىك كىشى ئىدى.

ئاقسۇدا خوتەنلىك موللا ئابدۇللا ئاخۇنۇم قازى كالان ئىدى. ئۇ مۆمىن، ئېتىقادلىق، ئىنساپلىق، دىيانەتلىك، ئىلمىي شەرىئەت ۋە ئادالەتتە تەڭدىشى يوق، شەرىئەت ھۆكمىنى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئەۋلىيا - مۇجتەھىتلارنىڭ ئېيتقانلىرى

---

① مۇئەمما — تېپىشماقلىق قوشاق، شېئىر.

② «تارىخىي ھەمىدىيە» دە: «كەبىر ساھىب ھەزرەت ۋە مىسكىن ساھىب» دەپ ئېلىنغان — مۇھەررىردىن.

بويىچە ئىجرا قىلىنغان، دۆشمەنلەشكەن ئىككى دەۋاگەر ئارىسىدىكى دەۋانى ئادالەت بىلەن سوراپ، ئۇلارنىڭ دۆشمەنلىكىنى يوقىتىدىغان قازىلىقتا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان كىشى ئىدى. مەزكۇر موللا ئابدۇللا قازى ئاخۇنۇم تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1307 - يىلى① پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. يەنە موللا ھەسەن ئاخۇن ئەلەم ئۆز مەنسىپىگە مۇۋاپىق زور ئۆلىما ۋە پازىل ئادەم بولۇپ، ئۇ ئىلىمنىڭ ھەممە ساھەلىرىدىن خەۋەردار، شەرىئەت ئىلمىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان، زېھىن - پاراسىتى ئۆتكۈر، مۇلايىم ۋە كۆڭلى ئىنچىكە كىشى ئىدى. ئۇ تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1310 - يىلى② رامىزان ئېيىنىڭ 27 - كۈنى (پەيشەنبە) ۋاپات بولدى. يەنە موللا ئىسمائىل مۇپتى ئاخۇنۇم، ئىلمىي شەرىئەتتە كامىل، خۇش خۇي، مۇلايىم، گەپدان، ھەممە ساھەدىن خەۋەردار ئامىباب كىشى ئىدى. يەنە موللا ئابدۇلتىپ ھاجى، بۇخارادا ئوقۇغان، ئىلىم - پەنگە ماھىر، ھاياتىنى ئىلىمگە بېغىشلىغان، تالىپلارغا دەرس ئۆتكەن، ئەس - يادى تەگرى بىلەن ئاخىرەتنىڭ غېمىدە يۈرىدىغان كىشى ئىدى. يەنە موللا ئوسمان ئاخۇن ھاجى، ئۆز ۋاقتىدىكى ئۆلىمالاردىن، پېشقەدەم، ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئىلمىي شەرىئەتنى پۇختا ئىگىلىگەن، پەرھىزكار كىشى بولۇپ، قىيىن مەسىلىلەرنى يېشىشكە كەلگەندە تەدبىرسىزرەك ئىدى. ئۇ ئۆمرىنى دەرس ئۆتۈش، شاگىرتلارغا تەلىم بېرىش بىلەن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، مەن كەمىنەنىڭ ئۇستازلىرى جۈملىسىدىن ئىدى.

---

① ھىجرىيىنىڭ 1307 - يىلى مىلادىنىڭ 1889 -، 1890 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② ھىجرىيىنىڭ 1310 - يىلى مىلادىنىڭ 1892 -، 1893 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

ئاقسۇدىكى قەدىمدىن تارتىپ ئاخۇن ئەۋلادى، شەرىئەتنىڭ
ئىگىلىرى بولۇپ كەلگەنلەردىن، شەمسىددىن ئەلەم ئاخۇنۇم
دېگەن كىشى بار ئىدى. ئۇ مۆمىن، ساددا، ساھىبى ئىستىخارە①،
دۇئاسى ئىجابەتلىك، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى يۇقىرى، ناتىقلىقتا
تەڭدىشى يوق كىشى ئىدى. ئۇ تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1295 -
يىلى② ۋاپات بولدى. يەنە، ھادى خەلپەم ئىشانلىق بىلەن
ئۆمۈر كەچۈرگەن ئادەم بولۇپ، مىرغىياسىددىن ۋەلىيۇللانىڭ
نەۋرىلىرىدىن ئىشانخان ھەزرىتىمنىڭ مۇرىتى ئىدى. ئۇ ئاتىلىق
غازىنىڭ دەۋرىدە قەشقەردە ۋاپات بولدى. يەنە موللا ئابدۇلباقى
ھاجى مۇپتى ئەقىل - پاراسەتتە تەڭداشسىز، دانا، شائىرلىقتا
يېتىشكەن كىشى ئىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلۇغ پادىشاھلاردەك
ئۆتكەن، دائىم نەغمە - ناۋا، بەزمە - مەشرەپ بىلەن ئۆمۈر
كەچۈرگەن، گاھىدا بىرەر پىيالە ئۈزۈم شارابى بىلەن كۆڭۈل
ئېچىپ روھىنى كۆتۈرىدىغان، خۇش خۇي، مۇلايىم، سېخىي،
مۇساپىرپەرۋەر كىشى ئىدى③. ئۇ تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1300 -
يىلى④ ۋاپات بولدى.

ئىشان تەبىقلىرىدىن ئىمامى رەببانى مۇجەددىدى ئەلپىسا-
نىنىڭ نەۋرىلىرىدىن بىرى بولغان نىسار مەسۇم ھەزرىتىم، ئاقسۇ-

---

① ساھىبى ئىستىخارە — كەلگۈسىدىكى ياخشى - يامان ئىشلارنى ئالدىن بىلىدىغان كىشى.

② ھىجرىيىنىڭ 1295 - يىلى مىلادىنىڭ 1878 -، 1879 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

③ «تارىخىي ھەمىدىيە» دە: «مۇساپىر كىشى ئىدى» دېيىلگەن — مۇھەررىردىن.

④ ھىجرىيىنىڭ 1300 - يىلى مىلادىنىڭ 1882 -، 1883 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

دا ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، قاردي قۇرئان، جاپالىق ئىبادەت قىلىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1292 - يىلى* ۋاپات بولۇپ ئاقسۇدا دەپنە قىلىندى ۋە يەنە ئىشان تەبىقىلىرىدىن ھەزرىتى كالانىنىڭ ئوغلى سادىق ھەزرىتىم قاردي قۇرئان، كېچىلىرى ئۇخلىمايدىغان، جاپالىق ئىبادەت قىلىدىغان، غېرىبپەرۋەر، قەلەندەرگە ئوخشاش كىشى ئىدى. كېيىن ئۇ پەرغانە تەرەپكە چىقىپ كەتتى

پەرغانە تەرەپتىن كەلگەنلەردىن، موللا ئىبراھىم ئاخۇن قازى لەشكەر، دىندار، پەرھىزكار، مۆمىن ۋە يېتىشكەن ئۆلىما كىشى ئىدى. قىپچاق موللا نارقۇل ئاخۇن مۇپتى لەشكەرمۇ شەرىئەت ئىلمىدە يېتىشكەن ئالىم، دىيانەتلىك، مۆمىن كىشى ئىدى. يەنە موللا سائادەت ئاخۇن، قازى رەئىس لەشكەر بار ئىدى ۋە يەنە موللا ئەكرەم شاقازى، باي ۋە سايرامدا قازىلىق ئەمىلىدە بولغان ئېتىقادلىق، تەقۋادار، ئىككى قولى بىلەن ئەمگەك قىلىپ، پېشانىسىنىڭ تەرى بىلەن يەر تېرىپ، ھوسۇل ئېلىپ ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان كىشى ئىدى. يەنە موللا يۈسۈپ ئاخۇن كۇچادا قازى كالان بولۇپ تۇرغانىدى. ئۇ ئۇتۇق قابىلىيەتى ئۇستۇن، خۇش ئاۋاز كىشى ئىدى. ئەمما مىجەزى نازۇك، كۆرۈنۈشى سۇرلۇك ئىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن ئەمىلىدىن بىكار بولدى. كېيىن يەنە ئاقسۇدا قازى بولدى. كۇچاغا موللايار ئاخۇن قازى كالان ئىدى، ئۇ ئالىم، مۆمىن، سادda، شەرىئەت ئىلمىگە بويسۇنىدىغان، دىيانەتنى ئۆزىگە شوئار قىلغان، ئېغىر - بېسىق، تەمكىن كىشى بولۇپ، قازىلىقتا پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتىگە مۇۋاپىق ھۆكۈم قىلاتتى.

---

* ھىجرىيىنىڭ 1292 - يىلى مىلادىنىڭ 1875 -، 1876 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇ مەن كەمىنە يازغۇچىنىڭ ئۇستازى ۋە پېشقەدەم يېتەكچىسى ئىدى. موللا يار ئاخۇن ئىككى ھەرەمنى زىيارەت قىلىشقا بېرىپ قايتىشىدا ۋاپات بولدى، ئۇ يىلى تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1305 - يىلى① ئىدى ۋە يەنە ئۇنىڭ بىر تۇغقان بۇرادىرى موللا ئېلى ھاجى كوچاغا ئەلەم ئىدى. ئۇ خۇش خۇي، مۇلايىم، كەم سۆز كىشى ئىدى. موللا ئابدۇقادىر ئاخۇن كوچاغا مۇپتى بولۇپ، خۇش تەبىئەت، چىقىشقاق، شەرىئەت ئىلمىگە كامىل، شائىرلىققا ماھىر، بەزمە - مەشرەپ، كۆڭۈل ئېچىشقا قابىل كىشى ئىدى. ئۇ ھازىر قازىلىق ئەمىلىدە، ھاياتلىق دۆلىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇپتۇ، كورلىدا موللا ئەھمەد ئاخۇن قازى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلمى ئازراق، ئىنساپ - دىيانىتى كۆپرەك كىشى ئىدى. قازى سۇرغ ئابى تۇرپانغا قازى كالان قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇ موللا، شەرىئەت ئىلمىگە پۇختا، ئەمما نازۇك ۋە سىپايى مىجەز، غەيرەتلىك ۋە چەبدەس كىشى ئىدى. يېقىندا ئۇ ئەمەلدىن بىكار قىلىنىپ، ئورنىغا تۇرپانلىق موللا تۆمۈر ئاخۇن قازى كالانلىققا تەيىنلەندى. ئۇ ئېتىقادلىق، تەقۋادار، مۆمىن كىشى ئىدى. ئىككى ھەرەمنى زىيارەت قىلىشقا كېتىۋېتىپ سەمەرقەندتە ۋاپات تاپتى. يەنە موللا سابىت ئاخۇنلۇق② دېگەن بىر كىشى بولۇپ، ئۇ ھەممە ئىلىمگە ماھىر، ئەتراپلىق تەتقىقاتچى ئىدى. تالىپلىرى «بۇ كىشىگە ئىلىمنى تەڭرىم غايىبتىن ئاتا قىلغان»، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇ

---

① ھىجرىيىنىڭ 1305 - يىلى مىلادىنىڭ 1887 -، 1888 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. «تارىخىي ھەممىدىيە» دە: «تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1304 - يىلى» دېيىلگەن — مۇھەررىردىن.

② «تارىخىي ھەممىدىيە» دە: «موللا سابىت ئاخۇن» دېيىلگەن — مۇھەررىردىن.

دائىم دەرس ئۆتۈش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. يەنە ئەسها-بۇلكەھىپىنىڭ شەيىخلىرىدىن موللا پولات شەيخ ئىززەتلىك، مۆتىۋەر كىشى بولۇپ، ئۇ ئاقسۇغا ئاق ئۆيلۈك قىلىنغانىدى.

دېمەك، بۇ يەتتە شەھەردە يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ئۆلىما ۋە پازىللاردىن باشقا يەنە مۆتىۋەر ئۆلىما، پازىللىق بىلەن ياشىغان كىشىلەر تولا ئىدى. بۇكىتابتا شۇنچىلىك بايان قىلىندى.

بۇ يەتتە شەھەردە يۇرت سوراپ ۋىلايەتلەرگە ھاكىم بولغانلاردىن — قەشقەرگە ئالاش بى دادخاھ، يەكەنگە مۇھەممەد يۇنۇسخان شاغاۋۇل، خوتەنگە نىياز ھېكىمبەگ ھاكىم ئىدى. بۇلارنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلىندى. ئاقسۇغا دەسلەپ ھېكىمخان تۆرەم ھاكىم بولدى. ئىككى يېرىم يىلدىن كېيىن موللا جىيان مىرزا بېشى ھاكىم بولۇپ 18 ئاي سوردى. ئاندىن كېيىن كۇچالىق ئابدۇراخمان دادخاھ ھاكىم بولدى. ئۈچتۇرپانغا مۇھەممەد بابا توقسابە، باي - سايرامغا مۇھەممەد ئىمىنبەگ ھاكىم بولدى. كۇچاغا ئىسھاق خوجام ھاكىم بولۇپ، ئىككى يېرىم يىلدىن كېيىن نارمۇھەممەد پەرۋانىچى ھاكىم بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئامىلخان تۆرەم ھاكىم بولدى. كورلىغا ھاجى مىرزىنى ھاكىم قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نىياز مۇھەممەد توقسابەنى ھاكىم قىلدى. تۇرپاننى جانابىي سېيىت ھېكىمخان تۆرەمگە ئىلتىپات قىلىنغانىدى.

جانابىي ئاتىلىق غازى مەملىكەتنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى ئۆزى قىلاتتى. ئۇ پازىل، ئېتىقادلىق، بىرەر - ئىككى ئادەمنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلمىدى. لېكىن ۋەزىرلىك خىزمىتى ۋە ۋەزىپىلىرىنى، مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىشلىرىنى دىيانەتلىك، ھوشيار، تەجرىبىلىك مىرزا، باش كاتىپلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قىلاتتى. پۈتۈن يۇرتنىڭ ئىچكى

ئىشلىرى، ئەمەلدار ۋە لەشكەرلەرنىڭ سانى، ئات-ياراق ئەسلىھەلەرنىڭ ھېسابى، خەزىنە ۋە ئىشخانىلارنىڭ خىراجەتلىرى مىرزا بېشى (باش كاتىپلار) نىڭ باشقۇرۇشىغا ھاۋالە قىلىنغانىدى. ھۆكۈمەتدارچىلىق ئىشلىرىنى مىرزا بېشىلار بېجىرىپ بولۇپ مەلۇم قىلىپ قوياتتى. ئەرز قىلغۇچى، ئەلچى ۋە قىيىن ئىشلارنى مىرزا بېشىلارنىڭ رايى بويىچە ھەل قىلاتتى. ئاتىلىق غازىنىڭ ھوقۇقىدىن قالسا، مىرزا بېشىلارنىڭ ھوقۇقى چوڭ ئىدى. ئاتىلىق غازى مىرزا بېشىلارنى ھەددىدىن زىيادە ھۆرمەت قىلاتتى. ئەمما ئۇلار ئاتىلىق غازىنىڭ غەزىپىدىنمۇ خالىي بولالمايتتى.

ئىلگىرى بۇزرۇكخان تۆرەم ۋە ئاتىلىق غازى كەلگەندە ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن مىرزا ياقۇپ دېگەن كىشى مىرزا بېشى بولغانىدى. ئۇ ئەقىل-پاراسەتتە تەڭدىشى يوق كىشى بولۇپ، ئۈچ يىلدەك مىرزا بېشىلىق بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزدى. ئاخىر كېسەل بولۇپ ۋاپات بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن مىرزا بارات دېگەن كىشىنى مىرزا بېشى قىلدى. لېكىن ئۇ ۋەزىپىنى ئوبدان بېجىرەلمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن موللا ئەيسا مىرزىنى مىرزا بېشى قىلدى. بۇمۇ ئىشنى راۋاج تاپتۇرالمىدى. ئاقىۋەت قەشقەرلىك ھامىت ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ئوغلى مۇھىددىن مەخدۇمنى مىرزا بېشى قىلدى. بۇ كىشى «مىرزا پەرسەخ» نامى بىلەن مەشھۇر بولدى. چۈنكى ئۇ قەشقەردىن تۇرپانغىچە ئارىلىقتىكى يوللارنى ئۆلچەپ، ھەر پەرسەخقە تاش توختىتىپ چىققانىدى. ئۆزى ئىنتايىن ھوشيار، زېرەك، چەبدەس، قەلەمدە، ئەلەمدە ۋە كاتىپلىقتا ھەممىگە كامىل يېتىشكەن كىشى ئىدى. يەتتە خىل تىل، ئالتە خىل يېزىق بىلەتتى. بۇخارالىق موللا كامالىددىن مىرزا، كاتتا خوجا ئىشان مىرزا ۋە شادى مىرزىلار ئۇنىڭ قېشىدا خىزمەت قىلاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەرغىلاندىن موللا زەينىلئابىددىن مەخدۇم كېلىپ مىرزا بېشى بولدى. بۇ

زاتنىڭ تەرىپى يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلىندى. بېكقۇلىبەگ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا موللا زەينىلئابىددىن مەخدۇمنى 40 ئاتلىق ئادەم بىلەن ئەلچى بولۇپ زۇڭتۇڭنىڭ ئالدىغا بېرىش ئۈچۈن ئاقسۇغا ماڭدۇرۇلغانىدى. ئۇلار مارالبېشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن زۇڭتۇڭنىڭ چېرىكلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلار بىر - بىرلىرىنىڭ تىلى ۋە مۇددىئاسىنى بىلەلمىگەنلىكتىن، چېرىكلەر قورالىق ئادەملەرنى كۆرۈپ ئوق چىقىرىپ، 40 يىگىتنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلىپتۇ. زەينىلئابىددىن مەخدۇم مىرزا بېشىنىڭ ئاغزىغا ئوق تېگىپ قوۋۇزىدا توختاپ قېلىپ، بىھوش بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. شۇ ئارىدا زۇڭتۇڭ يېتىپ كەپتۇ. ئاتلىق غازىنىڭ خەزىنىچىلىرىدىن ھۇشۇربەگ مەھرەم* ۋە ئاقسۇلۇق سىدىقبەگلەر زۇڭتۇڭ دارىنىغا تەرجىمان بولۇپ كەلگەنىكەن. ئۇلار زەينىلئابىددىن مەخدۇمنى كۆرۈپ تونۇپ زۇڭتۇڭغا: «بۇ كىشى مۇشۇ پادىشاھنىڭ چوڭ ئادىمى بولۇپ، ئۆزى ناھايىتى ئوبدان، تىنچ، ياخشى كىشى ئىدى»، دەپ چۈشەندۈرگەندە، زۇڭتۇڭ: «ئۇنداق بولسا ياخشى مۇھاپىزەت قىلىپ مەن چۈشكەن جايغا تىنچ - ئامان ئاپىرىڭلار» دەپ ئەمر قىلغانىكەن. ئاپارغاندىن كېيىن جەرراھ ئوپېراتسىيە قىلىدىغان تىۋىپلارنى قىچقىرىپ تۇرۇپ قالغان ئوقنى ئېلىپ تاشلاپتۇ. گەپ سورىسا زەينىلئابىددىن مەخدۇم گەپ قىلالماي جاۋاب بېرەلمەي، ماڭا دۇۋەت، قەلەم، قەغەز ئەكىلىپ بېرىڭلار، دەپ ئىشارەت قىلىپتۇ. ئۇلار خەت ئارقىلىق سۆزلىشىپتۇ، زۇڭتۇڭ:

---

* ياقۇپبەگنىڭ ئاسراندىسى، خاس مەھرەملىرىدىن بىرى. كېيىن ياقۇپبەگنىڭ خەزىنىسىنى 40 قېچىرغا ئارتىپ، قاراقىزىل ئارقىلىق ئورۇمچىگە قېچىپ كەتكەن. «ھۇشۇرختاي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ — مۇھەررىردىن.

«ئۇلۇغ خاننىڭ مەنسەپدار ۋە چېرىكلىرىنىڭ بۇ تەرەپكە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، قورال - ياراق كۆتۈرۈپ يۈرگىنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. زەينىلئابىدىدىن مەخدۇم خەت بىلەن جاۋاب بېرىپ: «خاننىڭ چېرىكلىرىنىڭ كەلگەنلىكىدىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق. بېكقۇلىبەگ ياشلىق قىلىپ، ئۆزىدىن قورقۇپ مېنى ئەۋەتتى، بارمايمەن دېيىشكە بولمىدى»، دەپتۇ. زۇڭتۇڭ: «سېنى ئۆلسۇن دەپ ئەۋەتىپتۇ»، دېگەندە، زەينىلئابىدىدىن مەخدۇم: «بېكقۇلىبەگ ياشلىق قىلىپ ئوبدان مەسلىھەتلەشمەي ئەۋەتتى»، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. زۇڭتۇڭ: «راستىنى ئېيتتىڭ»، دەپ ئىشەنچ بىلدۈرۈپ: «ئوبدان خەۋەر ئېلىپ قەشقەرگە ئاپىرىڭلار»، دەپ ئادەم قوشۇپتۇ. قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، زۇڭتۇڭ زەينىلئابىدىدىن بىلەن كۆرۈشۈپ، گەپ سوراپ، ئوبدان يەردىن جاي - ماكان تەيىنلەپ بەردى. تۆت - بەش كۈندە بىر قېتىم چاقىرتىپ كېلىپ، زۇڭتۇڭ دارىن ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ ئۇرغۇن ئىلتىپاتلارنى قىلدى. ئاخىر قىش كېتىپ باھار كۈنلىرى يېتىپ كەلدى. زەينىلئابىدىدىن مەخدۇم گەپ قىلالايدىغان بولدى ۋە «يۇرتۇمغا چىقىپ كەتسەم»، دەپ ئىلتىماس قىلغاندا، زۇڭتۇڭ دارىن ئىلتىپات قىلىپ: «چېرىكلەر سىزنى بىلمەي ئوق چىقىرىپتۇ، كۆڭلىڭىزگە ئالماي ئەپۇ قىلىڭ»، دەپ كۆپ ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ، رازى بولۇڭ، دەپ 180 سەر كۈمۈش* ئىنئام قىلىپ ئۇنى يولغا سېلىپ قويدى. زەينىلئابىدىدىن مىرزا بېشى مەخدۇم ياخشىلىقنىڭ نەتىجىسىنى بۇ ئالەمدە كۆردى. ئۇ مەرغىلانغا بېرىپ ئۇرۇق - قاياشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئاندىن كېيىن ئىككى

---

* «تارىخىي ھەممىدىيە» دە: «200 سەر كۈمۈش» دېيىلگەن — مۇھەررىردىن.

www.uyghurkitap.com

ھەرەمنىڭ زىيارىتىگە بېرىپ مۇرادىنى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ مەرغىلاندا ۋاپات تاپتى.

يەنە تۇسلۇق① موللا كامال مىرزا، موللا نەجمىددىن مىرزا، خوجەنتلىك كاشىپخان تۆرە مىرزا، موللا كېرىم مىرزا قاتارلىق نۇرغۇن مىرزىلار بار ئىدى ۋە يەنە تاشكەنتتە قانائەت شاھقا مىرزا بېشى بولغان، مەرغىلانغا ھاكىم بولغان ھىسار بەگزادىلىرىدىن مىرزا بابابەگ، ئاتىلىق غازىنىڭ پەرمانلىرى بىلەن ئاقسۇغا زاكاتچىلىق مەنسىپىگە قويۇلغاندى. ئۇچتۇرپاندىن كورلىغىچىلىك شەرىئەت ھۆكمى بويىچە ئېلىنىدىغان زاكات، قاراۋۇللاردىن ئۆتۈشكە بېرىلىدىغان يول خېتى قاتارلىقلار مىرزا باھابەگنىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئېتىقادلىق مۇسۇلمان كىشى ئىدى. ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم خەتمە ئەھزاپ② تەرىقىسىدە قۇرئان كەرىمنى بىر قېتىم، دەلائىل خەيراتنى③ بىر قېتىم خەتمە قىلاتتى. مەن كەمىنە يازغۇچى موللا مۇسا موللا ئەيسا سايرامى ئوغلى، زاكاتچى مىرزا بابابەگنىڭ قول ئاستىدا يەتتە يىل زاكاتچىلىق خىزمىتىنى قىلىپ ئۆمۈر ئۆتكۈزدۈم. ئۇ ھەرگىز بىتەرەت يەرگە دەسسىمەيتتى. قىش - ياز سوغۇق سۇدا تەرەت ئالاتتى. قىلچە شەرىئەتنىڭ سىرتىغا چىقمايتتى. بىر ھۇجرىنى ئۆزى تىلاۋەت قىلىدىغان جاي قىلىپ تەيىن قىلغان بولۇپ، مەزكۇر ھۇجرىدا ئىككى بورا، ئىككى خام خىش، بىر قۇرئان كەرىم، بىر دالائىل خەيرات،

---

① تۇس — يەر - جاي نامى.

② خەتمە ئەھزاپ — بىرنەچچە كىشى قۇرئاننى بۆلۈشۈپ ئوقۇپ تۈگىتىش دېگەن مەنىدە.

③ دەلائىل خەيرات — تەڭرىنىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرىنى ئەسلەپ مەدھىيە ئوقۇيدىغان كىتاب.

بىر رەھىلدىن① باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. بۇ ھۇجرىغا مېنىڭدىن باشقا كىشىنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلمايتتى. ھاۋا سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە زورۇر بىر ئىش ئۈچۈن كىرسەم، مىرزا بابابەگ يېڭىدىن تەرەت ئالغانىكەن. سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن تەرەتنىڭ سۈيى بۇرۇت - ساقال ھەتتا قاش - كىرپىكلىرىدە مۇزلاپ قېتىپ قاپتۇ. مەن دەرھال قايتىپ چىقىپ بىر خوپىمگا② ئوتۇن - كۆمۈرنى جىق سېلىپ ئىس - تۈتۈنلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئەكىرىپ ئالدىدا قويدۇم. ئۇ قول - يۈزلىرىنى بىر ئاز ئىسسىتىپ دۇئا قىلدى ۋە: «ۋاي بالام، بۇ ئوتنى ئەمدى ئاچىقىپ كېتىپ، ئۆزۈڭلار ئىسسىنىڭلار، مېنى بۇ خىل راھەتكە ئادەتلەندۈرمەڭلار»، دەپ چىقىرىۋەتتى. ئۇ ئىبادەت قىلىدىغان ئۆيگە ئەسلا ئوت ياقمايتتى. كۆپ كېچىلەرنى قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، ئويغاق ئۆتكۈزەتتى. ئۇ ھەممىشە: «يېشىم 60 قا يېتىپ قالدى. ئاقنى قارا قىلدىم، قارىنى ئاق قىلدىم. ئۆمرۈمنى غەپلەتتە ئۆتكۈزدۈم. خۇدانىڭ دەرگاھىغا قايسى كۆزۈم، قايسى يۈزۈم بىلەن بارىمەن؟ خۇدانىڭ جامالىنى قانداق كۆرەلەيمەن؟ ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ئاق ساقىلىمنى قىزىل قانغا بوياپ تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا تۆھپە قىلىپ بارسام»، دەپ ياشلىرىنى باھار يامغۇرىدەك تارام - تارام تۆكۈپ يىغلايتتى. مەن كەمىنە كۆڭلۈمدە: «مۇبادا خىتاي ئەھلى كەلسە جېنىڭىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ، قايسى داۋاندىن ئېشىپ يۇرتىڭىزغا كېتەر ئىكەنسىز»، دەيتتىم. بۇ زات ئاخىر يەكەندە كاپىرلارنىڭ قولىدا شېھىتلىك شەربىتىنى ئىچىپ مۇرادىغا يەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە خىتايلار

---

① رەھىل — قۇرئان ۋە باشقا كىتابلارنى قويۇپ ئوقۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان ياغاچ ئەسۋاب.

② خوپىمك — ئوت قاچىسى دېگەن مەنىدە.

يەكەندە 17 ئەمىرنى بىر كۈندە شېھىت قىلغانىكەن. شۇنىڭ قاتارىدا مىرزا بابابەگ زاكاتچىمۇ بار بولۇپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلغاندا قاتتىق ئاۋاز بىلەن قاقاقلاپ كۈلگەنلىكىنى كۆرگىنلى چىققان خالايىق ئاڭلاپ، قوللىرىنى چىشلەپ ھەيران قېلىشىپ ئۈنى ماختىغان. كاپىر جاللاتلارمۇ ھەيران قالغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن يەكەندىن كەلگەن ئىشەنچلىك ئادەملەر مەن كەمىنىگە ۋەقەنى بايان قىلىپ: «مىرزا بابابەگ زاكاتچىدا قانداق ياخشى ئىش، ياخشى ئەمەل، ئوبدان خىسلەتلەر بار ئىدى؟ مۇشۇنداق ۋەقەلەر يۈز بەردى...»، دەپ سورىدى. مەنمۇ بىلگەنلىرىمنى بايان قىلدىم. ئۇلارمۇ ماختاپ، ئاپىرىنلار ئوقۇپ مىرزا بابابەگ زاكاتچىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىشتى.

بۇ بەخت ـ سائادەت بىلەن خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىق قوشكېزەكتەك بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ياخشى كۈنلەردىكى كاتىپلارنىڭ سۆزلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەرتىپى، خۇش پۇراق چېچىپ گويا مىرزا ئابدۇقادىر بىدىلنىڭ يېزىش ئۇسلۇبىغا ئوخشىشاتتى. ھەر ھەرپى خۇددى چىرايلىق بىر گۈلگە، ھەر بىر چېكىتى مەرۋايىتقا ئوخشاش بولۇپ، ئوقۇغۇچىغا ئىسىل بىر باغدا سەيلە ـ تاماشا قىلغاندەك كۆزلىرىگە روشەنلىك، دىللىرىغا خۇشاللىق بېغىشلايتتى. دەپتەر تۇتقان مىرزا ـ كاتىپ ـ لارنىڭ توغرا تەدبىرلىرىدىن قەلەمنىڭ قارا سىياھى بىلەن پۈتۈلگەن شېرىن سۆزلەرنىڭ ھەر بىر ھەرپى پۇقرالارغا راھەت ۋە ئاسايىشلىق، ھەر بىر چېكىتى كۆڭۈللىرىگە خاتىرجەملىك بەخش قىلاتتى. شۇنداقلا يۇرت زالىم، خىيانەتچى، يامان، ناپاك، بىرنى ئون، يوقنى بار قىلىدىغان، قەلىمى گويا چايان ـ نىڭ نەشتىرى، جەرراھىنىڭ زەھەر بىلەن سۇغارغان پىچىقىغا

ئوخشىشىدىغان كاتىپ ۋە مىرزىلاردىنمۇ خالىي ئەمەس ئىدى.
ئول ئادالەتلىك بىلەن خۇشاللىق بىر - بىرىدىن ئايرىل -
مىغان دەۋرلەردىكى ئالىي دەرىجىلىك ئەمىرلەر ۋە ئىشنىڭ
ئاقىۋىتىنى سەرەمجان قىلغۇچى لەشكەر باشلىقلىرى تەبىقىسىدىن
بولغان، نەسەبلىرى پەرغانە ۋىلايىتىنىڭ بابۇرىيە خانلىرىغا
يېتىدىغان مۇھەممەد نەزەربەگ ۋە قادىر قۇلبەگلەر، يەنە
قوقەن پايتەختىدە ئاز ۋاقىت خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان
خۇدايى قۇلىخان، قەدىمكى قوقەن خانلىرىنىڭ نەزەرلىرىگە
ياخشى كۆرۈنۈپ يۇرت سوراپ ئابروي پەيدا قىلغان چوڭلاردىن
باقىبەگ دادخاھ، نارمۇھەممەد پەرۋانىچى، مىربابا دادخاھ،
بۇخارالىق ئابدۇغاپپاربەگ، ھىسارلىق مۇھەممەد ئىمىنبەگ
قاتارلىق بەگ ۋە بەگزادىلەرمۇ تولا ئىدى. بۇلار ئاتىلىق
غازىنىڭ ئالىي دۆلەتلىرىدە خۇشال - خۇرام، ئىززەت - ئابرويى
بىلەن ئۆمۈرلىرىنى ئۆتكۈزدى.

جەڭ ۋە ئۇرۇش كۈنلىرىنى ئۆزلىرىگە بەزمە ۋە تاماشا
ئورنىدا كۆرۈپ، قوماندانلىق قىلىپ، لەشكەر بېشى بولۇپ
كەلگەنلەردىن: ئاتىلىق غازىنىڭ قەھرىمان ئوغلى بېكقۇلىبەگ
ئەمىرلىئۇمرا يەنى باش قوماندان ئىدى. ئىككىنچى ئوغلى
ھەققۇلىبەگ ئەمىرلەشكەر ئىدى. يەنە قەدىمكى خانلار زامانى -
لىرىدا تاشكەنتنى نەچچە يىل سورىغان مىرزا ئەھمەد قوشبېگى
ئەمىرلەشكەر ئىدى. پەرغانە ۋىلايىتىدىن كەلگەن ئوغۇللار
ئىچىدە بۇ كىشىدىن كاتتا ۋە ھۆرمەتلىك كىشى يوق ئىدى.
ئاتىلىق غازى دەسلەپ ئۇنى ئەمىرلەشكەرلىككە تەيىنلەپ قويۇپ
كېيىن بىر ئاز ئېھتىيات قىلىپ ئەملىدىن قالدۇردى، كېيىن
يەنە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ ئۆز ئورنىدا قويدى. يەنە پەرغانە
ۋىلايىتىدىكى خانلارنىڭ ھۇزۇرىدا چوڭ ئەمەل تۇتقان قىپچاق
ئۆمەر قول دادخاھ ئون تۆت يىل ئەمىرلەشكەر بولۇپ، شۇ

راھەتتىن ئايرىلمايلا پەرغانە ۋىلايىتىگە چىقىپ كەتتى. يەنە ئابدۇللا ئەمىرلەشكەر بولۇپ، نەچچە يىللار رۇستەمى داستان ۋە سام نەرىمانلاردەك پالۋانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئاخىر كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغانلىقتىن ئورنىغا بەچە باتۇرنى ئەمىرلەشكەر قىلدى. ئۇمۇ ئاتلىق غازىنىڭ قول ئاستىدا كۆزگە كۆرۈنۈپ ئابروي قازاندى. يەنە قىپچاق تۇردى قۇل دادخاھ ناھايىتى ئېتىقادلىق مۇسۇلمان كىشى بولۇپ، ئۈرۈمچىدە ئەمىرلەشكەر بولۇپ تۇردى. كېيىن بىكار بولۇپ كوچادا تۇرۇپ قالغاندى. كېيىن ساق ـ سالامەت ئۆز ۋەتىنىگە چىقىپ كەتتى. يەنە قىپچاق مۇھەممەد مۇسا توقسابە ئاقسۇدا ئەمىرلەشكەر بولۇپ تۇردى. كېيىن ئاتلىق غازى تەرىپىدىن سالام ئاغىسى مەنسىپىگە تەيىنلەندى. يەنە سەرۋازلارنىڭ ئەمىرلەشكىرى ئاۋغان جامەدار دادخاھ بولۇپ، ئۇ شەۋكەتلىك، ھىممەتلىك، غەيرەتلىك، باتۇر كىشى ئىدى. كېيىن ئامان ـ ئېسەن ئۆز يۇرتىغا چىقىپ كەتتى ۋە ئىككى ھەرەمنى زىيارەت قىلىشقا بېرىپ مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن ۋاپات بولدى.

ياساۋۇللارغا باشلىق بولغان تۇراپ خوجا ئەمىر لەشكەر دەرىجىسىدە ئورۇن تۇتقاندى. كېيىن بىكار قىلىنىپ ئورنىغا مۇھەممەد قاۋۇل يۈز بېشى ياساۋۇللارغا باشلىق بولدى. ئۇ مەشھۇر، ئاتاقلىق كىشى ئىدى. يەنە قىپچاق مۇھەممەد كېرىم دادخاھ ئەمىرلەشكەر ئىدى. ئۇ پەرغانە ۋىلايىتىدىمۇ دادخاھ بولغانىكەن. يەنە كورلىغا ھاكىم بولغان نىياز مۇھەممەت توقسابە ئەمىرلەشكەر ئىدى. ئاخىر ئالتە پانسات بىلەن داۋانچىڭدا شېھىت بولدى.

باتۇر، ئاتاقلىق پانساتلاردىن ئەزىم قول پانسات ۋە ھەيدەرقول پانساتلار كاپىرلارنىڭ قولىدا شېھىت بولدى. كەرىمباي مىرزا پانسات ئۆز يۇرتىغا كەتتى. ھاجى ئارتۇق مىرزا بېشى

پانسات ئىدى، ئەمما ئەمىرلەشكەر دەرىجىسىدە ئىدى. ئۇ موللا، ئۆلىما، پازىل كىشى ئىدى ۋە يەنە ئۆزگەنچ بەگلىرىدىن ھەمۇدبەگ ئۆرگەنچى پـانسات ئىدى. ئۇ مۇسۇلمانلارچىلىقى كاچلىك، مۆمىن كىشى ئىدى ۋە يەنە ئارا تۆپە بەگزادىلە-رىدىن ئىلىبەگ پانسات ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئۇلۇغ ئادەم ئىدى. موللا ئالىم قۇل ئەمىرلەشكەرنىڭ ئوغلى شىرمۇھەممەد مىرزا چوك پانسات ئىدى. ئوبۇلقاسىم پانسات يېڭىسارغا ھاكىم بولدى. ھېكىمباي پانسات ھېكىمخان تۆرەم زامانىسىدا ئۈچتۇر-پانغا ھاكىم بولدى.

شاغاۋۇل دادخاھنىڭ ئوغلى ئىسھاقجان پـانسات، خالمان پانسات، ھېيت مۇھەممەد پـانسات، باقىبەگ پانسات، نۇرۇز پانسات، ئاخۇن پانسات، رومۇلۇق مۇھەممەد ئەپەندى، خېلىل ئەپەندى، كېپەك لاۋۇر، باي مۇھەممەد جارچى بېشى، مۇھەممەد رېھىم پالۋان قاتارلىق باتۇر ۋە قەھرىمانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى.

ئالتە شەھەر ئادەملىرىدىن: نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئىنىسى مۇھەممەت ئىمىنبەگ ئەمىرلەشكەر ئىدى. ئاقسۇنىڭ ھاكىمى ئابدۇراخمان دادخاھنىڭ ئوغلى ھاپىزبەگ پانسات ئىدى. ئۇ ئۆزى موللا، ئۆلىما، پازىل كىشى ئىدى. دەسلەپتە ئۇ دادىسىنىڭ خىزمىتىدە بولغانىدى. مۇشۇ يىلدا ئىككى ھەرەمنى زىيارەت قىلىپ يېنىپ كەلدى. يەلەكنىڭ ئەھۋالى، كىشىلەرنىڭ خۇي - پەيلى ئۇنىڭ مىجەزىگە مۇۋاپىق كەلمىگەنلىكتىن شەھەرنى تاشلاپ سەھرانى ياقتۇرۇپ، يېزىدا ۋەتەن تۇتتى. يەنە كۇچالىق قادىر پـانسات خىتايلار كەلگەندىن كېيىن ئازراق مەنسەپ تۇتتى. كېيىن ئىككى ھەرەم زىيارىتىگە تەييارلىق قىلىۋېتىپ ۋاپات بولدى. يەنە بىرى شايازلىق مەئمۇر پانسات خىتايلار شەھەرنى بېسىۋالغاندا بويسۇنۇشنى ئار - نومۇس بىلىپ، ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىنى ئادا قىلىشنى

زورۇر بىلىپ ھەرەمنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بىرمۇنچە ئادەملىرى بىلەن كۆچۈنۈپ شاياردىن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات دېگەن يېرىگە كەلگەندە، بىر كېچىدە زۇڭتۇڭ نۇرغۇن چېرىك بىلەن چىقىپ تۇتۇۋېلىپ، يەكەندە شېھىت قىلدى، يەنە ئاقسۇلۇق سازەندە — ئەھمەد ئاخۇن موللا رۇستەم ئوغلى، ئاتلىق غازىغا يىگىت ۋە مەھرەم، شەھەر ۋە سەپەرلەردە ھەمدەم، يەتتە يىل مىقدارى ئۈرۈمچى ۋە تۇرپانلاردا بولغان جەڭلەردە ياردەمدە بولغان كىشى ئىدى. ئۈرۈمچى ۋە تۇرپاندا بولغان ۋەقەلەرنىڭ ھېكايە ۋە خەۋەرلىرىنى مەزكۇر ئەھمەد ئاخۇندىن سوراپ ئۆز ئاغزىدىن بىۋاسىتە ئاڭلاپ، يەنە بەزى ئىشەنچ-لىك، ئابرويلۇق، راست گەپ قىلىدىغان كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ بۇ ۋاراق ئۈستىگە يازدىم. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ ھەممە جايى، ھەممە ماكاندا، ھەممە ۋاقىت ھازىر ۋە تەييار بولمىقى مۈشكۈل ۋە مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر.

## 17

### ئۇشبۇ كىتابنى يازغۇچىنىڭ ئىسمى نەسەبلىرى ۋە سەرگۈزەشتلىرى

يېقىن يارانلار ۋە ساداقەتلىك بۇرادەرلەرنىڭ ساپ كۆڭۈل-لىرىگە ئاشكارا بولغايكىم، مەن كەمىنە تۇپراقنىڭ زەررىسىدىنمۇ ئېتىبارسىز بولغان موللا مۇسا موللا ئەيسا سايرامى ئوغلى شۇنى بايان قىلىمەنكى، مەن ئەمدى بالاغەتكە يەتكەن چېغىمدا، دادام مەرھۇم ماڭا ئىلىم ئۆگىنىش مەقسىتى بىلەن كۇچاغا ئاپىرىپ موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنىڭ خىزمىتىگە تۇتۇپ بەرگەنىدى. بىرنەچچە يىل مەدرىسىنىڭ توپىسى، ئوقۇغۇچى تالىپلارنىڭ ئاياغ ئاستى

بولۇپ يۇرۇپ ئانچە - مۇنچە بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى پەرق
ئېتىشكە ماجالىم يېتەمىغان بولغان چاغلىرىمدا، كۇچادا تۇڭگانلار
خىتاي ئەھلىگە ھۇجۇم قىلىپ ئىسلام ئاچتى. شۇ چاغدا مەن
كەمىنە يازغۇچى سايرامغا كەتكەنىدىم. كۇچادىن ئۇشتۇمتۇت
سىيىت بۇرھانىدىن خېتىپ خوجام ۋە ئوغلى مەھمۇدىن خوجام،
موللا ئوسمان ئاخۇنۇملار ئىسلام ئىچىش نىيىتى بىلەن ئاقسۇ
تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ سايرامغا يېتىپ كەلدى. مەن كەمىنە
ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، خالاپ - خالىماي ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ
بىللە قارايۇلغۇنغا كەلدۇق. ئاقسۇنىڭ ھاكىمى سەئىدبەگ نۇرغۇن
خىتاي چېرىكلىرىنى ئاچىقىپ بىز بىلەن جەڭ قىلدى. بىز ئۇلارغا تەڭ
كېلەلمەي قاچتۇق. مەن كەمىنە بىرنەچچە ئادەملەر بىلەن موقۇر
يولىغا كىرىپ چۆل ئارقىلىق كۇچانىڭ يۇلتۇزباغ كەنتىگە چىقتىم.
ئات - جابدۇق، ئىگىن - ئاياغلىرىمدىن ئايرىلدىم. ئۇلار مىنى
خىتايلارغا تۆھپە قىلىپ بەرمەكچى بولۇشتى. ھەپتە ئۆتكەندىن
كېيىن يەنە كۇچالىق خوجاملار نۇرغۇن لەشكەرنى ئېلىپ ئاقسۇغا
ماڭغانلىقىنىڭ خەۋىرى ئاڭلاندى. يۇلتۇزباغدىن پىيادە ۋە
يالغۇز كۇچا شەھىرىگە باردىم. كۇچا ئادەملىرىنىڭ ھال - ئەھۋا-
لىدىن قىيامەت ئاشكارا كۆرۈندى. پاناھلىنىدىغان جاينىڭ تايىنى
بولمىدى. ئاخىر مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللانىڭ مازىرىغا
باردىم. موللا ئاللايار ئاخۇنۇم، موللا يۈسۈپ ئاخۇنۇملار
مازارنىڭ بېغىدا، خوجاملارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئايىغىدا
ئېتىكاپ قىلىپ ياتقانىكەن. ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈم. بېشىمدىن
ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىپ ئۇ جايدا 20 كۈن مىقدارى
تۇردۇم. مەھمۇدىن خوجام ئۇشتۇمتۇتلا ئاقسۇنىڭ پەتھە قىلىن-
غانلىق خەۋىرىنى كۇچاغا ئەكەلدى. بېرىپ مەھمۇدىن خوجام
بىلەن كۆرۈشتۈم. بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن مەھمۇدىن
خوجام ئاقسۇغا قايتىدىغان بولدى. مەنمۇ بىللە قايتىپ سايرامغا

كەلدىم. نەزەر سېلىپ قارىسام، يۇرتنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ئەھۋالى باشقىچە، بۇ يەردە تۇردىغاننىڭ ئىمكانى يوق. يەنە مەھمۇدنى خوجام بىلەن ئاقسۇغا كەلدىم، ئاقسۇدىن ئۇچتۇرپانغا باردىم. بۇ يۇرتلار ئاتلىق غازىنىڭ قولىغا ئۆتكەنگە قەدەر ئۇچتۇرپاندا كۈن كەچۈردۈم. بۇ توغرۇلۇق ۋەقەلەر يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن جانابىي ئاتلىق غازى تەيىنلىگەن زاكاتچىلىق خىزمىتى ۋە مىرزىلىق ئورنىدا 11 يىل تۇرۇپ، ئولتۇرۇپ - قوپۇش، ئاش - تاماقتا بىللە بولۇپ، خاتىرجەم، كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئۆمرۈم ئوبدان ئۆتتى. ھالا ھازىرقى كۈنلەردە قېرى - ناتىۋان، ھېچ ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان ئاجىز، گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ، گۇناھىمنىڭ لېيىغا پېتىپ بىر بۇلۇڭدا ئورۇن تۇتۇپ، ھەممىدىن خالىي بولۇپ ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇۋاتىمەن. تەڭرىگە شۈكرى.

مەن يۇقىرىدا «سايرامدىن بولىمەن» دېگەنىدىم. سايرامنىڭ ئەھۋالىنى ئازراق بايان قىلماي مەن غېرىب - كۆڭلى سۇنۇقنىڭ دىلى ئۆز جايىغا چۈشمەيدۇ. شۇڭا ئاتا - بوۋا، ئەجدادلىرىمىز ۋە ياشانغان پېشقەدەملىرىمىزدىن قايتا - قايتا ئاڭلىغان، ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئېيتىلىپ كەلگەن ئىشەنچلىك رىۋايەت ۋە نەقىللەرگە ئاساسەن بۇ ۋەقەلەرنى مۇنداق بايان قىلىمەن:

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 200 يىل ئىلگىرى، ئىلىدا قۇنتەيجى ئىسمىلىك بىر قالماق بۇ موغۇلىستان يۇرتلىرىغا باش بولۇپ، خانلىق مەقامىدا ئولتۇرۇپ ھۆكۈم سۈرگەنىكەن. ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى شەرق تەرەپتە قۇمۇل، غەرب تەرەپتە تاشكەنت، سايرام، جەنۇب تەرەپتە لوپ ۋە چەرچەنگىچە جارى بولغانىكەن.

شۇ زامانلاردا قۇنتەيجى لەشكەر تارتىپ بېرىپ تاشكەنت

ۋە سايراملارنى* ئېلىپ ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇپتۇ. سايرامنى بىر قالماقنى باشلىق قىلىپ، بىرنەچچە قالماقنى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ قويۇپ قايتىپ ئىلى تەۋەسىگە يېتىپ كەلگەندە سايرام خەلقى قالماقلارغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، قالماقلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ. بىرنەچچىسى جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېچىپ كېلىپ قۇنتەيجىگە بولغان ۋەقەنى بىر - بىرلەپ بايان قىپتۇ. قۇنتەيجى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆز قائىدىلىرى بويىچە قەسەم ئىچىپ، ئىلگىرىمۇ كىرمەي ئارقىسىغا قايتىپ سايرامغا كېلىپ بىر مۇنچە كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، بۇلاپ - تالاپ ئىككىنچى قېتىم بويسۇندۇرۇپ ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇپتۇ.

سايرام خەلقى ئۈچ قەبىلە يەنى خوجا ئۇرۇقى، شاھ ئۇرۇقى، ئەمىر ئۇرۇقىدىن ئىبارەت ئۈچ ئۇرۇق ئىكەن.

قۇنتەيجى بۇ قېتىم قايتىپ كېلىشىدە ئۈچ ئۇرۇقنىڭ ئېسىلزادە، كاتتىلىرىدىن تاللاپ 20 ئۆيلۈكتىن جەمئىي 60 ئۆيلۈك كىشىنى بالا چاقىلىرى ۋە ئۇرۇق - ئەۋلادى بىلەن سۈرگۈن قىلىپ كۆچۈرۈپ پايتەختى ئىلىغا ئەكەپتۇ. بۇلار ئىلىدا بىر يىل مىقدارى تۇرۇپتۇ، ئاندىن ئۇلارنى تۇرپانغا ئەۋەتىپتۇ. تۇرپاندا ئىككى يىل تۇرۇپتۇ، بۇ چاغدا قۇنتەيجى ئۆلۈپتۇ، خاقانىي چىننىڭ لەشكەرلىرى ئىلى بىلەن بۇ يەتتە شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. بۇ ئەھۋاللار بولغاندىن كېيىن، ئەمدى ئۆز يۇرتىمىزغا كەتسەك بولىدىكەن، دەپ بۇ 60 ئۆيلۈك كىشى «ۋەتىنىنى سۆيۈش — ئىماننىڭ جۈملىسىدىن» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىپ، ئۆز يۇرتىغا كېتىشنى ئارزۇ قىلىپ تۇرپاندىن

---

* سايرام — سوۋېت ئۆزبېكىستانى تاشكەنت شەھىرىنىڭ قېشىدىكى سايرام دېگەن جاينى كۆزدە تۇتىدۇ.

چىقىپ ئىلى ئارقىلىق مۇز داۋانغا كەلگەندە خىتاي چېرىكلىرىگە ئۇچراپتۇ. «نېمە ئادەم سىلەر؟»، دەپ سورىغاندا، بولغان ۋەقەنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىپتۇ. خىتاي چېرىكلىرىنىڭ كاتتىسى شەپقەت قىلىپ «هازىر بۇ يەرلەرگە ئۇلۇغ خاننىڭ چېرىكلىرى يېتىپ كەلدى، يوللار پاراكەندە، يوللار خاتىرجەم بولۇپ بۇ يۇرتلاردا تىنچ ـ ئامانلىق بولغۇچە، دېھقانچىلىق قىلىپ كۈن كەچۈرۈڭلار»، دەپ ياقائىرىق يېزىسىغا ئەكىلىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن كۆنەلمەي باشقا بېرىپ ئورۇنلىشىپتۇ. بايىدىمۇ تۇرالماي، «تاغ باغرى كەڭرى يەر ئىكەن» دەپ كۆچۈپ كېلىپ مۇشۇ سايرامدا* ئورۇنلىشىپ توختاپ قاپتۇ. بۇلار ئەسلى كونا سايرامدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يەرنىمۇ سايرام دەپ ئاتاپتۇ. ئاقىۋەتتە بۇ يۇرتلار خىتايلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپتۇ.

ئالتە شەھەردە ئادەم ئاز بولغانلىقتىن، ئاۋات بولمىغانلىقى ئۈچۈن خىتاي مەنسەپدارلىرى سايرام خەلقىنى ئۆزلىرىگە رام قىلىپ، ئۆزلىرىگە پۇقرا قىلىشنى قەستلەيدىكەن. سايرام خەلقىنىڭ ئەمىر ئۇرۇقىدىن بىر كىشىسى ھۆكۈمەت ۋە مەنسەپكە جېنىنى پىدا قىلىدىغان كىشى ئىكەن. خىتاي مەنسەپدارى شۇ كىشىدىن: «بۇ سايرام خەلقى قانداق قىلسا ئۇلۇغ خانغا تەۋە بولىدۇ»، دەپ سوراپتۇ. «بۇلار مېنىڭ گېپىمدىن چىقمايدۇ. ماڭا چوڭ مەنسەپ بەرسەڭلار، ئۇلۇغ خانغا پۇقرا قىلىپ بېرىمەن»، دەپتۇ ئۇ. خىتاي مەنسەپدارى قوبۇل تۇتۇپ، ئۇلۇغ خانغا مەلۇم قىلىپ ئۇ كىشىگە ئاقسۇ ۋە كۈچانىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك ھاكىمى بىلەن تەڭ مەنسەپ بېرىپتۇ.

* سايرام ــ باي ناھىيىسىدىكى سايرام يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن سايرامنىڭ ھاكىمىنىڭ دەرىجە ۋە مەرتىۋىسى ئاقسۇ، كۇچانىڭ ھاكىمى بىلەن باراۋەر بولسىمۇ پۇقرالىرى ئاز ئىدى.

سايرامدىكى بۇ ئۈچ ئۇرۇقنىڭ ئادەملىرى بىرنەچچە ئەسىرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە ئۆز ئىچىدە بىر-بىرىدىن ئايرىپ پەرقلەندۈرىدۇ.

«شاھ ئۇرۇقى» دەيدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ يىراق ئەجدادىنى تاجىك شاھلىرىغا يەتكۈزىدۇ. «ئەمىر ئۇرۇقى» دەيدىغانلار ئەزەلدىن ئەمەل تۇتۇپ، مىرزا ۋە مەنسەپدار بولۇپ كەلگەنلەرنىڭ ئەۋلادى بىز، دەيدۇ. «خوجا ئۇرۇقى» دەيدىغانلار ئۆزلىرىنى «ئەلۋى» يەنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەۋلادى بولىمىز، دەپ پەخىرلىنىپ ماختىنىدۇ. مەن كەمىنە ھەم ئۇشبۇ ئۇرۇقتىن بولىمەن. ئاتا ۋە ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك شەجەرىلەر ھېلىمۇ بار.

ھەممە مىللەت ھەممە دىندا، ئۇلۇغ مۆتىۋەرلەر ئارىسىدا، ئەرەب ۋە ئەجەملەر ئىچىدە، تۈرك ۋە موغۇل تائىپىلىرىدىمۇ ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ نەسەبلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ كەپتۇ. ھەركىشى ئۆزىنىڭ نەسەبىنى بىرەر قەبىلىگە توغرىلاپ، ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىپ، ماختىنىپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئۇستىخان-سۆڭەكلىرىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۆتۈپتۇ. خىتاي، قالماق، قىرغىز، قىپچاقلارمۇ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ نەسىبىدىن پەرزەنت، بالا-چاقىلىرىنى خەۋەردار قىلىدۇ. ئۆز نەسەبلىرىدىن خۇرسەن بولىدۇ. مۇنداق بولغاندىن كېيىن مەن كەمىنە ھەم ئاتا-ئەجدادلىرىمنى ئىزھار قىلىپ بايان قىلماقنى لازىم كۆردۈم، يەنى موللا مۇسامۇللا ئەيسا خوجا ئوغلى، ئېزىزخان خوجا ئوغلى، نىيازخان خوجا ئوغلى، ئىشان سۇلتان خوجا ئوغلى،

ئىشان پادشاھ خوجا ئوغلى، ئىشان شاھ جاھان خوجا ئوغلى، ئىشان غېرىب شاھ خوجا ئوغلى، ئىشان سەئىد جالالىددىن باب ئوغلى، ئىشان سەييد جامالىددىن باب ئوغلى، ئىشان سەئىد كامالىددىن باب ئوغلى، ئىشان سەئىد ئىبراھىم باب ئوغلى، سەئىد ئابدۇجاپپار باب ئوغلى، سەئىد ئابدۇكېرىم باب ئوغلى، ئابدۇلمەجىد باب ئوغلى، ئابدۇلۋۇدۇد باب ئوغلى، ئابدۇلئەزىز باب ئوغلى، ئارسلان باب بابام ئوغلى، ئىلياس باب ئوغلى، مەھمۇد باب ئوغلى، ئىپتىخار باب ئوغلى، ئوسمان باب ئوغلى، ئۆمەر باب ئوغلى، ئىسمائىل باب ئوغلى، ئىسھاق باب ئوغلى، ئابدۇكېرىم باب ئوغلى، ئابدۇجېلىل باب ئوغلى، ئابدۇرېھىم باب ئوغلى، ئابدۇراخمان باب ئوغلى، ئابدۇ-جاپپار باب ئوغلى، ئابدۇلپەتتاھ باب ئوغلى، ئىمام مۇھەممەد ھەنىپە ئوغلى، ھەزرىتى ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھۇ ئوغلى.

بۇ مۇبارەك شەجەرىنى تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 945 - يىلى① سەمەرقەندە پادشاھى ئەبەيدۇللاخاننىڭ زامانىسىدە يېڭىلاپ يېزىپ، كاتتا ئۆلىمالارنىڭ مۆھۈرلىرىنى باستۇرۇپ، ئەبەيدۇللا خاننىڭ ئالتۇن مۆھۈرلىرى بىلەن زىننەت بېرىپ، كامالىددىن باب شەيخنىڭ ساقلاپ مۇھاپىزەت قىلىشىغا ئالتۇن نىشان② بەرگەنىكەن. بۇ ئالتۇن نىشان تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىكتىن تەۋەررۈك بىلىپ، كەم - زىيادە قىلماي، ئۆز ئەينى بويىچە بۇ سەھىپىگە كۆچۈرۈپ يازدىم.

---

① ھىجرىيىنىڭ 945 - يىلى مىلادىنىڭ 1538 -، 1539 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② ئالتۇن نىشان — بۇرۇنقى پادشاھلارنىڭ يارلىقى، خىزمەتكە بەلگىلەش بۇيرۇقى قاتارلىقلار ئالتۇن نىشان دەپ ئاتالغان.

# يارلىق

«ئەبۇلغازى ئەبەيدۇللاخان باھادىر، ئەزىز دۆلەتمەن قىرىنداشلار، بەخت ـ سائادەتمەن پەرزەنتلەر، قەدىرلىك بەگلەر، دىيانەتلىك ئۇمۇرالار، ئېتىبارلىق ۋەزىرلەر، ئامانەتكە سادىق ۋەكىللەر، خۇسۇسەن سايرام ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمى، سەججادە نەشىن① لىرى، شەيخ ۋە قازىلىرى، دانىشمەن مۇدەررىسلىرى، يۈز بېگى، ئون بېگى، ئەرباب باشلىقلىرى، ئايماق ـ ئايماق، كەنت ـ كەنتلەردە ئولتۇراقلاشقان چوڭ ـ كىچىك، تۈرك، تاجىك، پۇقرا ـ رەئىيەلەرگە سۆزىمىز مەلۇم بولسۇنكىم، شەرىئەتنىڭ كۈچلىنىشى، سائادەتنىڭ قانات يېيىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان خانلىقىمىز تەرىپىدىن، خالايىقلارنىڭ خوجىسى بولغان، دۇئا ۋە سالامنىڭ ھەممىدىن ئەۋزىلى ۋە ئالىيسى يوللىنىدىغان ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەرىئەتلىرىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە روناق تېپىشىغا يەنىمۇ ياردەم ۋە مەدەت بېرىش ئۈچۈن، ئالىيجاناب ۋە ئالىي نەسەب ئۇلۇغ ماشايىخ كامالىدىن سەيىدىمنى سايرام يۇرتىنىڭ سەججادە نەشىنلىك مەنسىپى، شەيخۇلئىسلاملىق دەرىجىسىگە لايىق كۆرۈپ ئۇشبۇ يارلىقنى چۈشۈردۇق. بۇ يارلىقنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ ئالىيجانابنى شەيخۇلئىسلام ۋە ئۇلۇغ پېشىۋا بىلىپ، بۇ ئالىي مەنسەپكە تەئەللۇق ئىشلاردا ئالىي جانابقا ئەگىشىپ، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرگەيسىزلەر، ھېچقانداق كىشىنى بۇ مەنسەپتە ئالىيجانابقا

① سەججادە نەشىن — لۇغەت مەنىسى، سەجدە قىلىدىغان يەردە ئولتۇرغۇچى دېگەن بولۇپ، دىنىي پېشىۋا، دىنىي يېتەكچى دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

شېرىك، دەپ تونۇمىغايسىزلەر. ھېچبىر كىشى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا دەخلى بەرمىسۇنلەر. شەرىئەتنىڭ تايانچىسى بولغان قازى پەردۇن ۋە باشقا قازىلارمۇ ئالىيجانابنى ئۆزلىرىدىن مۇقەددەم ۋە پېشىۋا بىلىپ، شەرىئەتنىڭ ھۆكۈم ۋە خەت-ۋەسىقىلىرىگە مۆھۈرلىرىنى باستۇرسۇنلەر. يارلىققا خىلاپلىق قىلمىسۇنلەر. ھاپىز، قارىي، ئىمام، مەزىن، شەيخ، مۆتىۋەللىلەر، يىراق-يېقىندىن كەلگەن دىنىي يېتەكچىلەر، جانابىي ئالىينىڭ سۆز-ھەسلەھەتىدىن چىقمىسۇنلەر. يېقىندىن مەدەت ۋە ياردەم بېرىپ، ئىززەت-ئىكرامىنى بەجا كەلتۈرۈپ خىلاپلىق قىلمىسۇنلەر. باشقا كىشىنى تەلەپ قىلىپ يېڭى نىشان، يېڭى يارلىق ئالمىسۇنلەر. جانابىي ئالىينىڭ غەيۋەت-شىكايىتىنى قىلىپ گۇناھكار ۋە رەسۋا بولمىسۇنلەر، دەپ تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 945-يىلى① (ئىت يىلى) سەپەر ئېيىدا سەمەرقەند شەھىرىدە مۆھۈرلۈك نىشان، يەنى يارلىق قىلىندى. ۋەسسالام».

بۇرۇنقى زاماندا ئۆتۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ناملىرىنى ۋە كونا، چىرىپ قالغان يارلىقلارنى بۇ سەھىپىگە يېزىپ كىرگۈزۈشتىكى مەقسىتىم، ئۆتكەن خانلار ۋە بۇ خانلارنىڭ بەلگىسى ۋە نەمۇنىسى بولغان يارلىقلار بىلەن بۇ يازغانلىرىمغا② شەرەپ ھاسىل بولۇپ قاتارغا كىرىپ قالارمىكىن، ئوقۇغان، ئىشىتكەنلەر بۇرۇن ئۆتكەن ئەزىزلەر، ئالىي نەسەبلىك خانلار ھەققىدە دۇئا-پاتىھە قىلماقلىرىغا سەۋەب بولارمىكىن دېگەن ئارزۇدىن ئىبارەت.

---

① ھىجرىيىنىڭ 945-يىلى مىلادىنىڭ 1538-، 1539-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② بۇ يازغانلىرىم — دەپ ئاپتور مۇشۇ «تارىخىي ئەمىنىيە» كىتابىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

تارىخ كىتابلىرىدا شۇنداق زىكىر قىلىپدۇركى، خان، خاقان ۋە ئىقتىدارلىق پادىشاھ بولۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئېسىل نەسەبلىك بولۇشىغا ھەددىدىن زىيادە رىئايە قىلىنغان. ھەر زامان، ھەر ماكاندا ئالدى بىلەن ئاتا-ئەجدادلىرىنىڭ نەسەب ۋە نەسلىنى سۈرۈشتۈرۈپ ۋە مۇلاھىزە قىلىپ ئاندىن خالايىق ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئۇلۇغ پادىشاھ قىلىپ تىكلەپ ئىتائەت قىلىپ، ئەمر-پەرمانلىرىغا بويسۇنۇپ كەلگەنىكەن. ئۇلار پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، ھاكىملارنىڭ ھاكىمى بولغان ئۇلۇغ تەڭرىمىنىڭ ئۆزىگە خاس پەزىلىتى بىلەن شۇنداق كاتتا دۆلەت ۋە ئىززەتكە مۇيەسسەر بوپتۇ. بۇ پادىشاھلارغا ئۇلارنىڭ كەمتەر-ئاجىز پۇقرالىرىدىن بىرى ئازغىنا خىزمەت قىلىپ، بىرەر قېتىم نەزەرىدىن ئۆتسە، ئۇ پادىشاھلار بۇنداق ئاجىز پۇقرالىرىغا شاھانە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئايلىق، يىللىق، مائاش-تەمىنات تەيىن قىلىپ ئۇلارنىڭ ئەۋلادىدىن-ئەۋلادىغىچە بەھرىمەن بولۇش شەرىپىگە مىراسخورلۇق قىلىشى ئۈچۈن يارلىق ۋە نىشان بېرىدىكەن. كېيىن بولغان خان، پادىشاھلار بۇ كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئىزدەپ تېپىپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ مائاش-تەمىناتلىرىنى ئىنئام ۋە ئېھسان قىلىپ ئۇلارنى رازى قىلىدىكەن. بىرنەچچە يىلدا بىر نۆۋەت ئوردىلىرىغا ئاپىرىپ كۆرۈشۈش شەرىپىگە ئىگە قىلىپ، ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىپ ھەممىدىن غەمسىز، بىھاجەت قىلىدىكەن.

ئەي، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى، ھاكىملارنىڭ ھاكىمى بولغان ئۇلۇغ تەڭرىم! ھەقىقىي پادىشاھلىق ساڭا خاستۇر. سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن. شۇڭا مەخلۇقلىرىڭدىن بەزىلىرىنى ئىلغاپ، ئىلتىپاتىڭ بىلەن ئۇلارغا كاتتا دۆلەت، بەخت-پاراغەت ئاتا قىلىپ، ھەممىدىن غەمسىز ۋە بىھاجەت قىلىپ دەرگاھىڭغا يېقىن قىلىسەن. شۇنداق بەن-

دىلىرىڭىزنىڭ ئۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادىنى زامان-زامانلار-غىچە ھەتتا قىيامەتكىچە توغرا يولغا سېلىپ، ھىدايەت ئاتا ئەيلەپ مەھشەر كۈنى چوڭ-كىچىك گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىپ ئۆز جامالىڭنى كۆرۈش شەرىپىگە ئىگە قىلساڭ، بۇ مۇئەللىپنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا قىلىپ، ئىلگىرى-ئاخىر ئۆتكۈزگەن گۇناھ-لىرىغا ئەپۇ قەلىمىنى سۈرۈپ، كەرەم ۋە مەغپىرەت قەلەمتىراچى بىلەن جەرملىرىنىڭ① نۇقتىسىنى يۇيۇۋېتىپ ھەرەمگە ئۆزگەرتىپ جامالىڭنى كۆرۈشكە سازاۋەر قىلساڭ، سېنىڭ ئۇلۇغ دەرگاھىڭ ئۈچۈن ئاجايىپ ۋە غارايىپ ئىش ئەمەس. پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى بولغان شەپقەتلىك تەڭرىم، ئىككى ئالەمنىڭ خوجىسى، ئاخىر زامان پەيغەمبىرى — مۇھەم-مەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققى-ھۆرمىتىدىن دۇئايىمىزنى ئىجا-بەت قىلغىن، ئامىن!

## 18

### خاقانى چىن مەنسەپدارلىرىنىڭ بۇ يەتتە شەھەر زېمىنىنى ئىك-كىنچى قېتىم بويسۇندۇرغانلىقى؛ ئۆز مۈلكى-مىراسلىرىغا يەنە بىر قېتىم ئىگە بولغانلىقى

خاقانى چىن ئىقلىمىنىڭ خانى داۋگۇاڭ② زامانلىرىدا چىن ئىقلىمىنىڭ تەۋەلىرى ناھايىتى مەمۇرچىلىق، ئەتراپ

---

① جەرام-جەرم — گۇناھ دېگەن مەنىدە بولۇپ، جەرمنىڭ چېكىتىنى ئېلىۋەتسە «ھەرەم» بولىدۇ. ھەرەم دېگەن يېقىن، خاس دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

② داۋگۇاڭ — 1821-يىلدىن 1850-يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

چېگرىلىرى تىنچ بولغانىكەن. داۋگۇاڭ خان 32 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئاندىن شيەنفېڭ① خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا جىن موزا دېگەن بىر گۇرۇھ خانلىق تالىشىپ ماجىرا تۇغدۇرۇپ، نۇرغۇن جەڭ ۋە جېدەللەر يۈز بېرىپتۇ. شيەنفېڭ خان 12 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇڭجى② خانلىق تەختىگە چىقىپتۇ. بۇ چاغدا تۇڭگانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ خاننىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپتۇ. تۇڭجى خان تەختتە ئولتۇرۇپ يەتتە يىلدىن كېيىن بۇ موغۇلىستان يۇرتىنىڭ كۇچا شەھىرىدىكى تۇڭگانلارمۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ خاقانى چىننىڭ مەنسەپدار ۋە چېرىكلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆز ئالدىغا باشقا بولۇۋالدى. بۇ توغرۇلۇق ۋەقەلەر باشتا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى.

تۇڭجى خان زامانلىرىدا خاقانى چىننىڭ چەت - ياقا چېگرا يۇرتلىرى تولىمۇ چېچىلاڭغۇ، ئىتتىپاقسىز ئىدى. خان ئوردىسىدىكى قۇرئەنداز - پالچى، مۇنەججىملەر خاننىڭ بەخت - تەلەيىگە قۇرئە تاشلاپ، پال سېلىپ ئېيتتىلەركى: «تۇڭجى خان، خانلىقنى بېرىپ، يەرنىڭ ئاستىغا كىرمىگۈچە خاقانى چىن ئىقلىمىدىن نەسلىڭ ۋە شۇملۇق كۆتۈرۈلمەيدىكەن. تەقدىرنىڭ ئەھۋالىدىن مۇشۇنداق بولىدىغانلىقى مەلۇم بولدى»، دەپ خانغا مەلۇم قىلدى. قۇرئەنىڭ مەزمۇنىغا بىنائەن خان پادىشاھلىق تەختىدىن ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ گۆرۋىستانلىقىغىچە بولغان بىر پوتەي مىقدارى ئارىلىقتا لەخمە كولاپ، يەر ئاستى بىلەن

---

① شيەنفېڭ — 1851 - يىلدىن 1861 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

② تۇڭجى — 1862 - يىلدىن 1874 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

يول ياساتتى. خانلىقنى خانزادىلەردىن گۇاڭشۈي* دېگەن كىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى باشلىرىنى چۈشۈرتۈپ راھىب سۈپەت بولۇپ، «يەر يۈزىدە يۈرمىكىم هارام بولدى»، دېگەن ئەقىدە بىلەن ئولتۇرغان تەختىدىن چۈشۈپ، يەر ئاستى يولىغا كىرىپ، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ گۆرۈستانلىقىدىن چىقتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىگە كۆرۈنمەيدىغان بولدى، دەپ رىۋايەت قىلىدۇ.

گۇاڭشۈي خان خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان چېغىدا كىچىك بولۇپ، ئۈچ ياشتا ئىكەن. زۇڭىدۇ، ۋەزىر، كاتتا ئەمەلدارلار ئۆزىنىڭ قائىدە ـ رەسىم، ئەقىدىلىرى بويىچە ئاسماندىن بىر ياشنى تىلىۋېلىپ خانغا بېرىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن خان تۆت ياش بوپتۇ. ئانىسى بىر ياشنى بېرىپتۇ، خان بەش ياشلىق بوپتۇ. زېمىندىن بىر ياشنى تىلەپ ئېلىپ بېرىپتۇ، ئالتە ياشلىق بوپتۇ. زۇڭىدۇ، ۋەزىر، مەنسەپدارلار بىر ياشنى تارتۇق ـ پىشكەش قىلىپ بېرىپتۇ، ئاندىن يەتتە ياش بوپتۇ. خانىمىز يەتتە ياشلىرىدا خانلىق تەختىدە ئولتۇردى دەپ ئەقىدە ـ ئىخلاس قىپتۇ. لېكىن گۇاڭشۈي خان ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ خانلىق ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلغانىكەن.

مۇشۇنداق ياخشى كۈنلەردە قۇرئەنداز پالچى، مۇنەججىملەر گۇاڭشۈي خاننىڭ بەخت ـ تەلىيىگە قۇرئە سېلىپ كۆرۈپ، «خاننىڭ يۇلتۇزى داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەپ ئېگىزلىك دەرىجىسىدە، تەلىيى بەلەن ۋە ئۈستۈن بولۇپ تۇرۇپتۇ. دۈشمەنلىرىنىڭ يۇلتۇزلىرى پەس، خارابلىق دەرىجىسىدە بولۇپ، خاننىڭ يۇرتى تىنچ ۋە خاتىرجەم بولىدىكەن. تەقدىرنىڭ ئەھۋالىدىن شۇ كۆرۈندۇكى، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يۇرتلىرى ئىككىنچى

* گۇاڭشۈي — 1875 ـ يىلدىن 1908 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

قىتىم قولىغا قايتىپ كېلىدىكەن. شۇڭا ھەر تەرەپكە لەشكەر ماڭدۇرسا، شەك-شۈبھىسىز غەلىبە قازىنىدۇ»، دەپ مەلۇم قىلدى. بۇ ئەھۋالدا لى خۇڭجاڭ باشلىق ۋەزىر-ۋۇزرا، كاتتا مەنسەپدارلار «غەرب تەرەپتىكى لەنجۇسنىڭ قاتارلىق نۇرغۇن يۇرتلارغا تۇڭگانلار غالىب كېلىپ ئىگىدارچىلىق قىلىپ يۇرت ۋە پۇقرالارنى ۋەيران ۋە خاراب قىلىۋاتىدۇ. ئىلىخونى ئورۇسلار بېسىۋېلىپ تۇرۇپتۇ. نەنلۇ باچىڭ① دىكى چەنتۇلار②غا غەرب تەرەپتىن بىر ئادەم كېلىپ پادىشاھ③ بولۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇلۇغ خاننىڭ دۆلەتلىرىدە بۇ تەرەپتىكى دۈشمەنلەر يوق بولدى. ئەمدى ئەزەلدىن ئۇلۇغ خاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كەلگەن غەرب تەرەپتىكى يۇرتلارغا چېرىك ئەۋەتىپ قايتۇرۇۋالساق، دەپ ئۇلۇغ خانغا ئەرز قىلدى. ئۇلۇغ خان: «بىلدىم، ئۇنداق بولسا چېرىك بېرىپ مەزكۇر شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋالسۇن. قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۇرۇشقا چىقسا، ئۇرۇشۇپ ئۆلتۈرسۇن. مۇبادا ئۇرۇشماي ئەل بولسا، بىرگە تەۋە قىلسۇن. ئاتا-بوۋامدىن قالغان بىر فۇڭ مۈلۈك، مىراس زېمىنىنى 1000 چېرىكىم يوق بولغۇچە سوقۇشۇپ قايتۇرۇۋالسۇن. مەن ئۇلۇغ خان ئۇششاق پۇقرالىرىمنىڭ گۇناھلىرىغا ئەپۇ قەلەمىنى سۈرۈپ كەچۈرۈم قىلدىم»، دەپ يارلىق قىلدى. چىڭ④ جاڭ-جۇننى 40 مىڭ چېرىك بىلەن ئىلى تەرەپكە بېرىشقا يارلىق

---

① نەنلۇ باچىڭ — جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەر دېگەن مەنىدە.

② چەنتۇ — ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىپ شۇنداق دەپ ئاتايتتى.

③ پادىشاھ — بەدۆلەتنى كۆرسىتىدۇ.

④ جىن شۇن — مۇھەررىردىن.

www.uyghurkitap.com

چـۇشـۇردى. لـوشى① دارىنىنى 25 مىڭ چـېرىـك بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەرگە بېرىشقا يارلىق چۈشۈردى. بۇ مەنسەپدار جاڭجۇنلەر لەنجۇغا كەلـگەندە، لەنـجۇنىڭ زۇڭدۇسى ئۆزىنىڭ چېرىك باشلىقى دۇڭ دارىنىنى② 20 مىڭ چېرىك بىلەن لوشى دارىنغا قوشتى.

شۇنداق قىلىپ تۇڭگانـلار خاقانى چىنىنىڭ ئىناـئىتىدىن باش تارتىپ، ئۆز ئىچىدىن ما خۇلۇڭ دېگەن تۇڭـگـانىنى خـان كۆتۈرگەنلىكى ۋە يۇز بەرگەن بارلىق ۋەقەلەر مۇقەددىمىدە بايان قىلىپ ئۆتۈلدى ۋە يەنە تۇڭگانلارنىڭ خانى يوق بولغانـدىن كېيىن، داڭدار باتۇرلىرىدىن داخـۇ، شاۋخـۇ دېـگەن ئىـككـى باتۇرى خىتاي ئەھـلى بىلەن ئۇرۇشۇپ، گاھى غالىب كېلـىپ، گاھى مەغلۇپ بولۇپ لەنجۇ شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىـكى شەھەر ـ كەنتلەردە سەككىز يىل بەلكى ئون يىـل مـىقـدارى پاراكەندىچىلىك بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇلۇغ خاننىڭ يارلىقى بىلەن نۇرغۇن چېرىكلەر كېلىپ لەنجۇ شەھىرىگە ئورۇنلاشقانلىقىنى ئاڭلاپ داخـۇ، شاۋخـۇلار قۇمۇلـغا قېـچىـپ چىقتى. قۇمۇلدا 40 — 50 كۈن تۇرغاندىن كېيىن قورقۇپ بۇ يەردىمۇ تۇرالماي، قۇمۇل خەلقىنىمۇ قورقۇتۇپ ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىپ تۇرپانغا كېلىپ چۈشتى. بۇ ۋەقەلەرمۇ باشتا زىكرى قىلىپ ئۆتۈلدى.

ئۇلۇغ خاننىڭ چېرىكلىرى لەنجۇدىن چىقىپ چىك جاڭجۇن چېرىكلىرى بىلەن شىخوغا كېلىپ ماكانلاشتى. لىيۇ دارىن قۇمۇلغا، دۇڭ دارىن③ گۇچۇڭغا ئورۇنـلاشـتى. ئۇلار تۇرپانـغا قـاراپ

---

① لىيۇ جىڭتاڭ — مۇھەررىردىن.

② دۇڭ فۇشياڭ — مۇھەررىردىن.

③ «تارىخىي ھـەمىدىيـە» دە: «زۇڭتـۇڭ دارىن» دېـيىلـگەن. مۇھەررىردىن.

يۈرۈش قىلىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان چاغدا، بۇ يەرنىڭ پادىشاھى 30 مىڭ لەشكەر ۋە توپ - زەمبىرەكلىرى بىلەن تۇرپانغا كېلىپ چۈشتى، دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خاقانى چىننىڭ چېرىكلىرى ئەندىشە قىلىپ لەنجۇسىڭنىڭ زۇڭدۇ*سىغا: «بۇ يەرنىڭ پادىشاھى 30 مىڭ لەشكەر بىلەن تۇرپانغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. كۈچ - قۇۋۋىتى زىيادە، ياراق - ئەسلىھەلىرى تولا، لەشكەرلىرى باتۇر دەپ ئاڭلىدۇق. يەنە ياردەم ئۈچۈن بىرمۇنچە چېرىك ئەۋەتىلسە»، دەپ ئىلتىماس قىلدى. لەنجۇسىڭنىڭ زۇڭدۇسى ئەرزنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن: «ئۆزۈم 60 مىڭ چېرىك بىلەن سىلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاتلاندىم. ئەندىشە قىلماي، مەقسەت - نىشان يولىغا قەدەم قويۇڭلار»، دەپ بۇيرۇق ئەۋەتتى. بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن خىتاي مەنسەپدارلىرىدا غەيرەت ۋە جۈرئەت پەيدا بولدى. قۇمۇلدا 10 ئاي تۇرغان لوشى دارىن چوڭ يول بىلەن تۇرپانغا كىردى. دۇڭ دارىن ماناس، ئۈرۈمچى، داۋانچىڭ ئارقىلىق تۇرپانغا يېتىپ كەلدى. تۇرپاندا 10 ئاي مىقدارى تۇرغاندىن كېيىن ئاتلىنىپ كورلىغا كەلدى. تۇڭگانلار بىر يەردە توختاپ پۇقرالارنىڭ مال - مۈلكىگە قول ئۇزىتالمىسۇن، دېگەن ياخشى نىيەت بىلەن داخۇ، شاۋخۇلارنى قوغلاپ كورلىدىن چىقىپ، 10 كۈندە ئاقسۇغا كەلدى. داخۇ، شاۋخۇلار ھېچيەردە ئارام ئالالمىدى. شەھەرگىمۇ كىرەلمىدى. داخۇ ئۈچتۇرپان يولى قاخشال ئىچى بىلەن، شاۋخۇ چوڭ يول بىلەن قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

دېمەك، دۇڭ دارىننىڭ ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەن ۋاقتى،

---

* زو زۇڭتاڭ.

تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1294 - يىلى① (ئات يىلى) شەۋۋال ئېيىنىڭ 17 - كۈنى (چارشەنبە)، قىش پەسلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى ئىدى. ئاقسۇدا 50 كۈن تۇرغاندىن كېيىن دۇڭ دارېن چوڭ يول بىلەن، لوشى دارېن ئۇچتۇرپان ئارقىلىق قاخشال يولى بىلەن قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. لوشى دارېن بىلەن دۇڭ دارېن تەڭلا بىر كۈندە قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ قارا چېرىكلەر قەشقەرگە كىرىشى بىلەن تەڭ مىرزا ئەھمەد قوشبېگى پەرغانە ۋىلايىتىگە جېنىنى ئېلىپ قاچتى. دۇڭ دارېن بېرىپ يەكەننى قولغا كىرگۈزدى. خوتەنمۇ بويسۇنۇپ ئۇنىڭغا تەۋە بولدى. شۇنداق قىلىپ بۇ يەتتە شەھەر، بەلكى پۈتۈن موغۇلىستان يۇرتى خاقانى چىن مەنسەپدارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى. «ئىسلام غېرىبلىق بىلەن باشلانغان، كەلگۈسىدە يەنە غېرىبلىققا قايتىدۇ»، دېگەن ھەدىسنىڭ مۆجىزىلىك بايانى ئاشكارا بولدى.

داخۇ، شاۋخۇ باشلىق تۇڭگانلار قەشقەرگە بېرىپ خۇدالويە② بىلەن بىرنەچچە كۈن ئۇرۇشتى. ئاخىر خاقانىي چىنىنىڭ چېرىكلىرى يېتىپ بارغاندا، داخۇ چاقماق ئېغىزىدىن ئۆتۈپ روسىيىگە قاراپ قاچتى. شاۋخۇ بىرمۇنچە تۇڭگانلار بىلەن خاقانى چىنىنىڭ چېرىكلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ يوقىتىلدى. داخۇ 40 مىڭغا يېقىن تۇڭگان ۋە ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ رۇسىيىنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئاق پادىشاھ بۇلارنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ يەر - سۇ، زېمىن ئىنى-

---

① ھىجرىيىنىڭ 1294 - يىلى مىلادىنىڭ 1877 -، 1878 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② خې بۇيۇن — دۇڭ فۇشياڭنىڭ قوشۇنلىرى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە، خې بۇيۇن ياقۇپبەگدىن يۈز ئۆرۈگەنىدى — مۇھەررىردىن.

ئام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تۇڭگانلار باي، پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتى.

خاقانى چىننىڭ چېرىكلىرى تۇرپاندىن چىقىپ بۇ يەتتە شەھەرنى قولغا كىرگۈزۈپ بولغۇچە ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئوق چىقىرىپ يولنى توسمىدى، بەلكى شەھەر - شەھەرنىڭ چوڭلىرى، مۆتىۋەرلىرى ئالدىغا چىقىپ ئىززەت - ئىكرام بەجا كەلتۈرۈپ، قولىدىن كېلىشىچە خىزمەتكارچىلىقىنى قىلدى. خاقانى چىننىڭ مەنسەپدارلىرىمۇ ھەربىر شەھەرگە يېتىپ كەلگەندە، «يامان ئادەملەر بولسا بىزگە چىقىرىپ بېرىڭلار»، دەپ يارلىق قىلدى. يۇرت چوڭلىرى: «يامان ئادەملەر ئۆز قىلمىشىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى. ئوبدان، تىنىچ ئادەملەر ئۆز جاي - ماكانلىرىدىن قوزغالمىدى» دەپ مەلۇم قىلدى. خاقانى چىننىڭ مەنسەپدارلىرىمۇ بۇ سۆزگە قايىل بولدى. مۇبادا «ماۋۇ يامان ئادەم، ئۆلتۈرۈپ بەرمىسىڭىزلار بولمايدۇ»، دېسە ئۆلتۈرۈپ بەردى. بىرەر ئادەمنى ئۆزلىرىچە يا ئۇنداق، يا مۇنداق دېمىدى. مەيلى مۇساپىر، مۇجاۋىر، سىپاھ ياكى پۇقرا بولسۇن ھېچقانداق بىر كىشىگە دەخلى - تەرۇز قىلمىدى. «تىنچ بولۇپ، پۇقرادارچىلىق قىلىڭلار، ئوبدان بولۇڭلار، يامان نىيەت قىلماڭلار، ئۇلۇغ خان سىلەرنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىڭلارنى ئەپۇ قىلدى»، دەپ ئېلانلارنى يېزىپ، شەھەر - شەھەر، يېزا - سەھرا، مەھەللە - كەنتلەرگە چاپلىۋەتتى. چوڭ - كىچىك ھەممە خالايىق بۇ ئېلانلارنى ئوقۇپ خاتىرجەم بولدى.

خاقانى چىننىڭ مەنسەپدارلىرى قەشقەرگە كۇچالىق ئەھمەد ۋاڭ بەگنىڭ ئوغلى ھامىتاجى بەگنى ھاكىم قىلدى. ئاقسۇغا قاسىم قازىبەگنى، كۇچاغا يۈسۈپبەگنى، باي - سايرامغا مۇھەممەد توختىبەگنى، ئۇچتۇرپانغا ئالائىددىن

بەگنى، خوتەنگە ئەھمەدبەگنى، يەكەنگە توختىنىيازبەگنى ھاكىم قىلدى.

توختىنىياز بەگنى يەكەنگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلەشتىكى سەۋەب شۇكى، مىرزا ئەھمەد قوشبېگى خوتەننى قولغا كىرگۈزۈپ قايتىشىدا يەكەننىڭ ھاكىمى شاغاۋۇل دادخاھقا: «خاقانى چىنىنىڭ چېرىكلىرى بىلەن ئۇرۇشقىلى بارىمەن. مارالبېشىغا ئۇرغۇن ئۇن، گۈرۈچ ماڭدۇرۇڭ»، دەپ بۇيرۇق قىلغانىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن شاغاۋۇل دادخاھ مارالبېشىغا ئۇرغۇن ئۇن-گۈرۈچ، يەم - بوغۇز ماڭدۇرۇپ، بۇنىڭغا يۈز بېشى توختىنىياز-بەگنى باشلىق قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. توختىنىيازبەگ بۇ ئاشلىقلارنى مارالبېشىغا ئاپىرىپ ساقلاپ تۇرغانىدى. خاقانى چىنىنىڭ چېرىكلىرى مارالبېشىغا يېتىپ كەلگەندە توختىنىيازبەگ ئالدىغا چىقىپ: «ئۇلۇغ خاننىڭ نۇرغۇن چېرىكلىرى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ بىر قەدەمكى پۇقرالىرىنى تېپىۋالماق ئۈچۈن ئاقسۇغا كەپتۇ، دەپ ئاڭلاپ ئۆزۈم دېھقانچىلىق قىلىپ ئالغان ئاشلىقىمنى ئۆز ئۇلاغلىرىم بىلەن ئەكىلىپ ھەر بىرلىرىنى ساقلاپ تۇرغانىدىم»، دەپ ئاشلىقلارنى سوۋغات قىلدى. خاقانى چىنىنىڭ مەنسەپدارلىرى ناھايىتى خۇش بولۇپ، كۆڭلى ياخشى ئادەم ئىكەن، دەپ ئۇنىڭغا يەكەننىڭ ھاكىملىقىنى مەرھەمەت قىلدى.

ئۇلار يەنە شەھەر - شەھەرلەرنىڭ پادىشاھلىق ئامبارلىرىدىكى ئاشلىقلارنى خەتلەپ تىزىمغا ئالدى. يۇرت پۇقرالىرىدىن ئالىدىغان، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا لازىم بولىدىغان مەيلى ئاشلىق ياكى ئوتۇن، بېدە - سامان قاتارلىق نەرسىلەرنى رويخەت قىلىپ، «بۇ نەرسىلەرگە مۇشۇ يەرنىڭ ھازىرقى باھاسى بويىچە نەرخىنى توختىتىپ بېرىڭلار، تۆۋەندىكى پۇقرالاردىن نىمە ئالساق سىلەر توختىتىپ بەرگەن باھا بويىچە پۇل بېرىمىز. پۇل بەرمەي ھېچ نەرسە ئالمايمىز. بىرگە يۈز قاراپ نەرخىنى ئېگىز - پەس

قىلىپ، پۇقرالارغا ۋابال بولىدىغان ئىشنى قىلماڭلار»، دەپ قايتا - قايتا تەكىتلەپ يۇرت چوڭلىرى، مۆتىۋەرلەر ۋە سودىگەرلەرگە ئۇقتۇرۇش بەردى. يۇرت چوڭلىرى، بەگ ۋە مۆتىۋەرلەر ئاشلىقنى تارتىپ چىغ ۋەتوزغاقچە نەرخىنى توختىتىپ، رويخەت قىلىپ يېزىپ مەلۇم قىلدى. خاقانى چىننىڭ مەنسەپدارلىرى رويخەتنى كۆرۈپ يۇرت چوڭلىرىدىن: «مۇشۇ نەرخ بويىچە پۇل بەرسەك پۇقرالارغا ۋابال بولامدۇ، بولمامدۇ؟»، دەپ سورىدى. يۇرت چوڭلىرى: «ۋابال بولمايدۇ»، دەپ جاۋاب بېرىشتى. خاقانى چىننىڭ مەنسەپدارلىرى: «ئۇنداق بولسا ‹ۋابال بولمايدۇ› دەپ زىمان كۆتۈرۈپ① ھۆججەت خەت بېرىڭلار»، دېگەندە، يۇرت چوڭلىرى: «ئۇشبۇ نەرختە پۇل بېرىلسە ۋابال بولمايدۇ، مۇبادا ۋابال بولسا ھەر ئىككى دۇنيادا بىز زامىندۇرمىز»، دەپ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ زىماننى كۆتۈرۈپ ھۆججەت خەت بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار پۇقرالاردىن نۇرغۇن ئاق - قارا ئاشلىق، ئوتۇن، بېدە - سامان قاتارلىقلارنى ئېلىپ ھەرگىز كېمەيتمەي پۇلىنى نەق بەردى. مۇشۇنداق ئەدلى - ئادالەت بىلەن بەش يىل ئۆتتى.

قەشقەرگە كەلگەن خاقانى چىننىڭ چېرىك باشلىقلىرىدىن دۇڭ دارىن ئۆز دىنىغا مەھكەم، مۇسۇلمانلارغا ئاداۋىتى كۈچلۈك، غەيرەت ۋە باتۇرلۇقتا ھەممە مەنسەپدارلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئاچچىقى يامان ئادەم ئىكەن. ئۇ سىرىققۇلنىڭ② ھاكىمى ئالىپبەگكە ئازغىنا بىر گۇناھنى قويۇپ ئۇرۇپ

---

① زىمان كۆتۈرۈش — مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، زىياننى تۆلەپ بېرىشنى ئۈستىگە ئېلىش دېگەن مەنىدە.

② سىرىققۇل — ھازىرقى تاشقورغان شۇ چاغلاردا سىرىققۇل دەپ ئاتىلاتتى.

ئۆلتۈرۈۋەتتى. يەنە، ئاتىلىق غازىنىڭ قەبرىسىنى ماڭا كۆرسىتىپ بەرسۇن، دەپ قەشقەر ئەھلىنى قىستىدى. نائىلاج قەبرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتى. دۆڭ دارىن چېرىكلىرىنى ئەكىلىپ ئاتىلىق غازىنىڭ گۆرىنى ئاچتۇرۇپ، ئۆلۈكىنى ئېلىپ، نۇرغۇن ئوتۇننى دۆۋىلەپ ئوت يېقىپ جەسەتنى كۆيدۈرۈۋەتتى. خالايىق ھېچ قانداق ئىلاج قىلالمىدى. دىنى ئاجىز، زاتى پەس مۇناپىقلار خۇشال بولدى. دىيانەتلىك، ئېتىقادى مۇستەھكەم مۇسۇلمانلار- نىڭ دىللىرى غەمگە، كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئۇلار تەڭرىنىڭ دەرگاھىدىن گۇناھلىرىغا مەغپىرەت تىلەپ، دۇئا ۋە ئىلتىجا بىلەن مەشغۇل بولدى.

ئاتىلىق غازى توغرىسىدا يۈزبەرگەن بۇنداق ئاجايىپ ھادىسە بۇرۇنقى پادىشاھلارنىڭ دەۋرىدىمۇ يۈزبەرگەنىكەن. ئاخۇن خاۋەندى شاھ ئۈزىنىڭ «تارىخىي رەۋزەتۇسسەفا» دېگەن كىتابىدا مۇنداق زىكرى قىلىدۇ:

«ئابباسىلار سۇلالىسىنىڭ① دەسلەپكى خەلىپىسى② ئابدۇللا بىننى ئەلى، بىننى ئابباس خەلاپەت تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن: ‹بەنى ئۇممىيە③ يەنى مەئاۋىيە ۋەئۇنىڭ ئەۋلادلىرى- نىڭ گۆرلىرىنى ئېچىڭلار›، دەپ ھۆكۈم قىلدى. شۇنداق قىلىپ

---

① ئابباسىلار سۇلالىسى — مىلادى 750 - يىلىدىن 1258 - يىلى- غىچە ھۆكۈم سۈرگەن، باغداد شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ نامى.

② لۇغەت مەنىسى ئورۇنباسار دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردە پادىشاھ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

③ ئۇممىيە — ئابباسىلار سۇلالىسىنىڭ ئالدىدا مىلادى 661- يىلىدىن 750 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن دەمەشقنى پايتەخت قىلغان ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ نامى.

ئاخىر مەئاۋىيەنىڭ گۆرىنى ئاچتى، لېكىن تـوپا ـ چاڭـدىن باشقا ھېچ نەرسە تاپالمىدى. مەئـاۋىيـەنىڭ ئوغـلى يەزىـدنىڭ گۆرىنى ئېچىپ ئازغىنا كۆل بارلىقىنى كۆردى. ئابدۇلمەلىـك بىنى مەرۋاننىڭ باشلىرى ئۆز ئورنىدا ئىكەن. ھۆششام بىنى ئابدۇلمەلىكنىڭ جەسەتلىرى ۋە باشقا ئەزالىرى ساق ۋە ئۈگە- لىرى بىر ـ بىردىن ئايرىلمىغانىكەن. ئۇلارنى گۆرلىرىدىن سۆ- رەپ ئاچىقىپ، ئۇرغۇن قامچا ئۇردى، ئاندىن كېيىن جەسەتنى ئېگىز يەرگە ئېسىپ ئاستىدىن ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈپ، كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتتى. شۇ چاغدا سۇلايمان بىنى ئەلى، يەنى ئابدۇللا، بىنى ئاببـاس بەسرە شەھرىدە ھاكىم ئىدى. ئۇ، «بەنى ئۇممىيە قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىنىڭ گەدەنلىرىگە تىغ بىلەن ئۇرۇڭـلار»، دەپ ئەمر قىلىپ، ھەممىسىنى ئۆلتۈرگۈزۈپ ئۆلۈ- كىنى يوللارغا تاشلىدى. بۇ شـەھەرنىڭ ئىت ۋە قۇزغۇنـلىرى بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇممىيە قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇغلىرىنىڭ گـۆش ۋە ئۇستىخانلىرىدىن پايدا ئالدى. ئۇممىيە خەلىپىلىرىنىڭ ئەۋ- لادلىرىدىن مۇھەممەت بىنى ئابدۇلمەلىك، ئۆمەر بىنى يەزىد، ئابدۇۋاھىت بىنى سۇلايمانـلار ناھايىـتى باي، مال ـ مۈلـكى ھەددىدىن زىيادە كۆپ كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلىپ مال ـ مۈلكىگە ئابدۇللا بىنى ئەلى بىنى ئاببـاس ئىگە بولدى. ئۇممىيە قەبىلىسىدىن ئەجەل يەتمىگەنلىرى پـەقىر ۋە ئاجىزلىق كوچىسىغا كىـرىپ ئالەمـنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا، چەت ـ ياقا جايلارغا بېرىپ يوشۇرۇنۇپ كۈن كەچۈردى»، دەپ نەقىل قىلىدۇ. بۇ ۋاقىت تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 132 ـ يىللىرى* بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانـلىرىغا

* ھىجرىيىنىڭ 132 ـ يىلى مىلادىنىڭ 749 ـ، 750 ـ يىل- لىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ناھايىتى يېقىن، ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ دەۋرى ئىدى. شۇ چاغ-لاردا بۇ خىل ۋەقەلەر يۈز بەرگەن بولسا، كاپىر دىنسىزلار ئىسلام پادىشاھلىرى ۋە مۇسۇلمانلار ھەققىدە نېمە ئىشلارنى قىلمايدۇ.

خىتايلار ئاتلىق غازىنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈردى. چۈنكى ئۇلارنىڭ: «بىر ئادەم ئۆلسە، ئۇنىڭ ياخشىلىقى كۆپ، يامان-لىقى ئاز بولسا، ئۇنىڭ جېنى بىر ئايالنىڭ قورسىقىدا پەيدا بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ دۇنياغا ئادەم سۈرىتىدە قايتا تۆرىلىدۇ. مۇبادا ياخشىلىقى ئاز، يامانلىقى كۆپ ۋە ئۇنىڭ گەدىنىدە كىشىلەرنىڭ ھەققى جىق بولسا، ئات ياكى ئېشەك بولۇپ بۇ زېمىنغا قايتا تۆرىلىپ خىزمەت قىلىپ كىشىلەرنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆلىدۇ ۋە يەنە قايتا ئادەم بولۇپ بۇ دۇنياغا تۆرىلىدۇ. ئەگەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ گەدىنىدە كىشىلەرنىڭ ھەققى ئازراق بولسا، بۇ دۇنياغا توخۇ بولۇپ تۆرىلىپ تۇخۇم تۇغۇپ بېرىپ كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدۇ، ئادا قىلماي ئىلاجى يوق»، دېگەن كۈچلۈك بىر ئېتىقادى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى خاتا بولسىمۇ، ئۆلگەندىن كېيىن يەنە قايتا تىرىلىدىغانلىقىغا ئۇلارنىڭمۇ ئىشىنىدىغانلىقى بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇ. ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلگۈچى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئۆزىدۇر.

دېمەك، خاقانى چىننىڭ مەنسەپدارلىرى بەش يىلغىچە يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ئەھۋال بويىچە پۇقرالارغا مۇئامىلە قىلىپ ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن يۇرتنىڭ خىراجەت تە-مىناتلىرىنى تېرىلغۇ يەرگە قويماقچى بولۇپ، ھەر بىر كىشىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يېرىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ ئازغا-ئاز، كۆپكە-كۆپ ئاشلىق غەللە قويۇپ خەتلەپ، شەھەرنى ئىدارە قىلىش چىقىملىرىنى ھېسابلاپ توختىتىپ ئۇلۇغ خانغا مەلۇم



www.uyghurkitap.com

قىلدى. خاندىن «بىلدىم»، دەپ تەستىق يارلىقى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر بىر شەھەرنىڭ مەنسەپدار، ئەمەلدارلىرى ئون يىل، 12 يىلغىچە بەلگىلەنگەن مىقدار بويىچە غەللە-ئاشلىقلارنى ھېسابلاپ ئالدى. كەم ياكى زىيادە قىلمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بارغانسېرى كۆپەيتىپ يىلدىن-يىلغا قوشۇپ ئالغىلى تۇردى. شۇنداق قىلىپ خاقانى چىن بۇ يۇرتلارنى ئۆز تەسەررۇپىغا كىرگۈزۈپ ئىدارە قىلىۋاتقىنىغا 27 يىل بولۇپ، تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1321-يىلىغا① كەلگەندە يۇقرالار غەللە-پاراق، ئالۋاڭ-ياساقلارنى بېرىشكە ئاجىز كەلدى. يەر-زېمىنلىرىنى باشقا كىشىلەرگە بىكارغا بەرسىمۇ ھېچكىم ئالمىدى. ئاقىۋەت ئاتا-بوۋىلىرىدىن مىراس بولۇپ قالغان يەرلىرىنى تاشلاپ، تۇرغۇن كىشىلەر باشقا يۇرتلارغا قېچىپ كەتتى.

خاقانى چىننىڭ مەنسەپدارلىرىنىڭ كۆڭلىدىكى مۇددىئا ۋە غەرەزلىرى، «چەنتۇ يۇقىرالار ئۆز خۇداسىنىڭ رەھىم-شەپقەتلىرىدىن سېغىنىپ باشقا مەخلۇقلاردىن ياخشىلىق ۋە ۋاپا ئۈمىد قىلمىسۇن ۋە ئۆز خۇدايىدىن ئىككىنچى قېتىم بىرنى تەلەپ قىلمىسۇن، ئاسمان-زېمىننىڭ خۇداسى ھەركىمنى خالاپ ئۇلۇغ قىلىپ بەرسە، شۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، پەرمانىنى تۇتۇپ سەۋر قىلىپ شۈكرى قىلسۇن، ئۆز خۇداسىنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە ناشۈكرىلىك قىلىپ كۇپۇرلۇق قىلمىسۇن»، دېگەندىن ئىبارەت بولسا كېرەك.

ئەي قېرى، نادان، گۇناھكار، ھەممىدىن تۆۋەن، خار-زار مۇئەللىپ! ئىقتىدارلىق، ئۇلۇغ پادىشاھلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا ھەرنېمىلەرنى دېيىشكە سېنىڭ نېمە ھەققىڭ

---

① ھىجرىيىنىڭ 1321-يىلى مىلادىنىڭ 1903-، 1904-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

بار؟ ئارازىمانى بىلدۈرۈشكە نېمە لاياقىتىڭ بار؟ ئۆزۈڭ ئېغىزلىق قىلىپ، بىھۇدە، سۆزلەرنى قىلمىغىن. سۆزلىرىڭنى تۈگىتىپ، ئاخىرلاشتۇرۇشقا قەدەم قويغىن.

بۇ دۇنيانىڭ پادىشاھلىرى: «ئۆزىمىزنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەت، غەيرەت ـ شىجائىتىمىزدىن دەھەرلەرنى مۇسەخخەر قىلىپ ئۆزىمىزگە تەۋە قىلدۇق»، دەپ ئۆزلىرىگە ئىشىنىپ پەخىرلىنىدۇ. ئەمما ئىشىنىڭ ھەقىقىتى پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، ئەزەلدىن مەڭگۈ بار بولغۇچى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئۆزى بىلىدۇ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن مەيلى ئىسلام پادىشاھى بولسۇن، مەيلى پادىشاھ دىنسىز، غەيرىي دىندىكى پادىشاھ بولسۇن، پۇقرالارنىڭ پادىشاھلارنىڭ ھەققىگە، ئىنساپ ـ تەۋپىقىگە دۇئا قىلىشى لازىم. ئەگەر پادىشاھ مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلماق ھەممە كىشىگە ئايالدۇر. پادىشاھ دىنسىز، غەيرىي دىندا بولسىمۇ ئۇنىڭ ئىنساپ ـ تەۋپىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىش زۆرۈر. چۈنكى بۇلار پادىشاھمۇ تەڭرىنىڭ نېمىتىدىن ئىبارەت.

### نەزم

ھەممە ھالغا شۈكرى قىلماق لازىم ئېرۇر،  
كى مۇبادا مۇنىڭدىن ئۇلغاي يامان.

# خاتمه

www.uyghurkitap.com

ئەينى زاماندىكى پۇقرالار كاپىرلارنىڭ زۇلۇملىرىنى كۆتۈرەلمەي ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا سىغىنىپ يىغلاپ نىجاتلىق تىلىدى. پۇقرالارنىڭ تەلەپ - ئارزۇلىرى ئىجابەت بولۇپ، كۇچالىق خوجاملار كاپىرلارنىڭ ئۇستىدىن غەلىبە قىلدى. ھەممە خالايىق گويا دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، جەننەتكە داخىل بولغاندەك شاد - خورام بولۇپ، بىر - بىرىنى تەبرىكلەشتى. كۇچالىق خوجاملارمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي زۇلۇم ۋە سىتەمنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. بۇزۇنقى ئەھۋاللىرىنى ئۇنتۇدى. ئاجىز پۇقرالار تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا يەنە نالە - زار قىلىپ، ئىلتىجا قىلدى. ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ تەڭرىم كۆپچىلىكنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى. ئاتىلىق غازى كۇچالىق خوجاملارنىڭ ئۇستىدىن غەلىبە قازاندى. خالايىق، كۇچالىق خوجاملارنىڭ دەستىدىن قۇتۇلغانلىقىغا خۇرسەن بولۇپ، شۇكرانە ناماز ئوقۇپ، بىر - بىرلىرىنى مۇبارەكلەشتى. ئاتىلىق غازى بىرنەچچە يىل ئەدلى - ئادالەت بىلەن دەۋران سۈردى. ئاخىر ئاتىلىق غازىنىڭ خۇي - پەيلى يۆتكىلىپ، نالايىق ئىشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى. پۇقرالار بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي، ھەممىنى ياراتقۇچى تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا سىغىنىپ، خاقانى چىننى تەلەپ قىلىپ، يىغا - زار قىلىشىپ دۇئا ۋە ئىلتىجا قىلدى. خالايىقلارنىڭ دۇئالىرى ئىجابەت بولۇپ، بۇ يەتتە شەھەرگە خاقانى چىننىڭ مەنسەپدارلىرىنىڭ قەدىمى يەتتى. ئۇلار بۇ شەھەر، ۋىلايەتلەرنى قولغا ئېلىپ، مۈلكى - مىراسلىرىغا ئىگە بولۇپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ تەختىدە ئولتۇردى. ھەممە پۇقرالار گويا بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى بەلكى ئاتا - ئانا ئەجداتلىرى تىرىلىپ كەلگەندەك خۇشال بولۇشۇپ، خۇشاللىقىدىن جېنى ئىچىگە پاتماي قالدى. بۇ ئەھۋاللار توغرىسىدا يۇقىرىدا ئاز - تولا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى.

بۇ خاتىمىدىن مەقسەت شۇكى، ئۇلۇغ تەڭرىمنىڭ دەر-

گاھىدا يۇقرا ـ رەئىيەلەر، بەلكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ يىغا ـ زارى، تەلەپ ۋە دۇئالىرى ئەسلا بىكار ۋە زايە كەتمەيدۇ. «ئىخلاسىڭلار بىلەن ماڭا دۇئا قىلساڭلار، تەلىپىڭلارنى شەكسىز ئىجابەت قىلىمەن»، دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق ھەر كىشى، ھەرقانداق ماكان، ھەرقانداق زاماندا چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا ۋە ئىلتىجا قىلسا، بەندىلىرىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغۇچى تەڭرىمىنىڭ ئىجابەت قىلىشى راستتۇر. ئەمما تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا كىمنىڭ دۇئاسى ئىجابەت ۋە مەقبۇل بولىدۇ، كىمنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ، بۇ ئىش ئىنسان گۇرۇھىغا نامە ـ لۇمدۇر. شۇنداق بولغانلىقتىن يۇقىرا ـ رەئىيەلەر ۋە پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ سەھەردە قىلغان ئاھ ۋە نالىسى، يىغا ـ زارىدىن يۈز قېتىم، مىڭ قېتىم ئېھتىيات قىلىش لازىمدۇر.

خاقانى چىن مەنسەپدارلىرى مۇشۇ يىللاردا ئىنساپ ۋە دىيانەتنى ئۇنتۇپ يۇقرا ۋە خالايىقلارغا زۇلۇم ۋە جاپانى كۆندىن ـ كۈنگە زىيادە قىلدى. تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل، ئاجىز بىچارە ـ لەرنىڭ كۆز ياشلىرى تۆكۈلگىلى تۇردى.

ئۇلۇغ تەڭرىم، ۋىلايەت ھاكىملىرىغا ئىنساپ، ئادالەت، يۇقرا ـ رەئىيەلەرگە تەۋپىق ئاتا قىلىپ تىنچلىق، خاتىرجەملىك ھاسىل قىلغايسەن! ئامىن.

زاماننىڭ ئاقىل ۋە دانالىرى شۇنى چۈشەندۈرمەكلىرى لازىمكى، «ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ» دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىپ، ئېتىقادىنى مۇستەھكەم قىلىپ، توغرا نىيەت، دۇرۇس ئەقىدە بىلەن ئىمانلىرىنى پاك ۋە توغرا قىلىپ، مەخلۇقاتلارنىڭ رەھىم ـ شەپقىتىگە تەلمۈرمەكەي. ئاقىۋىتىم ياخشى بولسۇن، دېگەن ھەر بىر كىشى، ھەر زامان، ھەرقانداق ئەھۋالدا ياراتـ ـقان تەڭرىگە سېغىنىپ، تەڭرىنىڭ رەھىم ـ شەپقەتلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

ئۈمىدۋار بولۇشى لازىمدۇر. مۇشۇنداق قىلالىغان كىشىلەرنى ئاللاتائالا پادىشاھلارنىڭ غەزىپى، زالىملارنىڭ جەبىر-زۇلۇملىرى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پۈتۈن بالالىرىدىن ساقلاپ، ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەت پەردىسى ئىچىدە ئاسراپ، ئۆزىگە ھەممىدىن يېقىن قىلىپ ئالىي دەرىجە ئاتا قىلىدۇ.

ئەي ئاقىللار، شۇنى بىلىڭلاركى، مەسىلەن، باغۋەنلەرنىڭ بېغىنىڭ قورۇق تېمى ئۈستىگە قويغان چىت-تىكەنلىرى ۋە پادىچىنىڭ ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەن قويچى ئىتلىرىمۇ تەكرىنىڭ نېمەتلىرىدۇر. ئەگەر پادىچىنىڭ قويچى ئىتلىرى بولمىسا، قويلارنى بۆرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىمىقى ئاسان ئەمەس. ئەگەر باغۋەننىڭ قورۇق تېمى ئۈستىدە چىت-تىكەن بولمىسا، باغنىڭ مېۋىلىرىنى ساقلىماقمۇ تەس بولىدۇ. مۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇلۇغ تەكرىم ئۆزىنىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر پۇقرا ۋە خالايىقلارنىڭ ئۈستىگە، ئىنسان گۇرۇھى ۋە ئادەم ئورۇقىدىن كىمنى پادىشاھ ۋە ھۆكۈمران بولۇشقا لايىق كۆرسە، شۇنىڭغا شۈكرى بەجا كەلتۈرمەكلىكىمىز زۆرۈردۇر.

ھاكىم-پادىشاھلار ئادالەت ۋە رەھىم-شەپقەتنى ئۆزلىرىگە پەرز دەپ بىلىشى كېرەك. پۇقرا-رەئىيەلەرمۇ زامانىنىڭ پادى-شاھلىرىغا ئادالەت، ئىنساپ-تەۋپىق، ھىدايەت ئاتا قىلغايسەن، دەپ دۇئا قىلىشى لازىم. ئۇلۇغ تەكرىم، ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن پادىشاھلارغا ئادالەت، پۇقرالارغا ئىنساپ ئاتا قىلغايسەن.

پۈتۈن ماختاشلار ياراتقان تەكرىمگە خاس. تەكرىم بىزگە تەۋپىقنى ھەمراھ قىلدى. مەقسەتلىرىمىزگە يېتىدىغان توغرا يولغا مۇيەسسەر قىلدى. ئۇلۇغ تەكرىم، بىزنىڭ تۇۋىمىزنى قوبۇل قىل. ئىشلىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى قىلغىن، دۇئا ۋە تەلەپ-لىرىمىزنى ئىجابەت قىلغىن، ئامىن.

# I

## بۇ يەتتە شەھەرنىڭ ئەھۋالى؛ ئادەملىرىنىڭ خۇي - پەيلى؛ مازار - ماشايىخلىرى ۋە موغۇلىستاننىڭ چېگرىلىرى

ئاتاقلىق تارىخ كىتابلىرىدا، خۇسۇسەن مىرزا ھەيدەر كوراگان يازغان «تارىخىي رەشىدى» دېگەن كىتابتا، ئىلگىرى ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ يارلىقلىرىغا ئاساسەن موغۇلىيە يۇرتىنىڭ چېگرالىرىنى مۇنداق دەپ يېزىپتۇ:

موغۇلىستاننىڭ شەرقىي چېگرىسى بالە كۆل① ۋە قۇمۇل، شىمالىي چېگرىسى كاتتا دېڭىز؛ غەرب تەرىپى تاشكەنت، چاقسىمان ۋە ئەنجان ۋىلايىتى، سامغىر ۋە لەئلى كان بەدەخشى؛ جەنۇب تەرىپى تىبەت ۋە قاراڭغۇ تاغ② ھەم ئۇيغۇر ۋىلايىتىدۇر. بۇ چېگرا ئىچىنى پارامىندا «موغۇلىستان» دەپ ئاتاپتۇ. ئورۇمچى، چۆچەك ۋە ئىلىمۇ مۇشۇ چېگرا ئىچىگە كىرىدۇ. موغۇلىستاندا بۇ شەھەرلەرنى يەتتە شەھەر دەپ ئاتاپتۇ. يەتتە شەھەر دېگەنلىرى — قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، تۇرپانلاردىن ئىبارەت. بۇ شەھەرلەرنى چىن ئەھلى «نەنلۇ با. چىڭ» دەيدۇ. بۇ دېگىنى، جەنۇب تەرەپتىكى سەككىز شەھەر، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ خىل ئاتىغاندا سەككىزىنچى شەھەر كورلا بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەتتە شەھەرنىڭ پايتەختى قەدىمكى مۇسۇلمان

---

① بالە كۆل — بارىسكۆل، يەنى ھازىرقى بارىكۆلنى كۆرسىتىدۇ.

② قاراڭغۇ تاغ — قارا قۇرۇم، كۇئىنلۇن تاغ تىزمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

خانلىرى زامانىسىدا تۇرپان بىلەن يەكەن ئىكەن.

بۇ يەتتە شەھەرنىڭ زېمىنلىرىدا مازار، ماشايىخلار كۆپ بولۇپ، تولىسىنىڭ ناملىرى، تەزكىرىلىرى مەلۇم ئەمەس. بەزىلىرىنىڭ نامى ئېنىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆپىنچىسى قەدىمكى تارىخ كىتابلىرىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. قەدىمكى تارىخ كىتابلىرىغا قارىماي، ھەرقايسى زامانلاردا ئۆتكەن كىشىلەر ئۆز خالىغىنىچە نام قويۇپ تەزكىرە يېزىپ قويغان. شۇنىڭغا ئاساسەن ناملىرى تونۇلۇپ مەشھۇر بولغان بولۇشى مۇمكىن. بەزى مازار بۇزرۇكۋارنىڭ ئىسىم-شېرىپلىرىنى «قوشقار ئاتا»، «ساقال ئاتا»، «يۇلغۇن ئاتا»، «تاش مازار»، «كۆمۈش كۆزلۈك ئاتا»... دەپ ئاتىشىدۇ. ئىسمىنى بىلمىگەچكە شۇنداق ئىسىملار بىلەن ئاتىغان. تەزكىرىلىرىنىمۇ شۇنىڭغا مۇۋاپىق يازغان. ئەسلىدىكى ئىسىم-شېرىپلىرى ئەلۋەتتە باشقا بولۇشى مۇمكىن.

گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى، بۇرۇن ئۆتكەن ھۆكۈما مۇنەججىملەر، ماتېماتىكا ئالىملىرى، زېمىننىڭ يۈزى ۋە ئۇنىڭدىكى جەزىرە، باياۋان، يېزا-سەھرالارنىڭ بايانى، دەرىجە، گىرادۇس، ۋاقىت-سائەت، دەقىقە پەرقلىرىنى؛ يۇلتۇز ۋە يەتتە سەييارىنىڭ ئورۇن ۋە ئوربىتىلىرىنى بەلگىلەش ۋە شەرھلەش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. شەرق تەرەپنىڭ باشلىنىشىدىن غەرب تەرەپنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان زېمىن يۈزىنى يەتتە قىسىم قىلىپ، ھەر قىسمىنى بىر ئىقلىم دەپ ئاتاپتۇ ۋە ھەر ئىقلىمغا يەتتە سەييارە يۇلتۇزنىڭ بىرىنى تەۋە قىپتۇ. بىرىنچى ئىقلىمغا زۇھەلنى①، ئىككىنچى ئىقلىمغا مۇشتەرىنى②، ئۈچىنچى ئىقلىمغا مىررىخنى③... شۇ قىياس بويىچە تەقسىملەپتۇ.

---

① زۇھەل — ساتۇرن.
② مۇشتەرى — يۇپىتېر.
③ مىررىخ — مارس.



www.uyghurkitap.com

تارىخ رەتلىگۈچى قەدىمكى دانا مۇئەللىپ، ئاپتورلار ئۆز كىتابىنىڭ ئاخىرسىغا ھەر بىر ئىقلىمغا تەۋە كىشىلەرنىڭ رەڭگىرويى، مىجەز-خۇلقى، شەھەر-كەنتلىرى، تاغ-دەريا ۋە چۆل-باياۋانلىرىنى بىر-بىرلەپ يېزىپ كىتابلىرىغا زىبۇ زىننەت بېرىدىپتۇ. ئەمما كەمىنە نادان ۋە ناتىۋان، ئۇلۇغلار-نىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپ يېزىش ۋە تۈزۈشكە ئاجىز بولغانلىقىم ئۈچۈن، ھالىمغا يارىشا يەتتە ئىقلىمنى بايان قىلىش ئورنىغا بۇ يەتتە شەھەر كىشىلىرىنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ بۇ سەھىپىگە كىرگۈزدۈم. ئۇلۇغ تەڭرىم، ئاخىرلاشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق ۋە مۇيەسسەر قىلغايسەن.

2

## قەشقەر

مەزكۇر يەتتە شەھەرنىڭ بىرىنچىسى ۋە ئەلاسى قەشقەر-دۇر. قەشقەر قەدىمىي شەھەر بولۇپ، ئادەملىرى ئۆلىما ۋە ياخشى كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا ئامراق، جاپا چېكىشكە ۋە سەپەر قىلىشقا ھېرىس، دوستلۇق ۋە ئۈلپەتچىلىكتە نازۇك ۋە ئىنچىكە، ئاقىل ۋە دانا، يامان ئادەملەرگە نەپرەتلىنىدىغان بولۇپ، قەشقەردە ئىلىم ئەھلى ۋە ئۆلىمالار راۋاج تاپىدۇ. تىجارەتچى سودىگەرلەر، دېھقانلار ئۆشرە-زاكاتنى ۋاقتىدا تاپشۇ-رىدۇ ۋە ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى جەھەتتە باشقا شەھەر ئادەملىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. خۇسۇسەن ئۆلىمالارنىڭ راۋاجى، سودىگەر تىجارەتچىلەرنىڭ تەرەققىياتىدا «گويا ئىككىنچى بۇخارا»، دەپ ئاتالسا ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ.

ئادەملىرىگە قارىغاندا تېرىلغۇ يەر-زېمىنى ئاز بولغاچقا

www.uyghurkitap.com

ئاشلىقى ئۆز شەھىرىدىكە يېتىشمەيدۇ. ھەر ھەپتىسى يەكەندىن 2000 ئېشەك ئاشلىق كېلىپ تۇرىدۇ. يايلاقلىرى ئاز، چارۋىلىرى كەمچىل، ئەمما يەل-يېمىشلىرى ناھايىتى تولا بولىدۇ.

قەشقەر زېمىنىدىكى مازار-ماشايىخلاردىن بىرى ھەزرىتى خوجا ئاپاق — ئىسمى-شەرىپلىرى خوجا ھىدايىتۇللا بىننى خوجا يۇسۇپ بىننى مەخدۇم ئەزەم بولۇپ، ناھايىتى كاتتا مازاردۇر.

يەنە بىرى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غازى بولۇپ، ئەپراسىيابنىڭ ئەۋلادى. ئۇ تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 330-يىلى① ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە دالالىتى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. بۇ يەتتە شەھەر مۇشۇ زاتنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى بىلەن مۇسۇلمان بولغان، خوتەن ئەھلى ھىجرىيىنىڭ 370-يىلى② مۇسۇلمان بولدى. تۈركلەردىن ئاۋۋال مۇسۇلمان بولىدىغان كىشى ساتۇق بولىدۇ، دېگەن ھەدىس مۇشۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ شەنىگە ئېيتىلغاندۇر. ئۇنىڭ مازار-زىيارەتگاھلىرى ئاتۇش يېزىسىدا ئىكەنلىكى ھەممىگە مەشھۇردۇر. يەنە قۇتبۇللا خوجام③، ھۇسەيىن پەيزۇللا خوجام④، ئوردا پادىشاھىم (يەنى

---

① ھىجرىيىنىڭ 330-يىلى مىلادىنىڭ 941-، 942-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② ھىجرىيىنىڭ 370-يىلى مىلادىنىڭ 980-، 981-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

③ قۇتبۇللا خوجام — قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمال تەرىپىگە يەتتە كىلومېتىر كېلىدىغان ئاۋات ئۆستەڭنىڭ جەنۇبىدىكى مازار.

④ ھۇسەيىن پەيزۇللا خوجام — مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» مېنىڭ ئۇستازىم، دېگەن. شەيخ ئىمام زاھىت ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ قەشقەرىنىڭ مازىرى، قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى دۆلەتباغ يېزىسىدا بولۇپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا بۇزۇۋېتىلگەن — مۇھەررىردىن.

قىزىل ئارسلانخان دەپمۇ ئاتايدۇ، لېكىن تەزكىرىلەرنى كۆرۈل-مىدى)، بۇنىڭدىن باشقا مازار شېرىپلار، قەدىمىي جاي ۋە زىيارەتگاھلار نۇرغۇندۇر.

3

## يەكەن

يەكەن خەلقى بىچارە سۈپەت، كەمتەر ۋە ئۆز ئىشلىرىغا پۇختا. ئىشان-ھەزرەتلەر، سوپى-خەلىپىلەر راۋاج تاپقان، كەشمىر، ھىندى، ئاۋغان، بەدەخشان قاتارلىق مۇساپىر تائىپىلىرىمۇ تولا ئورۇنلاشقان شەھەردۇر. خەلقى سەپەرگە كەم چىقىدۇ. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، يەر-زېمىنلىرى ناھايىتى كەڭرى، ئاشلىقى كۆپ ۋە ئەرزان، يايلاق ۋە قىشلاقلىرى بىپايان، مال-ۋاران، قوتانلىرى نۇرغۇن، يەل-يېمىشلىرى پاراۋان، يېزا-سەھرالىرى كەڭتاشادۇر.

مەشھۇر ۋە تونۇلغان مازارلىرى: خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىر بۇزرۇكۋار① ۋە ھەفتە مۇھەممەدان② مازىرىدۇر. «ھەفتە مۇھەممەدان» دەپ ئاتالغانلىقىغا قارىغاندا «مۇھەممەد» ئاتلىق يەتتە كىشى دەپنە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن ۋە يەنە ئالتۇن مازار بولۇپ، بۇ مازار قەدىمكى مۇسۇلمان خانلىرىدىن سۇلتان سەئىدخاندىن باشلاپ ئىسمائىلخان ۋە مۇھەممەد ئىمىنخاننىڭ

---

① خوجا مۇھەممەد شېرىپ — يەكەن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يەرلىك ئاھالە «ھەزرىتى پىر» دەپ ئاتايدىغان مازار.

② ھەفتە مۇھەممەدان — يەرلىك خەلق «چىلتەنلىرىم» يەنى «قىرىق كىشىنىڭ مازىرى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

زامانلىرىغىچە بۇ يەتتە شەھەرنى 200 يىل مىقدارى سوراپ يەكەننى پايتەخت قىلغان پادىشاھلارنىڭ مازىرىدۇر. موغۇللار خان-پادىشاھلارنىڭ جەسەتلىرى بار مازارنى ئىززەتلەپ ۋە ئۇلۇغلاپ «ئالتۇن» دەپ ئاتايدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، «ئالتۇن مازار» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىدىن خوجا شادى خوجام، خوجا دانىيال خوجام باشلىق خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ نەۋرىلىرىنىڭ تەۋەررۈك مازارلىرىمۇ بار.

## 4

## خوتەن

خوتەن — ناھايىتى قەدىمىي شەھەردۇر، ئادەملىرى گېپىدە چىڭ تۇرىدىغان مۇستەھكەم ئىتتىپاق خەلقتۇر. ئۇلار پىششىقلىق ۋە بېخىللىقتا تەڭدىشى يوق بولۇپ، ئەقىدىۋادار، پەرھىزكارلىرى تولا، ياماللىرى ئازدىن تولا، ھەممە ئادەملىرى كاسىپ ۋە ھۈنەرۋەن، ئەقىل ۋە ئىدراكى زىيادە، تەدبىرلىك ۋە پاراسەتلىك، ھۈنەرنى كامالىغا يەتكۈزۈپ خېرىدارىغا ئوبدان كۆرسىتىپ قولىدىن ئۆتكۈزۈشكە ماھىر خەلقتۇر.

خوتەندىن يىپەك كۆپ چىقىدۇ. ئالتۇن كانى ۋە سۇ تېشى* كانىمۇ بار. ئەتراپتىن كەلگەن سودىگەرلەر ھەرقانچە كۆپ پۇل ئەكىلىپ مال سېتىۋالسىمۇ، پۇلى تۈگەپ يەنە مال ئېشىپ قالىدۇ. باشقا شەھەرلەرگە خوتەندىن ھەر تۈرلۈك مال چىقىرىلىدۇ، ھەرگىز پۇل چىقمايدۇ. ئادەملىرىگە قارىغاندا يەر-زېمىنى ئاز، قۇملۇق، تۇپرىقى ئۇنۇمسىز، ئاشلىق،

* سۇ تېشى — قاشتېشى.



www.uyghurkitap.com

يېمەك - ئىچمەكلىرى كەمچىل، ئەمما مېۋە - يېمىشلىرى كۆپ شەھەردۇر.

خوتەن زېمىنىدا ئىمام جەئفىرى سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېگەن ئاتاقلىق، مەشھۇر مازار بار. ھەممە كىشى ئىمام جەئفىرى سادىقنىڭ مازىرى خوتەن زېمىنىدا دەپ ئىخلاس قىلىدۇ. ئەمما تارىخ كىتابلىرىدا، خۇسۇسەن، «رەۋزەتۇسسەفا» ناملىق كىتابتا، «ئىمام جەئفىرى سادىق بىننى ئىمام مۇھەممەد باقىر، بىننى زەيىنۇلئابىددىن، بىننى ئىمام ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا، ئابباسىي خەلىپىلىرىدىن جەئفەر داۋانقىنىڭ زامانىسىدا تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 148 - يىلى① ۋاپات بولغان. ‹گۆرۇستانى بەقى②›دا، دادىسى ئىمام مۇھەممەد باقىر، بوۋىسى زەيىنۇلئابىددىننىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى»، دەپ زىكرى قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، جەئفەر ناملىق بىر ماشايىخ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرىنى بىجانىدىل ياخشى ئادا قىلىپ، ئىماملىق ۋە پېشۋالىق دەرىجىلىرىنى تاپقان بولۇشى، شۇ زاماندىكى مۇرىت ۋە مۇخلىسلىرى، بۇ ئىمام گويا ئىمام جەئفەرى سانى يەنى «ئىككىنچى ئىمام جەئفەر ئىكەن»، دېگەن بولۇشى مۇمكىن. «سانى» سۆزى ئاممىنا تەرىپىدىن بۇزۇلۇپ «سادىق» ئاتىلىپ قالغان بولۇشى ئېھتىمال. چۈنكى سانى سۆزىنىڭ، سادىق سۆزى بىلەن ۋەزنى ئوخشاشتۇر.

ئىمام جەئفەرى سانى پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرىنى كامالىغا يەتكۈزگەن بولسا، كەرەمىلىك تەگرىلىم ئىمام جەئفەرى

---

① ھىجرىيىنىڭ 148 - يىلى مىلادىنىڭ 765-، 766- يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. «تارىخىي ھەممەدىيە» دە: «جەئفەر دەۋاتىقى...» دېيىلگەن - مۇھەررىردىن.

② گۆرۇستانى بەقى— مەدىنە شەھىرىدىكى داڭلىق مازارنىڭ نامى.

سادىقنىڭ پەزلى كاماللەتلىرىنى ئاتا قىلسا ئەجەب ئەمەس. «بۇ تەگىرىنىڭ پەزلەت ئاتا قىلغانلىقى بولۇپ، پەزىلەتنى يەنى ئارتۇقچىلىقنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلۇغ تەگرىنىڭ پەزلىنىڭ ئىگىسىدۇر»، دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

خوتەن ئىقلىمىدا ئىمام رەبىھۇللا، ئىمام قاسىم، ئىمام ھاشىم دېگەندەك نۇرغۇن مازار، ئالىي زىيارەتگاھلار بار. شۇ سەۋەبتىن «شەھىدانە خوتەن» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن بۇ ئىماملارنىڭ كارامەتلىرى ئاشكارا بولۇپ تۇرىدۇ.

ھەرقانداق بىر كىشى بىر يېتەكچى، بىر مۇرشىدنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ھەر زامان، ھەر ماكاندا پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرىنى بەجا كەلتۈرسە، ئۇلۇغ تەگرىم ئۆزىنىڭ پەزلى - ئىنايىتى بىلەن ئۇ كىشىگە ئالىي دەرىجە، ئۇلۇغ مەرتىۋە ئاتا قىلىشىدا شەك - شۈبھە يوق. بۇ ئىماملارمۇ شۇنداق ئالىي دەرىجىلىك گۇرۇھلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇشى مۇمكىن.

ئىشەنچلىك ۋە ئاتاقلىق كىتابلاردا مۇنداق دەپ زىكرى قىلىدۇ: «زامانى ئاۋۋالىدا، تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 614 - يىلى① نايمان قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇغى تاياڭ خان② چىڭگىزخان بىلەن ئۇرۇشۇپ تەڭ كېلەلمەي تارمار بولغانىكەن. ئوغلى كۈچلۈكخان ئۆز ئېلى ئىچىدە تۇرالماي بىرمۇنچە ئادەملىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە كېلىپ قەشقەرنى بويسۇندۇرۇپ قولىغا كىرگۈزۈپتۇ ۋە زىرائەتلەرنى ئات - ئۇلاغلىرىغا دەسسىتىپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپتۇ. بۇ زالىمنىڭ چېرىكلىرى كىشىلەرنىڭ

---

① ھىجرىيىنىڭ 614 - يىلى مىلادىنىڭ 1217 -، 1218 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② يەنى تاپانخان.



uyghurkitap.com

ئۆيىگە كىرىپ خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنىڭ ئالدىدا تارتىنماي ئول-
تۇرۇپتۇ. ئۆي ئىگىلىرىنى كۆزىگە ئىلماپتۇ. كۈچلۈكخان ئۆزى
ئاتەشپەرەس بولۇپ، خوتۇنى ناسارا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن.
ھەممە خەلقنى ئۆز دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىپتۇ. كىمكى
كۈچلۈكخاننىڭ دىنىنى قوبۇل قىلسا ئۇنىڭغا ئامانلىق بېرىپتۇ.
رەت قىلسا قىيناپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەنگە
بېرىپ، خوتەن ئەھلىنىمۇ ئۆز دىنىنى قوبۇل قىلىشقا تەرغىپ
قىپتۇ. «كىمكى ئەھلى ئىلىم، ئۆلىما، سەللە يۆگەيدىغان بولسا،
يىغىلسۇن»، دەپ جار سېلىپ جاكار قىپتۇ. چوڭ كەڭرى يەرگە
3000 دىن ئارتۇق ئالىم، سەللىلىك كىشىلەر يىغىلىپتۇ.
كۈچلۈكخان يىغىلغان خالايىققا قاراپ، «ھەق سۆزنى ياپماي،
راستلىق بىلەن دىن ۋە مىللەت توغرىسىدا بەس - مۇنازىرە
قىلىدىغان كىشى مېنىڭ ئالدىمغا كەلسۇن»، دەپ ھۆكۈم قىپتۇ.
خوتەنلىك مەۋلانا ئالائىددىن مۇھەممەد ئىسىملىك بىر ئۆلىما
راستلىق كەمەرىنى بېلىگە باغلاپ، كۈچلۈكنىڭ ئالدىغا كېلىپ،
دىنى مۇھەممەدىنىڭ راست ۋە ئۇلۇغلۇقىنى شەرھلەپ ھۆج-
جەت ۋە دەلىل كۆرسىتىپتۇ. كۈچلۈك ئۆزىنى ساپ ۋە پاك
چاغلىغان بولسىمۇ، يەنىلا راست - يالغاننىڭ، ئالىم جاھىلنىڭ
ئۈستىدىن غالىب كېلىپتۇ. ئاخىر كۈچلۈكخان گەپ تاپالماي
ئوسال بوپتۇ. ئۇ نومۇس ۋە خىجالەتچىلىكتە چىدىماي مۇھەم-
مەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىگە تىل تەگكۈزۈپ يامان سۆزلەرنى
ئېيتىپ، ئەدەبسىزلىك قىپتۇ. بۇ چاغدا ياخشى پەزىلەتلىك، پاك
ئېتىقادلىق مەۋلانا ئالائىددىن مۇھەممەد كۈچلۈكنىڭ يامان
سۆزلىرىنى كۆتۈرەلمەي، غەيرەت ۋە ھىممەتلىرىنىڭ زىيادىلىكىدىن
«ئەي كۈچلۈك لەنەتكەردە، دىنىنىڭ دۈشمىنى! ئاغزىڭغا تاش -
تۇپراق تولسۇن» دەپ دەشنام بېرىپتۇ. كۈچلۈك مەۋلانا ئالا-
ئىددىن مۇھەممەدنى تۇتتۇرۇپ، «ئىسلام دىنىدىن يېنىپ،

ئاتەشپەرەسلىكنى قوبۇل قىلىدۇ» دېگەن خاتا ئوي بىلەن
زىندانغا سېلىپتۇ، لېكىن بۇ زات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ
دىنىدىن يانماپتۇ. ئاقىۋەت مەۋلانا ئالائىددىن مۇھەممەدنى ئۆزى
ياسىغان مەدرىسكە چاھار مىخ قىلىپ، يەنى تۆت مىخ بىلەن
مىخلاپ قىيناپتۇ. ئەمما مەۋلانا ئالائىددىن مۇھەممەد كەلىمە
شاھادەتنى تىلىغا جارى قىلىپ، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە پىسەنت
قىلماي خالايىقلارغا: «بۇدۇنيانىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىدىن قورقۇپ
دىنىي مۇھەممەدىنى، ئاخىرەتنىڭ قولىدىن بەرمەڭلار!»، دەپ
نەسىھەت قىپتۇ. چۈنكى ئۇلۇغ تەڭرىم قۇرئان كەرىمدە: «بۇ
ھاياتلىق دۇنيا تەڭرىدىن قورقمايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئويۇن ـ
تاماشادۇر. ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىدىن پەقەت تەڭرىدىن قورقىـ
دىغانلارلا بەھرىمەن بولىدۇ. سىلەر ئەقىل ئىشلىتىپ مۇلاھىزە
قىلىپ باقماسىلەر»، دېگەن. شۇنداق قىلىپ ھەقىقىي ئىمام
مەۋلانا ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەننى شېھىت قىلىپ، يەنە
نۇرغۇن ئەھلى سەللەرنى ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ ۋىلايەتلەردە ئەزان
تەكبىر، ناماز دېگەنلەر پۈتۈنلەي يوقىلىپ، زۇلۇم ۋە پىتنە ـ
پاساتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپتۇ. ئاجىز ـ بىچارىلەر ئاخىر
دۇئا ۋە تەلەپكە قوللىرىنى كۆتۈرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنىڭ
ئوقى ئىجابەت نىشانىسىغا تېگىپتۇ...

چىڭگىزخان خىتاي شەھەرلىرىنى قولىغا كىرگۈزۈپ بولۇپ،
ئۆزىنىڭ تەختىگاھلىرىغا قايتىپ كېلىپ، خاتىرجەم بولغان
چاغلىرىدا «كۈچلۈك قەشقەر ۋە خوتەندە زۇلۇم قىلىپ نەچچە
مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆي ـ ماكانلىرىنى خانىۋەيران قىلدى»،
دەپ چىڭگىزخانغا خەۋەر يېتىپتۇ. چىڭگىزخان ئۇزۇن ئۆتمەي،
ئەمىرلىرىدىن جەبە نوياننى نەچچە تۈمەن لەشكەر بىلەن كۈچـ
لۈكنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىپتۇ. كۈچلۈك جەبە نويانغا تەڭ كېلەلـ
مەي بەدەخشان تەرەپكە قاچقاندا ئۇنى شۇ يەردە ھالاك قىلىپ،

بېشىنى كېسىپ چىڭگىزخانغا ئەۋەتكەنىكەن. كۆچلۈك يەتتە شەھەرگە تۆت يىلدىن ئارتۇقراق ھۆكۈمرانلىق قىلغانىكەن.

جەبە نۇيان جار سېلىپ: «ھەر ئادەم ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان رەسىم - قائىدىلىرىنى ئادەت قىلىپ، ئۆزى خالىغان دىندا بولسۇن»، دەپ جاكار قىلىپتۇ. جەبە نۇيان غەيرىي دىندىكى قالماق بولسىمۇ، ھازىر ئىسلام بولدى، دەپ خالايىق خۇش بولۇشۇپ بىر - بىرىنى مۇبارەكلەشكەنىكەن.»

بۇ ھېكايىنى بۇ سەھىپىگە يېزىشتىن مەقسىتىم: بۇ يەتتە شەھەردە ئىلگىرىكى زامانلاردا مۇشۇنداق ھادىسىلەر يۈز بەرگەنىكەن ۋە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بېشىغا مانا شۇنداق كۈنلەر چۈشكەنىكەن، شۇ قاتارلىق جەبىر - جاپالارغا بەرداشلىق بېرىپ، تەڭرىنىڭ ئىنائەت پەرمانىدىن يانماپتۇ، دىنىي مۇھەممەدتىن قايتماپتۇ، دەپ بىلىپ، بۇ زاماننىڭ ئىشلىرىغا كۆپتىن - كۆپ شۈكرى قىلسۇن، دېگەندىن ئىبارەت.

5

## ئاقسۇ

ئاقسۇ ئەھلى — ساددا، ئەمما ئىتتىپاقى يوق، چېچىلاڭغۇ ۋە پاراكەندە، غەم - ئەندىشىگە مۇپتىلا، ئۆيلىرىدە ئاشلىق ساقلىمايدىغان تەۋەككۈلچى خەلق. شەھەر ئادەملىرىنىڭ تولىسى ھەر كۈنى يەيدىغانلىرىنى بازاردىن ئالىدۇ. ئاشپەز - ناۋايلىرى ناھايىتى روناق تاپقان، ھۈنەرۋەنلىرى ئاز، دېھقانلىرى تولا، ئاشلىقى ۋە يەل - يېمىشلىرى ئۆز شەھىرىگە يېتىدۇ، ھەتتا ئاقسۇنىڭ گۈرۈچىنى باشقا يىراق شەھەرلەرگە ئەكىتىدۇ. يايلاقلىرى كەڭرى بولۇپ، مال - چارۋىلىرى كۆپ.

ئاقسۇنىڭ ئايكۆل يېزىسىدا مەۋلانا جالالىددىن كېتىكى

بۇزرۇكۋار ئالىمنىڭ زىيارەتگاھ مازىرى بار. بۇ كىشى خوجا ھاپىز كەبىر بۇخارىنىڭ نەۋرىلىرىدىندۇر. مەۋلانا جالالىددىننىڭ ئەھۋالى بىرىنچى داستاندا بايان قىلىندى. يەنە ئىمام بەتتالى غازى ناملىق بۇزرۇكۋارنىڭ مازىرى بولۇپ، ئىسىم-شېرىپلىرىنى ئىمام ئابدۇراخمان ئەلىۋى، يەنى ھەزرىتى ئەلى كەرىمەللاھۇ ۋەجھۇنىڭ ئوغلى، ئىمام مۇھەممەد ھەنىپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەۋرىسى دەپ زىكرى قىلىندۇ. ئاقسۇ زېمىنىدا يەنە سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى دەپ ئاتالغان بىر مازار بار. ھەممىگە مەشھۇر سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى بولسا غەزنە شەھىرىگە دەپنە قىلىنغان. ئاقسۇدىكى مازارنىڭ سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى بىلەن ئىسمى ئوخشاش بولسا كېرەك ياكى مەھمۇد غازى بولسا، ئامما تەرىپىدىن خاتا تەلەپپۇز قىلىنىپ سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى ئاتىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە شەيخ جۇنەيد باغدادى ھەم سەرى سەقتى دېگەن ئىككى مازار بار.

مەشھۇر ۋە داڭلىق ماشايىخ جۇنەيد باغدادى ۋە شەيخ سەرى سەقتىلەرنىڭ جەسەتلىرى «نەفھاتۇلئۇنس» دېگەن كىتابتا: «باغداد شەھىرىدىكى مەسچىدى شۇنەيزەگە دەپنە قىلىنغان»، دەپ زىكرى قىلىنىدۇ. سەرى سەقتى بولماستىن ئەسلى ئىسمى «ساقى ئاتا» بولۇشى مۇمكىن. خەلق ساقى ئاتا، دېگەننى خاتا ھالدا سەرى سەقتى دەپ ئاتىغان بولۇشى ئېھتىمال.

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شىمال تەرىپىدە ئالتە تاش مىقدارى كېلىدىغان تاغنىڭ باغرىدا «سۇلتان قەرەمىش سەيدىلمۇسلىمىن» دەپ ئاتىلىدىغان ئالىي مازار بولۇپ، تەزكىرىسىمۇ بار، تەزكىرىدە: «تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 33-يىلى* ئاخىر زامان پەيغەمبىرى

---

* ھىجرىيىنىڭ 33-يىلى مىلادىنىڭ 653-، 654-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قەرمىش سەيدىلمۇسلىمىننى 33 مىڭ ساھابە بىلەن شەھىرى بەر بەردىكى قەھقە جادۇ ۋە زەمزە ئاتە شېرەسىلەرنىڭ ئۇستىگە ئەۋەتتى، كاپىرلار غالىب كېلىپ 33 مىڭ ساھابىلەرنى ئۇچتۇرپان ۋە ئاقسۇنىڭ يېزا-كەنتلىرىدە شېھىت قىلدى. ئۇلارنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرى شۇ جايلاردا دەپنە قىلىندى» دەيدۇ. ئەمما ئىشەنچلىك ۋە مەشھۇر كىتابلاردا مەزكۇر ساھابىلەرنىڭ ياتقان جايلىرىنى، گۆرۈستانى بەقى ياكى شام شېرىپ، باغداد، كۇفە قاتارلىق جايلاردا دەپنە قىلىندى، دەپ يازىدۇ، تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 33- يىلى،چاھاريارلارنىڭ ئۇچىنچىسى ئوسمان بىننى ئوپپان① رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلافەت تەختىدىكى چاغلار ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغانىدى.

بەنى ئۇممىيە خەلىپىلىرىدىن ۋەلىد بىننى ئابدۇلمەلىك زامانلىرىدا، قوماندان قۇتەيبە بىننى مۇسلىم دېگەن كىشى سەمەرقەند، پەرغانە، تۈركىستان ۋە كابۇل قاتارلىق جايلارنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ قىلغانىكەن، شۇ چاغ تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 91 - يىلى② بولۇپ، قەرمىش سەيدىلمۇسلىمىن كەلگەن زاماندا ئۇ شەھەرلەر تېخى مۇسۇلمان بولمىغانىدى. ئۇنداق بولسا بۇ تۇرغۇن ساھابىلەر ئاقسۇغا قەيەر ۋە قايسى يول بىلەن كېلىدۇ؟ ئەلۋەتتە ئەقىللىك كىشىلەر مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشلىرى لازىم.

① ئوسمان بىننى ئوپپان— مىلادىنىڭ 644 - يىلىدىن 656 - يىلىغىچە خەلىپىلىك تەختىدە ئولتۇرغان 3 - خەلىپە.

② ھىجرىيىنىڭ 91 - يىلى مىلادىنىڭ 709 -، 710 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

يەنە بەزى مەشھۇر كىتابلاردا: «ئۇلۇغ ساھابىلەر ئامۇ دەرياسىنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتمىگەن»، دەپ زىكرى قىلىنىدۇ. دېمەك، ئۇ چاغلاردا ئىسلام ئامۇ دەرياسىنىڭ بۇ تەرەپىگە تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى. مۇشۇ قاراشلار بويىچە قەرەمىش سەيدىلمۇسلىمىنىنىڭ تەزكىرىسىنى ئېتىبارغا ئالمىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما بۇ مازار ئالىي زىيارەتگاھ بولۇپ، پەزالى - كامالەتلىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھەر ھالدا بۇ كاپىرلار بىلەن غازات قىلغان، شېھىتلىك دەرىجىسىنى تاپقان غازى كىشى بولۇشى مۇمكىن. ئىسمى باشقا زامانلاردا ئۆتكەن كىشىلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولۇشى ئېھتىمال. كەمىنىڭ ئوخشاش تارىخ كىتابلىرىدىن يۇراق ئالمىغان، سۆزنىڭ ئەسلى مۇددىئالىرىدىن خەۋەر تاپمىغان، بىرەر نادان كىشى، ئۆز خاھىشى بىلەن ئىختىرا قىلىپ، بىھۇدە جاپا چېكىپ، يېزىپ چىقىپ تەزكىرە دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ تەزكىرىدىنى مۇلاھىزە قىلىپ، مۆتىۋەر كىتابلارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، ئاندىن راست - يالغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئاقسۇ زېمىنىدا بۇنىڭدىن باشقا مازارلار تولا بولسىمۇ، ئىسىم، نەسەبلىرى ۋە سۈپەتلىرى، قايسى زاماندا ئۆتكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. شۇڭا يېزىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

يەنە بىرى، پەرغانە ۋىلايىتىدىن ئوبۇلھەسەن ھەزرىتىم دېگەن زات يەتتە شەھەرگە كېلىپ، ئاقسۇدا بىرنەچچە زامان تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئىمان- ئىسلامنىڭ دەلىل- ئىسپاتلىرى بىلەن كۆچلەندۈرۈپ، توغرا يولغا ئاچىقىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئەينەكلىرىگە ياخشى نىيەت، ياخشى مەقسەتلەرنى ئورنىتىپ بولغاندىن كېيىن سەپەرنى ئىختىيار قىلىپ كېتىپ قالغانىكەن. ئاتىلىق غازى ئاقسۇغا دەسلەپ كەلگەندە بۇ زاتنى بىللە قەدەم تەشرىپ قىلغانىدى. كاتتا ئۆلدەمالار كۆڭۈللىرىدە ئىشان ھەزرەتلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

ئەمما ئاقسۇدىكى ھەممە ئۆلىمالار جان - دىلى بىلەن ئۇنىڭغا مۇرىت ۋە مۇخلىس بولدى. ئوبۇلھەسەن ھەزرىتىم نەقشىبەندىيە* سۇلۇكلىرىدە، خۇپىيە تەرىقىلىرىدە ئىدى. ئۇنىڭ كارامەت - لىرىمۇ كۆرۈلگەنىدى. شۇ كارامەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئوبۇلھەسەن ھەزرىتىمنىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرىدىن بىرى، «شاھنامە»، «ئەمىر ھەمزە» قاتارلىق جەڭنامە كىتابلىرىنى ئوقۇشقا ئاشىق ئىكەن. بىر كۈنى ئوبۇلھەسەن ھەزرىتىمنىڭ بۇنىڭغا نەزەرى چۈشۈپ قېلىپ مەنئى قىپتۇ. يەنە بىر كۈنى ھەزرىتىم ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ، ھېلىقى مۇرىتنىڭ يەنە «جەڭ - نامە» ئوقۇۋاتقان يەردە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ مۇرىت ئاخشىمى ئەپراسىياپ، كەيكاۋۇسلار قانداقراق پادىشاھ بول - غىنىتى، ئاجايىپ جەڭلەرنى قىلغانىكەن، دەپ ئويلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، كېچىسى چۈشىدە زور، ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئىككى پادىشاھ بىر - بىرىنى قوغلاپ كېتىپ بارغۇدەك. نۇرغۇن خالايىق، ئەنە ئەپراسىياپ، ئەنە كەيكاۋۇس دەپ ۋارقىراۋاتقۇدەك، ھېلىقى مۇرىت خالايىقنىڭ ۋارقىراشلىرى، قىستا - قىستاڭچىلىقىدى - دىن قورقۇپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى بۇ مۇرىت ھەلقە - زىكرىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىدىغان ۋاقىتتا ئوبۇلھەسەن ھەزرىتىم ئىلتىپات قىلىپ، «ئەپراسىياپ بىلەن كەيكاۋۇسنى كۆردۈڭمۇ؟ بۇلار باشقا نېمە ئەمەس! بەلكى ئىككى كاپىردۇر»، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى مۇرىت تەۋۋا قىلىپ «جەڭنامە» ئوقۇ - غان يەرگە ئىككىنچى بارماپتۇ.

---

* نەقشىبەندىيە - سوفىزمدىكى بىر خىل ئېقىم ياكى مەسلەك. خۇپىيە شۇ مەسلەكنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، خۇپىيە دېگەن سۆز — جىم ئولتۇرۇپ، ئاۋازىنى چىقارماي، كۆڭلىدە تەڭرىگە ھەمدۇسانا ئېيتىش دېگەن بولىدۇ.

يەنە موللا ئابدۇكېرىم ناملىق بىر ياش مۇرىتى بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئېشىكى بار ئىكەن. سەھەردە ئېشەك بوشىنىپ قېچىپ كېتىپتۇ. باللىرىنى ئىزدەشكە بۇيرۇپ، ئۆزى ھەزرىتىمنىڭ زىكرى ھەلقىسىگە ھازىر بوپتۇ. لېكىن كۆڭلىدە «ئېشەك نەگە كەتكەندۇ؟ قاچان تېپىلار؟»، دەپ پاراكەندە بولۇپ تۇرغان چېغىدا ئۇنىڭغا ھەزرىتىمنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش نۆۋىتى كەپتۇ. ھەزرىتىم دۇئاسىنى بېرىپ تۇرۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ كايىشلىق بىلەن: «ھەي كىچىك! ئېشەك يوقالغانغا شۇنچە پاراكەندە بولامسەن؟ خاتىرىڭنى جەم قىل. ئېشەكىڭنىمۇ تاپىسەن، ئاتمۇ تاپىسەن»، دەپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي موللا ئابدۇكېرىم ئاخۇن، قازى رەئىس بولۇپ، مال-دۇنيا ۋە ئات-ئېشەكلىرى كۆپىيىپ بىھاجەت بولغانىكەن.

ئۇبۇلھەسەن ھەزرىتىمنىڭ ئۇلۇغلۇق سۈپەتلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىدىغان بولسا، ئالاھىدە بىر توم تەزكىرە كىتاب بولىدۇ. ئۇ تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1285-يىلى① سەپەر ئېيىنىڭ 18-كۈنى ئاقسۇدا ۋاپات بولدى. ئۇنى ۋەسىيىتى بويىچە ئۆز ھويلىسىغا دەپنە قىلدى.

تەسەۋۋۇف② كىتابلىرىدا پىرى كامىللارنىڭ سۆھبەتلىرىنى كىبرىت ئەھمەرگە③ ئوخشىتىدۇ. بۇ زات شېرىپىنىڭ سۆھبەتلىرى ئەلۋەتتە كىبرىت ئەھمەر ئىدى. بۇنىڭدىن زىيادە تەرىپلەشكە بۇ بەڭباش قەلەم جۈرئەت قىلالمىدى.

كەمىنە مۇئەللىپ مۇسا بىننى موللا ئەيسا سايرامى، شۇ

---

① ھىجرىيىنىڭ 1285-يىلى مىلادىنىڭ 1868-، 1869-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② تەسەۋۋۇف - ئىشانلىق، سوفىزم مەنىسىدە.

③ كىبرىت ئەھمەر — ئالتۇن چىقىدىغان كان.

زاماندا زاكاتچىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان مۇلازىم ئىدىم. ياش
ۋە بەگباش ۋاقتىم ئىدى. بىر نەچچە قېتىم ئۇ زاتنىڭ سۆھبىتىگە
مۇيەسسەر بولغانىدىم. شۇ سۆھبەتنىڭ تەسىرى ھېلىمۇ سۇسلىشىپ
قالمىدى. ھازىرغىچە تولۇق 36 يىل ئۆتۈپتۇ. ئۆمرۈمنىڭ
ئاخىرىغىچە ئۇ زاتنىڭ سۆھبىتى كۆڭلۈمدە جۇش ئۇرىدۇ.

### نەزم

ۋەسلى يار بولدى مۇيەسسەر، قەدرىنى ئا بىلمەدىم،
ۋەسلى بولماي جاۋىدان، فۇرقەت كىلۇرنى بىلمەدىم*.

## 2

## ئۈچتۇرپان

ئۈچتۇرپان كونا، قەدىمىي شەھەر بولۇپ، ئىلگىرىكى نامى «ئۈچ» ئىكەن. بىر زامانلاردا ئۈچتۇرپان خەلقى ئۆز پادىشاھلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئادەملىرىنى باشقا يۇرتلارغا تارقىتىۋېتىپ، كونا تۇرپاندىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ ئولتۇرغۇزغانىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۈچتۇرپاننىڭ يېزا، كەنت، ئايماقلىرىنىڭ نامى كونا تۇرپاننىڭ يېزا، كەنت، ئايماقلىرىنىڭ نامى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئىلگىرىكى زاماندا ئۈچتۇرپان شەھىرىنى خاقانى چىن قولىغا

* يارنىڭ ۋەسلى مۇيەسسەر بولغاندا، ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمىدىم، يارنىڭ ۋەسلى مەڭگۈلۈك بولماي بىر كۈنلىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىمنى بىلمەپتىمەن.

كىرگۈزۈپ، 17 يىل سورىغاندىن كېيىن ئۇلار خاقانى چىننىڭ ئىتائەتىدىن چىققانىكەن. بۇ چاغدا خاقانى چىن ئۇچتۇرپان ئادەملىرىنى قەتلىئام قىلىپ، قالغان ئالتە شەھەردىن ئىككىنچى قېتىم ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇچتۇرپاننى قايتا ئاۋات قىلغانىكەن. شۇڭا ئۇچتۇرپانلىقلارنىڭ لەقىمى «كۆچمەن» دۇر. بۇ ۋەقەلەر بىرىنچى داستاندا بايان قىلىندى.

ئۇچتۇرپان خەلقى گۇرۇھۋاز، ئىتتىپاقسىز، پاراكەندە خەلق بولۇپ، ھۈنەرۋەن - كاسىپلىرى كەم، ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى دېھقان، يەر - زېمىنلىرى ئۇنۇملۈك، مەھسۇلاتى كەڭرى ۋە ئەرزاندۇر.

«ئىماملىرىم» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مازار بولۇپ، ئىسمىنى «ئىمام مۇھەممەد غەززالى»، دەيدۇ. ۋە يەنە قازغاندا① بىر مازار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى «ئىمام ئەھمەد غەززالى» دەيدۇ. ئەمما «نەفھاتۇلئۇنس» دېگەن كىتابتا ئىمام غەززالىنى قۇزۋىندە② دەپنە قىلىندى، دەپ زىكرى قىلىدۇ. «قازغان» بىلەن «قۇزۋىن» سۆزى بىر - بىرىگە يېقىن، ئوخشىشىپ كېتىدىغان سۆز. قايسى سۆزنىڭ راستلىقىنى بىلگۈچى تەڭرىنىڭ ئۆزىدۇر. يەنە «سۇيۇتقۇ مازار» دەپ بىر مازار بار. «سۇيۇتقۇ» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق رىۋايەت قىلىشىدۇ: تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 30 - يىلى③ ھەزرىتى ئەلى، ئىككى شاھزادە④ ۋە يەنە ساھابىلەرنىڭ بىرنەچچە ياش ئوغۇللىرىنى ئېلىپ سودىگەر سۈرىتىدە بولۇپ ئۇچتۇرپانغا كېلىپ، يىلان بۇلاقىنىڭ بېشىغا

---

① قازغان — ئۇچتۇرپاندىكى بىر جاينىڭ نامى.

② قۇزۋىن — ئىراندىكى بىر شەھەرنىڭ نامى.

③ ھىجرىيىنىڭ 30 - يىلى مىلادىنىڭ 650-، 651 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

④ ئىككى شاھزادە — ئىمام ھەسەن، ئىمام ھۇسەيىننى كۆرسىتىدۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

چۈشۈپتۇ. دۇلدۇللىرىنى بۇلاقنىڭ قېشىدىكى سۆگەتكە سويۇتۇپ قويۇپتۇ. بۇ سۆگەت كۆكلەپ ئېگىز ئۆسۈپ، يىقىلىپ، يەنە ئۆسۈپ دېگەندەك، بىر تاغار ئاشلىق ئۇرۇقى چاچقۇدەك يەردىن كەڭرىرەك يەرنى ئىگىلەپ، سايە تاشلاپ، كۆكىرىپ تۇرۇپتۇ. ھېچ كىشى سۆگەتنىڭ يا ھۆل ياكى قۇرۇق شاخلىرىنى كېسىشتىن ئېھتىيات قىلىپ كەسمەيدۇ. بۇ يەردىكى بۇلاقنى «يىلان بۇلاق» دەپ ئاتاشتىكى سەۋەب بولسا، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمر-پەرمانى بىلەن پۈتۈن يىلانلار مۇشۇ بۇلاققا توپلاشقانىكەن. ھەزرىتى ئەلى بۇ يەرگە كەلگەندە «ئەي يىلانلار! بۇلاقتىن يىراققا كېتىڭلار، بۇلاقنىڭ بېشىغا ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ ئالىي بارگاھلىرىنى تىكىمىز»، دەپ ئەمر قىلغاندا، يىلانلار كۆچۈپ كېتىپتۇ. يىلانلارنىڭ زەھىرىنىڭ تەسىرىدىن بۇلاقنىڭ سۈيى ئاچچىق بولۇپ كەتكەنىكەن. ھەزرىتى ئەلى بۇلاققا مۇبارەك ئابى دەھەنلىرىنى* تاشلاپتۇ. ھەزرىتى ئەلىنىڭ كارامىتى بىلەن بۇلاقنىڭ سۈيى تاتلىق ۋە شېرىن بوپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ سۈيۈتقۇ مازار، دەپ ئاتالغان دەيدۇ. تەزكىرىلەردە «بۇ يەر ھەزرىتى ئەلىنىڭ قەدەم جايى»، دەپ زىكرى قىلىنىدۇ. ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى تەڭرىم ئۆزى بىلىدۇ. لېكىن بۇ يەر ئادەتتىكى جاي بولماستىن، كارامەت ۋە ئاجايىپ ھادىسىلەر زاھىر بولۇپ تۇرىدىغان جاي.

ئۇچتۇرپاندا يەنە نۇرغۇن مازارلار بار. ئىسىملىرىنى يەنە ئۇلۇغ ساھابىلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتايدۇ. ئەسلى ماھىيىتى مەلۇم بولمىغانلىقتىن بايان قىلىنمىدى. نېمە بولسا بولسۇن ئۇچتۇرپان نۇرغۇن جەڭ ۋە كۆپ غازات بولغان جايدۇر.

---

* ئابى دەھەن ـــ ئېغىز سۈيى، ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن چىققان تۈكۈرۈك ـــ مۇھەررىردىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

7

## كۇچا

كۇچانىڭ قەدىمكى ئىسمى «كۇسەن» ئىكەن. كۇچا خەلقى ناھايىتى ئىنتىپاق، سۆلەتلىك، خۇشخۇي، نازۇك تەبىئەتلىك، قىز-جۇۋانلىرى ئەرلىرىدىنمۇ ھىممەتلىك ۋە جۇرئەتلىك، ئىلىم ۋە ئەمەلدە، كەسىپ ۋە ھۈنەردە كەم-كۈتىسىز خەلق. ئەمما مۇساپىرلار بىلەن خۇشى يوق خەلقتۇر. ئادەملىرىگە قارىغاندا يەر-زېمىنلىرى كۆپ ۋە ئۈنۈملۈك، ئاشلىق مەھسۇلاتى ئۆزىگە يېتىدىغان، مال-ۋارانلىرى ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدىغان، خۇسۇسەن ھەر تۈرلۈك مېۋە، يەل-يېمىش، يېمەك-ئىچمەكلىرى باشقا شەھەرلەرگە قارىغاندا تولا، سېيراپچىلىق شەھەردۇر.

كۇچادا مەۋلانا ئەرشىددىن ۋەلىيۇللانىڭ مازىرى بار. بۇ كىشىنىڭ دالالىتى ۋە تەرغىپ قىلىشى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ بولغان. شۇڭا، ئېلى تەۋەسىدە ئىسلام دىنىنىڭ چىرىغى يورۇغان. بۇ ھەقتىكى ئەھۋالاتلار بىرىنچى داستاندا بايان قىلىندى. يەنە «شەيخ نىزامىددىن دېھلىۋى»، دېگەن بىر مازار بولۇپ، بەزىلەر دېھلىۋى① دېگەن سۆزنى دەھبىدى② دەيدۇ. بۇ ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆركەم مازاردۇر ۋە يەنە «بەلخى ئاتا»، دەپ بىر مازار بولۇپ، ئىسمى-نەسەبلىرى ۋە قايسى زاماندا ئۆتكەنلىكى مەلۇم ئەمەس.

---

① دېھلىۋى — ھىندىستاندىكى بىر شەھەرنىڭ نامى.

② دەھبىدى — پەرغانىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

«نەبىرە خوجام»، دېگەن بىر مازار بولۇپ، بۇلار باھائىدىن نەقشىبەندىنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ مازىرىدۇر. «باba قەمبەر ۋەلىـ يۇللا»، دەپ بىر مازار بار. بابا قەمبەر ۋەلىيۇللا دېگەن كىشى ھەممىگە مەشھۇر بولغان ھەزرىتى ئەلىنىڭ مىراخورلىرىدۇر. بۇ مازارنىڭ نامى ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن. ئۇچتۇرپاندىمۇ «بابا قەمبەر ۋەلىيۇللا»، دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر مازارمۇ بار.

كۇچادا يەنە بىر مازار، ئالىي زىيارەتگاھ بولۇپ، ئىسمىنى «ئىبراھىم ئەدھەم»، دەپ ئاتايدۇ. مەشھۇر ئەۋلىيا ئىبراھىم ئەدھەمنىڭ مازىرى مەككىدە بولۇپ، بۇ مازارنىڭمۇ ئىسمى ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن. ھەقىقىي ئەھۋال تەڭرىنىڭ ئۆزىگە مەلۇمدۇر.

## 8

## كونا تۇرپان

كونا تۇرپان ئادەملىرىنىڭ خۇلقى - مىجەزى ساددا، ئۆز ئىشىغا پۇختا، راست سۆزلۈك، ۋەدىسىدە تۇرىدىغان، ھىيلە - مىكىر، غەدرى - خىيانەتنى بىلمەيدىغان، ئەقىدە ۋە ئىخلاسـ لىرى تازا ۋە زىيادە خەلقتۇر. تۇرپاننىڭ ھاۋاسى ئىسسىق، سۈيى كەم بولۇپ، ئاساسەن كارىز سۈيى بىلەن تىرىقچىلىق قىلىدۇ. يەر - زېمىنلىرى ئۈنۈملۈك بولۇپ مەھسۇلاتى ئۆزىگە يېتىدۇ. مېۋە - چېۋە، يەل - يېمىشلىرى كەڭرى، خۇسۇسەن كىشمىش، كۆك ئۈزۈمى ناھايىتى مول بولۇپ، ھەممە شەھەرـ لەرگە يېتىشىدۇ. تۇرپاندىن يەنە تەرەنجىبىنمۇ* چىقىدۇ.

---

* تەرەنجىبىن — يانتاق شېكىرى.

www.uyghurkitap.com

كونا تۇرپاندا ئەسھابۇلكەھىپنىڭ① ئالىي زىيارەتگاھى بار. ئەسھابۇلكەھىپنى تەپسىر كىتابلىرىدا، رۇمدىكى تەرسۇس دېگەن شەھەردە، دەپ زىكرى قىلىندۇ. كەرەمىلىك تەڭرىم ئۆزىنىڭ ھېكمىتى بىلەن ئەسھابۇلكەھىپنى خالايىقلارغا مەخپىي قىلغان، ئۇلارنىڭ ئىسمى ۋە سانىمۇ مەخپىيدۇر. زېمىن يۈزىدە يەتتە يەردە ئەسھابۇلكەھىپ بار، دەپ رىۋايەت قىلىدۇ.

«ئۇرۇمچە» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىدىكى راست ۋە توغرا ئاتىلىشى «رۇمچە» بولۇشى مۇمكىن. خالايىقنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىشى بىلەن «رۇمچە» سۆزىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ (ا)، ئاخىرىغا يا (ى) ھەرپىنى قوشۇپ، «ئۇرۇمچى» بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. تۈركىي تىلىدا «چە» دېگەن قوشۇمچە سۆز كىچىك دېگەننى بىلدۈرىدۇ. تۈركىي خەلقلەر چوڭ نەرسىنى كىچىكلەتمەكچى بولسا «چە» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ كىچىكلىتىدۇ. مەسىلەن، باغچە، ھويلىچە دېگەندەك. ئەگەر باغ چوڭ ۋە رەسمىي بولسا باغ دەپ ئاتايدۇ. ئەگەر كىچىك بولسا باغچە، دەيدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا رۇمچە دېگەن سۆز «كىچىك رۇم» دېگەن سۆز بولۇشى مۇمكىن.

تەپسىر كىتابلىرىدىكى «ئەسھابۇلكەھىپ رۇم مۇزاپاتىدىكى

---

① ئەسھابۇلكەھىپ — غاردا ياتقان كىشىلەر دېگەن بولىدۇ، رىۋايەتلەردە، تەخمىنەن بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن رۇم پادىشاھى دەقيانۇس، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىكى كىشىلەرنى بۇتپەرەسلىككە دەۋەت قىلغان. قوبۇل قىلمىغانلارنى ئۆلتۈرگەن. رۇم شەھىرىنىڭ ياشلىرىدىن بىرمۇنچە كىشى دەقيانۇسنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قېچىپ چىقىپ، بىر تاغنىڭ باغرىدىكى ئۆڭكۈرگە كىرىپ ئۇخلىغان. شۇ پېتى بىرنەچچە 100 يىل ئويغانمىغان، دېيىلىدۇ.

تەرسۇس دېگەن شەھەردە»، دېگەنلىرى راست بولۇپ. «تەرسۇس» دېگەن سۆز ئامما تەرىپىدىن خاتا تەلەپپۇز قىلىنىپ «تۇرپان» بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. خىتاي، موڭغۇل، قىرغىز، قىپچاق ۋە قالماقلارنىڭ تىلىغا قىيىن كېلىپ «تەرسۇس» دەپ ئېيتالماي «تۇرپان» دەپ ئاتىۋالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەسھابۇلكەھىپ ۋەقەسى، ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانلىرىدىن بۇرۇن بولغانىكەن. ئۇنداق بولسا ئىككى مىڭ يىل بولغان بولىدۇ. بۇ ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان بۇ شەھەرلەرگە بىر نەچچە زامان تاتارلار، نەچچە قەرنە موغۇللار، نەچچە ئەسىر قالماقلار، نەچچە ۋاقىت مۇسۇلمان پادىشاھلىرى ۋە نەچچە دەۋر خىتايلار ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆتۈپتۇ. ھەرقايسىسى بۇ شەھەرلەرنى ئۆز تىللىرىدا بىر خىل نام بىلەن ئاتاپتۇ. مەسىلەن: خىتايلار ئۈرۈمچىنى «خومىيوزە»، دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق بولغاندىن كېيىن «رۇمچە» ۋە «تەرسۇس» دېگەن ئىسىملارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى ئەلۋەتتە ئاقىللارنىڭ ئەقلىدىن يىراق ئىش ئەمەس.

«ئەي مۇھەممەد، ئەگەر سەن ئۇلارنى كۆرسەڭ ئىدىڭ! قۇياش نۇرى تەسىر قىلمىسۇن ئۈچۈن قۇياش چىققاندا ئۇلار غارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە مايىل بولىدۇ، قۇياش پاتقاندا شىمال تەرىپىگە مايىل بولىدۇ»، دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى تۇرپاندىكى ئەسھابۇلكەھىپ غارىنىڭ ئاغزىغا تەتبىق قىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ. كىشىلەر بىر كۆرۈپلا ئەسھابۇلكەھىپ غارى ئىكەنلىكىنى پەم قىلالايدۇ. دېمەك، ئەسھابۇلكەھىپ غارى تۇرپاندا بولۇشى مۇمكىن. ھەقىقەتنى بىلگۈچى تەڭرىنىڭ ئۆزىدۇر.

تۇرپاندا يەنە «ئەلپەتتا» دېگەن مازار بولۇپ، ئەسلى

www.uyghurkitap.com

ئىسمى «ئالىپ ئاتا» ئىكەن①. «ئالىپ» دېگەن باتۇر دېگەن بولىدۇ. تۈركىستاندا ماشايىخ، ئىمام - پېشىۋا، يېتەكچىلەرنى «ئاتا» دەپ ئاتايدۇ. «ئەلپەتتا» دېگەن مازار، ئىمام مۇھەممەد ھەنىپىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ 16 - نەۋرىسى بولۇپ تەگرى يولىدا كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىپ شېھىتلىك دەرىجىسىنى تاپقان، دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. قانداقلىقى تەگرىنىڭ ئۆزىگە مەلۇم.

دېمەك، شەھەر ۋە ئاۋات يېزىلاردا، تاغ - جەزىرە، دەشت - باياۋانلاردا دەپنە قىلىنغان ۋە ئۇ يەرلەرنى بېسىپ ياتقان ئۇلۇغلار ۋە ئەۋلىيالارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېسابىنى مېھرىبان تەگرىدىن باشقا ھېچقانداق كىشى بىلمەيدۇ، ۋەسسالام.

بۇ تارىخ كىتاب، تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 1321 - يىلى② (توخۇيىلى) شەۋۋال ئېيىنىڭ 11 - كۈنى شېھىتلەر، ئۇلۇغ ئەۋلىيالار، ئالىي دەرىجىلىك ماشايىخلارنىڭ زىكرىلىرى بىلەن تامام قىلىندى. تەگرىگە سانسىز شۈكرى ئېيتىمەن. ھەر بىر سۆزنىڭ ئەۋۋىلى تەگرىنىڭ ئايەتلىرى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن باشلىنىپ، ئۇلۇغ ئەۋلىيا ۋە ماشايىخلارنىڭ ناملىرى بىلەن تامامىغا يەتكۈزۈلسە، تەگرىنىڭ دەرگاھىدا

---

① ئەلپەتتا — ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ ئوغلى ئابدۇلفەتتاھ. ئۇ X ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى تۇرپاندىكى بىر جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەن. كېيىن، تۇرپان ئەتراپىدا دەپنە قىلىنغان. مۇسا ئارسلان بۇغرا قاراخان ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىنى خاتىرىلەپ، ئۇنىڭغا «ئالىپ تېكىن» دەپ نام بەرگەن — مۇھەررىردىن.

② ھىجرىيىنىڭ 1321 - يىلى مىلادىنىڭ 1903 -- 1904 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

قوبۇل بولۇپ، خالايىقلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە ماقۇل بولدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دۇئا ۋە پاتىھە قىلىشىغا سەۋەب بولدۇ.

خۇش پۇراق چاچقۇچى قەلەم قىسقىغىنا ۋاقىتتا جۈملىلىرى پاراكەندە، سۆزلىرى پەرىشان بولغان بۇ قىسسىنى يېزىپ چىقتى. سۆزنىڭ ئىنچىكە، نازۇك ۋە گۈزەللىرىدىن خەۋەردار، كونا ۋە يېڭى داستانلارنى ئوقۇپ ۋە ئاڭلاپ ئاگاھ بولغۇچىلار، بۇ قىسسىنىڭ ئەيىب ۋە نۇقسانلىرىنى ئۆز ۋۇجۇدلىرىدىكى سېخىيلىق پەزىلەتلىرى بىلەن يېپىپ، نادان، جاھىل، ئاجىز، لاياقەتسىز ۋە قابىلىيەتسىز كەمىنە مۇئەللىپكە مەرھەمەت قىلىپ، دۇئادا يادلىنىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە «ھەممىنىلا ئىشلىتىۋەرمەسلىك ۋە ھەممىنىلا تاشلىۋەتمەسلىك» دېگەن روھنى جارى قىلدىم.

ئۇلۇغ تەڭرىم، مەن ئاجىز بىچارىنىڭ قارا كۆڭلىنى ئۆز كامال قۇدرىتىڭ بىلەن روشەن قىلغىن. مەن گۇناھكار بەندەڭنى باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىدىغان ۋە تەڭلىكتە قالغان ۋاقتىمدا چەكسىز ئىلتىپاتلىرىڭدىن نائۈمىد قويمىغىن، ئامىن.

ئۇلۇغ تەڭرىم، ئىشىمىزنىڭ ئاخىرىنى مۇنەۋۋەر قىلغىن. كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلغىن، چۈنكى سەن ھەممىگە قادىرسەن.

ئۇلۇغ تەڭرىم، دوستلىرىمىزنىڭ ئىشلىرىغا غەلىبە ئاتا قىلغىن. توغرا يولدا مېڭىشقا مۇيەسسەر قىلغىن. مەقسەتلىرىمىزگە يەتكۈزگىن. تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن.

ئۇلۇغ تەڭرىم، ئاتا - ئانامنىڭ، ئۇستازىمنىڭ، ھەممە ئەر - ئايال مۆمىنلەرنىڭ، ئەر - ئايال مۇسۇلمانلارنىڭ، بارلىق تىرىكلەرنىڭ، ئۆلۈكلەرنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن.

ئۇلۇغ تەڭرىم، ھەممىمىزنى ئەپۇ قىلغىن. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە دىنىمىزنى ھەمراھ قىلىپ خاتىرجەم قىلغىن.

ئۇلۇغ تەڭرىم، خوجىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، خو-

ئۇنلىرىغا، ئەۋلادلىرىغا، يېتەكچىمىز ۋە يول باشلىغۇچىمىز بولغان ساھابىلەرگە رەھمەت ئاتا قىلغىن. يېقىن پەرىشتىلەرگە، ساڭا ئىتائەت قىلغۇچى ھەممە بەندىلىرىڭگىمۇ رەھمەت ئاتا قىلغىن.

ھىجرىيە 1321-يىلى
(مىلادى 1903 - يىلى).

ئەلخەتتۇ باقىي ۋەلئۇمرۇ پانى،
ئەلئەبدۇ ئاسى ۋەررەببۇ ئاپى.
(خەت قالىدۇ، ئۆمۈر كېتىدۇ.
بەندە گۇناھكار، تەڭرى ئەپۇ قىلىدۇ.)

ھەركى خاندە دۇئا تەمەئدارەم،
زانكى مەن بەندەئى گۇناھكارەم.
(ئوقۇغۇچىدىن دۇئا تەمە قىلىمەن،
چۈنكى مەن گۇناھكار بەندىمەن.)

بۇ كىتاب روسىيە قازان «مەدرىسەئى ئۇلۇم» باسمىخانىسى تەرىپىدىن 1904 - يىلى بېسىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن ئىشلەندى ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据俄国喀山经学院1904年版本编辑出版。

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ۋەلى، پەرىدە ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىلياس رەھىمى

تارىخىي ئەمنىيە
موللا مۇسا سايرامى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەت زۇنۇن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 14.25 قىستۇرما ۋارىقى: 4
1988 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
1989 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 2500
ISBN7-228-00220-2/K·16
باھاسى: 5.00 يۈەن

责任编辑：魏力。帕丽达·伊明
责任校对：伊力亚斯·热依木

**安宁史**（维吾尔文）
毛拉·穆萨·赛拉密 著
买买提·祖农 整理

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷厂排版
新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米 32开本 14.25印张 4插页
1988年11月第1版 1989年5月第1次印刷
印数：1—2500

ISBN7—228—00220—2/K·16 定价：5.00元